دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر خەزىنىسى

# يۇنان ئەپسانىلىرى

ياشلار - ئۆسمۈرلەر نۇسخىسى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر خەزىنىسى

# يۇنان ئەپسانىلىرى

(ياشلار - ئۆسمۈرلەر نۇسخىسى)

ئەسلى ئاپتورى: **گ. سۋاب (گېرمانىيە)**
ئۆزگەرتىپ يازغۇچى: **جاڭ يوڭجيەن**
تەرجىمە قىلغۇچى: **ياسىن سىيىت ئارچىن**



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : **مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار**
مەسئۇل كوررېكتورى : **گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن**

دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر خەزىنىسى

# يۇنان ئەپسانىلىرى

( ياشلار-ئۆسمۈرلەر نۇسخىسى )

**ئەسلىي ئاپتورى : گ .سىۋاب (گېرمانىيە)**
**ئۆزگەرتىپ يازغۇچى : جاڭ يوڭجيەن**
**تەرجىمە قىلغۇچى : ياسىن سىيىت ئارچىن**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000 )
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 880×1230مم 1/32
باسما تاۋىقى : 11.5 قىستۇرما ۋارىقى : 4
2012 - يىل 2 - ئاي 2 - نەشرى
2012 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى : 3000 — 1

---

ISBN 978-7-5373-2631-5
باھاسى : 30.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون : 2653927 — 0998

ياسىن سېيىت ئارچىن

# مۇندەرىجە


پىرومىتېئوس ھەققىدە ھېكايە ........................ 1
ئىنسان ئەسىرلىرى ........................ 5
دوكالىئون بىلەن پىررا ........................ 6
زېۋس بىلەن ئىئو ........................ 9
فائېتون ........................ 13
ياۋروپا ........................ 16
كادموس ........................ 19
پېنتۇس ........................ 22
پېرسۇس ........................ 26
ئارگو قەھرىمانلىرى ھەققىدە ھېكايە ........................ 31
ھېراكلېس ھېكايىسى ........................ 78
بېللېروفون ........................ 117
تېسۇس ھەققىدە ھېكايە ........................ 121
ئودىپۇس ھەققىدە ھېكايە ........................ 137
يەتتە قەھرىماننىڭ تېبەيگە ھۇجۇم قىلغانلىقى ھەققىدە ھېكايە 157
ئىز باسار قەھرىمانلار ........................ 174
ئالكمائون ۋە مېداليون ........................ 177
ھېراكلېسنىڭ ئەۋلادى ........................ 181
تىرويا ھەققىدە ھېكايە (1) ........................ 199
تىرويا ھەققىدە ھېكايە (2) ........................ 223
تىرويا ھەققىدە ھېكايە (3) ........................ 250
تىرويا ھەققىدە ھېكايە (4) ........................ 287
تىرويا ھەققىدە ھېكايە (5) ........................ 311
تىرويا ھەققىدە ھېكايە (6) ........................ 334

# پرومېتىئوس ھەققىدە ھېكايە

ئاسمان بىلەن يەر يارىتىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، دېڭىزلار داۋالغۇپ، سۇلاردا بېلىقلار ئوينىناپ، ھاۋادا ئۇچار قۇشلار نەغمە-ناۋا قىلىشتى. ئالدىن بىلگۈچى پرومېتىئوس يەر يۈزىگە چۈشتى. ئۇ تەڭرىلەرنىڭ پۇشتى ئىدى. تەڭرىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭدەك ئەقىللىك تەڭرى يوق ئىدى. پرومېتىئوس دۇنيادا ئەڭ مۇھىم بىرنەرسىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى-دە، يەردىن بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ يىمىرىپ، تەڭرىلەرنىڭ شەكلىگە كىرگۈزۈپ، توپىدىن ئادەمنى ياراتتى. ئۇ ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئادەمنىڭ كۆكرىكىگە سولىدى. ئادەمزات يارىتىلدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي يەر يۈزىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارىلىپ كەتتى. لېكىن، ئۇلار يەر تېرىشنى، گەپ قىلىشنى بىلمەيتتى، روھى يوق بىر توپ سايىلەرگە ئوخشاش قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەردە ياشايتتى. پرومېتىئوس ئۇلارغا ھەمدەمگە كەلدى، ئۇ ئۇلارغا يۇلتۇزلار ۋە پەسىللەرگە دائىر ساۋاتلارنى، گەپ قىلىشنى، خەت يېزىشنى ئۆگەتتى. ئاتلارنى كۆندۈرۈپ هارۋىغا قوشتى. بىمارلارغا دورا تەييارلىدى. ئادەمزاتنىڭ تۇرمۇشىغا زۆرۈر بولغان ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

ئاسماندىكى تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى زېۋىس ئادەمزاتقا دىققەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ھەم باشقا تەڭرىلەر ئادەمزاتنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىشنى خالايتتى. ئەمما، زېۋىس ئىنسانلاردىن يۈنانىنىڭ موكونىيە دېگەن جايىدا ئۆزى ۋە باشقا تەڭرىلەرگە ئاتاپ بىر بۇقىنى سويۇپ قۇربانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەقىللىك پرومېتىئوس

ئادەمزاتقا ۋاكالىتەن بىر بۇقىنى سويۇپ ئىككى چوڭ دۆۋىگە بۆلدى . زېۋىسنىڭ ئارىسىدىن بىر دۆۋىنى تاللىۋېلىشنى ئۆتۈندى . پىرومىتىئوس بىر دۆۋىنىڭ ئۈستىنى كالا تېرىسى بىلەن يېپىپ يەنە بىر دۆۋىگە قۇرۇق سۆڭەكلەرنى دۆۋىلەپ ، ئۈستىنى چاۋا ياغلار بىلەن پۈركەپ قويىدى . ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى زېۋىس پىرومىتىئوسنىڭ ھىيلىسىنى ئالىلىقاچان سېزىپ بولغاندى . شۇڭا ، ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ :

— مېنى ئاشۇ قۇرۇق سۆڭەك دۆۋىسىنى تاللايدۇ دەپ خام خىيال ئەيلىمە ، مەن سېنى جازالاش ئۈچۈن ، ئادەمزات تۇرمۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە — ئوتنى بەرمەيمەن ! — دېدى .

پىرومىتىئوس زېۋىس ئالدىدا قورقۇپ قالمىدى . ئۇ بىر تال ئەمەن شېخىنى سۇندۇرۇۋېلىپ ، ئاسماندا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان قۇياش ھارۋىسىنىڭ يالقۇنىغا ھېلىقى شاخنى تەگكۈزۈپ ئوت تۇتاشتۇرۇۋېلىپ ، ئوتنى يەر يۈزىگە ئېلىپ چۈشتى . ئىنسانلار ئوتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ياۋايى ھايۋانلاردىن ۋە سوغۇقتىن قورقمايدىغان بولدى . كەچلىرى ئەتراپ قىپقىزىل ئوت يورۇقىدا كۈندۈزدەك يورۇپ كېتەتتى . بۇ ھال زېۋىسنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تەگدى . ئۇ ئادەمزاتقا يېڭى ئاپەت كەلتۈرۈش قارارىغا كەلدى .

زېۋىس ئوت تەڭرىسى ھېپىستوسقا بىر گۈزەل قىزنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشنى بۇيرۇدى . ئەقىل - ئىدراك تەڭرىچىسى ئافېنا بۇ خان قىزنىڭ ئۈچىسىغا نۇر چاقناپ تۇرغان قاردەك ئاق كىيىم كىيدۈردى . مۇھەببەت تەڭرىچىسى ئافرودىت ئۇنىڭغا بارلىق ناز - كەرەشمىلەرنى ئۆگىتىپ ئىچۈرۈۋەتتى . ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە قورقۇنچلۇق بالايىئاپەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . زېۋىس بۇ خان قىزغا «پاندورا» دەپ ئات قويىدى . بۇ «كارامەتلىك ئايال» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى . زېۋىس ئاخىر بۇ خان قىزنى يەر يۈزىگە چۈشۈردى . كىشىلەر ئۇنىڭ ئايدەك جامالىنى كۆرۈپ تاڭ قېلىشتى . پاندورا پىرومىتىئوسنىڭ ئىنىسى — ئېپىمىتىئوسنى ئىزدەپ باردى . پىرومىتىئوس ئىنىسىنى زېۋىسنىڭ ھىيلىسىدىن ئاگاھلاندۇرغان بولسى-

مۇ ، ئەمما ئۇ پاندورانىڭ رۇخسارىغا شەيدا بولغاچقا ، ئۇنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى . پاندورا ئۆزى بىلەن بىللە ئاغزى ھەم ئېتىلگەن يوغان قۇتا ئېلىپ كەلگەنىدى . ئۇ ئېپىمېتىئوسنىڭ قېشىغا كېلىپلا قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن زور بىر تۈركۈم بالايىئاپەت ئۇچۇپ چىقتى . قۇتىنىڭ تېگىدىكى بىردىنبىر چىرايلىق نەرسە — ئۈمىد قۇتىدىن ئۇچۇپ چىققۇچە ، پاندورا قۇتىنى ئېتىۋەت- تى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سان - ساناقسىز بالا - قازالار يەر يۈزىنى ، ھاۋا بوشلۇقى ۋە دېڭىزلارنى قاپلاپ كەتتى . كېسەللەر ئادەمزات ئارىسىدا كېچە - كۈندۈز كېزىپ يۈرىدىغان ، ئىلگىرى پۈتىنى سۆرەپ تەستە يېتىپ كېلىدىغان ئەجەل تەڭرىسى ئەمدى ئۇچقاندەك تېز يېتىپ كېلىدىغان بولدى .

زېۋس ئادەمزاتتىن ئۆچ ئالدى ، ئەمدى پىرومېتىئوسنىڭ ئۆزى- دىن ئۆچ ئېلىشقا بەل باغلىدى . ئۇ «زورلۇق» ، «زومبۇلۇق» لە- قەملىك ئىككى خىزمەتكارىغا پىرومېتىئوسنى يالاپ كافكازغا ئاپى- رىپ ، كافكاز تېغىدىكى ئەڭ ئېگىز ھاڭتاشقا مىخلاپ تاشلاشنى بۇيرۇدى . شۇندىن كېيىن ئۇ ھاڭتاشقا بەند قىلىۋېتىلدى . پىرومېتى- ئوس ھاڭتاشتا ھەمىشە تىك ئېسىقلىق پېتى تۇراتتى . ئۇخلىيالمايت- تى ، تېلىپ كەتكەن تىزلىرىنى پۈكەلمەيتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئىرادى- سى ئاجايىپ چىڭ ئىدى . ئۇ بورانلارغا ، دەريالارغا ، ئېگىز تاغلارغا ۋە يەر - زېمىنغا خىتاب قىلىپ ، ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ روھىغا گۇۋاھ بولۇشنى ئۆتۈنەتتى .

پىرومېتىئوس زېۋسنىڭ ھالاكەتكە ئۇچرايدىغانلىقى توغرۇلۇق ئالدىن بېشارەت بەردى . شۇملۇقتىن دېرەك بېرىدىغان بۇ بېشارەتنى ئاڭلاپ زېۋسنىڭ تېخىمۇ ئوغىسى قايىنىدى . ئۇ ھەركۈنى بىر بۈركۈت- نى ئەۋەتىپ ، پىرومېتىئوسنىڭ جىگىرىنى چوقۇلىتاتتى . جىگەر ئەتىسى يەنە ئۆسۈپ چىقاتتى . توختىماي داۋام قىلىۋاتقان بۇ ئازاب تاكى ئۇنىڭ ئازابىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان بىر ئادەم چىققۇچە داۋاملاشتى . نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ھېراكلېس ئالتۇن ئالمىنى ئىزدەپ كافكازدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، بىر يىرتقۇچ بۈركۈتنىڭ

پىرومېتېئوسنىڭ تېزىغا قونۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقياسىنى بەتلەپ ئوق ئۈزدى . يىرتقۇچ بۈركۈت يىقىلدى . ھېراكلېس زەنجىرنى يېشىپ ، پىرومېتېئوسنى ئازاد قىلدى . بىراق ، زېۋسنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش ئۈچۈن كېرون ناملىق بىر ئات ئادەمنى پىرومېتېئوسنىڭ ئورنىغا تۇرغۇزۇپ قويۇشقا توغرا كەلدى . كېرون گەرچە مەڭگۈ ياشاشقا ھەقلىق بولسىمۇ ، پىرومېتېئوس ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا رازى بولدى . كىرونوسنىڭ ئوغلى زېۋس چىقارغان ھۆكۈمنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، كېرون ھەق يولدىن قايتمىدى .

پىرومېتېئوس ئازادلىققا چىقتى ، ئەمما زەنجىرنىڭ بىر ھالقىسىنى مەڭگۈ ئۆز بەدىنىدە ئېلىپ يۈردى ۋە زېۋس مېنىڭ يامان كۆرگەن ئادىمىم يەنىلا ھاڭتاشقا باغلاقلىق تۇرۇپتۇ دەپ ماختىنىپ يۈرسۇن دەپ كافكاز تېغىنىڭ بىر پارچە تېشىنى ئاشۇ ھالقىغا نەقىش قىلىپ بېكىتىۋالدى .



# ئىنسان ئەسىرلىرى

تەڭرى بىرىنچى دەۋر ئىنسانلىرى يەنى ئالتۇن ئىنسانلارنى ياراتتى . يەر - زېمىن ئۇلارغا مول يەل - يېمىشلەرنى يەتكۈزۈپ بېرەتتى . ئۇلار غەم - ئەندىشىسىز ياشايتتى ، كۈنلىرى ئەيش - ئىشرەت ، كەيپ-ساپا ئىچىدە ئۆتەتتى . مۇبادا ئۇلار ئەجەل يېتىپ ئۆلۈپ كەتسە ، بۇلۇتلار ئۈستىدىكى شاپائەت مالائىكىلىرىگە ئايلىنىپ كېتەتتى . ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇپ ، يامانلىقنىڭ ئەدىپىنى بېرەتتى . ئىككىنچى دەۋر ئىنسانلىرى يەنى كۈمۈش ئىنسانلار يارىتىلدى .ئۇلارنىڭ ئۆمرى قىسقا ئىدى . ئۇلار ئۆز ھېسسىياتلىرىنى تىزگىنلىيەلمەي قالاتتى . شۇنداقتىمۇ شان - شەرەپلەر ئۇلارغىمۇ نېسىپ بولماي قالمىدى . ئۇلار ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ، ئىنس - جىن بولۇپ يەر يۈزىنى كېزىپ يۈرەتتى . زېۋس ئۈچىنچى دەۋر ئىنسانلىرى يەنى تۇچ ئىنسانلارنى ياراتتى . ئۇلار رەھىمسىز ۋە قوپال ، ئىرادىلىرى ئالماستەك قاتتىق ، قورقۇنچلۇق ، بەستلىك بولسىمۇ ، يەنىلا ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى . ئۇلار نۇرانە يەر يۈزىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، يەر ئاستىدىكى قاراڭغۇ زۇلمەت قوينىغا كىرىپ كېتەتتى . تۆتىنچى دەۋر ئىنسانلىرى ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلاردىن ئالىيجاناب ۋە ئادالەتپەرۋەر ئىدى . قەدىمكى زاماندىكى يېرىم مالائىكىلەر ئەنە شۇلاردىن ئىدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېبەي شەھىرىنى بىنا قىلدى ، بەزىلىرى ئالتۇن قوي يۇڭىنى ئىزدەپ كېتىشتى ، بەزىلىرى گۈزەل ھېلېننى دەپ تىرويا-شەھىرىگە قاراپ يول ئېلىشتى . ئۇلارنىڭ ھاياتى جەڭ ۋە بالايىئاپەت ئىچىدە ئاخىرلاشتى . زېۋس دېڭىزلاردىكى يورۇق ھەم ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك ئاراللارنى ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى . كېيىنكى ھېكايىلەردە بىز مۇشۇ قەھرىمانلار ھەققىدىكى بايانلارنى ئاڭلايمىز .

# دوكالىئون بىلەن پىررا

تۇچ ئىنسانلار دەۋرىدە، زېۋس ئىنسانلار قىلىۋاتقان نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى ئاڭلاپ ئادەمزات قىياپىتىگە كىرىپ يەر يۈزىگە چۈشۈپ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بېقىش قارارىغا كەلدى. مەيلى قەيەرگە بارسۇن، ئۇ بايقىغان پاكىتلار ئۇنىڭ كۆرگىنىدىن كۆپ ئىدى.

بىر ئاخشىمى يېرىم كېچىدە، زېۋس ئاركادىيا پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ كەلدى. ئوردا ئەھلى ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى. پادىشاھ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلدى ۋە قول ئاستىدىكىلەرنى كېچىسى زېۋسنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى. كەچلىك غىزا ۋاقتىدا، تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ زېۋسنىڭ ئالدىغا قويدى. پادىشاھنىڭ پۈتۈن شۇملۇقلىرىنى بىلىپ تۇرغان زېۋس غىزا ئۈستىلىدىن چاچراپ تۇرۇپ پادىشاھ ئوردىسىغا ئىنتىقام ئوتىنى چاچتى. پادىشاھ غال - غال تىترەپ ئوردىدىن قېچىپ كەتتى. ئۈمىدىنى ئۈزگەن پادىشاھ داد - پەرياد كۆتۈردى. داد - پەرياد ساداسى ھۇۋلاشقا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ تېرىسى يۇڭلىرى پاخپايغان ھايۋان تېرىسىگە، قوللىرى ھايۋاننىڭ ئالدى پۇتلىرىغا ئايلاندى. بۇ نائەھلى پادىشاھ قان ئىچەر بىر بۆرىگە ئايلاندى.

زېۋس ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى - دە، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئۇرۇقىغىچە قۇرۇتۇۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇب شامىلى سۇ تامچىپ تۇرغان قاناتلىرىنى لەپپەڭشىتىپ يەر يۈزىگە ئۇچۇپ كەلدى. ئۇنىڭ چاچ ۋە كۆكرەكلىرىدىن دولقۇنلار كۆتۈرۈلدى. چاقماقلار چېقىلىپ، ئاسماندىن شارقىراپ سەل ياغدى. بوران-چاپقۇن ئېتىزلارنى ۋە ئېتىزلاردىكى زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

دېڭىز تەڭرىسى پوسېيدون ياردەمگە كەلدى . ئۇ قولىدىكى ئۈچ ئاچا ئارىسىنى يەرگە ئۇردى ، دەريا سۇلىرى تاشقىن ياسىدى . شەھەرلەر سۇ ئىچىدە قالدى ، يەر - زېمىننى سۇ بېسىپ ، ھەممە تەرەپ پايانسىز دېڭىزغا ئايلاندى . كىشىلەر ساراسىمە ئىچىدە قېلىشتى . بەزىلەر ئېگىز تاغلارغا ، بەزىلەر مۇنارلارنىڭ ئۈچلىرىغا يامىشىپ چىقىۋېلىشتى . بەزىلەر كېمىلەرگە چۈشۈپ ، سۇغا غەرق بولغان ئۆي- ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈرۈشتى . سۇ يۈزى توختىماي كۆتۈرۈلەتتى . ھەممە ئادەملەر سۇ ئاقتۇرۇپ كەتتى . بۇ پالاكەتتىن ھەتتا ياۋايى ھايۋانلارمۇ ئامان قالمىدى .

ئىنسانلار ئارىسىدا پەقەت بىر جۈپ ئەر-خوتۇن ئىككىيلەنلا — ئۇلار ئاق كۆڭۈل ۋە ئىخلاسمەن دوكالىئون بىلەن پىررا پارناسوس تېغىنىڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىۋالغانىدى . زېۋس بۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ ، ئۇلارنى تىرىك قالدۇرۇش قارارىغا كەلدى . ئۇ شىمال شامىلىنى بۇيرۇپ قارا بۇلۇتلارنى قوغلاتقۇزدى . ئاسماندا قۇياش نۇرى يەنە پەيدا بولدى . سەل كەينىگە چېكىندى . دوكالىئون چۆل - باياۋانغا ئايلانغان ئەتراپقا قاراپ ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى ۋە خوتۇنىغا :

— سۆيۈملۈك خوتۇنۇم ، بىز بۇ دۇنيادا نېمىمۇ قىلالايمىز ؟ مەن پىرومېتېئوسنىڭ ئادەمزات يارىتىش ھۈنىرىنى ماڭا ئۆگىتىپ قويۇشىنى شۇقەدەر ئۈمىد قىلىۋاتىمەن ! — دېدى .

ئەر - خوتۇن ئىككىسى يىغلىغان پېتى ھەققانىيەت تەڭرىچىسى تېمىسىنىڭ خارابە تومىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى ۋە بۇ تەڭرىچىدىگە تىلاۋەت قىلدى . شۇ چاغدا غايىبتىن :

— بېشىڭلارنى يۆرگەپ ، ئاناڭلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى كەينىڭلارغا تاشلاڭلار ، — دېگەن بىر ئاۋاز كەلدى .

ئۇلار بۇ سىرلىق سۆزلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئۇزاق ئويغا چۆمۈپ قالدى . تۇساتتىن دوكالىئوننىڭ كۆڭلى «ۋاللىدە» يورۇپ كەتتى . ئۇ :

— يەر - زېمىن بىزنىڭ ئانىمىز . تاشلار ئەنە شۇ ئانىمىزنىڭ ئۇستىخانلىرى ، پىررا ، تاشلارنى كەينىمىزگە تېز تاشلايلى ! — دەپ

تۇغۇلىدى . دوكالىئون بىلەن پىررا باشلىرىنى چۆمكەپ مېڭىپ كېتىد-ۋېتىپ ، تاشلارنى مۈرىلىرىدىن ئارتىلدۇرۇپ كەينىگە ئاتقىلى تۇر-دى . بىردىنلا مۆجىزە يۈز بەردى . تاشلار يەرگە چۈشكەندىن كېيىن قاتتىق ھەم چىڭ قىسمى ئۇستىخانلارغا ، نەم ھەم يۇمشاق قىسمى بۇلجۇڭ گۆشلەرگە ئايلاندى . شۇنىڭ بىلەن ئادەمزاتنىڭ سىياقى شەكىللەندى . دوكالىئون ئاتقان تاشلار ئەرلەرگە ، پىررا ئاتقان تاشلار ئاياللارغا ئايلاندى . بۇ بىر توپ تىرىشچان ، جاپاكەش خەلق ئۆزى يارىتىلغان ماددىنى مەڭگۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ .



# زېۋس بىلەن ئىئو

پالاسكاس پادىشاھىنىڭ ئىئو ئىسىملىك بىر ساھىبجامال قىزى بار ئىدى . ئۇ ئوتلاقتا ئاتىسىنىڭ قويلىرىنى بېقىپ يۈرەتتى . زېۋس مۇقەددەس ئولىمپىس تېغىدا تۇرۇپ ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ ، شۇئان بۇ سۆيۈملۈك قىزغا كۆيۈپ قالدى . زېۋس بىر يىگىت قىياپىتىگە كىرىپ قىزنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا :

— مەن تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى زېۋس بولىمەن . ساڭا ئادەمزات لايىق ئەمەس . سەن تەڭرىلەر پادىشاھىنىڭ مەشۇقى بولۇشقا مۇناسىپ . قورقما ، مەن سېنى قوغدايمەن ، — دەپ شېرىن - شېكەر سۆزلەرنى قىلدى .

ئىئو قورقۇپ كەتكەچكە ئۇچقاندەك قېچىپ كەتتى . ئۇ ئوتلاقتا شامالدەك تېز يۈگۈرەيتتى . زېۋس تۇماننى چاقىرىپ كەلدى . ئەتراپنى پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇق ئورىۋالدى . بىچارە قىز يولدىن ئادىشىپ زېۋسنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قالدى .

ئېرىنىڭ ساداقەتسىزلىكىدىن زېۋسنىڭ خوتۇنى ھېرانىڭ خەۋىرى بار ئىدى . يەر - زېمىندا كۆتۈرۈلگەن تۇماننى كۆرۈپ ، ھېرادا دەرھال گۇمان پەيدا بولدى . ئۇ غەزەپلەنگەن ھالدا ئۆز - ئۆزىگە : «بۇ چوقۇم ئېرىمنىڭ ھىيلىسى ، ئۇ ماڭا يەنە ۋاپاسىزلىق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ» دېدى - دە ، ئەرشئەلادىن ئايرىلىپ ، بۇلۇتلارغا مىنىپ ئىنسانىيەت دۇنياسىغا چۈشتى . زېۋس يىراقتىن خوتۇنىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى ، ئىش چاتاق ئىدى . شۇنىڭ بىلەن زېۋس ئىئونى قاردەك ئاپپاق موزايغا ئايلاندۇرۇپ قويدى . موزاي ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق ئىدى .

هېرا بۇ موزاينىڭ ئەسلىدە بىر خانقىز ئىكەنلىكىنى بىرلا قاراپ بىلىۋالدى . ئۇ ئىتائەتمەن ھەم چىرايلىق بۇ موزاينى قەستەنگە ماختىدى ، ئاندىن زېۋىستىن موزاينى ئۆزىگە سوۋغا قىلىۋېتىشنى ئۆتۈندى . زېۋىس نائىلاج ئىئونى خوتۇنىغا بەردى . ھېرا موزاينىڭ بويىنىدىن بىر شوينا بىلەن باغلاپ ، موزاينى كۆرەڭلىگەن پېتى يېتىلەپ ئېلىپ كەتتى . ھېرا يۈز كۆزلۈك ئاجايىپ مەخلۇق ئارگوسنى تېپىپ ، رەقىبىنى شۇنىڭ نازارىتىگە تاپشۇردى . ئۇخلىغاندا ئۇنىڭ ئىككى كۆزىلا يۇمۇلاتتى ، باشقا كۆزلىرىنىڭ ھەممىسى يۇلتۇزدەك پارقىراپ تۇراتتى . ئىئو كۈنلىرىنى بويىنىدا ئېغىر زەنجىر ، قىرتاق ئوت - چۆپلەرنى يەپ ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى . يىغلىغان چاغدا خۇددى چىشى موزايدەك مۆرەپ كېتەتتى .

هېرا زېۋىسنىڭ ئىئونى تېپىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئارگوسقا ئىئونى ناھايىتى يىراق يەرلەرگە ئاپىرىپ بېقىشنى تاپىلىدى . يۈز كۆزلۈك مەخلۇق ئىئونى يېتىلەپ ئوتلاتقاچ ، يەر - زېمىننى ئايلىنىپ يۈردى . ئىئو كۈنلەردىن بىر كۈنى يۇرتىدىكى بىر دەريا بويىغا بېرىپ قالدى . ئۇ ئاتىسىنى ۋە ئاچا - سىڭىللىرىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى . ئاتىسى قىياپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن قىزىنى تونۇمىدى . ئىئو تىلى بىلەن ئاتىسىنىڭ قولىنى يالىدى ، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش قۇيۇلدى . ئاتىسى بۇ ئىشقا بەك ھەيران بولدى . بۇ چاغدا ئىئو تىزلىنىپ تۇرۇپ ، قۇمغا تۇيىقى بىلەن ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى يازدى . ئائىلىسىدىكىلىرى ئاخىر ئۇنى تونۇدى . ئۇلار ئىئونىڭ مۈڭگۈزىنى قۇچاقلاپ ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىشتى . يۈز كۆزلۈك ئاجايىپ مەخلۇق يۈگۈرۈپ كېلىپ ، ئىئونى مەجبۇرەن ئېلىپ كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئارگوس ئىئونى ئەڭ قاقاس چۆل - باياۋانغا ئاپىرىپ تاشلىدى . ئۆزى ئېگىز يەرگە چىقىۋېلىپ ، يۈز كۆزى بىلەن ئىئونىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىنى كۆزەتتى .

زېۋىس جۇدالىق ئازابىغا چىدىمىدى ، ئۇ تەڭرىلەر ئەلچىسى ھېرمېسنى چاقىرىپ كەلدى . ھېرمېس پۇتىغا ئۇچار كەشنى باغلىغان ، بېشىغا ساياھەت قالپىقىنى كىيگەن ، قولىغا ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ھاسى-

سىنى ئالغان پېتى يۈز كۆزلۈك ئاجايىپ مەخلۇقنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىئو ئوتلاپ يۈرگەن ئوتلاق تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. ھېرمېس پادىچى بالا قىياپىتىگە ئۆزگەردى. ئۇ يېنىدىن نەينى چىقىرىپ ئاجايىپ چىرايلىق بىر ئاھاڭغا چالدى. يۈز كۆزلۈك ئاجايىپ مەخلۇق بۇ ئاھاڭنى ئاڭلاپ قالتىس يايراپ كەتتى ۋە ھېرمېسنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا يېقىنراق كېلىپ چېلىشنى ئېيتتى. نەيدىن تارىغان كۈي شۇقەدەر مەپتۇن قىلارلىق ئىدى. ئارگوس قاپاقلىرى خۇددى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ، مۈگدەك بېسىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن، ۋەزىپىسىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتقاچقا، ئۆزىنى تېتىك تۇتۇشقا تىرىشتى.

ئارگوس ھېرمېستىن نەينىڭ كېلىش مەنبەسىنى سورىدى. ھېرمېس تەسىرلىك ھېكايىسىنى باشلىدى:

— بۇرۇن قارلىق تاغدا سىرىنكىس ئىسىملىك بىر تاغ - ئورمان پەرىزاتى بولغانىكەن. ئۇ نىكاھ بويۇنتۇرۇقىدىن قورقىدىكەن. ئۆزىگە تەلەپ قويغانلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ كەپتۇ. تاغ - ئورمان تەڭرىسى چان بۇ پەرىزاتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، پەرىزاتقا تەكرار-تەكرار مۇھەببەت ئىزھار قىپتۇ. سىرىنكىس باياۋانغا قېچىپتۇ. شۇ قاچقان پېتى بىر ئەزىم دەريا بويىغا بېرىپ قاپتۇ. چوڭقۇر دەريا سۈيى ئۇنىڭ ماڭار يولىنى توسۇپ قويۇپتۇ. سىرىنكىس ھەمشىرىلىرىدىن ئۆزىگە خەيرخاھلىق قىلىپ، قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشىنى ئۆتۈنۈپ-تۇ. دەل شۇ چاغدا تاغ - ئورمان تەڭرىسى يېتىپ كېلىپ، ئۇنى قۇچاقلىۋاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر خانقىزنى ئەمەس، بەلكى بىر توپ قومۇشنى قۇچاقلاپ تۇرغانلىقىنى بايقاپتۇ. چاننىڭ ئاھۇزارى قومۇشقا ئۆتۈپ پىغانلىق ساداغا ئايلىنىپتۇ. مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغان چان قومۇشنى ھەرخىل ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ، موم بىلەن بىر- بىرىگە چاپلاپ نەي ياساپتۇ. نەيگە پەرىزاتنىڭ ئىسمىنى قويۇپتۇ، پادىچىلار چېلىپ كېلىۋاتقان نەينىڭ كېلىپ چىقىشى مانا مۇشۇ.

ھېرمېس ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولغاندا، يۈز كۆزلۈك ئاجايىپ مەخلۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆزىمۇ يۇمۇلۇپ قالدى. ھېرمېس يېنىدىن

ئورغىقنى چىقىرىپ، ئارگوسنىڭ يۈز كۆزى جايلاشقان بېشىنى چېپىپ تاشلىدى. بېشىدىن چاچرىغان قان بىلەن ئوتلاق قىپقىزىل رەڭدە بويالدى. ئىئو ئازادلىققا چىقتى، گەۋدىسى يەنىلا موزاي شەكلىدە ئىدى. ھېرا يەر يۈزىگە كۆكۈيۈننى ئەۋەتتى. كۆكۈيۈن ئىئونى چاقتى. چاققاندىمۇ قوغلاپ يۈرۈپ چاقتى. ئىئو يۈرتىنى تاشلاپ كافكازغا، ئاسىياغا، ئاخىر مىسىرغا قاراپ قاچتى. ئۇ نىل دەرياسى بويىدا تىزلىنىپ، يېلىنىش ئالامەتلىرى ئەكس ئەتكەن كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكىپ زېۋسقا تەلمۈردى.

زېۋس ھېرانىڭ قېشىغا كېلىپ، يەر يۈزىدىكى دەريالارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئىئوغا بولغان مۇھەببىتىمدىن مەڭگۈ ۋاز كېچىمەن» دەپ قەسەم قىلدى. ھېرا شۇندىلا زېۋسنىڭ ئىئونى ئەسلىي قىياپىتىگە كەلتۈرۈشىگە ئىجازەت بەردى. ئىئونىڭ بەدىنىدىكى كالا يۈڭى تۆكۈلدى، كالا مۈڭگۈزىمۇ غايىب بولدى. ئىئو ئەسلىدىكى ساھىبجامال خانقىز ھالىتىگە كەلدى. ئۇ نىل دەرياسى ساھالىغا ئۇزاق يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا، يەرلىك خەلق بىر مۇقەددەس ئىبادەتخانا سالدى. ئىبادەتخانا «ئانا مەبۇت ئىسىس» دەپ ئاتالدى.



# فائېتون

قۇياش تەڭرىسى ئوغلى — فائېتون ئاتىسىنى ئىزدەپ ئاسمانغا چىقتى. قۇياش تەڭرىسىنىڭ ئوردىسى نۇرلۇق تۈۋرۈكلەر ئۈستىگە ئورنىتىلغانىدى. ئالتۇن نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن، قىزىل گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەن تۈۋرۈكلەر ئوتقاشتەك چاقناپ تۇراتتى. فائېتون يېقىن كېلىشكە پېتىنالمىدى. چۈنكى، ئۇ چاقناپ تۇرغان نۇرلارغا چىديالمايتتى. قۇياش تەڭرىسى جىگەررەڭ تون كىيىپ، زۇمرەت تاشلاردىن ئىشلەنگەن تەختتە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا كۈن تەڭرىسى، ئاي تەڭرىسى، يىل تەڭرىسى ۋە تۆت پەسىل تەڭرىلىرى قول باغلاپ تۇرۇشاتتى. قۇياش تەڭرىسى ھەيران بولۇپ تۇرغان فائېتوننى كۆرۈپ:

— سەن بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ ئەي ئوغلۇم، — دەپ ئۇنىڭدىن سورىدى.

— يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار سەن تەڭرىنىڭ ئوغلى ئەمەس دەپ مېنى مازاق قىلىۋاتىدۇ. ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەتەن سېنىڭ ئوغلۇڭ ئىكەنلىكىمنى ئىنسانلارغا ئىسپاتلاپ بېرىشىڭنى ئۈمىد قىلىپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى فائېتون.

قۇياش تەڭرىسى تەختتىن چۈشۈپ، فائېتوننى قۇچاقلىدى ۋە:

— سەن مەندىن بىر سوۋغا سورىغايسەن، سورىغان نەرسەڭنى بېرىمەن، — دېدى.

فائېتون خۇشاللىقىدا:

— ئاتا، قۇياش ھارۋىنى مېنىڭ بىر كۈن ھەيدىشىمگە ئىجازەت بەرگەيسەن، — دەپ توۋلاپ كەتتى.

قۇياش تەڭرىسىنىڭ نۇرلۇق چىرايى بىردىنلا قايغۇلۇق تۈسكە كىردى. ئۇ:

— سەن مەندىن قۇربىڭ يەتمەيدىغان ئىشنى تەلەپ قىلىۋاتىسەن، ھەتتا مېنىڭ قۇياش ھارۋاممۇ تەشۋىش ئىچىدە قالدى. سەن باشقا بىر سوۋغىنى تاللا، خەتەرلىك ئىشقا ئۆزۈڭنى ئۇرما، — دېدى.

فائېتون يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. قۇياش تەڭرىسى نائىلاج ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ، قۇياش ھارۋىسىنىڭ يېنىغا ئەكەلدى. ھارۋا گۆ-ھەر ۋە ئېسىل تاشلاردىن ياسالغانىدى. ھارۋىنى كۆرۈپ فائېتوننىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى. قۇياش ھارۋىسىنى سىلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئالەمچە خۇشاللىققا تولدى. سەھەر تەڭرىچىسى ئويغاندى. يۇلتۇزلار خىرەلەشتى. ۋاقىت مۇئەككەللىرى تۇلپارلارنى يېتىلەپ ئاچىقىپ قۇياش ھارۋىسىغا قوشتى. قۇياش تەڭرىسى ئوغلىنىڭ يۈزىگە ئوت يالقۇنىدىن ساقلايدىغان ئىلاھىي ياغنى سۈركىدى ۋە ئوغلىغا ھارۋا ھەيدەش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىپ، قورقۇنچلۇق خىيالدىن ۋاز كېچىش توغرۇلۇق يەنە بىر قېتىم دەۋەت قىلدى. فائېتون ئاتىسىنىڭ گېپىگە قۇلاقمۇ سالماي، بىرلا سەكرەپ ھارۋىغا چىقتى. ئۇ تىزگىننى ئىككى قوللاپ تۇتۇۋالدى. بىپايان ئالەم بوشلۇقى فائېتوننىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. تۇلپارلار بىر كۇنلۇك سەپەرگە ئاتلاندى. قاناتلىق تۆت تۇلپار تېپىچەكلەپ قاتتىق كىشنىدى. ئۇلارنىڭ يېلىنجاپ تۇر-غان ئوتلۇق نەپەسلىرىدىن ھارۋا پىژىلداپ كۆيەتتى. تۇلپارلار ھارۋى-نىڭ ئىلگىرىكىدىن كۆپ يەڭگىل ئىكەنلىكىنى سەزدى. ھارۋا يېتەر-لىك يۈك بېسىلماي چايقىلىپ - لەيلەپ كېتىۋاتقاندەك مەقسەت - نىشانسىز ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. فائېتوننىڭ چاققان گەۋدىسىنىڭ ھار-ۋىغا ھېچقانداق ئېغىرلىقى چۈشمەيتتى. قۇياش ھارۋىسى قاتتىق چاي-قىلاتتى. تۇلپارلار ئۆزلىرى ئىلگىرى ماڭغان يولدىن چەتنەپ كەتتى. تىترەپ كېتىۋاتقان فائېتون تىزگىننى تارتىشنى ئويلىدى، لېكىن شاش تۇلپارلارنى تىزگىنلەشكە ئۇنىڭ قۇربى يەتمەيتتى.

فائېتون ئاسماندىن يەر يۈزىگە قارىدى. يەر - زېمىن ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا لەپپەڭلەپ ياتاتتى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە تىترەپ

كەتتى . ئاسماندىكى ناتونۇش يۇلتۇزلار تۇركۇمى ئۇنىڭ كۆزىگە گويا
ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان نۇرغۇن دىۋىلەرگە ئوخشاش كۆرۈنۈپ كەتـ
تى . قورقۇپ كېتىپ ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالغان فائېتوننىڭ
قولىدىن تىزگىن چىقىپ كەتتى . تۇلپارلار قۇياش ھارۋىسىنى بىردەم
يۇقىرى تەرەپكە ، بىردەم تۆۋەن تەرەپكە ئېلىپ قاچاتتى . قۇياش
ھارۋىسى بۇلۇتلار قاتلىمىدىن كېسىپ ئۆتكەندە ، بۇلۇتلارغا ئوت تۇتىـ
شىپ تۇتەك كۆتۈرۈلەتتى . ھارۋىنىڭ چاقلىرى يەر - زېمىنغا ئۇرۇلـ
غاندا ، يەر - زېمىن قىزىپ يېرىلىپ كېتەتتى ، ھارۋىنىڭ چاقلىرى
دېڭىزغا ئۇرۇلغاندا ، دېڭىز قايناۋاتقاندەك پورۇقلاپ كېتەتتى . دەھـ
شەتلىك ئوت تۇزلەڭلىكلەرگە يامراپ ھەممە نەرسە كۆيۈپ كۇلگە
ئايلاندى . ئېيىتىشلارغا قارىغاندا ، ھەبەشلەرنىڭ تېرىسى مانا مۇشۇ
چاغدا قارىيىپ كەتكەنمىش .

فائېتون چىدىغۇسىز ئىسسىقلىقنى ھېس قىلدى . قارا ئىس
ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىغا توسالغۇ بولدى . ئوت يالقۇنىدا ئۇنىڭ چاچلىـ
رىمۇ كۆيۈشكە باشلىدى . ئۇ ھارۋىدىن يىقىلىپ چۈشتى ۋە ئاسمان
باغرىنى تىلىپ ئۆتكەن ئاقار يۇلتۇزدەك پەسكە چۈشۈپ كەتتى . پۈتـ
قۇللىرىنى بىر ئەزىم دەريا يۇتۇۋەتتى . ئاتىسى — قۇياش تەڭرىسى
بېشىدىكى ئىلاھىي نۇرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمـ
دى . شۇ كۈنى پۈتۈن دۇنيادا كۈن نۇرى بولماي ، بىپايان دالا -
ئېتىزلارنى پەقەت ئوت يالقۇنىلا يورۇتۇپ تۇرغانمىش .



# ياۋروپا

پادىشاھ ئاگېنورنىڭ قىزى ياۋروپا ئاتىسىنىڭ ھەرىمىدە تۇرىدىكەن. بىر كۈنى كېچىدە ياۋروپا تەڭرىلەرنىڭ كارامىتى بىلەن غەلىتە بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئىككى قورۇقلۇق ئىككى خېنىم سۇرىتىدىگە كىرىپ ئۇنى تالىشىۋاتقۇدەكمىش. بىر خېنىم سىرتقى كۆرۈنۈش ۋە سالاپەت جەھەتتە ياۋروپاغا يۇرتداش ئاياللارغا، يەنە بىر خېنىم بولسا چەت ئەللىكلەرگە ئوخشايدىكەن. ھەيران قالارلىق ئىش، ياۋروپا ھېلىقى چەت ئەللىك خېنىمنىڭ كەينىدىن كېتىپ قاپتۇدەك. ياۋروپا ئويغىنىپ كېتىپ بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتتى، ھېلىقى ئىككى خېنىمنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىدا يەنىلا شۇنداق ئېنىق تۇراتتى. ياۋروپا كۆرگەن چۈشكە تەبىر بېرەلمەي، تەڭرىلەرنىڭ ياخشىلىققا جورۇشىنى تىلىدى.

تاڭ سەھەر ياۋروپا دوستلىرى بىللە كۈندىلىك ئىشلىرىغا ۋە ئويۇن - تاماشىسىغا كىرىشىپ كەتتى - دە، ھېلىقى غەلىتە چۈشنى ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتى. ئېسىلزادە قىزلار ئۇنى سەيلە - ساياھەتكە ئېلىپ چىقتى. ئۇلار ناخشا ئېيتىشتى، ئۇسسۇل ئويناشتى، تەڭرىلەرنى تاۋاپ قىلىشتى. دېڭىز بويىدىكى چىمەنزارلىقتا بېرىپ گۈل ئۈزۈشتى. ياۋروپانىڭ قولىدا بىر ئالتۇن سېۋەت بار ئىدى. ئۇ بىر تال ئەتىرگۈل ئۈزدى. قىزلار قانغۇچە يۈگۈرۈشتى، ناخشا ئېيتىشتى. ھەرقايسىسى ئۆزى ياخشى كۆرگەن گۈللەرنى ئۈزۈپ، گىلەمدەك يۇمشاق چۆپلۈكتە ئولتۇرۇپ گۈلچەمبىرەك ياساشقا تۇتۇش قىلدى.

بۇ چاغدا ئاسماندىكى زېۋس ياۋروپانى كۆرۈپ قالدى. زېۋسنىڭ

يۈرىكىگە مۇھەببەت مۇئەككىلى ئافرودىتىنىڭ ئالتۇن ئوقى كېلىپ تەگدى. زېۋس ھېرانىڭ ھەسەت قىلىشىدىن ۋايىم يېگەچكە، ئەسلىي قىياپىتى بىلەن كۆرۈنۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرلا ئۆزگىرىپ بۇقا قىياپىتىگە كىرىۋالدى. بۇ كارامەت قالتىس بۇقا ئىدى. ئۇنىڭ مۈڭگۈزلىرى ئۇزۇن ھەم زىلۋا، تۈكلىرى يۇمشاق ھەم ساپسېرىق ئىدى، پېشانىسىدە يېڭى ئايدەك ئاق قاشقىسى بار ئىدى. بۇ بۇقا ياۋروپا ئويناۋاتقان چۆپلۈككە قاراپ ماڭدى. بۇ چىرايلىق بۇقىنى كۆرگەن ياۋروپا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئاستا-ئاستا بۇقىغا يېقىنلىشىپ، بۇقىنىڭ سىلىق دۈمبىسىنى سىلاشتى. بۇقىمۇ دوستانىلىق بىلەن تىلىنى چىقىرىپ، قىزلارنىڭ نازۇك قوللىرىنى يالىدى. ياۋروپا قولىدىكى خۇش پۇراق ئەتىرگۈلنى بۇقىنىڭ تۇمشۇقىغا تەگكۈزدى. بۇقا گۈلنى يالاپ، ياۋروپانىڭ ئاياغ ئاستىغا تىزلاندى-دە، بېشىنى كەينىگە تولغاپ ئۈستۈمگە چىق دېگەندەك دۈمبىسىنى ئىشارەت قىلدى. ياۋروپا دوستلىرىغا:

— بۇ بۇقا راستىنلا ئادەمگە ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ بىزگە ئوخشاش پىكىر قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، — دېدى ۋە قولىدىكى گۈلچەمبىرەكنى بۇقىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئېسىپ قويۇپ، «شاققىدە» بۇقىنىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋالدى.

مەقسىتىگە يەتكەن زېۋس ئورنىدىن تۇرۇپ دۈلدۈلدەك ئۇچۇشقا باشلىدى. ياۋروپانىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى تۇۋلاپ چۇرقىرىشىپ كەتتى. بىراق، ئۇلار قانداقمۇ تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى زېۋسقا يېتىشەلىسۇن؟ بۇقا دېڭىزغا سەكرەپ ناھايىتى تېزلا قىرغاقتىن ئايرىلدى، شۇنداقلا قىرغاقتىن بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى. شامال ياۋروپانىڭ سىرتقى كىيىمىنى ئۇچۇراتتى. ياۋروپا قاتتىق تەشۋىش ئىچىدە قالدى.

بۇقا سۇدا بىر كېچە-كۈندۈز ئۈزۈپ يىراق بىر قۇرۇقلۇققا يەتتى. قىرغاققا چىقىپ باراقسان بىر دەرەخ تۈۋىگە كەلدى-دە، ياۋروپانى ئۈستىدىن سىيرىلدۇرۇپ چۈشۈردى. ئۆزى بولسا يوقاپ كەتتى. خۇددى مۆجىزىدەك ياۋروپانىڭ ئالدىدا مالائىكىلەردەك چىراي-

لىق بىر يىگىت پەيدا بولدى . زېۋىس ياۋروپانىڭ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىشىنى ئۆتۈندى . قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمگەن ۋە تايانچىسىز قالغان قىز قولىنى زېۋىسقا ئۇزاتتى . تەڭرىلەر پادىشاھى بىلەن ياۋروپا ئادەمزات دۇنياسىدا ئەر - خوتۇن بولدى .

كەچتە ياۋروپا مۇھەببەتنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىغا غەرق بولدى . تاڭ سەھەردە ئويغاندى ، يېنىدا زېۋىس يوق ئىدى . بىگانە مەنزىرە كۆز ئالدىدا تىنچقىنا جىلۋە قىلىپ ياتاتتى . بۇلۇتسىز ئاسماندا قۇياش ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك نۇر چېچىپ تۇراتتى . ياۋروپا تىكەندەك يالغۇز ، غېرىبچىلىق تارتتى . دەككە - دۈككە ئىچىدە قالدى . ئەتراپقا قاراپ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ چۈشى بولۇپ قېلىشىنى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلدى !

«مەن نەدىن كەلدىم ؟ ھازىر نەدە ؟» ياۋروپا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دېدى . بىچارە ياۋروپانى ئۈمىدسىزلىك ۋە خىجىللىق قىينايتتى . ئۆزىنىڭ يەڭگىلتەكلىك قىلىپ نائەھلى بىر ئەرنى مۇشۇنداق ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن نادامەت چېكەتتى . ئۇ كۆڭلىكىنى لېنتا قىلىپ ، ئاق تېرەككە باغلاپ ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولدى .

تۇيۇقسىز يېقىملىق بىر ئاۋاز كەلدى . ياۋروپا كەينىگە ئۆرۈلدى ، كەينىدە مۇھەببەت تەڭرىچىسى ئافرودىت تۇراتتى . يېنىدا ، ئوقيا تۇتقان ئېروس بار ئىدى . بۇ تەڭرىچە :

— ئاچچىقىڭنى بېسىۋال ! كۆرگەن چۈشۈڭ ھېلىمۇ ئېسىڭدىمۇ ؟ شۇ چۈشنى ساڭا مەن كۆرسەتكەن . بۇ سەن كۆرگەن ھېلىقى چوڭ قۇرۇقلۇق شۇ . غەزىپىڭنى ئۆچۈرگىن ! يېڭىلمەس زېۋىسنىڭ ئادەمزات ئارىسىدىكى خوتۇنى بولۇش پېشانەڭگە پۈتۈلگەن . مۇشۇ كۈندىن ئېتىبارەن سېنى ئۆز قوينىغا ئالغان مۇشۇ قۇرۇقلۇق ياۋروپا دەپ ئاتىلىدۇ ، — دېدى .

# كادموس

كادموس ياۋروپانىڭ ئاكىسى ئىدى . زېۋس بۇقا سۈرىتىگە كىر-
رىپ ياۋروپانى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئاتىسى كادموسنى ياۋروپا-
نى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى . تاپالمىسا ، قايتىپ كەلمەسلىكىنى ئېيت-
تى . كادموس سىڭلىسىنى تاپالماي جاھان كېزىپ يۈردى .

كادموس قۇياش تەڭرىسى ئاپوللونىڭ ئۆزىگە ۋەھىي چۈشۈرۈشى-
نى ئىلتىجا قىلدى . ئاپوللودىن ئۇنىڭغا مۇنداق بىر نىدا كەلدى :
«بىر ئوتلاقتا بارساڭ بىر موزاينى بايقايسەن ، سەن شۇنىڭغا ئەگىشىپ
ماڭ . موزاي دەم ئېلىپ ياتقان جاي سېنىڭ دۆلىتىڭ بولىدۇ .»
كادموس مۇقەددەس بۇلاقتىن ئەمدىلا ئايرىلىپ ، بىر كۆكۆل مەيدانغا
كېلىپ قارىغۇدەك بولسا ، بىر موزاي تۇرۇپتۇ . موزاي ئۇنى كۆرۈپ
بىمالال مېڭىپ كەتتى . كادموس ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى موزايغا
ئەگەشتى . موزاي سايدىن ھەم ئوتلاقتىن ئۆتۈپ توختىدى - دە ،
ئىككى مۈڭگۈزىنى ئاسمانغا قارىتىپ كادموسقا قارىدى . كادموس ۋە
ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۆز دۆلىتىنى تاپتى . كادموس بۇ ياقا يۇرتنىڭ
يېرىنى يەرگە باغرىنى بېسىپ تۇرۇپ سۆيدى . ئۇ نەزىر - نۇزرەت
ئۆتكۈزۈپ ، زېۋسقا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەتكارلىرىنى
نەزىر شارابىغا ساپ بۇلاق سۈيى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى .

بۇ يەردە ئادەم ئايىغى تەگمىگەن قەدىمىي بىر ئورمان بار ئىدى .
بۇلاق ئورمانلىقتىكى بىر ئۆڭكۈردە ئىدى . ئۆڭكۈردە بىر زەھەرلىك
ئەجدىھا يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى . ئۇنىڭ سۈسۈن مۈڭگۈزلىرى ۋاللىداپ ،
كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى . ئۈچ قۇر تىزىلغان خەنجەردەك ئۆتكۈر
چىشلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۈچ ئاچا تىلى بار ئىدى . ئاغزى ئالامەت يوغان

ئىدى . كارموسنىڭ خىزمەتكارلىرى بولاق سۈيى ئالغىلى كەلگەندە ، بۇ زەھەرلىك ئەجدىھا ئۆڭكۈردىن قارا كۆك بېشىنى چىقىرىپ ئاجا-يىپ قورقۇنچلۇق بىر ئاۋاز بىلەن چىرقىراپ ھەيۋە قىلدى . ئەجدىھا-نىڭ ئاغزىدىن پۇركۇلۇپ چىققان زەھەرلىك شۆلگەيدىن خىزمەتكار-لارنىڭ تومۇرلىرىدا قان قېتىپ قالدى . زەھەرلىك ئەجدىھا ئۇلارغا ئېتىلدى . خىزمەتكارلار قىلچە قارشىلىقسىز زەھەرلىك ئەجدىھاغا يەم بولدى . خىزمەتكارلارنىڭ تېخىچە كەلمىگەنلىكىدىن بىرەر شۇملۇقنى سەزگەن كادموس شىر تېرىسىنى كىيىپ ، قولىغا بىر قول نەيزە ، بىر ئوق نەيزىنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى قورقماس يۈرەك ئىدى . ئۇ ئورمانغا كىرىشى بىلەنلا ، خىزمەتكارلىرىنىڭ دۆۋە-لىنىپ كەتكەن جەسەتلىرىنى كۆردى . كادموس ناھايىتى يوغان يۇمى-لاق بىر تاشنى ئېلىپ زەھەرلىك ئەجىھاغا ئاتتى . قارامتۇل پوستى ۋە قېلىن قاسراقلىرى زەھەرلىك ئەجدىھانى خۇددى تۆمۈر ساۋۇتتەك قوغدايتتى . كادموس ئوق نەيزىنى ئاتتى . نەيزىنىڭ ئۇچى بۇ مەخلۇق-نىڭ قورسىقىغا قادالدى . زەھەرلىك ئەجدىھا بېشىنى تولغاپ كاد-موسنى يۇتۇشقا تەييارلاندى . كادموس يوغان چىنار دەرىخىنىڭ كەينى-گە ئۆتۈپ ، ئەجدىھاغا نەيزىسىنى توختىماي سانجىۋەردى . ئەتراپ ئەجدىھانىڭ قارامتۇل قېنى بىلەن بويالدى . زەھەرلىك ئەجدىھانىڭ دەم تارتىشىدىن چىنار دەرىخمۇ ئېگىلىپ شاخلىرى يەرگە تېگىپ قالدى . ئاخىر كادموس زەھەرلىك ئەجدىھانىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرۇۋىدى ، قىلىچ زەھەرلىك ئەجدىھانىڭ بويىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى .

ئەقىل - ئىدراك تەڭرىچىسى ئافىنا بۇ باتۇردىن زوقلىنىپ ، بولۇتلارنىڭ بىر بۇرجىكىدىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ ، كادموسنى يەرنىڭ تۇپىسىنى ئېچىپ ، ئەجدىھانىڭ زەھەرلىك چىشلىرىنى ئۇرۇق قىلىپ تېرىشنى بۇيرۇدى . بۇنىڭ كېلەچەكتىكى بىر ئىرقنىڭ ئۇرۇقى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى . كادموس تەڭرىچىنىڭ بۇ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ ، ئەجدىھانىڭ زەھەرلىك چىشلىرىنى ئۇرۇق قىلىپ تېرىپ قويدى .

شۇئان توپىدىن دۇبۇلغا كۆرۈندى ، ئاندىن ئىككى مۇرە ، كۆك-
رەك ۋە پۇت - قوللار كۆرۈنۈپ ، تولۇق قوراللانغان بىر باتۇر
چىقتى . كادموسنىڭ كۆز ئالدىدا پۈتۈن بىر ئەترەت قوراللىق لەش-
كەرلەر پەيدا بولدى . بۇ بىر ئەترەت لەشكەرلەر توپىدىن چىقىپلا
ئۆزئارا قىرغىنچىلىققا چۈشۈپ كېتىشتى . كادموس بۇ قىرغىنچىلىق-
نى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى . نۇرغۇن لەشكەرلەر قان ئىچىدە
يەرگە يىقىلدى . ئاخىر ئەڭ باتۇر بەش لەشكەر قالدى . كادموس
نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنى توسۇپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ بەش باتۇر
لەشكەر قوراللىرىنى تاشلاپ ، كادموس بىلەن ئۆزلىرىنى ئاپىرىدە
قىلغان بۇ زېمىندا ئۆزلىرىنىڭ شەھىرىنى قۇرۇپ چىقتى . ئاپوللو
ئېيتقاندەك بۇ شەھەر دېلفى دەپ ئاتالدى .



# پېنتۇس

ئۈزۈمنى شاراب تەڭرىسى باككوس كەشىپ قىلغانىدى . ئۇ ھىندىستاندا تۇغۇلۇپ ، شۇ يەردە چوڭ بولدى . ئەر بولۇپ يېتىلگەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەن پەرىزاتلاردىن ئايرىلىپ ، ھەرقايسى جايلاردا سەيلە - ساياھەت قىلغاچ ، كىشىلەرگە ئۈزۈم تەكلىرىنى ئۆستۈرۈشنى ئۆگەتتى . ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى دىئونىسۇس ئىدى . كىشىلەر بىر مەبۇت ئويۇقى ياساپ ، باككوسقا تېۋىنىدى ، باككوسنىڭ نامى يىراقلارغا پۇر كەتتى ، كۆپ ئۆتمەستىن دېلفى شەھىرىگىمۇ تارقالدى .

ئۇ چاغلاردا دېلفى پېنتۇسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى . ئۇ يېڭى كەلگەن بۇ دەرۋىشكە ئۆچلۈك قىلدى . دەرۋىشنىڭ ئۆزىگە ۋە مۇخلىسلىرىغا زىيانكەشلىك قىلغىلى تۇردى .

— دېلفىلىكلەر ، سىلەر قىلىچ - خەنجەرلەردىنمۇ قورقۇپ باقمىغان ، جەڭلەردە سەپتىن چېكىنىپ باقمىغان . ئەمدى ناتىۋان بۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرامسىلەر ؟— دېدى پېنتۇس ، — بۇنىڭدىن كېيىن كىمدىكىم بۇ ساختىپەزگە چوقۇنىدىكەن ، ئۇ زىندانغا تاشلىنىدۇ !

ئۇرۇق - تۇغقانلىرى پېنتۇسنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران بولدى . چاچلىرى قاردەك ئاقارغان كادموس تەڭرىنى ھاقارەتلىمەسلىك توغرىسىدا ئۇنىڭغا پەند - نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كار قىلمىدى .

پېنتۇس خىزمەتكارلىرىنى باككوسنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى . خىزمەتكارلار باتكوسنى تاپالماي ئۇنىڭ بىر مۇرىتىنى تۇتۇپ كېلىش-

تى . پىنتۇس ۋارقىراپ تۇرۇپ :
— ھەي لەنتى ، سەن نېمىشقا بۇنداق كۆپۈرانە مەزھەپكە ئىشىد-
نىسەن . سەن ئۆلۈمگە ھەقلىقسەن ! — دېدى . ھېلىقى مۇرىت :
— مەن بىر نامرات كېمىچى ، ئاتام ماڭا دېڭىزدا يۈرۈش ھۈنىرد-
نى ئۆگەتكەن . بىر قېتىم بىزنىڭ كېمىمىز نامەلۇم بىر قىرغاققا
كېلىپ توختىدى . مەن ھەمراھلىرىمدىن ئايرىلىپ ، ئۆزۈم يالغۇز
قىرغاققا چىقتىم . كېيىن كېمە توختىغان يەرگە قاراپ كېتىۋېتىپ ،
ھەمراھلىرىمنىڭ بىر يىگىتنى تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆردۈم . ئۇ يىگىت
ساھىبجامال قىزدەك چىرايلىق ئىدى . ئۆزى شىركەيىپ ، دەلدەڭشىپ
ئاران ماڭاتتى . مەن ئۇنىڭ تەڭرى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم .
ھەمراھلىرىمغا بۇ يىگىتكە ئوبدان مۇئامىلە قىلىشنى نەسىھەت قىلد-
دىم . ئۇلار مېنى مازاق قىلدى ، ھاقارەتلىدى ، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋەتكىلى
تاس قالدى .
ھېلىقى يىگىت ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئۆزىگە كەلدى . يوچۇن
كېمىنى كۆرۈپ ، ھەمراھلىرىمدىن بىرنېمىلەرنى سورىدى . ھەمراھ-
لىرىم ئۇنى ئالدىدى . يىگىت ئۇلارغا كېمىنى ئاكسوس ئارىلىغا
توغرىلاشنى ئۆتۈندى . لېكىن ، دېڭىزچىلار كېمىنى قارشى يۆنىلىشكە
توغرىلىدى . يىگىت يالغاندىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى . دېڭىزچىلار
كۆرەڭلەپ ، پالاقلارنى ئىشقا سېلىپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى .
تۇيۇقسىز كېمە دېڭىزدا توختاپ قالدى . كېمە خۇددى قۇمدا
ئولتۇرۇپ قالغاندەك مىدىرلىماي تۇراتتى . دېڭىزچىلار پالاقلارنى
يەنىمۇ كۈچەپ ئۇرۇپ كۆردى . ئەمما ، ئۈنۈمى بولمىدى . پالاقلارنى
تەكنىڭ شۇمبىلىرى چىرماپ ئالدى ، تەك شۇمبىلىرى موما ياغىچىغا
يۆگىشىپ چىقىپ ، كېمىدە باراڭ - سايىۋەن ھاسىل بولدى . باككوس
نۇرغا ئورالغان ھالدا تىك تۇراتتى . ئۇ چېكىسىگە يوپۇرماقتىن ئۆ-
رۈلگەن چاچباغ باغلىغانىدى . يىلپىز ۋە يولۋاسلار كېمىگە يامىشىپ
چىقتى . ئاجايىپ خۇشبۇي بىر خىل شاراب گويا ئېقىن سۈدەك
كېمىدىن ئېقىپ ئۆتتى . ھەمراھلىرىمنىڭ ئومۇرتقىلىرى ئېگىلدى ،
قېرىلىرى بېلىق قاسىرىقىغا ئوخشاپ قالدى . ئۇلار ھەممىسى بېلىققا

ئايلىنىپ، دېڭىزغا سەكرەپ چۈشۈپ كېتىشتى. مەن دىر-دىر تىترەپ تۇراتتىم. بىراق، باككوس ماڭا مۇلايىملىق بىلەن ئىلتىپات كۆرسەتتى. مەن كېمىنى ھەيدەپ ئۇنى ئاكسوس ئارىلىغا ئاپىرىپ قويدۇم.

مەن ئۇ يەردە بۇ يېڭى مەزھەپنى ئۆگەندىم. مېنىڭ شاراب تەڭرىسىگە چوقۇنۇشۇمنىڭ جەريانى مانا مۇشۇ، — دېدى.

— بولدى بەس، — دېدى پېنتۇس ۋارقىراپ، — ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار!

خىزمەتكارلار بۇ مۇرىتنى زەنجىرلەشكە تۇتۇندى، غايىبتىن بىر قول كېلىپ زەنجىرلەرنى چېقىپ، مۇرىتنى قويۇۋەتتى. پېنتۇسنىڭ ئانىسى ۋە ئاچا-سىڭىللىرىمۇ باككوسنىڭ مۇرىتى ئىدى. پېنتۇس ئۇلارنىمۇ باشقىلار قاتارىدا تۇتۇپ كېلىپ، زىندانغا تاشلىدى. ئەمما، خاسىيەتلىك قول زىنداننىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى. كىشىلەر زىنداندىن يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، شاراب تەڭرىسىنىڭ ئورمانلىقىغا بېرىۋېلىشتى. پېنتۇس بىر ئەترەت قوراللىق لەشكەرلەرنى باشلاپ، باككوسنى تۇتۇشقا ئاتلاندى. لەشكەرلەر باككوسنى قورشىۋالدى. باككوس كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ لەشكەرلەرگە قولىنى تۇتۇپ بەردى. بىراق، زەنجىر ئۇنىڭ نۇرانە بەدىنىگە تېگىش بىلەن چېقىلىپ پارە-پارە بولۇپ كەتتى. باككوسنىڭ مۇرىتلىرى قوللىرىدىكى مۇقەددەس ھاسىنى خادا تاشقا ئۇرسىلا، خادا تاشتىن سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى ياكى خۇش پۇراق شاراب بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقاتتى. شاراب تەڭرىسىنىڭ مۇقەددەس ھاسىسى تېگىپ كەتسە، ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇلار سۈتكە ئايلىناتتى. دەرەخلەردىن ھەسەل تاماتتى.

ئىزاغا چىدىماي قالغان پېنتۇسنىڭ غەزىپى كەلدى ۋە لەشكەرلەرنى بارلىق مۇرىتلارنى تارقىتىۋېتىشكە بۇيرۇدى. بۇ چاغدا باككوس پېنتۇسنى سۈپكۈچلەپ قويغانىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە قۇياش، دېلفى شەھىرى، ھەتتا شەھەرنىڭ ھەربىر دەرۋازىسى ئىككى بولۇپ كۆرۈندى. دىئونسۇس بىر بۇقا، غەلىتە مۈڭگۈزلۈك ۋەھشىي ھايۋان سىياقىدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى. پېنتۇس يالۋۇرۇپ مۇقەددەس

هاسىنى سورىدى . هاسا قولىغا تېگىشى بىلەن تەلۋىلىشىپ هاياجان ئىچىدە مېڭىپ كەتتى .

پېنتۇس شاراب تەڭرىسى ئىشلەتكەن سېھىرنىڭ كۈچىدە ئەسە-بىلەشتى . ئۇ مۇرىتلار توپلاشقان دەرەخزارلىققا كېلىپ قايمۇقۇپ كەتتى - دە ، ئەڭ ئېگىز قارىغاي دەرىخىگە يامىشىپ چىقىپ ، ئۇزۇن ۋە توم شاختا ئولتۇردى .

بۇ چاغدا باككوسنىڭ مۇرىتلىرى ئۆزلىرىگە زىيانكەشلىك قىلغان ئادەمنى كۆردى . ئۇلار دەسلەپىدە ئۇنىڭغا تاش ئاتتى . ئاندىن هېلىقى قارىغاي دەرىخىنىڭ تۈۋىنى يىلتىزلىرى بۆلۈنۈپ چىققۇچە قازدى . قارىغاي دەرىخى بارا - بارا ئېگىلدى ، مۇرىتلار پېنتۇسنى تۇتتى ھەم چىشلىدى . غەزەپلەنگەن ئالىمانىنىڭ ھەربىرى ئۇنىڭ بىر چىشلەم گۆشىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالدى . پېنتۇس كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا قىيما - چىيما بولۇپ كەتتى . شاراب تەڭرىسى باككوس ئۆزىنىڭ مۇقەددەس مەزھىپىنى ھاقارەتلىگەن ئادەمدىن مانا مۇشۇنداق ئىنتىقام ئالدى .



# پېرسۇس

پېرسۇس زېۋس بىلەن دانائېنىڭ ئوغلى . زېۋس ئارگوس پادى-
شاھىنىڭ قىزى دانائېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ، ئالتۇن يامغۇرغا
ئايلىنىپ ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى . دانائې پېرسۇسنى تۇغدى . پېر-
سۇس تۇغۇلغان چاغدا ، تەڭرى دانائېنىڭ ئاتىسىغا كۇنلەرنىڭ بىرىدە ،
يېڭى تۇغۇلغان بۇ بوۋاقنىڭ ئۇنىڭدىن پادىشاھلىقنى تارتىۋالىدىغان-
لىقى ھەم ھاياتىغا زىيانكەشلىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بەر-
دى . پادىشاھ قىزى بىلەن نەۋرىسىنى ساندۇققا سېلىپ دېڭىزغا تاشلى-
ۋەتتى . زېۋس ساندۇققا ھامىيلىق قىلىپ ، ساندۇقنى بوران - چاپ-
قۇنلاردىن ئامان - ئېسەن ساقلىدى . دېڭىز ئېقىنى بۇ ساندۇقنى
سېلفۇس ئارىلىغا ئېقىتىپ كەلدى . سېلفۇس ئارىلىنىڭ پادىشاھى
ساندۇقتىن چىققان دانائېغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى ۋە ئۇنى نىكاھىغا
ئالدى . پادىشاھ پېرسۇسنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىدى .

پېرسۇس چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆگەي ئاتىسى بىر باتۇر ئىگى-
لەشكە تېگىشلىك ماھارەتلەرنى ئۆگىتىپ ، ئۇنى خەتەرلىك ساياھەت-
لەرگە چىقىشقا رىغبەتلەندۇردى . پېرسۇس يىلان چاچلىق ئالۋاستى
مېدوسانى تېپىپ ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىش قارارىغا كەلدى . پېر-
سۇس ئالدى بىلەن جىن - شاياتۇنلارنىڭ ئاتىسى فوركۇس تۇرۇۋاتقان
جايغا باردى . فوركۇسنىڭ ئۈچ قىزى بار ئىدى . ئۇلار تۇغۇلۇشىدىنلا
ئاق چاچلىق بولۇپ تۇغۇلغانىدى . ئۈچ قىزنىڭ ئارانلار بىر كۆزى
ۋە بىرلا چىشى بار ئىدى . پېرسۇس كۆز بىلەن چىش نۆۋەت بىلەن
ئىشلىتىلىۋاتقان چاغدا ، بۇنى ئۇلاردىن تارتىۋالدى . پېرسۇس پەرى-
زاتلارنىڭ يېنىغا بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويسا ، كۆز بىلەن

چىشنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولدى .

پەرىزاتلاردا ئۈچ ئەڭگۈشتەر بار ئىدى : ئۇلار بىر ئۇچار كەش ، بىر تېرە خۇرجۇن ۋە ئىت تېرىسىدىن قىلىنغان بىر دۇبۇلغا ئىدى . پېرسۇس پەرىزاتلاردىن ئۆزى ئالماقچى بولغان ئۈچ ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ دېڭىزغا قاراپ ئۇچتى .

دېڭىزدا ئاچا - سىڭىل گورگونلار ياشايتتى . ئۇلارنىڭ تېرىسى يوق ، بەدىنى قاسراق بىلەن قاپلانغان ، چاچلىرىغا زەھەرلىك يىلانلار يۆگەشكەن ، شامالنى يېرىپ پەرۋاز قىلالايدىغان ئالتۇن قاناتلىرى بار ئىدى . ئاچا - سىڭىللارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ كىچىكى بەك يامان ئىدى . پېرسۇس بارغاندا ، ئۈچ ئاچا - سىڭىل ئۇخلاۋاتاتتى . ھەرقانداق ئادەم ئۇلارنى كۆرگەن ھامان تاشقا ئايلىنىپ قالاتتى . شۇڭا ، پېرسۇس كەينىچىلەپ ماڭدى . يالتىراپ تۇرغان قالقىنىغا چۈشكەن نۇر ئارقى-لىق ئۇلارنى كۆزەتتى . پېرسۇس مېدوسانى تونۇۋالدى - دە ، ئۇچقان-دەك بېرىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ خۇرجۇنغا سالدى . مېدوسانىڭ ئاچىلىرى چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىشتى . ئۇلار دەرھال ئاسمانغا ئۇ-چۇپ چىقىشتى . پېرسۇسنىڭ ئۇچىسىدىكى ئىت تېرىسىدىن تىكىلگەن دۇبۇلغا ئۇنى پەرىزاتلارنىڭ نەزەرىدىن يوشۇرۇپ قالدى . ئۇچار كەش پېرسۇسنى ھەش - پەش دېگۈچە يىراققا ئېلىپ كەتتى .

پېرسۇس ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا ، بوراندا لەپپەڭلەپ كې-تىۋاتقان خۇرجۇندىن مېدوسانىڭ كاللىسىدىن ئاققان قان تامچىلىرى لىۋىيە چۆلىنىڭ داللىرىغا تېمىپ چۈشۈپ ، ھەر خىل ، ھەر رەڭدى-كى زەھەرلىك يىلانلارغا ئايلاندى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لىۋىيەدە زەھەرلىك يىلان - چايانلار ئالامەت كۆپىيىپ كەتتى .

پېرسۇس ئاسماندا غەربكە قاراپ ئۇچۇۋەردى . ئاتلاس پادىشاھلى-قىنىڭ زېمىنىغا بارغاندىن كېيىنلا توختاپ بىرئاز ئارام ئالدى . بۇ پادىشاھنىڭ ئالتۇن مېۋە بېرىدىغان بىر مېۋىزارلىقى بار ئىدى . مېۋىزارلىقنى بىر ئەجدىھا قوغدايتتى . پادىشاھ ئۆزىنىڭ بۇ بىباھا بايلىقىنى ئوغرىلاپ كەتمىسۇن دەپ پېرسۇسنىڭ بىر كېچە قونۇش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى رەت قىلدى ھەم ئۇنى ئۆكتەملىك بىلەن

ئۇردىدىن قوغلاپ چىقاردى ، پېرسۇس قاتتىق غەزەپلەندى ۋە :

— سەن مېنى رەت قىلدىڭ ، مەن ساڭا بىر سوۋغا تەقدىم قىلاي ، — دېدى - دە ، خۇرجۇندىن مېدوسانىڭ كاللىسىنى چىقىرىپ ، پادىشاھقا قارىتىپ ئېگىز كۆتۈردى . پادىشاھ شۇ زامان تاشقا — قاۋۇل گەۋدىسى تاغقا ، كاللىسى بۇلۇتلارغا تاقاشقان ئېگىز چوققىغا ئايلاندى .

پېرسۇس ئېپوپىيە دېڭىز قىرغاقلىرىغا كەلدى . ئۇ دېڭىز بويىدىكى بىر خادا تاشقا زەنجىرلەنگەن بىر قىزنى كۆرۈپ قالدى . ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى چىرايلىق يۈزىنى بويلاپ ئاقاتتى . پېرسۇس ئۇنىڭدىن :

— كىم بولىسىز ؟ نېمىشقا بۇ يەرگە زەنجىرلەپ قويۇلدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى .

قىز تارتىنىپ تۇرۇپ :

— مەن ئېپوپىيە پادىشاھى كېفېئوسنىڭ قىزى ئاندۇرامېدا بولىمەن . ئانام دېڭىز پەرىلىرىگە مەن سىلەردىن چىرايلىق دەپ قويغانكەن ، ئۇلار بىر دېۋىنى ئۇچرىغان ھەرقانداق ئادەمنى يېيىشكە ئەۋەتتى . تەڭرىلەردىن ئاتامغا خەلقىڭنى قۇتۇلدۇرىمەن دېسەڭ ، قىزىڭنى مۇشۇ دېۋىگە يەم قىلىۋەت دەپ ۋەھىي چۈشتى . شۇنىڭ بىلەن مەن مۇشۇ يەرگە زەنجىرلىنىپ قالدىم ، بۈگۈن كېچە دېۋە مېنى يېگىلى كېلىدۇ ، — دېدى .

قىزنىڭ سۆزى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا ، خارقىرىغان بىر ئاۋاز بىلەن دولقۇن يېرىلىپ ، دېڭىزدىن ۋەھشىي بىر دېۋە چىقىپ كەلدى . ئاندۇرامېدا قورقىنىدىن چىرقىراپ تاشلىدى . قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ قىرغاقتا تۇراتتى . ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەسرەتلىنىش ۋە يىغلاشتىن باشقا ئىش كەلمەيتتى .

— يىغلىغاننىڭ پايدىسى يوق !— دېدى پېرسۇس قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ، — مەن قىزىڭلارنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم . ئۇنىڭ ماڭا تۇرمۇشلۇق بولۇشىنى ئۆتۈنىمەن ھەم ئۇنى قۇتقۇزىمەن .

ئاندۇرامېدانىڭ ئاتا - ئانىسى خۇشاللىق بىلەن رازى بولدى ۋە پۈتۈن پادىشاھلىقنى قىزنىڭ تويلۇق بىساتى قىلىپ تۇتىدىغانلىقىنى

ئېيتتى . بۇ چاغدا ھېلىقى دىۋە دېڭىز شامىلىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە قويۇندەك كېلىپ قىزغا ئېتىلدى . پېرسۇس بۇركۇتكە ئوخشاش بۇ دىۋىنىڭ دۈمبىسىگە قوندى - دە ، دىۋىنىڭ بوغۇزىغا خەنجەر ئۇردى . دىۋە بىرقانچە قېتىم جان تالىشىپ بېقىپ ، ئاخىر بىپايان دېڭىزغا غەرق بولدى . پېرسۇس قىرغاقتا چىقىپ ، قىزنى زەنجىردىن ئازاد قىلدى . ئىككىسى خۇشاللىق ئىچىدە قۇچاقلاشتى . ئاندۇرامېدانىڭ ئاتا- ئانىسى ئوردا دەرۋازىسىنى ئۇلۇغ ئېچىپ ، بۇ باتۇر كۇيۇئوغۇلنى قارشى ئالدى .

توي زىياپىتى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ، ئاندۇرامېدانىڭ بۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويغان يىگىتى پېنتۇس توي بولۇۋاتقان سورۇنغا باستۇ- رۇپ كىردى . پېنتۇس ئاندۇرامېدانىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن- دە ، ئۇنى نامەردلەرچە تاشلاپ كەتكەنىدى . ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ بىر توپ ئادەملىرىنى توي زىياپىتى ئۈستىگە باشلاپ كېلىپ ، پېرسۇسنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى . پېنتۇس قولىدىكى نەيزىنى ئوينىتىپ :

— مەن ۋەدىلەشكەن بولغۇسى خوتۇنۇمنى بۇلاپ كەتكەن ئادەم- دىن ئىنتىقام ئالغىلى كەلدىم . پېرسۇس ، سەن ھەرقانچە قاناتلىق بولساڭمۇ ، ھەتتا سېنىڭ ئاتاڭ زېۋس بولسىمۇ ، قېچىپ كېتىمەن دەپ خام خىيال ئەيلىمە ! — دەپ ۋارقىرىدى .

— سەن نېمىشقا ئاندۇرامېدانى خادا تاشتىن قۇتۇلدۇرۇۋالمى- دىڭ ؟ ئەمدى بۇ يەرگە كېلىپ بىزنى پاراكەندە قىلىشتىن نومۇس قىلمىدىڭمۇ ؟ — دېدى پادىشاھ .

پېنتۇس پادىشاھ گەپ قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، پېر- سۇسقا نەيزىنى ئاتتى . نەيزە كۇرسىدىكى كۆرپىگە سانجىلىپ قالدى . پېرسۇس ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ نەيزىنى ئېگىز كۆتۈردى . شۇنىڭ بىلەن پېنتۇسنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن مېھمانلار بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىپ كەتتى .

لەشكەرلەر بەك كۆپ ئىدى . پېرسۇس ۋە مېھمانلار ناھايىتى تېزلا مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى . پېرسۇس جاسارەتكە تايانغان بىلەن ئىش تاڭاتمايدىغانلىقىنى بىلىپ ، بىر تۈۋرۈككە يۆلەندى ۋە :

— دوستلار ، كۆزۈكلەرنى يۇمۇڭلار ، — دېدى .

پېرسۇس شۇنداق دەپ خۇرجۇندىن مېدوسانىڭ كاللىسىنى چىقىرىپ ، پېنتۇس ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىگە قارىتىپ ئېگىز كۆتۈردى . پېنتۇس ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرى شۇئان تاشقا ئايلىنىپ قالدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پېرسۇسنى مازاق قىلىپ كۈلۈشكە ۋە بەزىلىرى يالۋۇرۇشقا هازىرلانغانىدى ، لېكىن بارلىق ئىپادىلەر ئۇلارنىڭ چىرايىدا مەڭگۈ قېتىپ قالدى .

پېرسۇس ئاندۇرامېدانى ئېلىپ ئېپوپېيەدىن ئايرىلدى . پېرسۇس دېسكا ئېتىش مۇسابىقىسىدە دېسكا قولىدىن چىقىپ كەتتى . دېسكا بوۋىسىغا تېگىپ ، بوۋىسى ئۆلۈپ قالدى . تەڭرىلەر بەرگەن بېشارەت ئىشقا ئاشتى . پېرسۇس مەرهۇمغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى . سۆيۈملۈك ئاندۇرامېدا ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى . ئۇ پېرسۇسقا نۇرغۇن چىرايلىق ئوغۇللارنى تۇغۇپ بەردى . ئۇلار ئاتىسىنىڭ شان - شەرىپىنى ساقلاپ كەلدى .



# ئارگو قەھرىمانلىرى ھەققىدە ھېكايە

ياسون — كىرېتوسنىڭ پەرزەنتى ئەيسوننىڭ ئوغلى. كىرېتوس تېسالىيە لىمانىدا بىر شەھەر بىنا قىلغان ۋە ئولكوس پادىشاھلىقىنى قۇرغان. ئۇ ياشىنىپ قالغان چاغدا، پادىشاھلىقنى ئوغلى ئەيسونغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. لېكىن، كىرېتوسنىڭ كەنجى ئوغلى پېلىئاس پادىشاھلىقنى ئەيسوندىن تارتىۋالدى.

ئەيسون ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ياسون پېلىئاسنىڭ ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، كىروننىڭ پاناھىغا قېچىپ بېرىۋالدى. كىرون يېرىم ئادەم، يېرىم ئات شەكىللىك شەخس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئوغۇللىرىنى ئۇلۇغ قەھرىمانلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرگەنىدى. ئۇ ياسونغىمۇ بىر قەھرىمانغا قويۇلىدىغان ئۆلچەم بويىچە تەلىم - تەربىيە بەردى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، بىر خىل غەلىتە ئىلاھىي بېشارەت پېلىئاسنى روھىي ئازابقا چۈشۈرۈپ قويىدى. بۇ بېشارەتتە ئۇ سىڭار كەش كىيگەن بىر ئادەمدىن پەخەس بولۇش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇلغانىدى، پېلىئاس بېشارەتنىڭ مەنىسىنى يېشەلمەي يۈرەتتى.

يىگىرمە يىل تەربىيەلەنگەن ياسون ئولكوسقا ئوغرىلىقچە يېتىپ كەلدى. ئۇ پېلىئاستىن تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلماقچى بولغانىدى. ئۇنىڭ قولىدا ئىككى نەيزە بار ئىدى. بىرسى سانجىيدىغان، يەنە بىرسى ئاتىدىغان نەيزە ئىدى. ئۈستىدىن باغلىۋالغان يىلپىز تېرىسى ئۇنى تېخىمۇ باتۇر قىلىپ كۆرسەتتى.

ياسون قايتىپ كېلىۋېتىپ، كەڭ بىر دەرياغا توغرا كېلىپ قالدى. دەريا بويىدا بىر موماي ئۇچراپ، دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇش-

نى ئۆتتۈندى . ئۇ بۇ مومايىنىڭ باشقىچە قىياپەتكە كىرىۋالغان ھېرا ئىكەنلىكىنى بايقىمىدى . ھېرا پېلىئاسنىڭ دۈشمىنى ئىدى . مومايىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ، ياسوننىڭ بىر پاي كەشى لايغا پېتىپ قالدى . شۇڭا ، ئۇلكوس دىيارىغا سىڭار كەش قەدەم قويدى . ئۇلكوستا تاغىسى ئۆپچۆرىسىنى ئورىۋالغان بىر توپ خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ، دېڭىز تەڭرىسى پوسېيدونغا ئاتاپ نەزىر - نۇزرەت ئۆتكۈزۈۋاتاتتى . كىشىلەر بوي - بەستى ئېگىز ، كېلىشكەن ياسوننى كۆرۈپ ، ئۇنى ئاپوللوغا ياكى ئۇرۇش تەڭرىسى ئارېسقا ئوخشايتتى .

نەزىر ئۆتكۈزۈۋاتقان پادىشاھنىڭ بۇ ياقا يۇرتلۇق ئادەمگە نەزەرى ئاغدۇرۇلدى . ئۇنىڭ سىڭار كەش كىيگەنلىكىنى كۆرۈپ پادىشاھ شۇئان پاراكەندە بولۇپ كەتتى . تەڭرىلەرگە تاۋاپ قىلىش رەسمىيىتى تۈگىگەندىن كېيىن ، پېلىئاس ھېچنېمە بولمىغان قىياپەتتە كېلىپ ، ياسوننىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى .

ياسون ئۇنىڭ پادىشاھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ مۇلايىم ئاھاڭدا ، قورقۇپ - تەمتىرەپ تۇرماستىن ئۆزىنىڭ ياسون ئىكەنلىكىنى ، ئاتىسىنىڭ ماكانىنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەنلىكىنى دېدى . پادىشاھنىڭ ئەندىشىسى ئىسپاتلاندى . ئەمما ، ئۇ ئۆزىنىڭ خاتىرجەمسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى قىلچە چاندۇرماي ، جىيەنىنى قىزغىنلىق بىلەن ئوردىغا باشلىدى .ياسون ئەسلىدە ئۆزىگە تەۋە بولغان ئوردىدا ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوست - يارەنلىرى بىلەن زىياپەتلەردە بولۇپ يايراپ كەتتى . مېھمانلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ، ياسون پېلىئاسنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ ئەدەپ بىلەن :

— ئەي پادىشاھىم ، سىلىگە مەلۇم ، مەن پادىشاھ جەمەتىنىڭ قانۇنىي ۋارىسىمەن . مەن بارلىق كالا - قوي پادىلىرىنى ۋە يەر - زېمىننى سىلىگە قالدۇرىمەن . ماڭا ئاتامنىڭ پادىشاھلىق تەختى بىلەن شاھلىق ھاسىسى لازىم ، — دېدى .

پېلىئاس كۆڭلىدە ناھايىتى تېزلا خامچوت قىلىپ چىقتى ۋە :

— تەلىپىڭ ئورۇنلۇق . تەلىپىڭگە ماقۇل بولۇشتىن ئاۋۋال ، سەن ماڭا بىر ئىشنى قىلىپ بەرگىن . فرىكوسنىڭ ئەرۋاھى دائىم

چۈشۈمگە كىرىۋېلىۋاتىدۇ. ئۇ مەندىن ئەيئېتىسنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، ئالتۇن قوي يۇڭىنى ئەكېلىپ بېرىپ، روھىنى تىنچلاندۇرۇشۇمنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. سەن مۇشۇ ئىشنى ئورۇنلاپ كەلسەڭ، پادىشاھلىق تەخت ۋە شاھلىق ھاسا ساڭا مەنسۇپ بولىدۇ، — دېدى.

ئالتۇن قوي يۇڭى ھەققىدىكى رىۋايەت مۇنداق ئىدى: پېئوتىيە پادىشاھى ئاتاماسنىڭ ئوغلى فىرىكوس ئۆگەي ئانىسى ئىنو تەرىپىدىن خارلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئانىسى ئىفېلې بالىسىنى بەك سېغىنىدۇ، ھەدىسى ھېلې فىرىكوسنى ئوردىدىن باشلاپ چىقىدۇ، ئىككى بالا قاناتلىق قوشقارغا مىنىپ قېچىپ كېتىدۇ. بۇ قوچقارنىڭ يۇڭلىرى ساپ ئالتۇن ئىدى. ھەدە ۋە ئىنى ئىككىيلەن بۇ قوچقارغا مىنىپ دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقلاردىن ئۇچۇپ ئۆتىدۇ. كېيىن ھەدىسى بەختكە قارشى دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپ ھالاك بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ دېڭىز ھېلىيە دېڭىزى دەپ ئاتىلىدۇ. فىرىكوس قارا دېڭىز بويىدىكى كوركىس دېگەن يەرگە ئامان - ئېسەن يېتىپ كېلىدۇ. پادىشاھ ئەيئېتىس ئۇنىڭغا بىر قىزىنى بېرىپ، ئۇنى ئۆيلەپ قويىدۇ. فىرىكوس ھېلىقى قوچقارنى سويۇپ زېۋىسقا قۇربانلىق قىلىدۇ. قوچقارنىڭ ئالتۇن يۇڭىنى پادىشاھ ئەيئېتىسقا سوۋغا قىلىدۇ. ئەيئېتىس بۇ يۇڭنى ئۇرۇش تەڭرىسى ئارېسقا تەقدىم قىلىدۇ. ئارېس بۇ يۇڭنى ئورمانلىقتىكى بىر دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ، بىر ئەجدىھانى ئۇنىڭغا قارىتىپ قويىدۇ. ئۇ بۇ ئەجدىھاغا چۈشۈرگەن ئىلاھىي بۇيرۇقىدا، سېنىڭ ھاياتىڭ مۇشۇ ئالتۇن قوي يۇڭىنى ئامان - ئېسەن ساقلىيالىشىڭغا باغلىق دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالتۇن قوي يۇڭى بىباھا گۆھەرگە ئايلىنىدۇ. نۇرغۇن باتۇرلار ۋە شاھزادىلەر بۇ ئالتۇن قوي يۇڭىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى نامايىش قىلىش ئۈمىدىدە بولۇشىدۇ.

پېلىئاس بۇ ئاجايىپ جاۋاھىرات ئارقىلىق ياسوننى ئىلھاملاندۇرماقچى بولدى. بۇنىڭدا ئۇ خاتالاشمىدى. ئالتۇن قوي يۇڭىنى ئەكېلىشكە ياسوننىڭ ئۆزىمۇ رازى ئىدى. ئەمما، تاغىسىنىڭ ئۇنى مۇشۇ خەتەرلىك ساياھەتتە ھالاك قىلماقچى بولغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەل-

تۇرمەستىن ، تەڭرىلەر نامىدا پېلىئاسنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ ، دەرھال يولغا چىقىشقا تەييارلاندى .

بۇ مەردانە ئىشقا يۇنانىدىكى نۇرغۇن داڭلىق قەھرىمانلار تەكلىپ قىلىندى . يولىئون تېخى ئېتىكىدە يۇناننىڭ ئەڭ ماھىر كېمىسازلىرى ئېسىل ياغاچلاردىن ئاجايىپ كاتتا كېمە ياسىدى . كېمىگە 50 پالاقچى سىغاتتى . كېمە ئۇنى ياسىغان ئارگوسنىڭ نامى بىلەن «ئارگو» دەپ ئاتالدى . بۇ كاتتا كېمە ئاخىر پۈتتى ، كىشىلەر تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ، ئافېنانىڭ ياردىمىگە رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىشتى . قەھرىمانلار توپلاندى ، ھەربىر ئادەمنىڭ كېمىدىكى ئورنى مەسلىھەت بىلەن بەلگىلىنىپ ، ئۇلارنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى . ياسون بۇ خەتەرلىك سەپەرگە يېتەكچى بولدى ، تېفىس رولچىلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى . لىنكوس يول باشلىغۇچى بولدى . بۇ يۇنانلىقلارنىڭ چوڭ دېڭىزلاردا يۈرۈشى ئۈچۈن ياسىغان بىرىنچى كېمە ئىدى . كېمىنىڭ بېشى مۇقەددەس چىنار ياغىچىدىن ياسالدى . بۇنى تەڭرىچە ئافېنا سوۋغا قىلدى . كېمىنىڭ ئىككى تەرىپى ناھايىتى كۆركەم قاپارتما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەندى . قەھرىمانلار ئۇنى يەلكىسىدە ئون نەچچە كۈن كۆتۈرۈپ يۈرەلەيتتى . سۇرلۇك ھېراكلېس كېمىنىڭ بېشىدىن ئورۇن ئالدى . ئاكىللېسنىڭ ئاتىسى پېلېئوس بىلەن چوڭ ئاياكىسنىڭ ئاتىسى تېلامون كېمىنىڭ قۇيرۇقىغا جايلاشتى . قالمىش دېڭىزچىلار ئىچىدە كاستور ، پولىدوكىس ، نېلېئوس ، ئادمېتوس ، داڭلىق غەزەلخان ئورفېئوس ۋە كېيىن ئافېناغا پادىشاھ بولغان تېسۇس قاتارلىقلار بار ئىدى .

سەپەرگە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى ھەممە قەھرىمانلار دېڭىز تەڭرىلىرىگە ئاتاپ نەزىر - تىلاۋەت قىلىشتى . ئەللىك پالاقچى بىرلىكتە پالاق ئۇرۇشقا كىرىشتى . كاتتا كېمە پالاقلارنىڭ رىتىملىق ئۇرۇلۇشى بىلەن ئالغا يۈرۈپ كەتتى . ئورفېئوس سازنى قولىغا ئېلىپ ئاجايىپ تەسىرلىك ناخشىلارنى ئېيتىپ قەھرىمانلارنى رىغبەتلەندۈردى . بۇنداق دېڭىز سەپىرىدىن كېمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شادلاندى .

بوران - چاپقۇن كېمىنى لىمنوس ئارىلىغا ئەكېلىپ قويدى . بىر

يىل ئىلگىرى بۇ ئارالدىكى ئاياللار ئەرلىرىنى ۋە ئارالدىكى بارلىق ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى . چۈنكى ، ئەرلەر تىراكىيەدىن نۇرغۇن كېنىزەكلەرنى ئەكەلگەن ۋە شۇلارنى ياخشى كۆرگەچكە ، ئارالدىكى ئاياللار كۈنداشلىق ئازابىغا چىدىماي ئەرلىرى بىلەن ئارالدىكى ئەر-لەرنىمۇ قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى . ئۇلاردىن پەقەت ھىپسىپىللا ئۆز ئاتىسى پادىشاھ تونئاسنى يوشۇرۇپ قويۇپ ، ساندۇققا سېلىپ دېڭىزغا تاشلىۋەتكەنىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئاياللار تىراكىيەلىكلەر يەنى ئۆز رەقىبلى-رىنىڭ تۇغقانلىرى كېلىپ ھۇجۇم قىلارمىكىن دەپ بەك قورقۇشات-تى . دېڭىز تەرەپتىن ھەمىشە ئەنسىرەيتتى . شۇڭا ، «ئارگو» قىر-غاققا يېقىنلاشقاندا ، ئاياللار دەرھال تولۇق قوراللىنىپ شەھىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ، خۇددى ئاياللار دۆلىتى بولغان ئامازون ئەسكەرلى-رىدەك قىرغاقتا ئۇرۇش سېپى تۈزدى .

كېمىدىكى قەھرىمانلار قىرغاقتا تولۇق قوراللانغان ئاياللارنىڭ سەپ تارتىپ تۇرغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرمۇ ئەركەك يوقلۇ-قىنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران قالدى . ئۇلار قولۋاق چۈشۈرۈپ ئەلچى ئەۋەتتى . بىر ئايال لەشكەر ئەلچىنى ئايال پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى . ئۇ ئاتىسىنىڭ مەرمەر تەختىدە ئولتۇراتتى . يېنىدا قېرى ئېمىكئانىسى ۋە چىرايلىق تۆت قىز ئۆرە تۇراتتى . ئەلچى ئايال پادىشاھقا قەھرىمانلارنىڭ تەلىپىنى ، يەنى بۇ يەردىن ۋاقىتلىق قونالغۇ سورايدىغانلىقىنى يەتكۈزدى . ھىپسىپىل خەلقنى يىغىپ :

— بىز يەنە خاتا ئىش قىلىپ قويدۇق . ئەركەكلەرنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدۇق . بۇ قېتىم دوستلارنى رەت قىلماسلىقىمىز كېرەك . بىراق ، ئۆزىمىز قىلغان ئىشنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويمايلى ، بىز يېمەك - ئىچمەك ۋە ھاراق - شارابلارنى ئۇلارنىڭ كېمىسىگە ئاپىرىپ بېرەيلى . شۇنىڭدا تېخىمۇ خاتىرجەم بولىمىز ، — دېدى .

ئايال پادىشاھ ئەمدى ئولتۇرۇشىغا ، يېنىدا تۇرغان قېرى ئېمىك-ئانا سۆزىنى باشلىدى :

— مۇساپىرلارنى ئەدەپ بىلەن كۈتۈۋېلىش ناھايىتى توغرا ئىش .

لېكىن ، تىراكىيەلىكلەر ھامان بىر كۈنى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ، شەپقەتلىك تەڭرى چىقىپ ئۇلارنى توسۇۋالغان تەقدىردىمۇ ، بىر مەيدان جەڭدىن ساقلانماق تەس ، — دېدى ئۇ ، — سىلەر ياشلار جەڭ قىلىش توغرا كەلسە ، ھەرگىز خالىمايسىلەر . كاللار ھارۋىنى ئۆزلىرى ھەيدىيەلمەيدۇ ، ئاشلىق ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈپ چىقمايدۇ . سىلەر مۇنداق ئېغىر ئىشلارنى قىلىشنى خالىمايسىلەر ، سىلەر ھىمايىگە موھتاج . بىزنىڭ يەرلىرىمىزنى مۇشۇ مۇساپىرلار تېرىسۇن ، شەھىرىمىزنىمۇ شۇلار باشقۇرسۇن ، — دېدى .

بۇ سۆزلەر ئاياللارغا بەك ياراپ كەتتى . ئاياللار پۈتكۈل شەھەر خەلقىنىڭ ئۇلارنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىش ئۈچۈن ، ئارگو قەھرىمانلىرىنىڭ يېنىغا بىر قىزنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى . قەھرىمانلار بۇنى ئاڭلاپ بەك خۇرسەن بولۇشتى ، ئۇلار ھېپسىپىل ئاتىسىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى يولى بىلەن ئۆتكۈزۈۋالغان دەپ بىلەتتى .

ياسون ئافېنا سوۋغا قىلغان جىگەر رەڭ يېپىنچىنى يەلكىسىگە ئارتىپ ، خۇددى ئاقار يۇلتۇزدەك مەزمۇت قەدەم تاشلاپ شەھەرگە كىردى . ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك تەق - تۇرقى كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايتتى . ئاياللار چۇقان - سۈرەن بىلەن شەھەردىن چىقىپ ، بۇ قەھرىماننى قارشى ئالدى . كېمىگە بارغان ھېلىقى ياش قىز ئۇنى ئايال پادىشاھ تۇرغان ئۆيگە باشلاپ كىردى . ئايال پادىشاھ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، ئۇيالغان ھالەتتە :

— ئەرلىرىمىز بىزگە بىۋاپالىق قىلىپ ، بىزنى بۇ ئارالغا تاشلاپ قويدى . ئۇلار بۇلاپ ئەكەلگەن ئاياللىرى بىلەن بىللە تۇرۇش ئۈچۈن تىراكىيەگە كېتىپ قېلىشتى . سىلەرنى مۇشۇ ئارالغا كېلىشكە تەكلىپ قىلىمەن ، — دېدى . ھېپسىپىل ياسونغا ئۆزلىرىنىڭ قارارىنى ئېنىق ئۇقتۇردى ، ئەركەكلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ھەققىدە لام - جىم دېمىدى . ياسون :

— سىزگە تەشەككۈر ، ئەي مەلىكەم ، بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە بىزگە شاپائەت قىلدىڭىز . تەكلىپىڭىزنى ھەمراھلىرىمغا يەتكۈزۈپ

بولۇپ ، دەرھال قايتىپ كېلىمەن . شاھلىق ھاسىڭىز بىلەن ئاربىلە-ڭىزنى ئۆز قولىڭىزدا تۇتقايسىز . مەن بۇنى رەت قىلىۋاتقىنىم يوق ، مېنىڭ يىراق يەرلەردە خېيىم - خەتەر ۋە ئۇرۇشلار كۈتۈپ تۇرماقتا ، — دېدى جاۋابەن .

ياسون قىرغاققا قايتتى . ئايال پادىشاھ نۇرغۇن ھارۋىلاردا ناھا-يىتى كۆپ سوۋغا - سالام ئەۋەتتى . قەھرىمانلار خۇشال بولۇشتى ھەم شەھەرگە كىرىپ ئاياللارنىڭ ئۆيلىرىگە جايلاشتى . ياسون ئوردىغا ئورۇنلاشتى . پەقەت ھېراكلېسلا خوتۇن خەقلەرنى يامان كۆرگەچكە بىرنەچچە ھەمراھلىرى بىلەن كېمىدە قالدى . شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە زىياپەت ۋە كۆڭۈللۈك ئۇسسۇل - تاماشىلار قىزىپ كەتتى . نەزىر - نۇزرەت كوچىلىرىدىن چىققان ئىسلار پەلەككە كۆتۈرۈلدى . بۇ مۇشۇ شەھەرنى ئاسرايدىغان تەڭرى ھېپىستوسقا ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئافرودىتقا ئاتاپ ئۆتكۈزۈلگەن نەزىر - نۇرزەت ئىدى . سەپەرنىڭ قەرەلى كەينىگە سۈرۈلۈۋەردى .

بىر كۈنى غەزەپلەنگەن ھېراكلېس كېمىدىن چۈشۈپ ، شەھەردى-كى قەھرىمانلارنى ئاياللارغا تۇيدۇرماي بىر يەرگە يىغىپ ، ئاچچىقىنى باسالماي :

— ھەممىڭلارنىڭ خوتۇنلىرى يولۇڭلارغا قاراپ يۇرتۇڭلاردا قال-غان ئەمەسمىدى ؟ سىلەر مۇشۇ يەردە لېمنوسنىڭ يەرلىرىنى تېرىماق-چىمۇ ؟ تەڭرىلەر ئالتۇن قوي يۇڭىنى ئۆزى ئەكېلىپ بېرەر ، ئۇلۇغ تۆھپىنى باشقا قەھرىمانلار ياراتسۇن ! — دېدى .

قەھرىمانلار ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى ، بىراق ئاياللار مېھرى-نى ئۇزەلمەي ئۇلارنىڭ قېپقىلىشنى تەلەپ قىلىشتى . ئەڭ ئاخىرى ياسون قاتارلىق قەھرىمانلارنىڭ ئەقىل - ئىدراكى ھېسسىياتتىن ئۇس-تۇن كەلدى . ئۇلار ئايال پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ ، سەپىرىنى داۋام قىلدى .

ئۇلار بۇرۇنقى جاسارىتىنى ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈۋال-دى - دە ، شىجائەت بىلەن ئىلگىرىلىدى . كېمە فىرىكسىيە قىرغىقىغا يېتىپ كەلدى . بۇ يەردە ئالتە قوللۇق ، قاۋۇل ياۋايى ئادەملەر بىلەن

تىنچلىقپەرۋەر دولىئونلار پادىشاھ كوزىكىسنىڭ ئارىلىدا بىرلىكتە ياشايتتى . دولىئونلار دېڭىز تەڭرىسىنىڭ ئەۋلادى ئىدى . دېڭىز تەڭرىسى ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ ، ئۇلارنى قوشنا ئەللەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلايتتى . ياسون ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ ئارالغا كەلگەندە ، پادىشاھ كوزىكىس خەلقنى باشلاپ چىقىپ ، ئۇلارنى ياخشى كۈتۈۋالدى ۋە كېمىنى شەھەر ئىچىدىكى لىمانغا ئەكىرىپ توختىتىشنى قىزغىنلىق بىلەن ئۆتۈندى ، چۈنكى بىر ئىلاھىي ۋەھىيدە پادىشاھ بۇ قەھرىمانلارنى ئوبدان كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇلارغا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇلغانىدى . قەھرىمانلار پادىشاھقا ساياھەت مەقسىتىنى ئېيتىپ بەردى . كوزىكىس شەخسەن چىقىپ يولنى كۆرسىتىپ قويدى . ئۇلار ئارالدىكى بىر ئېگىز تاغقا چىقىپ ئەتراپنى كۆزەتتى .

شۇ ئەسنادا ھېلىقى قاۋۇل ئادەملەر تۇرۇۋاتقان يېرىدىن يوپۇرۇلۇپ چىقىپ ، لىماندىن دېڭىزغا چىقىدىغان ئېغىزنى يوغان تاشلار بىلەن ئېتىۋەتتى . كېمىدىن ئاجراشنى خالىمايدىغان ھېراكلېس قاۋۇل ئادەملەرنىڭ ئالتوپىلاڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۆتكۈر ئوقياسىدىن ئوق ئۈزۈپ ، ئۇلاردىن بىرقانچىنى يەر چىشلەتتى . ئاڭغىچە باشقا قەھرىمانلار يېتىپ كېلىشتى ، ئۇلار ئىچى ۋە سىرتىدىن ماسلىشىپ جەڭ قىلىشتى . قاۋۇل ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى لىماننىڭ تار ئاغزىدا خۇددى كېسىپ ئۈزۈۋېتىلگەن دەرەخلەردەك يېتىشاتتى . جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن قەھرىمانلار كېمىنىڭ يەلكەنلىرىنى چىقىرىپ يەنە يۈرۈپ كەتتى .

قاراڭغۇ چۈشكەندە شامالنىڭ يۆنىلىشى بىردىنلا ئۆزگىرىپ ، قاتتىق بوران - چاپقۇن يۈز - كۆزلەرگە ئۇرۇلۇشقا باشلىدى . شۇڭا ، ئۇلار لەنگەر تاشلاشقا مەجبۇر بولدى . ئەسلىدە ئۇلار مېھماندوست دولىئونلار ئارىلىدىن ئانچە ئۇزاپ كەتمىگەنىدى . لېكىن ، قەھرىمانلار فىرىكسىيە ئارىلىغا كېلىپ قالدۇق دەپ پەرەز قىلىشتى . دولىئونلار ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كېتىشتى . بوران - چاپقۇندا دولىئونلار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشۋاتقانلارنىڭ تېخى بايىراق قىرغاقتىن ئايرىل-

غان مېھمانلار ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي ، تاجاۋۇزچىلار ئوخشايدۇ دەپ قېلىشتى . نەتىجىدە بەختسىز ئۇرۇش يۈز بەردى . ياسون ئۆزۈن نەيزىسىنى پادىشاھنىڭ كۆكرىكىگە سانجىۋەتتى . دولىئونلار شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالدى . ئەتىسى ئەتىگەندە ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئۇقۇش-ماسلىق بولغانلىقىنى بىلىشتى . ئارگو قەھرىمانلىرى ئاق كۆڭۈل پادىشاھقا ۋە جەڭدە قازا قىلغۇچىلارغا ئۆز قايغۇسىنى بىلدۈردى . ئۇلار چاچلىرىنى قويۇۋېتىپ ، مەشقاۋۇللۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ ھۆرمەت - ئېھتىرامىنى ئىپادىلىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا بۇ يەردىن ئايرىلدى . خانىش قايغۇ - ھەسرەتكە چىدىماي ئۆلۈۋالدى .

ئۇزاق ئۆتمەي قەھرىمانلار بىتىنىيە قولتۇقىدا قۇرۇقلۇققا چىق-تى . بۇ يەردە ياشايدىغان موسىيا خەلقى ئۇلارنى مېھماندوستلۇق بىلەن كۈتۈۋالدى . كۈن بەك كەچ بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي ، ئۇلارغا مول شاراب ۋە يېمەك - ئىچمەك ھازىرلاپ بەردى . ھېراكلېس ئۆمرى-دە جاپالىق سەپەرنى ياخشى كۆرۈپ ، راھەت تۇرمۇشنى ياراتماي كەلگەنىدى . ھەمراھلىرى ئېسىل شاراب ئىچىشىپ ئولتۇرغان چاغدا ، ئۇ تېخىمۇ ئەپلىكرەك بىر پالاق يونۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ يوغان ھەم تىك ئۆسكەن بىر قارىغايغا كۆزى چۈشتى . بۇ قارىغاي ئۇنىڭ ئېھتىياجىغا تازا مۇۋاپىق-تەك كۆرۈندى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇقياسىنى يەرگە قويدى . يېپىنى-ۋالغان شىر تېرىسىنىمۇ سېلىۋەتتى . چومىقىنىمۇ بىر ياققا چۆرۈپ تاشلىدى . زەبەردەس ھېراكلېس زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بىرلا تىنىقتا دەرەخنى قۇچاقلاپ يىلتىزى بىلەنلا قومۇرۇۋالدى . دەرەخ بوران - چاپقۇن ئۆرۈۋەتكەن دەرەخكە ئوخشاپ قالغانىدى .

ھېراكلېسنىڭ ياش ۋاقتىدىكى دوستى ھىلاسمۇ زىياپەتتىن ئاج-رىلىپ چىقىپ ، تۇچ كومزەكنى كۆتۈرۈپ سۈزۈك سۇ ئالغىلى ماڭ-دى . دىرئاسقا قارشى بىر لەشكىرى سەپەردە ھېراكلېس تاكاللىشىپ بۇ بالىنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى . شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ بۇ بالىنى بېقىپ قاتارغا قوشقانىدى ، بۇ بالىنى ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسى ۋە دوستىدەك كۆرەتتى . بۇ چىرايلىق يىگىت بۇلاق تۈۋىگە كەلگەندە ،

تولۇنئاي پارلاق نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇ ئېڭىشىپ تۇرۇپ بۇلاقتىن سۇ ئالدى. بۇلاقتىكى سۇ پەرىسى بۇ يىگىتنىڭ گۈزەللىكىگە ئاشىق بولۇپ قالدى. سۇ پەرىسى ئۇنى سۇغا سۆرەپ ئەكىرىپ كەتتى. پولىفىموس ناملىق يەنە بىر قەھرىمان بۇلاقتىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە، بۇ يىگىتنىڭ قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى.

نەق شۇ چاغدا ھېراكلېس ئورماندىن چىقىپ كەلدى. شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، قارىغاينى تاشلاپ، شاش بۇقىدەك تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ ئەلەملىك توۋلاپ كەتتى. ئوڭۇشلۇق شامال سوققىلى تۇردى. رولچى بۇ ئوڭۇشلۇق شامالنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن قەھرىمان-لارنى كېمىگە چىقىشقا ئالدىراتتى. تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلگەن چاغدا، ئۇلار پولىفىموس بىلەن ھېراكلېس ئىككىسىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاشتى. ئېزىپ كەتكەن دوستلارنى ئۇلار كەلگۈچە ساقلاش كېرەكمۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كېمىدىكى قەھرىمانلار ئارىسىدا كەسكىن تالاش - تارتىش قوزغالدى. ياسون گەپ - سۆز قىلماي ئويغا چۆمۈپ ئولتۇراتتى. قايغۇ - ھەسرەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى غاجاۋاتاتتى، ئەمما تېلامون غەزىپىنى باسالماي قالدى.

— سەن نېمىشقا گەپ قىلماي ئولتۇرىسەن، — دېدى ئۇ داھىسقا ۋارقىراپ، — سەن ھېراكلېسنىڭ قابىلىيىتى مېنىڭدىن ئۈستۈن دەپ تارلىق قىلىپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتمەيدىكەنسەن - دە، مەيلى قانداقلا بولسۇن، مەن بېرىپ ئېزىپ كەتكەن دوستلىرىمنى ئىزدەپ تاپىمەن!

تېلامون شۇنداق دەۋېتىپ يەنە بىر ياقتىن رولچى تىفىسنىڭ ياقىسىدىن ئالدى ۋە ئۇنى كېمىنى كەينىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇلار شۇنداق جاڭجاللىشىۋاتقاندا، دېڭىز تەڭرىسى دېڭىز يۈزىگە چىقىپ، دېڭىزچىلارغا:

— جېدەللەشمەڭلار، ھېراكلېس زېۋسنىڭ ئىرادىسى بويىچە قېپقالدى. تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداق، — دېدى. مۇشۇ سۆزنى قىلىپ بولۇپ دېڭىز تەڭرىسى دېڭىزغا چۆشۈپ

كۆزدىن غايىب بولدى . تېلامون خىجالەتچىلىك ئىچىدە ياسوننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ، بۇرۇنقىدەك ئىناق ئۆتۈشنى ئۆتۈندى . ياسون بايامقى ئىشلارنى كۆڭلىگە ئالماي ، تېلامون بىلەن يارىشىپ قالدى . قەھرىمانلار «ئارگو» ناملىق كېمىنى ھەيدەپ ، دېڭىز شامىلىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى .

ئەتىسى گۇگۇم مەھەلدە كېمە بىر يېرىم ئارالغا كېلىپ لەڭگەر تاشلىدى . بۇ يەر مىكوس دەپ ئاتىلاتتى . بۇ يەردە بەيبوروسىيانلار ياشايتتى . بۇ يېرىم ئارال پادىشاھىنىڭ چەتتىن كەلگەن مۇساپىرلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ناھايىتى قاتتىق بىر قانۇنى بار ئىدى . ئۇنىڭ بىلەن مۇشتلىشىش مۇسابىقىسىگە چۈشمىگەن ۋە مۇسابىقىگە چۈشۈپ ئۆزىنى يېڭىۋالمىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ يەردىن كېتىشىگە يول قويمايتتى . ئۇ مۇشۇ چارە بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدى . كېمە قىرغاقتا يېقىنلىشىشىغا ، پادىشاھ مۇشتىدا ئۆلتۈرۈلىدى-غان بىرەرسىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى . ئۇ كېمىگە يېقىن كېلىپ :

— ھەي ، دېڭىز سەرگەردانلىرى ، — دېدى پالاقچىلارغا خىرىس قىلىپ ، — ئاراڭلاردىن مەن بىلەن مۇشتلىشىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بىرەرسى چىقماي تۇرۇپ مېنىڭ يۇرتۇمدىن ئايرىلىمىز دەپ خىيال ئەيلىمەڭلار . ئەڭ قاۋۇل نوچاڭلارنى تاللاپ مەن بىلەن مۇشتلىشىشقا ئەۋەتىڭلار ، ئۇنىڭ مېنى يېڭىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

پادىشاھنىڭ ئۆكتەملىكىدىن ئارگو قەھرىمانلىرىنىڭ ئارىسىدى-كى ئەڭ ياخشى مۇشتلاشچى لېتونىڭ ئوغلى پولىدوكىسنىڭ زەردىسى قايىندى . ئۇ مەنسىتمىگەن ھالدا :

— ھالىڭغا بېقىپ سۆزلىسەڭ بولارمىكىن ، سېنىڭ خىرىسىڭنى قوبۇل قىلىشقا تەييارمىز ، سېنىڭ ئەڭ ياخشى رەقىبىڭ مانا مەن ! — دېدى .

بەيبوروسىيا پادىشاھى ئۆزى بىلەن مۇشتلىشىشقا جۈرئەت قىل-غان بۇ پالۋانغا قارىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئالدىدا تۇرغان شىرنىڭ كۆزلىرىدەك پادىشاھقا قادالغانىدى . ۋۇجۇدىدا قور-قۇشتىن ئەسەر يوق ، ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش خىيالىدا قوللىرىنى خا-

تىرجەم تولغاپ تۇراتتى . قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسى كېيىدىن چۇش-
تى . ئىككى مۇشتلاشچى بىر - بىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ تۇردى .
پادىشاھنىڭ بىر قولى ئىككى جۇپ تېرە پەلەيىنى يەرگە تاشلاپ قويدى .
پولىدوكىس ئۆزىگە ئەڭ يېقىن تۇرغان پەلەيىنى ئالدى .
مۇسابىقە باشلاندى . ئامىكوس پولىدوكىسقا دېمىنى ئېلىۋېلىش-
قىمۇ ئىمكان بەرمەي شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى . ياش پالۋان
چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇردى ۋە رەقىبىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلى-
ۋېلىپ پۇرسەتتىن پايدىلاندى . پولىدوكىس پادىشاھنىڭ يۈزىگە مۇشت
تەگكۈزدى . پادىشاھنىڭ چىشلىرىنىڭ سۇنغان چاغدىكى ئاۋازى ئاڭلان-
دى . ئامىكوس ھۇجۇمغا ئۆتەي دەپ تۇرۇشىغا ، رەقىبىنىڭ ئاتقان
مۇشتى قۇلاق تۈۋىگە تېگىپ ، ئۇنىڭ كاللا سۆڭىكى مىجىلىپ كەتتى .
ئامىكوس يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلدى . بەيبوروسىيانلار كالتەك - چوماق
ۋە نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ پولىدوكىسقا ھۇجۇم قىلدى .
قەھرىمانلارمۇ دەرھال جەڭگە ئاتلاندى . باشلىقىدىن ئايرىلغان ياۋ بىر
پەشۋاغىمۇ يارىمىدى . قەھرىمانلار زور مىقداردا ئۆلجىلارغا ئېرى-
شىپ ، قىرغاقتا غەلىبىگە تەنتەنە قىلىشتى . تاڭ يورۇشى بىلەن بەزمە
ئاياغلاشتى . ئۇلار سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىتىنىيەگە قارىمۇقارشى
قىرغاققا كېلىپ لەڭگەر تاشلىدى . قەھرىمان ئاگىنورنىڭ ئوغلى
فىنوس مۇشۇ يەردە ياشايتتى . ئۇنىڭ بېشىغا ناھايىتى ئېغىر بەختى-
سىزلىك چۈشكەنىدى . ئاپوللو ئۇنىڭغا بەرگەن كېلەچەكتىن بېشارەت
بېرىش ماھارىتىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ ئۆم-
رىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قارىغۇ بولۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە
قورقۇنچلۇق ساھىبجامال قۇشلار ئۇنىڭ خاتىرجەم غىزالىنىشىغا يول
قويمايتتى . بۇ قۇشلار ئۇنىڭ ئالدىدىكى غىزانى خالىغانچە بۇلاپ -
تالاپ كېتەتتى . بۇلغاپ ئېغىزغا ئالغۇسىز قىلىۋېتەتتى . فىنوس
زېۋۇستىن چۈشكەن بىر ۋەھىيدىن تەسەللى تېپىپ كېلىۋاتاتتى . بۇ
ۋەھىيدە ، بورىئاسنىڭ ئوغۇللىرى ۋە يۇنان دېڭىزچىلىرى يېتىپ
كەلگەندىلا ، فىنوسنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزەلەيدى-
غانلىقى دېيىلگەنىدى . بىچارە بوۋاي ئورۇقلاپ سۆڭەكلا بولۇپ قالغا-

ندى . ھاسىسىغا تايىنىپ ، غالداڭشىپ ئارانلا ماڭاتتى .

فىنوس ئارگو قەھرىمانلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى . ئارگو قەھرىمانلىرى بۇ بەختسىز بوۋاينى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېلىشتى . بوۋاي سەل ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ، ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىپ :

— ئەي ، قىممەتلىك قەھرىمانلار ، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار ! ئاداۋەت تەڭرىلىرى مېنى ئىككى كۆزۈمدىن ئايرىدى . قەبىھ قۇشلارغا غىزايىمنى تالاتقۇزماقتا ، — دېدى ئۇ ، — سىلەر ياقا يۇرتلۇق بىرەيلەنگە ياردەم قىلىشۋاتمايسىلەر ، چۈنكى مەنمۇ يۇنانلىق ئاگىنورنىڭ ئوغلى فىنوس بولىمەن . ئىلگىرى مەن تىراكىيەنىڭ پادىشاھى ئىدىم . بورىئاسىنىڭ ئوغۇللىرى مېنىڭ شۇ يەرلىك خوتۇنۇمنىڭ ئۇكىلىرى بولىدۇ . ئۇلار سىلەرنىڭ خەتەرلىك ساياھىتىڭلارغا قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن . ئۇلار مېنى جەزمەن قۇتقۇزۇۋالىدۇ . بورىئاسىنىڭ ئوغلى زېتىس بىلەن كالايىس پادىشاھقا بۇ قەبىھ قۇشلارنى يوق قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار فىنوسقا غىزا تەييارلىدى . پادىشاھ تېخى غىزاغا قول تەگكۈزمەي تۇرۇپلا ساھىبجامال قۇشلار خۇددى قارا قۇيۇندەك ئاسماندىن ئېتىلىپ چۈشۈپ ، تەخسىدىكى تاماقنى پاك - پاكىز يەپ بولۇپ ، سېسىق بۇس قالدۇرۇپ ئۇچۇپ كېتىشتى .

بورىئاسىنىڭ ئىككى ئوغلى قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇپ ئۇلارنى قوغلاپ كەتتى . زېۋس ئۇلارنى ئىككى قانات ۋە ھارماي - چارچىمايدىغان ئىرادە بىلەن تەمىنلىدى . بورىئاسىنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇلارغا بارغانچە يېقىنلاشتى . بىرنەچچە قېتىم بۇ غەلىتە قۇشلارغا قول يېتىدىغان دەرىجىگە يەتتى . لېكىن ، زېۋسنىڭ ئەلچىسى تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ، ئىككى قەھرىمانغا بۇ ساھىبجامال قۇشلارنى ئۆلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقى توغرۇلۇق خىتاب قىلدى ھەم بۇ غەلىتە قۇشلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئاگىنورنىڭ ئوغلىنى پاراكەندە قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم بەردى . ئارگو قەھرىمانلىرى فىنوسقا پاكىز تەييارلانغان مول داستىخان سالدى . ئېچىرقاپ كەتكەن بۇ بوۋاي غىزادىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن

يېدى . بورىئاسنىڭ ئىككى ئوغلى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، بوۋاي ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن مۇندىداق بېشارەتنى ئېيتىپ بەردى :

— سىلەر ، — دېدى ئۇ ، — ئوكسىپنوس بوغۇزىنىڭ قولتۇقىدىكى سوقۇلغان قىيا تاشتىن ئۆتىسىلەر . بۇ ئىككى پارچە تىك قىيا تاشتىن ھاسىل بولغان بىر ئارال . بۇ تاشلار سۇدا لەيلەپ تۇرىدۇ . بەزىدە دېڭىز ئېقىمى بۇلارنى بىر - بىرىگە قوشىدۇ ، بەزىدە ئايرىۋېتىدۇ . سىلەر بۇ تاشلارنىڭ ئارىسىدىن خۇددى كەپتەر ئۇچۇپ ئۆتكەندەك تېزلىك بىلەن ئۆتۈپ كېتىشىڭلار كېرەك . بولمىسا ، كۆكۈم-تالقان بولۇپ كېتىسىلەر ، — بوۋاي يەنە ، — سىلەر يەنە ئامازون ئاياللار دۆلىتىدىن ئۆتۈپ ، ئەڭ ئاخىرىدا كوركىس قىرغاقلىرىغا يېتىپ بارىسىلەر ، سىلەرگە پادىشاھ ئەيئېتىسنىڭ قورغىنى كۆرۈنىدۇ . ئالتۇن قوي يۇڭى ئەنە شۇ يەردە ، — دېدى .

ئارگو قەھرىمانلىرى فىنوس بىلەن كۆزلىرى قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ ، خەتەرلىك سەپەرنى يەنە باشلىدى .

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ئوكسىپنوس دېڭىز بوغۇزىغا يېتىپ كەلدى . يىراقتىن ھاۋا گۇلدۇرلىگەندەك دەھشەتلىك بىر سادا كەلدى . بۇ قىيا تاشلارنىڭ بىر - بىرىگە سوقۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز بىلەن دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ئاۋازى بىرگە قوشۇلۇپ پەيدا بولغان ئاۋاز ئىدى . رولچى تېفىس جىددىيلەشكەن ھالدا رولنى چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى . ياش ئېئوفىموسنىڭ قولىدا بىر كەپتەر بار ئىدى . بۇ سوقۇلغان تاشلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىش ئۇچۇن تەۋەككۇل قىلىپ ماڭغان ئارگو قەھرىمانلىرىغا يول باشلايدىغان كەپتەر ئىدى . ئېئوفىموس كەپتەرنى قويۇۋەتتى . كۆپچىلىك بېشىنى كۆتۈرۈپ زور ئۈمىد بىلەن كەپتەرگە قاراشتى . كەپتەر ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا ، قىيا تاشلار دېڭىز ئېقىمىنىڭ زەربىسىدە بىر - بىرىگە سوقۇلدى ، كەپتەرنىڭ قۇيرۇقىدىن بىر پەي قىسىلىپ قېلىپ ئۈزۈلۈپ چۈشتى . شۇنداقتىمۇ كەپتەر ئامان - ئېسەن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى . شۇ ئەسنادا قىيا تاشلار يەنە ئاجرالدى . تاشلارنىڭ ئارىلىقىغا ئۇرۇلغان دېڭىز دولقۇنى كېمىنى سۆرەپ كى-

رىپ كەتتى. ئۆلۈم ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. يۈز بەرگەن مەنزىرە شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدى. تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن دولقۇن كېمىنى قىيا تاشلاردىنمۇ ئېگىز كۆتۈرۈۋەتتى. ئارقىدىن بىر ئايلانما قاينام كېمىنى پەسكە تارتىپ كەتتى. ئافېنا غايىبتىن ئۇلارنىڭ كېمىسىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا ئىتتىردى، كېمە كۆكۈم-تالقان بولۇپ كەتمىدى، پەقەت كېمىنىڭ قۇيرۇق قىسمىلا بىرئاز جىجىلىپ يەڭگىل زەخىملەندى.

قەھرىمانلار يېڭىباشتىن كۈن نۇرىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى دوزاختىن قېچىپ چىققاندەك سېزىشتى. تېفىس يۇقىرى ئاۋازدا ئافېناغا ئالقىش ياڭرىتىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپەرنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ياسون قەھرىمانلارنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەندىشە قىلدى، لېكىن قەھرىمانلاردا قورقۇش دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە رازى بولۇشتى. كېمە ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى، ۋاپادار رولچى تېفىس ئاغرىپ قېلىپ قازا قىلدى. ئۇلار ئۇنى يات يۇرتنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا دەپنە قىلدى. رول تۇتۇشقا ئانكائوس تاللاندى. ھېرا ئۇنىڭغا ئىشەنچ ۋە غەيرەت ئاتا قىلدى. ئۇ كېمىنى تېفىسقا ئوخشاش ئۇستىلىق بىلەن باشقۇرۇپ ماڭدى. كۆپ ئۆتمەستىن، ئۇلار كالكورس دەريا ئاغزىغا يېتىپ كەلدى.

ئۇلار دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن بىر تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە قەھرىمان ستېنلوسنىڭ قەبرىسىنى كۆردى. ئۇ ھېراكلېس بىلەن بىرگە ئامازونلۇقلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئوق تېگىپ قۇربان بولغانىدى. ئۇنىڭ روھىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ئارگو قەھرىمانلىرى يەلكەنلىرىنى چۈشۈرۈپ، كېمىنى توختاتتى ۋە شاراب نەزىرى ئۆتكۈزدى. تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمىنى تۈگىتىپ، ئۇلار يەنە يولغا چىقتى. تېرمادون دەرياسى ئاغزىغا يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. چۈنكى، دەريا ئاغزىدىكى كەڭ جايدا ئامازون خەلقى ياشايتتى. بۇ ئاياللار مەملىكىتى ئىدى. ئۇلار ئۇرۇش تەڭرىسى ئارېسنىڭ پۇشتى بولغاچقا، بەك ئۇرۇشقاق ئىدى، ناۋادا

ئارگو قەھرىمانلىرى بۇ يەردە قۇرۇقلۇققا چىقمىغان بولسا، بىر مەيدان قانلىق جەڭ يۈز بەرگەن بولاتتى.

بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار تالىپاسلار يۇرتىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى يەر تېرىمايتتى. باغۋەنچىلىكمۇ قىلمايتتى. شۇنىڭدەك مالمۇ باقمايتتى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر كەسپى قاتتىق يەردىن مەدەن قېزىپ شۇنى ئوزۇق - تۈلۈككە ئالماشتۇراتتى. ئۇلار خۇشال - خۇراممۇ بولمايتتى، پەقەت قاراڭغۇلۇقتا ئىشلەشنىلا بىلەتتى. بىر نۆۋەت ئۇلار ئارىيتىيا ئارىلىغا يېتىپ كەلدى. بىر قۇش قانىتىنى كېرىپ ئۇلار تەرەپكە ئۇچۇپ كەلدى. بۇ قۇش ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىگە كەلگەندە قاناتلىرىنى ئىككى قېتىم سىلكىدى، بىر ئۆتكۈر پەي پەسكە ئېتىلىپ چۈشۈپ، ئويلىئوسنىڭ مۈرىسىگە قادالدى. ئويلىئوس ئاغرىققا چىدىماي قولىدىكى پالاقنى چۆرۈۋەتتى. كىلىيتوس ئوقياسىنى ئېلىپ، ئۇچۇپ كەلگەن ئىككىنچى قۇشنى ئېتىپ چۈشۈردى. ھەمراھلىرى بۇ غەلىتە قۇشقا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. دېڭىزچىلىقتا ئەڭ تەجرىبىلىك ئافىداماس:

— ئارالغا يېقىن كېلىپ قالدۇق. بۇ غەلىتە قۇشلاردىن پەخەس بولايلى. ھەممىمىز قاتتىق چۇقان كۆتۈرەيلى، بۇ غەلىتە قۇشلار قورقۇپ قېچىپ كېتىدۇ، — دېدى.

ھەممىسى چۇقان سېلىشتى. بۇلۇتتەك يوپۇرۇلۇپ كەلگەن غەلىتە قۇشلار قورقۇپ دېڭىزنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۇچۇپ كېتىشتى. قەھرىمانلار ئامان - ئېسەن قىرغاققا چىقتى.

ئۇلار قىرغاقنى بويلاپ نەچچە قەدەم مېڭىشىغا، كىيىملىرى جۇلجۇل، قارىماققا نامراتلىشىپ ھېچنېمىسى قالمىغان تۆت ياش يىگىت ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى:

— كېمىسى چۆكۈپ كەتكەن بىزدەكلەرگە ياردەم قىلىڭلار، بىزدە كىيىم - كېچەك ۋە ئوزۇق - تۈلۈك يوق، — دېدى.

ياسون ئۇلارغا خۇشاللىق بىلەن ياردەم بەردى ۋە ئۇلارنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى سورىدى.

— بىز فىرىكوسىنىڭ ئوغۇللىرى ، مېنىڭ ئىسمىم ئار-
گوس ، — دېدى ھېلىقى ياش يىگىت ، — ئاتىمىز بۇندىن سەل
ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتتى . بىز ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ، ئاتىمىز
ئوركومىنوس شەھىرىدە قالدۇرۇپ قويغان جاۋاھىراتنى ئالغىلى ماڭ-
غاندۇق .

ياش يىگىت يەنە قەھرىمانلارغا كېمىسىنىڭ قانداق چۆكۈپ كەت-
كەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى . تۆت ياش يىگىت قەھرىمانلارنىڭ سەپەر
قىلىشتىكى مەقسىتىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز چۆچۈپ كېتىشتى .
قەھرىمانلار ئۆزلىرىنىڭ نىشانىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيتتى . تۆت
ياش يىگىتنىڭمۇ مۇشۇ خەتەرلىك سەپەرگە قاتنىشىشنى ئۈمىد قى-
لىشتى .

ئارگو قەھرىمانلىرى بىر كېچە - كۈندۈز يۈرگەندىن كېيىن ،
كافكاز تاغلىرىنى غۇۋا كۆردى ھەم پرومېتېئوسنىڭ جىگىرىنى چو-
قۇلىغىلى ھاڭتاشقا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قەبىھ بۈركۈتلەرنى
كۆردى . قەھرىماننىڭ نالە - پەرياد ئاۋازىنى ئاڭلىدى .

شۇ كۈنى كەچتە ئۇلار كۆزلىگەن جايغا يەنى فاشىس دەرياسىنىڭ
ئاغزىغا يېتىپ كەلدى . ئۇلار يەلكەنلىرىنى چۈشۈرۈپ ، پالاقلارنى
ئىشقا سېلىپ ئېقىمغا قاراپ مېڭىپ كەتتى . دەريانىڭ ئوڭ تەرىپىدە
ئارېسنىڭ مۇقەددەس ئورمىنى يېيىلىپ ياتاتتى . ئورماندا ئەجدىھا
كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئەڭ ئېگىز چىنار شېخىغا ئېسىقلىق تۇرغان
ئالتۇن قوي يۇڭىنى كۆزىتىپ ياتاتتى . ياسون يەرگە شاراب چېچىپ ،
ئاندىن لەڭگەر تاشلىدى . ئەتىسى ئەتىگەندە قەھرىمانلار ئەيئېتىس
بىلەن قانداق كۆرۈشۈش توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزدى . ياسون ئورنى-
دىن تۇرۇپ ھەمراھلىرىغا :

— سىلەر ئەڭ ياخشىسى كېمىدە تۇرۇپ تۇرۇڭلار . مەن فىرى-
كوسنىڭ تۆت ئوغلى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى ئادەم بىلەن ئەيئېتىس-
نىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەي ، مەن ئەدەپ بىلەن
سۆزلەپ ئۇنى ئالتۇن قوي يۇڭىنى بىزگە بېرىشكە كۆندۈرەي . ئۇ
ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ بىزنى رەت قىلىشى مۇمكىن . بىزنىڭ

چىرايلىق سۆزلىرىمىز ئۇنى خۇش قىلالمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ ؟ ئۇ ئۆگەي ئانىسىدىن قېچىپ بارغان فىرىكوسنى ئۆز پاناھىغا ئالغان ، ئىسپات دېگەن مانا شۇ ، — دېدى .

ياسون سۆزىنى تۈگىتىپ ، ھاسىسىنى ئېلىپ فىرىكوسنىڭ تۆت ئوغلى ۋە ھەمسەپەرلىرىدىن تېلامون بىلەن ئاۋگاسنى ئەگەشتۈرۈپ قىرغاققا چىقتى .

ئۇلار سۆگەتلىك بىر دالىدىن ئۆتتى . بۇ ئاتاقلىق كىرگە دالىسى ئىدى . ئۇلار سۆگەت دەرىخى شاخلىرىغا زەنجىر بىلەن ئېسىپ قويۇل-غان نۇرغۇن جەسەتلەرنى كۆرۈپ بەك چۆچۈپ كېتىشتى . ئۇلار جىنايەتچىلەر ئەمەس ئىدى . شۇنىڭدەك قەستەن ئۆلتۈرۈلگەن مۇسا-پىرلارمۇ ئەمەس ئىدى . كولكىسنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ، ئۆلۈپ كەتكەن ئەرلەر دەرەخلەرگە ئېسىپ قويۇلۇپ ، شامالدا قۇرۇتۇلاتتى . ئاياللار بولسا يەرگە كۆمۈلەتتى .

ھېرا ياسون ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى بايقىلىپ قالمىسۇن دەپ بىر پارچە تۇمانلىق بۇلۇت چۇشۇرۇپ ، شەھەرنى تۇمان بىلەن قاپلى-ۋەتتى . ئۇلار ئوردا ئېشىدا توختاپ ، ئاندىن ئالدى سەينادىن جىممىدە ئۆتتى . تۆت بۇلاقتىن سۇ بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇراتتى . بۇ بۇلاقلارنىڭ بىرىدىن سۇت ، بىرىدىن ئۈزۈم شارابى ، بىرىدىن خۇشبۇي سۇيېغى ، يەنە بىرىدىن قىشلىقى ئىسسىق ، يازلىقى سالقىن بۇلاق سۇيى ئاقات-تى . بۇلارنى ئوت تەڭرىسى ھېپىستوس ئەيئېتىسكە كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلەپ بەرگەنىدى . ئىلگىرى ئەيئېتىسنىڭ ئاتىسى (قۇياش تەڭرى-سى ) قاۋۇل ئادەملەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ھېپىستوسنى قۇتقۇزۇ-ۋالغانىدى . شۇڭا ، ئۇمۇ شۇنداق مۆجىزىلىك نەرسىلەرنى ياساپ ئۇ-نىڭ ئاتىسىنىڭ ياخشىلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەنىدى .

ئۇلار ئوتتۇرا ھويلىغا كىردى ، ئوردا ئوڭ - سول تەرەپلەرگە بۆلۈنگەنىدى . بىر تەرەپتە ئەيئېتىسنىڭ ئۆزى تۇراتتى . يەنە بىر تەرەپتە ئوغلى ئابسىرتوس تۇراتتى . باشقا ئۆيلەردە خىزمەتكارلار ۋە پادىشاھنىڭ ئىككى قىزى كالكىئوپى بىلەن مېدىيە جايلاشقانىدى . مېدىيە باللارنىڭ كەنجىسى ئىدى ، ئۇ جەھەننەم تەڭرىچىسى ھېكات-

نىڭ خانىقاسىدا كاھىنلىق قىلاتتى . ئوردىدا ئاندا - ساندا كۆرۈنۈپ قالاتتى .

ھېرا مېدىيەنى شۇ كۈنى ئوردىدا قالدۇرۇپ قويدى . مېدىيە ھەدىسىنىڭ ھەرەمخانىسىغا كېتىۋېتىپ ، ياسون ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى - دە ، ئۈن سېلىپ ۋارقىرىۋەتتى . بۇنى ئاڭلاپ ھەدىسى يۈگۈرۈپ چىقىپ ئوغۇللىرىنى كۆردى . ئەيئېتىس بىلەن خوتۇنى خۇشاللىق ۋە يىغا - زار ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ئۇلارمۇ خانىلىرىدىن چىقتى . شۇ زامان ئالدىنقى ھويلا قايناپ كەتتى . بىرمۇنچە قۇللار ئوتۇن يېرىپ ئوت يېقىۋاتاتتى . يەنە بىرمۇنچە قۇللار داش قازانلاردا سۇ قايىنىتىپ ، تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى . مۇھەببەت تەڭرىسى ئېدوس ھاۋادا پەرۋاز قىلىپ كەلدى ۋە ئوقداندىن بىر تال ئازاب ئوقىنى چىقىرىپ ، ياسوننىڭ كەينىدە تۇرۇپ ، ئوقيانى مېدىيەگە قارىتىپ ئاتتى . ئوقنىڭ ھاۋادا ئۇچۇپ ئۆتكەنلىكىنى ھېچكىم كۆرمەي قالدى ، ھەتتا مېدىيەنىڭ ئۆزىمۇ بۇنى كۆرمىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ يۈرىكى ئوتتەك كۆيگىلى تۇردى . ئارىلاپ - ئارىلاپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قوياتتى . ئۇ كېلىشكەن ياسونغا ئوغرىلىقچە قاراپ قويدى ، قەلبى شېرىن ئازابقا تولدى ، چىرايى بىر تاتىرىپ ، بىر قىزىرىپ تۇراتتى .

مېدىيە خۇشاللىق قايىنىمىغا چۆمگەنىدى . بۇ قىزنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشنى ھېچكىم بايقىمىدى . ئارگو قەھرىمانلىرى يۇيۇنۇپ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۆتكەپ بولغاندىن كېيىن ، پادىشاھ ئۇلارغا ئاتاپ تەييارلىغان مول داستىخانغا كېلىپ ئولتۇردى . زىياپەت ئۈستىدە نەۋرىلىرى ئەيئېتىسقا ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى . پادىشاھ پەس ئاۋازدا ئۇلاردىن بۇ ياقا يۇرتلۇق مۇساپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى .

ئارگوس بوۋىسىغا ئۇلارنىڭ كولكىسقا كېلىش مەقسىتىنى دەپ بەرگەچ ، بىر پادىشاھنىڭ زىيانكەشلىك قىلىش مەقسىتىدە ئۇلارنى مۇشۇنداق خەتەرلىك ساياھەتكە ئەۋەتكەنلىكىنى ، ھەممىسىنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى . شۇنىڭ

بىلەن بىرگە ئافېنانىڭ ياردەمدە بولۇپ ، ئۇلارنى ئاستىرىتتىن قوغدا-ۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىلزادىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە ياسوننىڭ نەسەبىنى ، شۇنىڭدەك پۈتۈن يۇنان قەھرى-مانلىرىنىڭ مۇشۇ كېمىگە توپلانغانلىقىنى پادىشاھقا يەتكۈزدى .

ئەيئېتىس نەۋرىلىرىدىن قاتتىق خاپا بولدى ، ئۇ بۇ ياقا يۇرتلۇق-لارنى شۇلار باشلاپ كەلگەن دەپ ئويلىدى ۋە :

— كۆزۈمدىن يوقىلىش ، سىلەر بۇ يەرگە ئالتۇن قوي يۇڭىنى ئېلىش ئۇچۈن ئەمەس ، بەلكى مېنىڭ شاھلىق تەختىمنى ۋە شاھلىق ھاسامنى تارتىۋالغىلى كەلگەن . سىلەر ماڭا مېھمان ، بولمىسا مەن قولۇڭلارنى ئۈزۈپ تاشلاپ ، تىلىڭـلارنى كېسىۋالغان بولاتتىم ! — دېدى .

ئەيئېتىسنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تېلامون ئۆزىنى تۇتالماي بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋىدى ، ياسون ئۇنى بېسىپ قويدى . ئۇ مۇلايىملىق بىلەن :

— پادىشاھ ئەيئېتىس ، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە ، دېڭىزدا شۇنچە يىراق يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاشقا قانداق كۆڭلىمىز ئۇنىسۇن ؟ بۇ بىر زالىم پادىشاھنىڭ ئەم-رى . بىزگە ئالتۇن قوي يۇڭىنى بەرسىلە . بىز سىلىنىڭ ياخشىلىق-لىرىغا ئۆز لايىقىدا جاۋاب قايتۇرىمىز ، — دېدى .

ئەيئېتىس ياسوننىڭ يارىشىش تەلەپپۇزىدا دېگەن گەپلىرىنى ئاڭ-لاپ ، كۆڭلىدە قانداق قىلىش ھەققىدە چوت سوقتى . ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ :

— ياقا يۇرتلۇق يىگىت ، سىلەر ھەقىقەتەن تەڭرىلەرنىڭ پۇشتى بولساڭلار ، كېلىپ چىقىش جەھەتتە مەندىن تۆۋەن بولمىساڭلارمۇ ، ئالتۇن قوي يۇڭىنى ئېلىڭلار . لېكىن ، سىلەر ئالدى بىلەن مەن داۋاملىق قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئىشنى قىلىپ كۆرۈشۈڭلار لازىم . مەن مۇقەددەس ئىككى كالا بىلەن ئاق قالغان يەرلەرنى تېرىيمەن . بۇ ئىككى كالا مىس تۇياقلىق ، بۇرۇنلىرىدىن ئوت پۈرقۈپ تۇرىدۇ . مەن دان تېرىمايمەن ، زەھەرلىك ئەجدىھانىڭ چىشلىرىنى تېرىيمەن .

بۇنىڭدىن ئادەم ئۇندۇرۇۋالىمەن . ئۇلار تۆت ئەتراپتىن ماڭا قاراپ ئېتىلىپ كېلىدۇ . مەن ئۇلارنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن . يەر تېرىشنى ئەتىگەندە باشلايمەن ، كەچقۇرۇنلۇقى يېتىپ ئارام ئالىمەن . سىلەر قىلىشنى خالامسىلەر ؟ — دېدى .

ياسون بۇ ئىشقا نىسبەتەن سەل ئىككىلەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا ماقۇل بولدى . ياسون ئۆزى باشلاپ كەلگەن ئىككى قەھرىمان بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئوردىدىن چىقىپ كەتتى . ئۇلارغا پەقەت ئارگوسلا ئەگەشتى . ئۇ ئۇكىلىرىغا ئوردىدا قېلىشنى شەرەت قىلىپ قويدى . ئوردىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ياسون شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى . مېدىيە تور پەردە ئىچىدىن ياسوننىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە ئوغرىلىقچە دىققەت قىلاتتى . ئۇ كۆڭلىدە :

— ئىلاھىم ، ئۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلسىكەن . ھېكات ، ھۆرمەتلىك تەڭرىچەم ئۇنى ئامان - ئېسەن يولغا سېلىپ قويغاي . ئۇنىڭ ھالاكەتـ لىك تەقدىرىدىن قايغۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئۇ بىلسىكەن ، — دەپ دۇئا قىلدى .

ئارگوس يولدا كېتىۋېتىپ ياسونغا مۇنداق مەسلىھەت بەردى :

— ئەگەر مۆۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دېسەڭ ، سەن بىر ئايالنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىسەن . ئۇ بىر خىل مۆقەددەس دورا ياسىيالايـ دۇ . بۇنى ئۇنىڭغا جەھەننەم تەڭرىچىسى ھېكات ئۆگىتىپ قويغان .

ياسون كېمىگە قايتىپ ، ھەمراھلىرىغا ئۆزى دۇچ كەلگەن قىـ يىن مەسىلىنى ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان ۋەزىپىسىنى ئېيتىپ بەردى . ھەمراھلىرى بىرھازاغىچە ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كەتتى . يەنىلا پېلوس ئورنىدىن تۇرۇپ :

— ۋەدە قىلغان ئىكەنسەن ، ئۇنداقتا تەييارلىقىنى قىلىۋېرەيلى . ناۋادا ئىشەنچلىك بولمىسا ، بۇ يەردىن كېتەيلى . باشقا بىراۋدىن ياردەم سوراپ يۈرمەيلى ، — دېدى .

ئارگوس ئورنىـدىن تۇرۇپ ، كۆپچىلىكـنى تىنچلاندۇرۇپ ، ئاندىن :

— سېھىرۋازلىقتا ئۇستا ھېلىقى ئايال مېنىڭ ئانامنىڭ سىڭلىـ

سى بولىدۇ . مەن بېرىپ ئانامغا ئېيتىپ كۆرەي . ئۇ سىڭلىسىنى بىزنىڭ پىلانغا قاتنىششقا كۆندۈرسۇن . شۇ چاغدىلا ياسون ۋەدە قىلغان ئىشنى مۇزاكىرە قىلساق ئورۇنلۇق بولىدۇ ، — دېدى .

ئۇلار تالاش - تارتىش قىلىشۋاتقاندا ، ئاسماندا بىر بېشارەت يۈز بەردى : بىر بۈركۈت قوغلاپ كېلىۋاتقان كەپتەر قېچىپ كېلىپ ياسوننىڭ قويىنغا كىرىپ مۆكۈۋالدى . قەھرىمانلاردىن بىرسى فىنوس ئېيتقان بىر بېشارەتنى ئەسلىدى . ئۇ بېشارەتتە ، سىلەر قايتقانىدا ئافرودىت سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ دېيىلگەنىدى . ئافارىئوسنىڭ ئوغلى ئىداس بەك غەزەپلەندى ، ئۇ ئاچچىقلاپ تۇرۇپ :

— بىز ئارېسقا تايانماي ئافرىدىتقا تايىنىمىزمۇ ؟ ئاجىز خوتۇن خەققە تايىنىپ شان - شەرەپ قازىنىمىزمۇ ؟ — دېدى .

ئۇنىڭ سۆزلىرىگە بىرقىسىملار قوشۇلغان بولسىمۇ ، ئاخىرقى ھېسابتا كۆپچىلىك يەنىلا ئارگوسنىڭ پىكرىنى ماقۇل كۆردى .

پادىشاھ ئەيئېتىس نۇرغۇن كولكىسلىقلارنى ئوردا سىرتىغا تۇپلىدى ، ئۇلار پۈتكۈل بىر ئورماننىڭ دەرەخلىرىنى كېسىپ ، مۇقەددەس كالا تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغان دېڭىزچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ كېمىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە تەييارلاندى . ئۇ ئۆزىنىڭ نەۋرىلىرىگىمۇ جازا ئويلاپ قويدى . مېدىيە كارىۋاتتا ياتاتتى . ئۇ بىر چۈش كۆردى . چۈشىدە ياسون ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىش ئۈچۈن مۇقەددەس كالا بىلەن ئېلىشىۋاتقۇدەكمىش . ئۇ ياسوننىڭ مۇقەددەس كالىنى بويسۇندۇرۇشىغا ياردەم قىپتىمىش . ئاتىسى ۋەدە قىلغان ئالتۇن قوي يۇڭىنى ياسونغا بەرمەپتىمىش ، ئارىدا تالاش - تارتىش يۈز بېرىپتىمىش . ئۇ ياقا يۇرتلۇقلارغا يان بېسىپ ھۆكۈم چىقىرىپتىمىش . ئاتا - ئانىسى غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ كېتىپتىمىش...... شۇنىڭ بىلەن مېدىيە ئويغىنىپ كەتتى . چۈشىدە كۆرگەن مەنزىرىلەر باشتىن - ئاياغ ئۇنىڭ كاللىسىدىن چىقىپ كەتمىدى . ئۇ ھەدىسىنىڭ قېشىغا نەچچە قېتىم كىرمەكچى بولدى - يۇ ، لېكىن ئىككىلەندى . ئاخىر بولماي ئۆز خانىسىغا كىرىپ كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ كەتتى . مېدىيەگە بەك ھېسداشلىق قىلىدىغان بىر مۇلازىم قىز بولغان ئەھۋالنى ھەدى-

سىگە ئېيتىپ بېرىشكە ماڭدى. كالكىئوپى ئولتۇرۇپ:
— سۆيۈملۈك سىڭلىم، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى سىڭلى-سىدىن.
ھەدىسىنىڭ سوئاللىرى بىلەن مېدىيەنىڭ يۈزى ئاناردەك قىزى-رىپ كەتتى. ئار - نومۇس ئۇنى سۆكۈت قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. ئاخىر ئۇ جاسارەتكە كېلىپ، ئۇستىلىق بىلەن:
— مەن سېنىڭ بالىلىرىڭدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، ئاتام ئۇلارنى ياقا يۇرتلۇقلار بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈۋېتەرمىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ. يۈرە-كىم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، مەن پەرۋەردىگاردىن بۇنداق ئىشنىڭ بولماسلىقىنى تىلەيمەن، — دېدى.
بۇ سۆز كالكىئوپىنى چۆچۈتۈۋەتتى.
— مەنمۇ سېنىڭ ئالدىڭغا مۇشۇ ئىش بىلەن كىرگەن، — دېدى ئۇ، — بالىلىرىمغا ياردەم بېرىشىڭنى ئىلتىماس قىلىمەن. ئىلتىما-سىمنى رەت قىلساڭ، ئۆلتۈرۈلگەن بالىلىرىم بىلەن مەن جەھەننەم-دىمۇ ساڭا ئارام بەرمەيمىز. مېدىيە:
— سەن بۇنداق دېمە، ئەگەر قولۇمدىن كېلىدىغانلا بولسا، مەن جان دەپ ئورۇنلايمەن، ئۇلارنىڭ ئاتامنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالمايمەن، — دېدى.
مېدىيەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قەۋەت خۇشال بولغان كالكىئوپى تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ:
— ياقا يۇرتلۇق مۇساپىرلار ئۆزلىرىگە سېھىرلىك دوراڭدىن ئازراق بېرىشىڭنى ئۆتۈنۈپ بالامنى ئەۋەتىپتۇ. قورقۇنچلۇق مۇقەد-دەس كالا بىلەن ئېلىشىشتا ئۇلار غەلىبە قىلسۇن، — دېدى.
ھاياجاندا مېدىيەنىڭ يۈرىكى ئويناپ، چىرايى ۋىللىدە قىزاردى. ئۇ بۇ تەلەپكە شۇئان ماقۇل بولدى.
شۇ كېچىسى مېدىيە تاڭ ئاتقۇچە ئۆزى بىلەن ئۆزى كۈرەش قىلىپ چىقتى:
«مەن ھەددىدىن ئارتۇق ۋەدە بېرىۋەتتىممۇ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بۇ تەدبىرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم

يالغۇز كۆرۈشۈشۈم كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭ زەپەر قۇچقان كۈنى مېنىڭ ھالاك بولغان كۈنۈم بولىدۇ. مېدىيە ئۆز خانىدانىغا ئار - نومۇس كەلتۈردى دېگەندەك زەھەرلىك پىتنە - پاساتلار ھەممە يەرنى قاپلاپ كېتىدۇ». مېدىيە ئۆلۈم ۋە تىرىكلىك دورىسى سېلىنغان قۇتىنى قولىغا ئېلىپ، زەھەر ئىچمەكچى بولدى، لېكىن ئۇ بىردىنلا ھاياتنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، دوست - يارەنلىرىنى ئويلىدى. بۇ چاغدا ياسوننى قوغداپ كېلىۋاتقان تەڭرىچە ھېرا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ قەھرىمانلارغا ياردەم بېرىش ئىشەنچىسىنى چىڭىتتى. مېدىيە كارىۋاتتىن چۈشۈپ، قايغۇ - ھەسرەتتىن چۈۋۈلۈپ كەتكەن ئالتۇن چاچلىرىنى تارىدى، يۈزىدىكى ياش ئىزلىرىنى يۇيۇۋېتىپ، ئۇستىگە ئېسىل زەرباب تون كىيدى. يۈزىگە قاردەك ئاپئاق چۈمبەل تارتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قايغۇ - ھەسرەت چېكىپ كۆز يېشى قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ تەييارلاپ قويۇلغان سېھىرلىك دورىنى ئېلىپ، خانىقاغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن خانىسىدىن چىقتى.

مېدىيە زالدىن چىقىپ، مۇلازىم قىزلارغا مەپىنى قوشۇشنى تاپىلىدى. ئۇ دورا قۇتىسىدىن پرومېتئوس يېغى دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەلھەمنى ئالدى. بۇ خىل مەلھەم كاۋكاز تاغلىرىدىكى دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىدىن ئېلىناتتى. بۇ دەرەخلەرنىڭ يىلتىزى پرومېتئوسنىڭ جىگىرىدىن تامغان قاننى شۈمۈپ ئۆسەتتى. ھەرقانداق ئادەم جەھەننەم تەڭرىسىگە ئىبادەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بەدىنىگە مۇشۇ ياغنى سۈركىۋالسا، شۇ ئادەمگە قىلىچ ياكى ئوق زەخمەت يەتكۈزەلمەيتتى.

مېدىيە ئىككى مۇلازىم قىز بىلەن مەپىگە چۈشۈپ خانىقاغا يېتىپ كەلدى. مېدىيە مەپىدىن چۈشۈپ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن مۇلازىم قىزلارنى ئالدىدى ۋە:

— مەن بۇ يەرگە ھەدەم ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ تەلىپى بويىچە كەلدىم. ئۇلار مەندىن ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ داھىيسىغا ئازراق سېھىرلىك دورا بېرىشىمنى، ئۇلارغا ھېچقاندان زەخمەت يەتمەسلىكىنى مەندىن ئۆتۈندى، سىلەر سىرتتا قېلىڭلار، — دېدى.

ياسون ئارگوس بىلەن موپسوسنىڭ ھەمراھلىقىدا خانىقاغا قاراپ يول ئالدى . ياسوننىڭ قاۋۇل بوي - بەستى ۋە كېلىشكەن چىرايى ئاسماندىكى ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزغا ئوخشايتتى . خانىقانىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، ياسوننىڭ ئىككى ھەمراھى سىرتتا قالدى .

ياسوننى كۆرۈپلا مېدىيەنىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەپ سوقۇپ كەتتى . ئوتتەك قىزىق قېنى مەڭزىگە تەپچىپ چىقتى . قەھرىمان ياسون بىلەن پادىشاھنىڭ قىزى بىرھازاغىچە بىر - بىرىگە گەپ - سۆز قىلماي قاراپ تۇرۇشتى . ئۇلار خۇددى تاغنىڭ چوققىسىدا بىر - بىرىگە يېقىن ئۆسكەن بىر جۈپ چىنارغا ئوخشايتتى . ئەتراپ جىمجىت ، شۇۋىر قىلغان شامال ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى . جىمجىتلىقنى ئالدى بىلەن ياسون بۇزدى :

— ھازىر بۇ يەردە ئىككىمىزلا بار . ماڭا دېمەكچى بولغان ھەممە سۆزىڭىزنى دەڭ ، بىز مۇقەددەس جايدا تۇرۇۋېتىمىز ، بۇ يەردە يالغان ئېيتىش خۇداغا ناشۇكۇرلۇك بولىدۇ . شۇڭا ، مېنى ئالدىماڭ . مەن سىزدىن سېھىرلىك دورىنى ئالغىلى كەلدىم . چۈنكى ، مەن سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاج . سىزنىڭ ياردىمىڭىز مېنىڭ ھەمراھلىرىمنىڭ ئانىلىرى ۋە خوتۇن - بالىلىرىنى قايغۇ - ھەسرەتتىن قۇتۇلدۇرىدۇ . ئۇلار شۇ تاپتا يۇرتىمىزنىڭ دېڭىز قىرغىقىدا بىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن . سىزنىڭ ئۆچمەس شان - شۆھرىتىڭىز پۈتۈن يۇنان زېمىنىغا تارقىلىدۇ .

مېدىيە كۈلۈمسىرىدى ، ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرەك مۇڭلىرىنى بىراقلا تۆكۈپ تاشلاشقا تەييار ئىدى . لېكىن ، مۇھەببەت ئۇنىڭ تىلىنى كالۋالاشتۇرۇپ قويدى . ئۇ قول ياغلىقى ئىچىدىن كىچىك قۇتىنى چىقاردى . ياسون ئۇنىڭ قولىدىن قۇتىنى خۇشاللىق بىلەن ئالدى . ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرىدىن مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى بالقىپ تۇراتتى . مېدىيە ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، ئاندىن سۆزىنى باشلىدى :

— مەن سىزگە قانداق قىلىشنى ئېيتىپ بېرىمەن . سىز ئاتام بەرگەن زەھەرلىك ئەجدىھانىڭ چىشلىرىنى تېرىپ بولغاندىن كېيىن ،

بىر دۆگىلەك ئورا كولايسىز ، بىر قوزىنى سويۇپ ، ئوتتا كۆيدۈرۈپ كۆلگە ئايلاندۇرىسىز ، ئاندىن ھېكاتقا ھەسەل تەقدىم قىلىش رەسمىيىتىنى ئورۇنلاپ ، تۇرغان جايىڭىزدىن ئايرىلىسىز ، ئاياغ تىۋىشىنى ياكى ئىت قاۋىغان ئاۋازنى ئاڭلىسىڭىز ھەرگىز كەينىڭىزگە قارىماي-سىز . ئەتىسى ئەتىگەندە مانا مۇشۇ مۆجىزىلىك مەلھەم ياغنى بەدىنىڭىزگە ، نەيزە ، قىلىچ ۋە قالقانلىرىڭىزغا سۈركەيسىز . سىز شۇ چاغدا ئۆزىڭىزنى مالائىكىلەرگىمۇ تەڭ كېلەلىگۈدەك كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بولغاندەك ھېس قىلىسىز . ھەرقانداق قورال سىزگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ ، — مېدىيە ئاخىرىدا يەنە ، — سىز تېرىغان زەھەرلىك ئەجدىھا چىشلىرى مەھسۇلات بەرگەندە ، سىز توپىدىن ئۈنۈپ چىققان ئادەملەر ئارىسىغا يوغان بىر تاشنى ئاتىسىز ، ئۇلار تاشنى تالىشىپ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشقاندا ، سىز بېسىپ كىرىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرىسىز . ئاندىن ئالتۇن قوي يۇڭىنى ئېلىپ ، ئۆزىڭىز خالىغان يەرگە كېتەلەيسىز ، — دېدى .

مېدىيە بۇ ئېسىلزادە قەھرىماننىڭ ئالتۇن قوي يۇڭىنى ئالغاندىن كېيىن ، دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ يىراقلارغا كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، ئىختىيارسىز يۇم - يىغلاپ تاشلىدى . ئۇ ياسوننىڭ قولىنى تۇتۇپ :

— ئۆيىڭىزگە قايتىپ بارغاندا ، مېنىڭ ئىسمىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ . مەن سىزنى ياد ئېتىپ تۇرىمەن . ماڭا كېيىمىڭىزگە چۈشۈپ بارىدىغان جايىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز ؟ — دېدى .

ياسوننى تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان مۇھەببەت ئەسىر قىلىۋالغا-نىدى . ئۇ تەقەززالىق ئىلكىدە :

— قەدىرلىك مەلىكەم ، مېنىڭ يۇرتۇم ئالكوس دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇ يەردە پىرومېتېئوسنىڭ ئوغلى دوكالىئون نۇرغۇن شەھەر ۋە ئىبادەتخانىلارنى سالدۇرغان . مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن ، سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن ، — دېدى .

— سىز يۇناندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىكەنسىز - دە ، — دېدى مېدىيە ، — ئۆزىڭىز تەنها قالغان چاغلىرىڭىزدا مېنى ياد ئېتىپ

قويۇق . ئەمدى ماڭا كەلسەك ، بۇ يەردىكى جىمى ئادەم سىزنى ئۇنتۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ، مەن سىزنى ئۇنتۇمايمەن ، — ئۇ ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى .

ياسون ئۆزىنى تۇتالماي قالدى . ئۇ مەلىكىگە :

— ناۋادا سىز يۇنانغا بىرىپ بىزنىڭ ئۆيگە كەلسىڭىز ، بارلىق ئادەم سىزنى خۇددى تەڭرىچىلەرنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلىگەن بولاتتى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئەرلىرى سىزنىڭ تۇپەيلىدىن ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى . بىز ئۆلگۈچە بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ ئۆتىمىز ، — دېدى .

مۇلازىم قىزلار ئۆز مەلىكىسىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى . چۈنكى ، ئۆيگە قايتىش ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنىدى . بۇنى يەنىلا ياسون قىزنىڭ ئېسىگە سالدى ۋە :

— ئايرىلىدىغان ۋاقتىمىزمۇ بولۇپ قالدى . كۈن ئولتۇرۇپ گۇگۇم چۈشكەندە ، بىز يەنە بۇ يەردە تۇرساق ، باشقىلار بىزدىن گۇمانلىنىپ قېلىشى مۇمكىن . ئەمسە بىز يەنە مۇشۇ يەردە كۆرۈشەيلى ، — دېدى .

مېدىيە خۇشاللىقىدا ئۆيگە قايتىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى . ياسونمۇ ۋاقىتنى يادىدىن چىقىرىپ قويغانىدى . ئۇلار بىر - بىرىدىن قىيمىغان ھالەتتە ئايرىلدى . ياسون كېمىگە قايتتى . ئۇنىڭ كۆڭلى خۇشاللىققا تولغانىدى . مېدىيە مۇلازىم قىزلارنىڭ يېنىغا قايتتى . لېكىن ، ئۇ بۇلارنىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىققا دىققەت قىلمىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ روھى ئەرشئەلادا ئويناپ يۈرەتتى . ئۇ مەيىنى ھەيدىتىپ ئوردىغا قايتتى . كالكىئوپې پەرىشان ھالدا مېدىيەنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى .

ياسون دوستلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ، يېنىدىن مېدىيە بەرگەن مۆجىزىلىك مەلھەم ياغنى چىقىرىپ ئۇلارغا كۆرسەتتى . ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار پادىشاھتىن زەھەرلىك ئەجدىھانىڭ چىشىنى ئالغىلى ئىككى ئادەم ئەۋەتتى . بۇ نەق كادموس دېلفىدا ئۆلتۈرگەن ئەجدىھانىڭ چىشى ئىدى . ئەيئېتىس بۇلارنى ھېچ ئەندىشىسىز ئۇلارغا بەردى .

شۇ كېچىسى ياسون سۇغا چۈشتى ۋە تەڭرىچە ھېكاتقا ئاتاپ دۇئا-تىلاۋەت ئۆتكۈزدى. تەڭرىچە دۇئا - تىلاۋەتنى ئاڭلاپ جەھەننەمدىكى ئوردىسىدىن چىقتى. ئۇنىڭ بېشىغا زەھەرلىك يىلانلار يۆگەشكەندى. ئاياغ ئاستىدا جەھەننەمنىڭ غالجىر ئىتلىرى يۇگۈرۈپ يۈرەتتى ۋە تىنماي قاۋايتتى. ئەيئېتىس ئۇچىسىغا جەڭ ساۋۇتىنى، بېشىغا تۆت تال پەي قادالغان دۇبۇلغىنى كىيدى. قولىغا تۆت قەۋەت كالا تېرىسىدىن تىكىلگەن زور قالقاننى ئالدى. بۇ قالقاننى ئۇنىڭدىن ھەم ھېراكلېستىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرەلمەيتتى. ئۇ ئۇرۇش ھارۋىسىغا چۈشۈپ شەھەر ئوتتۇرىسىدىن ئۇچقاندەك چېپىپ ئۆتتى. خەلق بىر-بىرىگە قىستىلىشىپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ياسون مېدىيەنىڭ دېگىنى بويىچە نەيزە، قالقان ۋە قىلىچنى مۆجىزىلىك ياغ بىلەن ياغلىدى. ھەمراھلىرى ئۇنى چۆرىدىۋېلىپ نەيزىنى سىناپ كۆرۈشتى. لېكىن، ھېچكىم بۇ نەيزىگە زەخىم يەتكۈزەلمىدى. بۇ نەيزە خۇددى تاشتەك قاتتىق ئىدى. ئافارموسنىڭ ئوغلى ئىداسى قايىل بولماي بىر چەتتە تۇراتتى. ئۇ نەيزىنىڭ سېپىنى چەنلەپ بىر قىلىچ ئۇرۇۋىدى، قىلىچ سەندەلدىن قاڭقىپ چىققان بولقىدەك قاڭقىپ كەتتى. ياش قەھرىمانلار غەلىبە بىزنىڭ بولىدىكەن دەپ خۇشاللىقىدىن چۇقان كۆتۈرۈشتى. ياسون بەدىنىنى ياغلىدى. ئۇ مۆجىزىلىك كۈچ - قۇۋ-ۋەتنىڭ بەدىنىگە سىڭىپ كىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭدا جەڭگە ئاتلىنىش ئىشتىياقى ئويغاندى. ياسوننىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى خۇددى جەڭگە كىرىشتىن ئاۋۋال بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كىشنەپ تۇرغان تۇلپارنىڭ ھالىتىگە ئوخشايتتى. ئۇ قولىدىكى قالقان بىلەن نەيزىنى ئويناتتى.

قەھرىمانلار ياسوننى ئارېسنىڭ دالىسىغا ئەكەلدى. پادىشاھ ئەي-ئېتىس بىلەن كولكىس خەلقى شۇ يەردە ئىدى. قولىغا نەيزە ۋە قالقان ئالغان، بېشىغا ئالتۇن نۇرلار چاقناپ تۇرغان دۇبۇلغا كىيگەن، يېنىغا ئۆتكۈر قىلىچ ئاسقان ياسون ئاپوللو ياكى ئارېستەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئېتىزلىقنىڭ تۆت ئەتراپىغا نەزەر تاشلىدى. يەردە بويۇنتۇرۇق، ساپان ۋە ساپاننىڭ بېشى تۇراتتى. ئۇ نەيزە ۋە دۇبۇلغى-

نى يەرگە قويدى ، قالقاننى قولىغا ئېلىپ ، مۇقەددەس كالىنى ئىزدەپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى . جەھەننەم غارىغا سولاقلىق تۇرغان مۇقەددەس كالىلار ئادەمزاتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ، غاردىن ئېتىلىپ چىق-تى . كالىلارنىڭ ئاغزىدىن ئوت چاچرايتتى ، پۈتۈن بەدىنىنى بۇرۇق-تۇرما ئىس ئورىۋالغانىدى . ياسون ئۆزىنىڭ غەزەپلىك قاراشلىرى بىلەن كالىلارنىڭ ھۇجۇمىنى قارشى ئالدى . كالىلار ئېتىلىپ كېلىپ مۈڭگۈزلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى . ئوت پۈركۈ-دى ، ئوت يالقۇنلىرى بۇ قەھرىماننىڭ ئۈپچۆرىسىدە خۇددى چاقماق چاقناندەك يېلىنجايتتى . ئەمما ، مۇقەددەس دورا ئۇنى زەخمەتتىن قوغدايتتى . ئاخىر ئۇ بىر كالىنى مۈڭگۈزىدىن تۇتۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن سۆرەپ بۇ بويۇنتۇرۇق بار يەرگە ئېلىپ كەلدى ۋە مىس تۇياقلىرىغا تېپىپ ، ئۇنى تىزلاندۇردى . يېلىنجاپ تۇرغان ئوت يالقۇن-لىرى ئۇنىڭغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى ، ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ، ئىككى قولىدا ئىككى كالىنى چىڭ نىقتىدى . كاستور بىلەن پولىدوكىس يۈگۈرۈپ كېلىپ ، مۇقەددەس كالىلارنى ساپانغا قېتىشقا چەبدەسلىك ياردەملىشىپ ، يەنە كېتىپ قالدى . ياسون قالقاننى قولىغا ئېلىپ ، نەيزىسىنى قامچا ئورنىدا ئىشلەتتى . غەزىپىدىن قۇتراپ كەتكەن كالى-لارنى ئۇرۇپ ، ساپاننى تارتقۇزۇپ يۈرۈپ كەتتى ۋە توپىغا زەھەرلىك ئەجدىھا چىشلىرىنى تېرىدى .

تېرىلغۇ يەرنىڭ ھەممىسى تېرىلىپ بولۇندى . ياسون كالىلارنى ساپاندىن چىقىرىپ ھەيۋە قىلدى ، كالىلار قورقىنىدىن قېچىپ كەت-تى . ھەمراھلىرى ياسوننىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ، چۇقان كۆتۈرۈش-تى . بۇ چاغدا تېخى توپىدىن جانىۋار ئۈنۈپ چىقمىغانىدى . ياسون سۇكۇت قىلىپ تۇراتتى . دۇبۇلغىسى بىلەن دەريادىن سۇ ئېلىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇردى . ئۇ بىر جۈپ كۆزلىرىنى ئېتىزلىققا تىككە-نىدى ، تۇيۇقسىز ئېتىزلىقنى نەيزە ، قالقان ۋە دۇبۇلغا قاپلاپ كەتتى . ياسون دەرھال يەردىن يوغان بىر پارچە تاشنى ئېلىپ ، بار كۈچى بىلەن ئېتىزلىققا ئاتتى . توپىدىن تۆرەلگەن لەشكەرلەر خۇددى غالجىر ئىتتەك بىر - بىرىنى چىشلەشكە كىرىشتى ، بىرى يەنە بىرىنى قىرات-

تى . ياسون پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئېتىلىپ كىردى ـ دە ، چاپ ـ چاپقا چۇشۇپ كەتتى . ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن توپىغا كىرىپ كەتتى . ئەيئېتىس كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا چەكچىيىپ قاراپ ئولتۇردى . ئۇ بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي قىرغاقتىن ئايرىلدى .

ئەيئېتىس ئوردىغا قايتىپ ئاقساقاللار بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ ، ئارگو قەھرىمانلىرىنى قانداق قىلغاندا پەم بىلەن مەغلۇپ قىلغىلى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى . چۈنكى ، ئۇلار شۇ كۈنى كۈندۈزى ياسوننىڭ مېدىيەنىڭ ياردىمىسىز غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى . ھېرا ياسوننىڭ يېڭى خەۋپكە دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، مېدىيەنىڭ كۆڭلىدە قاتتىق قورقۇنچ پەيدا قىلدى . مېدىيە ئاتىسىنىڭ ئۇنىڭ سىرىنى بىلىپ قالغانلىقىنى سەزدى . ئۇ زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالماقچى بولدى ـ دە ، قولىدىكى زەھەر قۇيۇلغان قەدەھنى كۆتۈردى . ئەمما ، ھېرا ئۇنىڭغا جاسارەت ئاتا قىلىپ ، ئۇنىڭ نىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى . ئۇ زەھەرنى قۇتىغا قۇيۇۋېتىپ ، قېچىپ كېتىش قارارىغا كەلدى . چېچىدىن بىر ئاز كېسىپ كارىۋات ئۈستىگە قويۇپ ، ئانىسىغا يادنامە قىلىپ قالدۇردى .

مېدىيە خۇددى مەھبۇس زىنداندىن قېچىپ چىققاندەك ، ئۆزىنىڭ قەدىردان ئائىلىسىدىن قېچىپ چىقتى . ئۇ يېچىرلاپ ئەپسۇن ئوقۇدى . ئوردىنىڭ دەرۋازىسى ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كەتتى . ئۇ ئوڭ قولى بىلەن يەرگە سۆرىلىپ قالغان ئۇزۇن ئېتەكلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان ، سول قولىدا چۈمبەلنى تۇتۇۋالغانىدى . قاراۋۇللار ئۇنى تونۇيالماي قالدى . مېدىيە چىغىر يول بىلەن خانىقاغا قاراپ ماڭدى . ئاي تەڭرىچىسى سېلېنې ئاسماندا تۇرۇپ مېدىيەنىڭ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۆز ـ ئۆزىگە : «خۇددى مەن ئۆزۈمنىڭ چىرايلىق ئېندىمىيونىمغا كۆيگەندەك باشقىلارمۇ ئىشق ئوتىدا كۆيۈۋېتىپتۇ ، ئەمدى ئۆزۈڭمۇ ياسوننىڭ ئىشقىدا ئازابلىنىۋاتىسەن . مەن ئەقىل ـ پاراستىم ئارقىلىق بۇ ئازابلاردىن قۇتۇلۇپ كېتىمەن دەپ خام خىيال ئەيلىمە» دېدى . مېدىيە دېڭىز بويىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى .





ئارگو قەھرىمانلىرى قىرغاقتا چوڭ گۈلخان يېقىپ غەلىبىنى قۇتلۇق-لاۋاتاتتى . گۈلخاننىڭ يالقۇنى مېدىيەگە يول كۆرسىتىپ بەردى . ئۇ ئارگوسنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ توۋلىدى . كەينى - كەينىدىن ئۈچ قېتىم چاقىردى . قەھرىمانلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ئۇلارمۇ ئۈچ قېتىم جاۋاب بەردى . ئاۋاز چىققان تەرەپنى مۆلچەرلەپ ، مېدىيەنىڭ ئالدىغا چىقتى .

قورقۇپ كەتكەن مېدىيە ئۆزىنى ياسونغا ئاتتى ۋە :

— مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ ، ئاتام ھەممە ئىشنى سېزىپ قالدى . بىز كېمە بىلەن يىراقلارغا قېچىپ كېتەيلى . مەن ئەجدىھانى ئۇخلى-تىپ قويىمەن ، سىلەر خاتىرجەم بېرىپ ئالتۇن قوي يۇڭىنى ئالالاي-سىلەر . لېكىن ، مەن يالغۇز بېشىمنى ئېلىپ دۆلىتىڭلارغا بارغاندا مېنى ھاقارەتلىمەيسىز ، — دېدى .

ياسون ئاجايىپ خۇشال بولدى . مېدىيە قەھرىمانلارغا دەرھال كېمىنى ھەيدەپ مۇقەددەس ئورمانلىققا بېرىپ ئالتۇن قوي يۇڭىنى ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىدى . كېمە ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى . تاڭ ئالدىدا كېمە قىرغاقتا توختىدى . ياسون بىلەن مېدىيە كېمىدىن چۈشۈپ ، ئوتلاقنى كېسىپ ئۆتىدىغان چىغىر يول بىلەن مېڭىپ كەتتى . ئالتۇن قوي يۇڭى يىراقتىكى ئەڭ ئېگىز چىنار دەرىخىگە ئىلىقلىق پېتى قاراڭغۇ كېچىدە خۇددى سەھەردە كۆتۈرۈلگەن قۇياش-تىن چاقناپ تۇرغان شەپەق نۇرىدەك پارلاپ تۇراتتى . ئۇخلىمايدىغان ھېلىقى زەھەرلىك ئەجدىھا كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ ، كېلىۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ بويىنىنى سوزۇپ ئاغزىدىن زەھەر پۈركۈدى ، پۈتكۈل ئورماندا ئۇنىڭ ساداسى ياڭرىدى . مېدىيە قورقماستىن زەھەرلىك ئەجدىھاغا قاراپ مېڭىپ ئۇيقۇ مالائىكىسىدىن ئەجدىھانى ئۇخلىتىپ قويۇشنى تىلىدى . زەھەرلىك ئەجدىھا بۇ قىزنىڭ مۆجىزىلىك ناخشى-سىنى ئاڭلاپ ، ئاستا - ئاستا مۈگدەشكە باشلىدى . مېدىيە مۆجىزىلىك شەبنەم سۈيىنى ئەجدىھانىڭ بېشىغا تامدۇردى ، شەبنەمنىڭ خۇش پۇرىقى ئەجدىھانى مەست قىلىۋەتتى . ئۇلار قويۇق ئورمانلىقتىن ئال-دىراش چىقتى . ياسون ئالتۇن قوي يۇڭىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، نۇرغا

تايىنىپ قاراڭغۇلۇقتا ئالدىغا قاراپ ماڭاتتى . تەۋررۆك يۇڭ ئۇنىڭ مۇرىسىدىن ئوشۇقىغىچە ساڭگىلاپ چۈشكەنىدى .

تاڭ يورۇغاندا ئۇلار كېمىگە چىقتى ، ئارگو قەھرىمانلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى . ئۇلار زېۋىسىنىڭ چاقمىقىدەك پارلاق نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن قوي يۇڭىغا ھەيران بولۇپ قارايتتى . ياسون ئالتۇن قوي يۇڭىنى يېپىنچىسى ئىچىگە تىقىۋالدى . مېدىيەنى كېمىنىڭ قۇيرۇق قىسمىغا ئولتۇرغۇزدى ، ئاندىن دوستلىرىغا خىتاب قىلدى :

— كېمىنى ئورنىدىن دەرھال قوزغايلى . مېدىيەنىڭ ياردىمىدە ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشتى . مەن ئۇنى ئۆزۈمگە خوتۇن قىلىپ ئالىمەن .

ئەيئېتىس مېدىيەنىڭ ياسونغا بولغان مۇھەببىتىدىن ۋە ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى . ئۇ تولۇق قوراللىنىپ ، مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى يىغدى . قورال - ياراغلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن خۇددى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈلدى . ئەيئېتىس قۇياش تەڭرىسى سوۋغا قىلغان جەڭ ھارۋىسىدا كېتىۋاتاتتى . ئۇ سول قولىدا دۈگىلەك قالقان ، ئوڭ قولىدا نەيزە كۆتۈرگەنىدى . ئوغلى ئابسىرتوس ھارۋىنى دېڭىز قىرغىقى تەرەپكە ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى . ئۇلار دەريا ئاغزىغا يېتىپ كەلگەندە ، ئارگوس كېمىسى ئوچۇق دېڭىزدا يۈرۈپ كېتىۋاتقانىدى . نەيزە بىلەن قالقان ئەيئېتىسنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى . ئۇ قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ زېۋس بىلەن ئاپوللودىن دۈشمەنلىرى ئۆتكۈزگەن جىنايەتكە گۇۋاھ بولۇشنى تىلىدى ۋە ئۆز قوۋملىرىغا كېمىلەرگە چۈشۈپ ئارگو قەھرىمانلىرىغا قوغلاپ زەربە بېرىش توغرىسىدا غەزەپ بىلەن بۇيرۇق چۈشۈردى . كېمە كارۋىنىغا ئابسىرتوس قوماندانلىق قىلدى . كېمە كارۋىنى ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى .

شامال ئوڭۇشلۇق بولغاچقا ، ئارگو كېمىسى ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە فالىس دەرياسىغا يېتىپ بېرىپ ، پافداگونىيە قىرغاقلىرىغا لەڭگەر تاشلىدى . مېدىيەنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇلار ئۆزلىرىنى قۇتقۇزغان ھېكاتىنىڭ ھۆرمىتىگە نەزىر - نۇزرەت ئۆتكۈزدى . ياسون تۇساتتىن پېشقەدەم بېشارەتچى فىنۇسنىڭ قايتىشىڭلاردا باشقا يول بىلەن

قايتىشىڭلار كېرەك دېگەن بېشارەتنى ئەسلىدى. بۇ ئۆپچۆرىدىكى جايلارنى ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بىلمەيتتى. ئارگوس كېمىنى ئىستېر دەرياسى تەرەپكە قاراپ ھەيدەشنى ئېيتتى. بۇ دەريا نىگونىيە دېڭىزىغا قۇيۇلاتتى. ئۇلار ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى. يىراق بىر جاينىڭ ئاسمىنىدا ھەسەن - ھۈسەن كۆرۈندى. دېڭىزدا ئوڭۇشلۇق شاماللار كۆتۈرۈلدى، ئارگو كېمىسى دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئاغزىغا ئامان - ئېسەن بېرىۋالدى.

لېكىن، ئۇلارنى كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان كولكىسلىقلارنىڭ كېمىلىرى يېنىك ھەم يۈرۈشى تېز بولغانلىقتىن، ئۇلار ئىستېر دەرياسىنىڭ ئاغزىغا ئارگو قەھرىمانلىرىدىن ئىلگىرى يېتىپ كېلىپ، ھەر خىل قولتۇقلار ۋە ئاراللارغا تارقىلىپ ئورۇنلاشتى ۋە ئارگو قەھرىمانلىرىغا قوغلاپ زەربە بېرىشكە ھازىرلاندى. جەڭ پارتلاش ئالدىدا تۇراتتى. ئارگو قەھرىمانلىرى دۈشمەننىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى - دە، ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە كىرىشتى. ئىككى تەرەپ ياسوننىڭ پادىشاھ ۋەدە قىلغان ئالتۇن قوي يۇڭىنى ئېلىپ كېتىشىگە، لېكىن مېدىيەنى باشقا ئارالغا قويۇپ قويۇپ، ئادىل بىر پادىشاھنىڭ مېدىيە ئاتىسىغا قايتۇرۇلۇشى كېرەكمۇ ياكى قەھرىمانلار بىلەن بىللە يۇنانغا كېتىشى كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشىنى كۈتۈشكە ماقۇل بولۇشتى.

مېدىيە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاجايىپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ ياسوننى بىر چەتكە تارتىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىلدى:

— ياسون، سەن ئۇچۇن ھەممىنى بەدەل قىلىپ تۆلىدىم. مېنى ئۆز پاناھىڭغا ئېلىشىڭ كېرەك. مېنى ئاتامغا قايتۇرۇش ھۆكۈم قىلىنسا مېنىڭ ھاياتىم تۈگەيدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ياسون، — مەن سىزنى بۇ يەرگە يالغۇز تاشلاپ قويمايمەن، مەن بۇ شەرتنامىنى مۇنداقلا تۈزۈپ قويـ دۇم. مەقسەت پەقەت ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈش. چۈنكى، بۇ يەردە دۈشمەنلەر چېكەتكىدەك كۆپ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كولكىسلىقلارنىڭ دوستلىرى، ئۇلار ئىنىڭىزنىڭ سىزنى بىزنىڭ قولىمىزدىن تارتىۋې-

لىشغا ياردەم بېرىشكە رازى . بىز ئۇرۇش قىلساق پاجىئەلىك ھالاك بولىمىز . بىز ئۆلسەك سىز بەربىر دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىسىز . ناۋادا ئابسىرتوسنى يەڭسەك ، كولكىسلىقلارنىڭ دوستلىرى ئۇلارغا ھەمدەمدە بولمايدۇ .

ياسون مېدىيەنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ، كۆپ دۈشمەنگە تېخىمۇ ياخشى تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى . مېدىيە شەپقەتسىز بىر پىلاننى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ياسونغا :

— مەن ھېسسىياتىنىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى تاشلاپ قويۇپ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپتىمەن . ئەمدى مەن ماڭغان يولۇمدىن قايتمايمەن . مەن ئىنىمنى ئازدۇرۇپ مۇشۇ يەرگە باشلاپ كېلىمەن . سىز كاتتا زىياپەت-ھازىرلاپ ئۇنى كۈتۈۋالىسىز ، ئىنىمنى ئۆز يېنىمدا يالغۇز ئېلىپ قالىمەن . شۇ چاغدا سىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار ، — دېدى .

ئۇلار دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى . ئابسىرتوسقا بىر تون سوۋغا قىلىندى . بۇ توندىن جەننەتنىڭ خۇش پۇرىقى تارقىلاتتى . شاراب تەڭرىچىسى مەست بولۇپ قالغاندا مۇشۇ توننى يېپىنىپ ئۇخلىغانىدى . مېدىيە يېرىم كېچىدە ئەلچى ئەۋەتىپ ئابسىرتوسنى ئۆزى تۇرغان ئارالغا كېلىشكە كۈندۈردى ، ئۇنىڭغا ئالتۇن قوي يۇڭىنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقى توغرۇلۇق گەپ ئېيتىپ بەردى .

يېرىم كېچىدە تەنتەنىلىك ۋەدىلەرگە ئالدانغان ئابسىرتوس كېمە بىلەن بۇ ئارالغا كەلدى . ئۇ ھەدىسى بىلەن يالغۇز قالغان چاغدا ، ھەدىسىنىڭ ھىيلە - مىكىرلىك كۆڭلىنى كۆزىتىپ ، ئۇنىڭ ئۆزىگە تۇزاق قۇرغان - قۇرمىغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى . بۇ خۇددى بىر كىچىك بالىنىڭ چوڭ ئادەملەرمۇ ئامان - ئېسەن ئۆتەلمەيدىغان دەرياىدىن ئۆتمەكچى بولغىنىدەك بىر ئىش ئىدى . ھەدە - ئىنى ئىككىسى يېرىم كېچىگىچە پاراڭلاشتى . مېدىيە ئىنىسىنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنلاشقا ۋەدە بېرىپ تۇرغاندا ، تۇيۇقسىز ياسون ئېتىلىپ كېلىپ ، پادىشاھنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . مېدىيە ئىنىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگەندەك يۈزىنى چۈمپەردە بىلەن ئېتىۋالدى .

ئىنتىقام تەشرىسى بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارغا دىققەت قىلىپ تۇرغانىدى. ئۇ بۇ قورقۇنچلۇق ۋەقەنى كۆردى. ياسون قولىدىكى قانلارنى يۇيۇۋېتىپ، جەسەتنى كۆمۈۋەتتى. مېدىيە مەشئەلنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئارگو قەھرىمانلىرىغا بەلگە بەردى. ئۇلار قوزغالدى. ئارگو قەھرىمانلىرى يول باشچىسىدىن ئايرىلغان كولكىسلىقلارنى خۇددى شىر قوي پادىسىغا ئېتىلىپ كىرگەندەك تېزلىك بىلەن قىرىپ تاشلىدى.

پېلىئوس دەرھال دەريا ئاغزىدىن كېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. كولكىسلىقلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى يېتىپ كەلگۈچە، ئارگو قەھرىمانلىرى دەريا ئاغزىدىن ئۇچقاندەك يۈرۈپ يىراقلاپ كەتتى. كولكىسلىقلار قوغلاپ كەلگەندە، ھېرا ئاسماندا چاقماق چاقتۇرۇپ ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇۋالدى. ئۇلار ئەيئېتىسنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ قايتىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالماي، ئارتېمىس تاقىم ئاراللىرىغا ماكانلىشىپ قالدى. ئارگو قەھرىمانلىرى يۇرتىغا قايتىش يولىدا نۇرغۇن ئاراللار ۋە دېڭىزلاردىن ئۆتتى. ئۇلار يۇرتىنىڭ ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىلىرىنى كۆردى.

ھېرا زېۋسنىڭ تەدبىرىدىن قورقۇپ، قاتتىق بوران - چاپقۇن پەيدا قىلىپ كېمىنى قاقاس ئاپۇر تاقىم ئاراللىرىغا ئاپىرىپ تاشلىدى. شۇ چاغدا ئافېنا تەرىپىدىن كېمىنىڭ بېشىغا نەقىشلەپ قويۇلغان مۆجىزىلىك دۇب ياغىچى زۇۋانغا كەلدى:

— سىلەر زېۋسنىڭ غەزىپىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، ئايال باخشى كېركې سىلەرنىڭ ئابسىرتوسنى ئۆلتۈرگەن جىنايىتىڭلارنى گەدىنىڭلاردىن خالاس قىلىمىغۇچە دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگىنىڭلار يۈرگەن.

ئارگو كېمىسى ئېلىداناس دەرياسىغا كىرىپ قالدى. بۇ يەر فائېتون قۇياش ھارۋىسىدا كۆيۈپ كېتىپ، دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن جاي ئىدى. دېڭىز ئاستىدىن ھېلىھەم يالقۇن ۋە تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. كېمە بۇ يەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. دەريا قىرغىقىدا فائېتوننىڭ ھەدە - سىڭىللىرى ئاق تېرەككە ئايلىنىپ

شامالدا ناله قىلىشاتتى . كۆز ياشلىرىنى ئاپتاپ قۇرۇتۇپ ، دەريا سۇلىرى ئېقىتىپ كېتەتتى .

قەھرىمانلارنى كۇندۇزى ئوتتا كۆيۈۋاتقان جەسەتنىڭ سېسىق پۇرىقى بىئارام قىلسا ، كېچىسى ھېلىئوسنىڭ قىزلىرىنىڭ ئاھ - زارى پاراكەندە قىلاتتى . ھېرا ئاسماندا تۇرۇپ ناھايىتى ئېنىق بىر ئىلاھىي ئاۋازدا ئۇلارنى تىرىنىيا دېڭىز تەۋەسىدىكى كېركې تۇرۇشلۇق ئارالغا كېتىشكە بۇيرۇدى .

ئۇلار بۇ ئايال باخشىنى دېڭىز بويىدا يۇز - قولىنى يۇيۇۋاتقان ھالەتتە كۆردى . بۇ باخشى بىر چۈش كۆرگەنىدى . چۈشىدە ئۇنىڭ ياتىقى قان دەرياسىغا ئايلىنىپتۇ ، بىر چوڭ ئوت ئاپىتى ئۇنىڭ مۇساپىرلارنى بىھوش قىلىپ قايمۇقتۇرىدىغان بارلىق دورا - دەرمەكلىرىنى ۋە شەربەتلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ . ئۆزى بولسا قولى بىلەن قاننى ئوچۇملاپ ئوتقا چېچىپ ، ئوتنى ئۆچۈرۈۋاپتۇ . ئۇ بۇ قورقۇنچلۇق چۈشتىن ئويغىنىپ ، قان داغلىرىنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك يۇز- قولىنى يۇيۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ يېنىدا بىرتوپ ۋەھشىي ھايۋانلار ئايلىنىپ يۈرەتتى . قەھرىمانلار بۇ يەردىن ئۆتۈشكە پېتىنالماي يىراقتىن قارىشىپ تۇردى . بۇ ئايال باخشى كېچىسى دۇچ كەلگەن قورقۇنچلۇق داغلارنى يۇيۇۋېتىپ ، كەينىگە قايرىلىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى . ۋەھشىي ھايۋانلار خۇددى بىر توپ كۈچۈكلەردەك ئۇنىڭغا ئەگەشتى .

ياسون باشقىلارنى كېمىدە قالدۇرۇپ ، مېدىيە بىلەن قىرغاققا چىقتى ۋە كېركېنىڭ ئوردىسىغا كىردى . ئايال باخشى ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى . ئۇ ئۇلارنى ئاجايىپ سۆلەتلىك ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى . ئۇلار مەشنىڭ يېنىغا كېلىپ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇردى . مېدىيە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالغانىدى . ياسون بولسا ئابسىرتوسنى ئۆلتۈرگەن قىلىچنى يەرگە سانجىپ قولىنى قىلىچ سېپىغا قويۇپ ئېڭىكىنى شۇنىڭغا تىرەپ يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى . شۇندىلا كېركې ئۇلار گەدىنىدىكى گۇناھىدىن ساقىت بولۇش ، سەرگەردانلىق ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، ئۇنىڭدىن شاپائەت تىلەپ كەلگەنلىكىنى بىلدى .

كېركې زېۋىستا ئاتاپ بىر سۈتلۈك چوشقا سويۇپ نەزىر قىلدى ۋە زېۋىستىن ئۇلارنى گۇناھىدىن ساقىت قىلىشنى تىلىدى. ئۇ ئايال مۇلازىملىرىغا بارلىق سۇ پەرىلىرىگە ئۆيىدىكى گۇناھتىن قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىنى تۈگەل يىغىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۆزى بولسا، مەشتە مۇقەددەس توقاچ كۆيدۈرۈپ، ئىنتىقام مۇئەككىلىدىن قەھر - غەزىپىدىن قايتىشنى ئىلتىجا قىلدى ۋە قولىلىرى قاتىللىق قېنى بىلەن بويالغان بۇ كىشىلەرگە مەغپىرەت تىلىدى.

ئاندىن كېركې ئولتۇرۇپ، ئۇلاردىن سەپەر ئەھۋالىنى سورىدى. مېدىيە بېشىنى كۆتۈرۈۋالدى، كېركې ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان ئالتۇن نۇرلارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى، قۇياش تەڭرىسىنىڭ ئەۋلادى بولغان ئادەملەرنىڭ كۆزلىرى مانا مۇشۇنداق بولاتتى. كېركې قۇياش تەڭرىسى بىلەن پېرسېنىڭ قىزى، ئەيئېتىسنىڭ سىڭلىسى ئىدى. كېركې مېدىيەدىن ئۆز يۇرتىنىڭ شېۋىسىدە سۆزلەشنى تەلەپ قىلدى. مېدىيە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئابسىرتوسنىڭ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىلا يوشۇرۇپ قالدى. لېكىن، بۇ ئايال باخشى مېدىيە تىلغا ئالمىغان ئىشلارنى بىلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ مېدىيەگە:

— سەن ناھايىتى زور گۇناھ ئۆتكۈزۈپسەن، ئاتاڭ سېنى كەينىڭدىن قوغلاپ كېلىپ ئۆلتۈرىدۇ. مەن ساڭا زىيانكەشلىك قىلمايمەن، چۈنكى سەن مېنىڭ جىيەنىم، — دېدى.

ھېرا ئۆز پاناھىدىكى بۇ كىشىلەرگە ھېسداشلىقىنى ئايىمىدى. ئۇ ئەلچىسى ئىرىس ئارقىلىق دېڭىز تەڭرىچىسى تېتىسنى چاقىرتىپ كېلىپ، كېمە بىلەن قەھرىمانلارنى شۇنىڭ غەمخورلۇقىغا تاپشۇردى. ياسون بىلەن مېدىيە كېمىگە چىقىشى بىلەنلا ئوڭۇشلۇق شامال كۆتۈرۈلدى. ئارگو كېمىسى دولقۇنلارنى يېرىپ، شامالدەك يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەي گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ كەتكەن بىر ئارالغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئارالدىكى ساھىبجامال جىن - پەرىلەر يولۇچىلارنى يېقىملىق ناخشىلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە قىزىقتۇراتتى،

ئاندىن ئۇلارنى ھالاك قىلاتتى . ئۇلارغا يېقىنلاشقان ھەرقانداق ئادەم ئامان قالمايتتى . قەھرىمانلار ئارغامچا تاشلاپ كېمىنى توختاتماقچى بولۇۋىدى ، ئورفىئوس ئورنىدىن تۇرۇپ ، مۇقەددەس سازنى قولىغا ئالدى - دە ، ئاجايىپ بىر گۈزەل ئاھاڭغا چېلىپ ، ئادەملەرنى ھالاكەتكە باشلاپ بارىدىغان ناخشا ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى . تەڭرىلەر قاتتىق بوران چىقاردى . كېمە بوراننىڭ تەسىرىدە بۇ يەردىن ئۇچقاندەك تېز ئايرىلدى . پەقەت بوتېس ھېلىقى ئېزىقتۇرغۇچى ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى باسالماي دېڭىزغا سەكرىدى . ھېلىمۇ ياخشى ئۇنى ئافرودىت قۇتقۇزۇپ قالدى . ئۇ شۇ يەردە ئۆزى يالغۇز تۇرۇپ قالدى .

قەھرىمانلار بىر بوغۇزغا يېتىپ كەلدى . بوغۇزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قىيا تاشلار ئارگو كېمىسىنى كۆكۈم - تالقان قىلىۋېتىدىغاندەك ، ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلگەن دولقۇنلار كېمىنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى . بۇ يەر ئىلگىرى ھېپىستوسنىڭ تۆمۈر ئېرىتىش زاۋۇتى ئىدى . زاۋۇت ئورنىدىكى سۇ ئاستىدىن ھېلىھەم قويۇق ئىسلار كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . ئارگو كېمىسى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، دېڭىز پەرىسى نىروسنىڭ قىزلىرى سۇ يۈزىگە چىقتى . پەرىلەرنىڭ پادىشاھى — تېتىس رولنى ئۆز قولىغا ئالدى . پەرىلەر كېمىنى چۆرىدەپ ماڭدى . كېمىنى تىك قىيا تاشلاردىن يىراقلاشتۇردى ، ئۇلار خۇددى دېڭىزدا بىر - بىرى بىلەن ئوينىشىۋاتقاندەك قىلاتتى . دولقۇنلار كېمىنى تۇرۇپلا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى ، يەنە تۇرۇپلا دېڭىزنىڭ تېگىگە ئېلىپ چۈشۈپ كېتەتتى . قەھرىمانلار ھەرھالدا ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كەتتى .

قەھرىمانلار پادىشاھ ئالكىنوسنىڭ ئارىلىغا يېتىپ كەلدى ۋە قىزغىن قارشى ئېلىندى . ئۇلار ئارام ئېلىۋاتاتتى . كولكىسلىقلارنىڭ بىر ئۇرۇش كېمىسى تۇيۇقسىز پەيدا بولدى . ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى تۈركۈملەپ قۇرۇقلۇققا چىقتى . پادىشاھنىڭ قىزى مېدىيەنى ئېلىپ كېتىمىز . ئەگەر بۇ قىز تاپشۇرۇپ بېرىلمەيدىكەن ، بىر مەيدان ئۇرۇش يۈز بېرىشىدىن ساقلانماق تەس دېگەن تەلەپنى قويدى .

مېدىيە پادىشاھنىڭ خوتۇنى ئارېتېنىڭ تىزىنى قۇچاقلاپ ، ئۆزىگە

ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى .

— مېنى ئۇلارنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە يول قويمىسىلا ، — دېدى مېدىيە سەمىمىيلىك بىلەن ، — مەن ئۇزاق ئويلىنىپ ئاندىن ياسون بىلەن قاچقان . ئۇ مېنى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ .

قەھرىمانلار قىلىچ ۋە نەيزىلىرىنى ئوينىتىپ ، كولكىسلىقلار بىلەن هايات - ماماتلىق جەڭ قىلىشقا تەييارلاندى . ئاخشىمى پادىشاھ خوتۇنى بىلەن مېدىيەنىڭ ئىشى توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى . ئارېتې پادىشاھتىن بۇ قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىش توغرىسىدا ياسونغا گەپ قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈندى . ئالكىنوس رەھىمدىل پادىشاھ ئىدى . بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ كەتتى . لېكىن ، پادىشاھ ئەيئېتىسنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمايتتى . شۇڭا ئۇ :

— ئەگەر ئۇ ياسوننىڭ خوتۇنى بولۇپ قالغان بولسا ، ئۇنى ئېرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ . بولمىسا ئۇ ئاتىسىغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ ، — دېدى .

ئارېتې ئادەم ئەۋەتىپ ، ئۇلارنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن توي قىلىشقا دەۋەت قىلدى .

ئەتىسى ئەتىگەندە دېڭىز قىرغىقى ۋە شەبنەملىك ئېتىزلارغا ئاپتاپ چۈشكەندە ، فىياكىيالىقلار شەھەر كوچىلىرىغا يىغىلىشتى . تولۇق قوراللانغان كولكىسلىقلار ئارالنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە تۇرۇشاتتى . ئالكىنوس مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە قارارىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئوردىغا قاراپ يول ئالدى . پادىشاھ تەختتە ئولتۇردى . ياسون پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئەيئېتىسنىڭ قىزى مېدىيەنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنى بولغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولىمەن دەپ قەسەم قىلدى . پادىشاھ تەنتەنىلىك ھالدا :

— مېدىيە قەھرىمان ياسونغا مەنسۇپ دەپ جاكارلىدى . كولكىسلىقلار ئۇنىڭ نەسىھەتى بويىچە تىنچ پۇقرا بولۇپ ، شۇ يەردە قېپقىلىشتى . قەھرىمانلار سەپىرىنى باشلىدى .

ئۇلار دېڭىزدا نۇرغۇن ۋاقىت لەيلەپ يۈرۈپ ، يۇرتى پىلوپوسنىڭ تاغ چوققىلىرىنى يىراقتىن كۆرگىنىدە ، بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن بوران-

چاپقۇندا كېمە دېڭىزدا توققۇز كېچە - كۈندۈز لەيلەپ يۈرۈپ لىۋىيە دېڭىزى ئارقىلىق ئافرىقا تەرەپكە كېتىپ قالدى . ئۇلار مىلتىس قىرغاقلىرىغا يېتىپ كەلدى . قىرغاق بىپايان قۇملۇق ئىدى . كېمە قىرغاق بويلاپ ماڭدى . كېمىنىڭ ئاستى قىرغاقتىكى قۇمغا سۈركە- لىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قەھرىمانلار قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە قىرغاققا چىقتى . ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چەك - چېگراسى يوق قۇرۇقلۇق يېيىلىپ ياتاتتى . بۇ يەردە هاياتلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ هالاكەتكە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى هېس قىلىشتى . قەهرىمانلار شۇ قېتىملىق بوران - چاپقۇننى قارغىشىپ ، سەپەرنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشتى . هەممە ئادەم قايغۇغا چۆكۈپ ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى ، كەچتە ئۇلار بىر - بىرىدىن رازىلىق ئېلىشىپ ئۇستىلىرىدىكى يېپىنچىسىغا يۆگىنىپلا ، قۇملۇققا يانپاشلا- پ ئۇيقۇغا كېتىشتى . كىملەرنىڭدۇر ئاچلىقتا ۋە سوغۇقتا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا هېچكىم بىرنېمە دېيەلمەيتتى . ئالكىنوس مېدىيەگە سوۋغا قىلىپ بەرگەن چۆرە قىزلار خېنىم ئاغىچىسىنى چۆرىدەپ تۆۋەن ئاۋازدا ئەڭ ئاخىرقى هەسرەتلىك ناخشىلىرىنى ئېيتىماقتا ئىدى .

ناۋادا لىۋىيەنى ئۆز پاناهىدا تۇتۇۋاتقان يېرىم تەڭرى ، يېرىم ئادەم هېسابلانغان ئۈچ پەرىزات ئۇلگۇرۇپ يېتىپ كەلمىگەن بولسا ، ئۇلار ئىز - دېرەكسىز ئۆلۈپ كەتكەن بولار ئىدى . ئوتتەك ئىسسىق چۈش ۋاقتىدا پەرىزاتلار يېتىپ كېلىشتى - دە ، ياسونغا :

— ئەمدى قايغۇرماڭلار ، دېڭىز تەڭرىسى پوسېيدوننىڭ هارۋى- سىدىن تۇلپارلارنى چىقارغاندا ، سىلەر ئۆزۈڭلەرنى ئۆزاقتىن بۇيان پەرۋىش قىلىپ كەلگەن ئاناڭلارغا رەهمەت ئېيتىڭلار . سىلەر خېيىم- خەتەردىن قۇتۇلۇپ كېتىسىلەر ، — دېيىشتى .

پەرىزاتلار سۆزىنى تۈگىتىپلا كۆزدىن غايىب بولۇشتى . ياسون بۇ سىرلىق سۆزلەرنى هەمراهلىرىغا ئېيتىپ بەردى . ئۇلار بۇ سۆز- لەرگە ئىشىنەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرغاندا ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىككىنچى ئىلاهىي مۆجىزە زاهىر بولدى .

ناھايىتى ئېگىز بىر تۇلپار دېڭىزدىن چىپىپ چىقىپ ، بەدىنىدى-
كى سۇنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋېتىپ ، قۇيۇندەك تېزلىك بىلەن چىپىپ
كەتتى . بۇ تۇلپارنىڭ بويىنى ئالتۇن رەڭلىك يايلا بىلەن قاپلانغانىدى .
پېلېئوس خۇشاللىقىدا ۋارقىرىۋەتتى .

— ۋەھىي ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى . دېڭىز تەڭرىسى ھارۋىدىن
چۈشتى ! ئانىمىزغا ، بىزنى ئۇزاقتىن بۇيان پەرۋىش قىلىپ كەلگەن
ئانىمىزغا كەلسەك ، ئۇ بىزنىڭ كېمىمىزنىڭ نەق ئۆزى . بىز ئۇنى
يەلكىمىزدە كۆتۈرۈپ دېڭىز تۇلپىرى مېڭىپ ئۆتكەن ئىز بىلەن
ماڭايلى . بىز دېڭىزغا چۈشىدىغان لىماننى جەزمەن تاپالايمىز ، —
دېدى پېلېئوس .

قەھرىمانلار ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، كېمىنى يەلكىسىگە ئېلىش-
تى . ئۇلار توپتوغرا 12 كېچە - كۈندۈز يول مېڭىشتى . ئەگەر
تەڭرىلەر ئۇلارغا كۈچ - قۇۋۋەت كىرگۈزۈپ تۇرمىغان بولسا ، ئۇلار
بىرىنچى كۈنىلا پۈتۈنلەي ئۆلۈپ تۈگىگەن بولاتتى .

ئۇلار ئاخىر تىرىتونىس قولتۇقىغا يېتىپ كەلدى . ئۇلار يەلكى-
سىدىكى كېمىنى يەرگە قويدى . ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ بۇلاق
ئىزدەشتى . ناخشىچى ئېرپوس ئالتۇن ئاۋازلىق ھېسپېرىدىسنىڭ
قىزلىرىنى تېپىۋالدى . ئۇلار لادون ناملىق زور ئەجدىھا مۇھاپىزەت
قىلىۋاتقان ئالتۇن ئالمىلىق ھەرەمباغدا تۇراتتى . ئېرپوس بۇ قىزلار-
دىن بۇلاق بار جاينى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئۆتۈندى . ئۇنىڭ سۆزلىرى-
دىن قىزلار تەسىرلەندى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەگىل ئىسىملىك
قىز ئۇلارغا :

— تۈنۈگۈن ھېلىقى زور ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ ، ئالتۇن ئالمى-
مىزنى ئوغرىلاپ كەتكەن ئادەم سىلەرگە ياردەم قىلدى . ئۇ يەلكىسىگە
شىر تېرىسى ئارتىۋالغان ، يوغان كالتەك كۆتۈرۈۋالغان ئادەم ئىكەن .
قۇملۇقتىن مېڭىپ كەلدى . بۇلاق سۈيى تاپالماي ، قىيا تاشنى بىر
تېپىۋىدى ، مۆجىزە يۈز بېرىپ ، قىيا تاشنىڭ يوچۇقىدىن سۇ
چىقتى ، — دېدى .

ئەگىل شۇنداق دەپ قىيا تاشتىن ئېقىپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيىد-

نى كۆرسىتىپ قويدى . قەھرىمانلار شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى . ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشقاندىن كېيىن ، خۇشال - خۇرام بولۇپ كېتىشتى . بىرەيلەن بۇلاق سۈيىدىن ئىچىپ بولۇپ ، خورسىنغان هالدا :

— هېراكلېس گەرچە بىز بىلەن بىللە بولمىسىمۇ ، ئۇ يەنىلا ئۆز هەمراهلىرىنىڭ هاياتىنى قۇتقۇزدى ، — دېدى .

قەھرىمانلار هېراكلېسنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيتتى . ئۇلار بۆلۈنۈپ ئىزدەپ بېقىپ ، هېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى .

قەھرىمانلار سەپىرىنى داۋام قىلدى . ئۇلار دېڭىزغا چىقىشقا تەمشەلگەندە ، بىر تەتۈر شامال تۇيەيلى كېمە جايىدا چۆرگۈلەپ پەقەتلا ماڭمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئورفىئوسنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۇلار قىرغاققا چىقىپ ، كېمىدىكى ئۈچ پۇتلۇق نەزىر - چىراغ داڭقىنىنى شۇ جاينىڭ تەڭرىلىرىگە نەزىر قىلىپ قويۇشتى . قايتىپ كېتىۋېتىپ ئۇلار يول ئۈستىدە يىگىت قىياپىتىگە كىرىۋالغان دېڭىز تەڭرىسى تىرىتوننى ئۇچراتتى . ئۇ يەردىن بىر چالمىنى ئېلىپ ئېئوفىموسقا بېرىپ ، ئاندىن ئۇلارغا :

— سىلەر دېڭىز تەرەپكە قاراپ مېڭىۋېرىڭلار . مەن سىلەرگە ئوڭۇشلۇق بىر شامال ئەۋەتىمەن . بۇ شامال سىلەرنى ناهايىتى تېزلا پىروپانساغا ئاپىرىپ قويىدۇ ، — دېدى .

قەھرىمانلار خۇشال بولۇشۇپ كېمىگە چىقىشتى . تىرىتون ئۈچ پۇتلۇق داڭقاننى يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ دېڭىزدا غايىب بولدى .

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار كالپوتوس قىرغاقلىرىغا يېتىپ باردى . بۇ يەردىن كىرىت ئارىلىغا بارماقچى بولۇشتى . لېكىن ، بۇ ئارالنى قاۋۇل ئادەم تالوس ساقلايتتى . ئارالنى هەر كۈنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقاتتى . ئۇنىڭ بەدىنى كۆك تۇچ ئىدى . تاپىنىنىڭ كىچىك بىر يېرىلا گۆشلۈك ئىدى . شۇ يەرگە ئوق تېگىپ كەتسە ، ئۇ هالاك بولاتتى . ئۇ كېمە بىلەن كېلىۋاتقان قەھرىمانلارنى كۆرۈپ تاشلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاتقىلى تۇردى . قەھرىمانلار كېمىنى كەينىگە چېكىندۇردى . مېدىيە ئەپسۇن ئوقۇپ تەقدىر تەڭرىسىنى

چاقىردى . تالوس تاش ئالماقچى بولۇپ ئېڭىشىشىگە ، تاپىننى تاش كېسىۋېتىپ ، شۇ يەردىلا ئۆلدى .

قەھرىمانلار بۇ گۈزەل ئارالدا ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتقۇچە ئارام ئالدى . لېكىن ، ئۇلار كىرىت ئارىلىدىن ئەمدىلا ئايرىلىشىغا يەنە بىر قورقۇنچلۇق خېيىم - خەتەرگە يولۇقتى . ئاي قاراڭغۇسى ئىدى ، ئاسماندا بىرمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى . گويا پۈتۈن دۇنيادىكى قاراڭغۇلۇق مۇشۇ يەرگىلا توپلانغاندەك ئەتراپ سىياھتەك قاراڭغۇ ئىدى . ياسون ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاپوللودىن ئۆزلىرىنى بۇ قاراڭغۇلۇقتىن قۇتقۇزۇپ قويۇشىنى تىلىدى ۋە ئاپوللوغا بىباھا بۇيۇملارنى نەزىر قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى . قۇياش تەڭرىسى بۇنى ئاڭلاپ مۇقەددەس ئولىمپىس تېغىدىن چۈشۈپ ، بۇ يەرگە قاردىتىپ كۈمۈش ئوق ئاتتى . قەھرىمانلار ئوقنىڭ يالتىراق نۇرى ئاستىدا بىر كىچىك ئارالنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ ، شۇ يەرگە لەنگەر تاشلاپ تاڭ يورۇشىنى كۈتتى . ئۇلار كۈن نۇرى ئاستىدا كېتىۋاتقاندا ، ئوفىموس ئۆزىنىڭ ھېلىقى چۈشىنى ئەسلىدى : تىرىتون ئۇنىڭغا بەرگەن ھېلىقى چالما سۇتكە تويۇنۇپ ، بىردىنلا ئۇنىڭغا جان كىرىپتۇدەك ۋە سۆيۈملۈك بىر قىزغا ئايلىنىپ ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگۈدەك : «مەن تىرىتون بىلەن لىبىيانىڭ قىزى بولىمەن . مېنى نىروسنىڭ قىزىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار . شۇنداق بولسا مەن ئانافىغا يېقىن ئارالدا ياشايمەن . ئاندىن كېيىن يېڭىباشتىن قۇياش نۇرىدا ياشاش ئۈچۈن شۇ يەردە قالىمەن . چۈنكى ، سېنىڭ ئەۋلادىڭدىن خەۋەر ئېلىش مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن . » ياسون ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ ، ھېلىقى چالمىنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىش توغرىسىدا ئوفىموسقا مەسلىھەت بەردى . ئوفىموس شۇنداق قىلىۋىدى ، قەھرىمانلارنىڭ كۆز ئالدىدا گۈزەل بىر ئارال پەيدا بولدى . كېيىن ئوفىموسنىڭ ئەۋلادى مۇشۇ يەردە ياشىدى . قەھرىمانلار بېشىدىن كەچۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى سەرگۈزەشتە مۇشۇنىڭ بىلەن چەكلەندى . ئۇلار ئىئولكوس قولتۇقىغا بېرىپ يەتتى . ياسون كېرىنتوس بوغۇزىدا ئارگو كېمىسىنى پوسېيدونغا نەزىر قىلىپ تۇتتى . ياسون زور خېيىم - خەتەرگە تەۋەككۇل

قىلىپ ، مېدىيەنىڭ ئاتىسىدىن مېدىيەنى ئاچىققان ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئابسىرتوسنى قەبىھ ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ ، ئىئوكوسنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئىگە بولالمىدى . ئامالنىڭ يوقىدىن پادىشاھلىقنى پولىئاسنىڭ ئوغلى ئاكاستوسقا ئۆتۈنۈپ بەردى .

ياسون ياش خوتۇننى ئېلىپ كىرىنتوسقا قېچىپ كەتتى . ئۇلار بۇ يەردە ئون يىل ياشىدى . مېدىيە ئۇنىڭغا ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ بەردى . ياسون خوتۇننى بەك ياخشى كۆردى . چۈنكى ، مېدىيە چىرايلىق بولۇپلا قالماي ، پەم - پاراسەتلىك ئىدى . ئەمما ، كېيىنچە ئۇ قېرىپ ھۆسن - جامالىنى يوقاتتى . ياسون باشقا بىر ياش قىز گىلاۋكوغا مەپتۇن بولۇپ قالدى . ئۇ كىرىنتوس پادىشاھى كىرىئوننىڭ قىزى ئىدى . ياسون مېدىيەدىن يوشۇرۇنچە بۇ قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولۇپ كىشى قويدى ۋە پادىشاھنىڭ رازىلىقىنى ئالدى . ياسون مېدىيەنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئۇنى نىكاھتىن ئاجرىشىشقا مەجبۇر قىلدى . ئۇ مېدىيەگە بۇنىڭدىكى مەقسەت ، ئۇنى يامان كۆرۈپ قالغانلىقتىن ئەمەس ، بەلكى بالىلارنىڭ بەختىنى كۆزلەپ ، پادىشاھ ئائىلىسى بىلەن تۇغقان بولۇش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . مېدىيە ئىنتايىن غەزەپلەندى . ئۇ تەڭرىلەردىن ياسوننىڭ ئىلگىرى ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىگە گۇۋاھ بولۇشنى ئۆتۈندى . بىراق ، ياسون مېدىيەنىڭ نالىسى ۋە نەپرىتىگە پەرۋا قىلماي پادىشاھنىڭ قىزىغا ئۆيلەنمەكچى بولدى .

مېدىيە ئېرىنىڭ ئوردىسىدا ئۈمىدسىزلىك بىلەن تەمتىرەپ يۈرەتتى . قەلبىدىكى غەزەپ ئوتىنى تۆكىدىغان يەر يوق ئىدى . ئۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ :

— مەن ئەمدى نېمىدەپ ياشايمەن . جەھەننەم تەڭرىسى ماڭا رەھىم قىل ! ئاسماندىكى مۇقەددەس ئوت مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىدى ! مەن ئار - نومۇس بىلەن تاشلاپ چىققان يۇرتۇم ، مېنىڭ زىيانكەشلىكىم بىلەن ئۆلگەن ئىنىم . ئەمدى مەن جازالىنىشقا تېگىشلىك . ھەققانىيەتچى تەڭرى ئېرىمنى ۋە ئۇنىڭ ئاشىقىنى ھالاك قىلغايسەن ! — دېدى .

مېدىيە يىغلاپ غەلۋە قىلىۋاتقاندا ، ياسوننىڭ قېيىنئاتىسى كىرد-

ئون غەزەپلەنگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ يېنىغا كىردى ۋە:

— سەن ئېرىڭگە غەزەپلىنىۋاتىسەن. سەن باللىرىڭنى ئېلىپ دەرھال مېنىڭ مەملىكىتىمدىن چىقىپ كەت، سىلەرنى كۆرەر كۆزۈم يوق، — دېدى.

مېدىيە غەزىپىنى يۇتۇپ، پادىشاھقا:

— ئەي، پادىشاھ كىرئون، سىلى نېمىشقا مېنىڭ يامانلىق قىلىشىمدىن قورقىلا. مېنىڭ سىلىدە ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتىم يوق. سىلى قىزلىرىنى ياسونغا بەرلە، بۇنىڭ خاتا يېرى يوق، مەن پەقەت ئېرىمگىلا نەپرەتلىنىمەن. لېكىن، بولار ئىش بولدى، ئىككىسى بىرگە ياشاۋەرسۇن، سىلى مېنىڭ مۇشۇ مەملىكەتتە تۇرۇشۇمغا ئىجازەت بەرسىلە ماڭا مۇشۇ كۇپايە، — دېدى.

كىرئون يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى، ئاخىرى مېدىيە پادىشاھنىڭ قىزى گىلاۋكونىڭ نامىدىن ئۆزىگە مۆھلەتنى ئۇزارتىپ بېرىشىنى، ئۇنى باللىرىغا بىرەر پاناھ جاي تېپىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى ئۆتۈندى.

— مەن باغرى تاش ئادەم ئەمەس، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى پادىشاھ.

مېدىيە مەملىكەتتىن چىقىپ كېتىش ۋاقتىنى ئۇزارتتى. كۆڭلىدە يېلىنجىغان غەزەپ ئوتى يەنە قۇتراشقا باشلىدى. ئۇ تېخى ئىشقا ئاشۇرۇش قارارىغا كەلمىگەن، ئەمما كۆڭلىدىن كەچكەن زەھەرلىك پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. ئۇ ئاۋۋال بىۋاپالىق قىلغانلىقنى ئېرىنىڭ ئۆزىگە ئىقرار قىلدۇرۇش نىيىتىدە:

— سىز مېنى ئالدىدىڭىز، — دېدى ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ، — سىزگە ئوغۇل تۇغۇپ بەردىم. سىز يەنىلا باشقا خوتۇن ئالدىڭىز، ئوغلىڭىز بولمىغان بولسىدى، سىزنى كەچۈرگەن بولاتتىم. سىز بۇنداق قىلىشقا ھەقلىق ئەمەسسىز. سىز ئۆزىڭىزچە ماڭا بەرگەن قەسىمىڭىزگە گۇۋاھ بولغانلار ھازىر يوق دەپ ئويلامسىز؟ شۇڭا، ۋەدىڭىزنى بۇزۇشقا جۈرئەت قىلىۋاتامسىز؟ سىز باللىرىم بىلەن مېنى نەگە ئەۋەتمەكچىسىز؟

ياسون مېدىيەگە ئالتۇن - كۈمۈش بېرىپ ۋە ئۇلارنى ئۆز پاناھىغا ئېلىش توغرۇلۇق ئاغىنىلىرىگە خەت يېزىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى . مېدىيە غەزەپلىنىپ تۇرۇپ :

— سىز ئاقىۋەت ياخشى كۈن كۆرمەيسىز ! — دېدى .

— مېدىيە ئۆزىنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزىنى قىلىپ قويغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى ، بۇ ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن ئەمەس ، بەلكى ياسوننىڭ ھوشيارلىقى قوزغىلىپ قالسا ، زەھەرلىك پىلانىم ئىشقا ئاشماي قالارمىكىن دەپ چۆچۈگەنلىكىدىن بولدى . شۇڭا ، ئۇ ياسونغا يەنە :

— بايا دېگەن سۆزلىرىمنى ئەپۇ قىلىڭ ، ئەقىل - ھوشۇمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن . سىز قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى توغرا . سىز يېڭى نىكاھ ئارقىلىق مېنى ، بالىلىرىڭىزنى پەرۋىش قىلماقچى بولۇۋاتىسىز . بالىلىرىم ، مەن ئاتاڭلاردىن ئاغرىنمىغاندەك سىلەرمۇ ئاتاڭلاردىن ئاغرىنماڭلار ، — دېدى .

ياسون مېدىيەنىڭ ئۆزىگە ئەمدى ئۆچ - ئاداۋەت ساقلىمايدىغانلىقىغا ھەقىقەتەن ئىشەندى . ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ ، مېدىيەگە ۋە بالىلىرىغا نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەردى . مېدىيە ئۇنى ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشەندۇرمەكچى بولۇپ ، بالىلىرىنى قالدۇرۇپ ئۆزى بۇ يەردىن يالغۇز كېتىشنى تەلەپ قىلدى . ئۆزى قەدىرلەپ ساقلاپ كېلىۋاتقان بىرنەچچە زەرباب توننى پادىشاھنىڭ قىزىغا سوۋغا قىلدى . بۇ گۈزەل كىيىملەر زەھەرلىك دورىغا چىلانغانىدى . مېدىيە ساختىپەزلىك قىلىپ ئېرى بىلەن مەشۇقلارچە خوشلاشتى . ئۇ ئەۋەتكەن سوۋغاتلارنىڭ قانداق قوبۇل قىلىنغانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن ئەلچىنىڭ يولىغا قاراپ تىت - تىت بولۇپ ئولتۇردى . ئاخىر ئەلچى يۈگۈرۈپ كەلدى . ئۇ يىراقتىنلا ۋارقىراپ تۇرۇپ :

— ۋاي مېدىيە ، چاققان قېچىڭ ! سىزنىڭ كۈندىشىڭىز سىز سوۋغا قىلغان كىيىملەرنى كۆرۈپ ئاجايىپ خۇشال بولدى . لېكىن ، خانىسىدا كىيىمنى كىيىپ ئۈلگۈرمەيلا چىرايى تاتىرىپ ، ئاغزىدىن ئاق كۆپۈك چىقىپ جان بەردى .

ئاتىسى ھەسرەت بىلەن قىزىنى قۇچاقلىغان پېتى ئۆلدى ، — دېدى .
بۇ خەۋەر مېدىيەنىڭ غەزىپىنى بېسىش بۇياقتا تۇرسۇن ، بەلكى
ئۇنىڭ ئېرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىش ئىستىكىنى تېخىمۇ كۈ-
چەيتتى .كېچىسى ئۇ بالىلىرى ئۇخلاۋاتقان ئۆيگە كىردى . ئۇ ئۆز-
ئۆزىگە ئىلھام بېرىپ : «باغرى قاتتىقراق بول ، ئۇلارنىڭ ئۆز بالىلى-
رىڭ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇ . سەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەڭ ، ئۇلار
بەرىبىر دۈشمەنلەرنىڭ قولىدا ئۆلىدۇ » دېدى . ياسون ئۆزىنىڭ ياش
خوتۇنىنى ئۆلتۈرگەن خوتۇنىدىن ئىنتىقام ئالماقچى بولۇپ ، ئۇنى
ئىزدەپ يۈرگەندە ، تۇيۇقسىز بالىلارنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلى-
دى . ئۇ بالىلار ياتقان ئۆيگە يۈگۈرگەن پېتى كىردى . بالىلار قان
ئىچىدە ياتاتتى ، يارا ئاغزىدىن قۇربانلىققا سويۇلغان قوزىدىن ئاققان-
دەك قىزىل قان ئېقىۋاتاتتى .
ياسون مېدىيەنى ئىزدەپ ، ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى . ئۇ
ئۆيدىن چىقىۋاتقاندا ، بىردىنلا باش تەرىپىدىن غوڭۇلدىغان بىر ئاۋاز
كەلدى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى ، مېدىيە سېھىر ئوقۇپ يەتكۈ-
زۈپ كېلىنگەن ئەجدىھا هارۋىسىغا چۈشۈپ ، ئاسمانغا چىقىپ كېتىۋ-
ۋاتقانلىقىنى ، مۇشۇ يول بىلەن جىنايەت مەيدانىدىن قېچىپ كەتكەنلى-
كىنى كۆردى . ئۇنى جازالاش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ياسوننى
ئۈمىدسىزلىك قاپلىۋالدى . ئۇ ئابسىرتوس قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن
مەنزىرىنى ئەسلىدى . شۇنىڭ بىلەن خەنجىرىنى چىقىرىپ ، ئۆزىگە
خەنجەر ئۇرۇپ ئۆز ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا جان بەردى .



# ھېراكلېس ھېكايىسى

ھېراكلېس زېۋس بىلەن پېرسۇسنىڭ نەۋرە قىزى ئالكمېنېنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆگەي ئاتىسى ئامفىترىئونمۇ پېرسۇسنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئىلگىرى ئۇ تىرىنستا پادىشاھ ئىدى. ھازىر ئۇ شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ، تېبەي شەھرىدە ياشايتتى. زېۋسنىڭ خوتۇنى ھېرا ئۆز رەقىبى بىلەن زېۋسنىڭ بۇ ئوغلىنى بەك يامان كۆرەتتى. چۈنكى، زېۋس ئوغلىنىڭ كېلەچەكتە پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكى توغرۇلۇق بېشارەت بەرگەنىدى. ئالكمېنې ھېراكلېسنى تۇغقاندا، ھېرانىڭ ئىچى تارلىق قىلىشىدىن قاچۇرۇپ، بالىنى بىر قاقاس دالىغا ئاپىرىپ قويغانىدى. كېيىن كىشىلەر بۇ دالىنى ھېراكلېس دالىسى دەپ ئاتىشىۋالدى. ئەگەر بىر مۆجىزىلىك دۈچ كېلىش تۈپەيلىدىن ئافېنا بىلەن ھېرا چوڭ يولدا ياتقان بوۋاقنى كۆرۈپ قالمىغان بولسا، بۇ بوۋاق ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى. ئافېنا ھېرادىن بۇ بالىنى ئۆزىنىڭ ئىلاھىي سۈتى بىلەن بىر ئەمدۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ئاندىن بوۋاقنى كۆتۈرۈپ شەھەرگە كىرىپ، ئالكمېنىنىڭ بېقىۋېلىشىغا تاپشۇردى.

ئالكمېنې بوۋاقنى كۆرۈپلا ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. بوۋاقنى خۇشاللىق بىلەن بۆشۈككە سالدى. ھېرا بۇ بالىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالدى. ئۇ ئىككى يىلاننى بالا ياتقان بۆلمىگە كىرىپ، بالىنىڭ بوينىغا چىرمىشىشقا بۇيرۇدى. بۇ ئىشنى خانىش بىلەن مۇلازىملار سەزمەي قېلىشتى. چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن ھېراكلېس ئىنسانىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان قۇربىنى كۆرسەتتى. چۈنكى، ئۇ تەڭرىچىنىڭ سۈتىنى ئەمگەنىدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن

ئىككى يىلاننىڭ بوينىدىن تۇتۇپ كۈچەپ سىقىۋىدى . ئىككى يىلان شۇ زامان بوغۇلۇپ ئۆلدى . ئانىسى ۋە ئانىسىنىڭ مۇلازىملىرى بۇ ئەھۋالنى بايقاپ قېلىشتى . پادىشاھ ئامفىترىئونمۇ قىلىچىنى يالىڭ- ئاچلاپ كىرىپ كەلدى . ھەممىسى بۇ بالىنىڭ مۆجىزىلىك كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئاجايىپ خۇرسەن بولۇشتى .

پادىشاھ بېشارەتچى تېرىئاسنى چاقىردى ، بېشارەتچى بالىنىڭ ئاجايىپ كېلەچىكىدىن بېشارەت بەردى . پادىشاھ بېشارەتچىنىڭ بۇ بالىنىڭ ئۇلۇغۋار كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا ئېيتقان مەدھىيەلىرىنى ئاڭلاپ ، بالىغا ئالاھىدە تەربىيە بېرىش قارارىغا كەلدى . ئۇ نۇرغۇن ئۇلۇغ ئادەملەرنى تەكلىپ قىلىپ ، ھېراكلېسقا تەڭداشسىز قابىلىيەت- لەرنى ئۆگىتىشنى بۇيرۇدى . ھېراكلېس بەك قابىلىيەتلىك بالا ئى- دى . ئاۋارىگەرچىلىككە زادىلا سەۋر قىلالمايتتى . ئۇنىڭغا ناخشا ئېي- تىشنى ئۆگىتىدىغان ئاپوللونىڭ قېرى ئوغلى لىنوس بەك تەلەپچان ئۇستاز ئىدى . بىر قېتىم ئۇ بۇ بالىنى كايىپ ئۇرغاندا ، ئۇ قالون بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۇستازىنى ئۆلتۈرۈپ قويدى . ئادالەتچىلىكتە داڭقى چىققان سوتچى رادامانتىس ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىۋەت- تى ۋە ئۆزىنى قوغداش توغرىسىدا يېڭى قانۇن تۈزدى . لېكىن ، ئامفىترىئون بۇ كۈچلۈك ئوغلىنىڭ يەنە شۇنداق جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ ، ئۇنى مال بېقىشقا يېزىغا ئەۋەتىۋەتتى . ھېراك- لېس 18 ياشقا كىرگەندە ، پۈتۈن يۇنان بويىچە ئەڭ چىرايلىق ھەم ئەڭ قاۋۇل يىگىتكە ئايلاندى . كۆپ ئۆتمەي ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات يولىنى قانداق بېسىش توغرۇلۇق ئويلىنىش ئۈچۈن ، مال بېقىۋاتقان جايدىن ئايرىلدى .

بىر قېتىم ئۇ جىم ئولتۇرۇپ ئويلاۋاتاتتى . ئىككى ياش ئايالنىڭ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئالدىدا ماڭغان ئايال چىراي- لىق ، ئېسىلزادە ۋە نازاكەتلىك ئىدى ، ئۇچىسىغا ئاپئاق ئۇزۇن كىيىم كىيگەنىدى . كەينىدىكى ئايال ھۆسن - جامالى تارتىملىق ، ئاق بەدىنىگە خۇش پۇراق ئەتىر چاچقانىدى . قارىماققا ئۆزىنىڭ ھەقى- قىي بوي - تۇرقىدىن ئېگىزرەك كۆرۈنەتتى . ئالدىدىكى ئايال بەخىرا-

مان مېڭىپ كېلىۋاتاتتى . لېكىن ، كەينىدىكى ئايال ئالدىراپ ئالدىغا ئۆتۈپ بۇ ياش يىگىتكە سۆز تاشلىدى :

— هېراكلېس ، سەن تېخى قايسى يولدا مېڭىش توغرۇلۇق بىر قارارغا كېلەلمىگەن ئوخشايسەن ، ئەگەر سەن مېنى ئۆزۈڭگە دوست قىلساڭ ، مەن سېنى ئەڭ تۈز هەم ئەڭ ئارامبەخش يولغا باشلايمەن . سەن جاپا تارتمايلا باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە ئېرىشىسەن ، — دېدى .

هېراكلېس قىزىقتۇرۇلغان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، ئەجەبلەنگەن هالدا ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىدى .

— دوستلىرىم مېنى «بەخت» دەيدۇ ، دۈشمەنلىرىم مېنى هاقا-رەتلەپ ، ماڭا «چۈشكۈنلەشكەن هۇزۇر - هالاۋەت» دەپ بىر ئات قويۇشۇۋالغان ، — دەپ جاۋاب بەردى .

بۇ چاغدا ئالدىدا مېڭىپ كەلگەن ئايال ئالدىغا ئۆتۈپ :

— مېنىڭ ئىسمىم «پەزىلەت» . مەن سېنىڭ ئاتا - ئاناڭنى ، تالانتىڭنى ۋە سېنىڭ ياخشى تەربىيە ئالغانلىقىڭنى بىلىمەن . مەن ئىشىنىمەن ، سەن مەن كۆرسەتكەن يولنى تاللىساڭ ، بارلىق ئالىيجا-ناب ۋە ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ تەڭداشسىز قەهرىمانىغا ئايلىنىسەن ، — دېدى . ئۇ يەنە ، — سەن شۇنى چۈشەنگىنكى ، جاپا چەكمىگەن ئىنسان هېچقانداق ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەيدۇ . دوستلىرىڭ مېنى ياخشى كۆرسۇن دېسەڭ ، ئۇلارغا ياردەم قىلىشىڭ ، پۈتۈن يۇنان مېنىڭ پەزىلىتىمنى ماختىسۇن دېسەڭ ، سەن پۈتكۈل يۇنان ئۈچۈن ئىشلىشىڭ كېرەك . سەن ئەمگەك ۋە كۈرەش ئارقىلىقلا قەتئىي بولالايسەن ، — دېدى .

«هۇزۇر - هالاۋەت» «پەزىلەت» نىڭ گېپىنى ئارىچىلاپ :

— هېراكلېس ، ئاڭلاپ تۇردۇڭ ، بۇ نېمىدېگەن ئۇزۇن جەبىر-جاپالىق يول ! — دېدى .

«پەزىلەت» هېراكلېسقا :

— بۇ بىچارە مەخلۇق هەقىقىي خۇشاللىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ . ئۇ ياشلارنى كەيپ - ساپاغا ، قىرىغاندا جەبىر - جاپا چېكىشكە ، ئۆتكەن تۇرمۇشىدىن نومۇس قىلىشقا يېتەكلەيدۇ ، —

دېدى . «پەزىلەت» يەنە ، — مەن تىنچلىقنىڭ ھەقىقىي قوللىغۇچى-
سى ، ئۇرۇش ۋاقتىدا سادىق ئىتتىپاقچىسى ، دوستلۇقنىڭ ئەڭ سا-
دىق ھەمراھى . ئۆمرى ئاخىرلاشقاندا ، ئۇلارنىڭ نامى ئادەمزات ئارد-
سىدا قالىدۇ . ھېراكلېس ، سەن مۇشۇنداق يولنى تاللا ! بەختلىك
تەقدىر ساڭا تەئەللۇق بولىدۇ ، — دېدى .

خام خىياللار يوقالدى . ئۇ «پەزىلەت» كۆرسەتكەن يولغا مېڭ-
شىنى قارار قىلدى . شۇ چاغلاردا يۇنان ئورمان ۋە سازلىقلار بىلەن
قاپلانغان جاي ئىدى . يىرتقۇچ ھايۋانلار ھەممە يەردە قوتراپ يۈرۈشەت-
تى . بۇ غەلىتە مەخلۇقلارنى يوقىتىش ، قاراقچىلارنى سۈر - توقاي
قىلىش قەدىمكى قەھرىمانلارنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانى ئىدى . ھېراكلېس
خەلقنىڭ بەختىنى كۆزلەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلىدى . ئۇ
دۆلىتىگە قايتىپ ، بىر دەھشەتلىك شىرنىڭ كىتەيرون تېغىدا يوشۇ-
رۇنۇپ ياتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى . پادىشاھ ئامفېترىئوننىڭ تاغنىڭ
باغرىدا ئوتلاپ يۈرگەن قوي پادىلىرى پات - پاتلا ئاشۇ شىرنىڭ
ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتى . ھېراكلېس قوراللىنىپ تاغقا چىقىپ ،
شىرنى ئۆلتۈرۈپ تېرىسىنى يېپىنچا قىلىپ يەلكىسىگە ئارتىۋالدى .
يوغان باش سۆڭەكنى دۇبۇلغا قىلىپ بېشىغا كىيىۋالدى . ئۇ زەپەر
قۇچۇپ قايتىپ كېلىۋېتىپ ، مىنىئاس پادىشاھى ئېرىنگىنوسنىڭ
ئەلچىلىرىگە ئۇچراپ قالدى . بۇ ئەلچىلەر تېبەي خەلقىدىن يىلدا بىر
قېتىم ئالىدىغان ئىزا - ئاھانەتلىك سوۋغاتلارنى يىغىۋېلىشقا كەلگەنىد-
دى . ھېراكلېس ئۆزىنىڭ بارلىق ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ ھامىيسى
ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى . ئۇ ئەلچىلەرنى تېزدىن بىر تەرەپ قى-
لىپ ، ئۇلارنى تېبەي پادىشاھى كىرئونغا تاپشۇرۇپ بەردى . ئېرىگى-
نوس لەشكەر باشلاپ ئەسىرلەرنى ئالغىلى كەلدى . ھېراكلېس باتۇر-
لۇق بىلەن بىر قىسىم ياشلارنى تەشكىللەپ ياۋغا زەربە بەردى .
دۈشمەنلەر قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ مەغلۇپ بولدى . ھېراكلېس لەش-
كەرلىرىنى باشلاپ ، دۈشمەنلەرنى چاپ - چاپ قىلغان پېتى ئوردىسىغا
بېسىپ كىردى . ئۇنىڭ بۇ تەڭداشسىز تۆھپىسىگە پۈتكۈل يۇنان
خەلقى مەدھىيە ئوقۇدى . كىرئون ئۇنىڭغا قىزىنى بەردى . تەڭرىلەر-

مۇ ئۇنىڭغا قىممەتلىك سوۋغىلارنى تەقدىم قىلىشتى.

ھېراكلېس ئۇزاق ئۆتمەيلا تەڭرىلەرنىڭ قىممەتلىك سوۋغىلىرىغا جاۋاب قايتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. يەر تەڭرىچىسى گەييا چىرايى سۈرۈن، ساقاللىق ۋە ئۇزۇن چاچلىق، ئەجدىھا قۇيرۇقىنى پۇت قىلىپ ماڭىدىغان بىرمۇنچە گىگانت ئادەملەرنى تۇغدى. ئانىسى ئۇلارنى دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى — زېۋسقا قارشى چىقىشقا قۇتراتتى. چۈنكى، زېۋس ئۇنىڭ بىر قىسىم ئوغۇللىرىنى تارلوسقا سۈرگۈن قىلغانىدى. ئۇلار زېمىندا خالىغىنىچە توقۇنۇشلارنى پەيدا قىلدى. ئۇلارنى كۆرۈش بىلەنلا بارلىق يۇلتۇزلارنىڭ رەڭگى ئۆچتى. قۇياش تەڭرىسى ئاپوللومۇ قۇياش هارۋىسىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى.

— بېرىڭلار، — دېدى يەر ئانىسى ئۇلارغا، — سۈرگۈن قىلىنىدىغان تەڭرىلەر ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىڭلار، بىر بۇركۈت پىرومېتېئوسنى چوقۇپ يېمەكتە. بىر يوغان قۇش تىتىئاسنىڭ تىنىماي چوقۇماقتا …… — ئۇ يەنە ئوغۇللىرىنى، — ئېگىز تاغلارغا يامىشىپ يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان ئاسمان سارىيىغا چىقىڭلار. ئاركوئانوس، سەن زېۋسنىڭ قولىدىن ئىلاھىي ھاسا بىلەن چاقماقنى تارتىۋال! ئىنكلادوس، سەن پوسېيدوننى دېڭىز - ئوكيانلاردىن قوغلىۋەت! روتوس، ئاپوللونىڭ قولىدىن تىزگىنلەرنى تارتىۋال! سەن، پورفىلىئون دېلفى مۇنبىرىنى تارتىۋال! — دەپ بۇيرۇدى.

گىگانتلار گويا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پوسېيدون بىلەن ئارىسنى ھەيدىگەن پېتى غالىبىيەت پاراتىدىن ئۆتۈۋاتقاندەك ياكى ئاپوللونى چېچىدىن سۆرەپ كېلىۋاتقاندەك چۇقان كۆتۈرۈشتى. ئۇلاردىن بىرسى ئافرودىتىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپمۇ بولدى. يەنە بىرسى ئارتېمىسقا ئۆيلەنمەكچى بولدى. تەڭرى ۋە مۇئەككىللەرنىڭ ئەلچىسى ئېرىس ئاسماندا ۋە دەريا - ئېقىنلاردا تۇرۇۋاتقان بارلىق تەڭرى ۋە مالائىكىلەرنى بۇيرۇققا بىنائەن يىغىپ كەلدى. ئۇلار ئولېمپىس تېغىغا توپلاندى. تەڭرى ۋە مالائىكىلەرنىڭ ھەممىسى تەڭرىلەرنىڭ پېشىۋاسىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشتى.

— قاراڭلار، گەييا ئۆزىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇللىرىنى ئەۋە-

تىپ بىزگە قارشى چىقىشىۋاتىدۇ ، — دېدى زېۋس ، — بىزگە قارشى ئەۋەتكەن ھەربىر بالىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىردىن جەسەت قايتۇرۇڭ-لار . تەڭرىلەر پېشىۋاسى سۆزىنى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا ، ئاسماندا چاقماق چېقىلدى ، گەييا بۇنىڭغا قاتتىق يەر تەۋرىتىش بىلەن جاۋاب قايتۇردى . پۈتۈن كائىنات بۇرۇقتۇرمىلىققا چۆمدى . ھەممە نەرسە ئالەم يارىتىلغان چاغدىكى قىياپەتكە كىردى . چۈنكى ، گىگانتلار تاغ-لارنى قومۇرۇپ ئېلىشقانىدى . ئۇلار مۇشۇ تاغلاردىن ھاسىل بولغان ئاسمان - پەلەك پەلەمپەي بىلەن تەڭرىلەر ياشايدىغان يەرگە چىقىپ كەلدى - دە ، ئاجايىپ يوغان تاشلارنى ، يوغان - يوغان دەرەخلەرنى گويا بوران - چاپقۇندەك شىددەت بىلەن ئولىمپىس تېغىغا قارىتىپ ئاتقىلى تۇردى .

بىر ئىلاھىي بېشارەتتە تەڭرىلەر پەقەت ئادەمزات ياردەم بەرسىلا ، ئاندىن بۇ گىگانتلارنى ئۆلتۈرەلەيدۇ دېيىلگەنىدى . گەييا بۇنىڭدىن خەۋەردار ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ئۆز ئوغۇللىرىنى ئىنسان بالىسىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن بارلىق ئاماللارنى قىلدى . بۇ-نىڭ ئۈچۈن بىر دورا ئۆسۈملۈكى زۆرۈر ئىدى . زېۋس تاڭ ، قۇياش ۋە ئاي تەڭرىلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، نۇر چېچىشنى مەنئى قىلدى ۋە ئۆزى قاراڭغۇدا ھېلىقى دورا ئۆسۈملۈكىنى ئورۇپ كەتتى . ئافىنا ھېراكلېسنى چاقىرتىپ كېلىپ جەڭگە قاتناشتۇرۇشقا بۇيرۇق بەرى .

ئولىمپىس تېغىدا تەڭرىلەر ۋە مالائىكىلەر ئوتتەك قىزغىن جەڭ-گە چۈشۈپ كەتكەنىدى . ئۇرۇش تەڭرىسى ئارېس باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەن سېپىنىڭ ئىچكىرىسىگە بۆسۈپ كىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئال-تۇن قالقىنى ئوتتىنمۇ بەكرەك ۋاللىدايتتى . ئۇ يىلان تۇياقلىق بالورۇسنى چېپىپ تاشلىدى ۋە ھارۋىسىنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكۈ-زۈپ ، پۈت - قوللىرىنى يانجىۋەتتى . لېكىن ، بۇ گىگانت تاغدىن كېلىۋاتقان ئادەمزات ھېراكلېسنى كۆرۈپ ئاندىن ئۆلدى . ھېراكلېس جەڭ مەيدانىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ ، ئاركوئانوسقا قارىتىپ ئوق ئاتتى . يەر چىشلىگەن ئاركوئانوسنىڭ بەدىنى يەرگە تېگىشى بىلەنلا

ئۇنىڭغا يەنە جان كىردى . ئافېنانىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈۋالدى ، بۇ گىگانت جېنى چىقىپ ئۆلدى . گىگانت پورفىلون ھېراغا تېگىش قىلماقچى بولدى . لېكىن ، ئۇنىڭدا تەڭرى خانىشى ھېرانىڭ چىرايىنى كۆرۈش ئارزۇسى پەيدا بولدى . ئۇ ئەمدى ھېرانىڭ چۈمبىلىنى قايرىپ قارىماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا ، زېۋس بىر چاقماق بىلەن ئۇنى ئۆرۈۋېتەتتى . ھېراكلېس ئاتقان ئوق گىگانت ئېفىئالتىسنىڭ ئوڭ كۆزىگە تەگدى . ئاپوللو ئۇنىڭ سول كۆزىگە بىر ئوق تەگكۈزدى . ئافېنا سىلجىيە ئارىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئېنىكلادوسنىڭ جېنىنى ئالدى . قالغان دۈشمەنلەرنى باشقا تەڭرى ۋە مالائىكىلەر ئۆلتۈردى . تەڭرى ۋە مالائىكىلەر بۇ يېرىم تەڭرى ۋە يېرىم ئىنسان قەھرىمانغا قايىل بولۇشتى . بۇ قەھرىمان شاراب تەڭرىسى بىلەن بىللە ئولىمپىسلىق دەپ ئاتالدى .

ھېراكلېس تۇغۇلۇشتىن ئاۋۋال ، زېۋس بىر قېتىملىق تەڭرىلەر يىغىلىشىدا پېرسۇس ئەۋلادىغا پېرسۇسنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغلى ھۆكۈمرانلىق قىلسۇن دەپ ئېلان قىلىپ قويغان ۋە بۇ شەرەپنى قەستەن ئۆزىنىڭ ئالكمېنېدىن بولغان بىر ئوغلىغا ئاتاپ قويغانىدى . ئەمما ، ھېرا بۇ ئىشقا تولىمۇ تارلىق قىلدى . شۇڭا ، ئۇ ئېۋرىستىئوسنى مۇددەتتىن بۇرۇن تۇغۇلدۇردى . شۇنداق قىلىپ ، ئېۋرىستىئوس ئارگاستىكى مىكىنەيىنىڭ پادىشاھى بولۇپ قالدى . ئۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلغان ھېراكلېس ئۇنىڭ پۇقراسى بولدى . پادىشاھ ئۇنىڭ نام قازىنىشىغا دىققەت قىلىپ كەلدى ۋە ئۇنى ھەرخىل قىيىن ئىشلارغا سالغىلى تۇردى . ھېراكلېس ئادەمزاتنىڭ خىزمەتكارى بولۇشنى راۋا كۆرمەيتتى . بىراق ، ئىلاھىي بېشارەتتە ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى كېرەكلىكى ئېيتىلغانىدى . زېۋسمۇ ئۆز بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشنى خالىمايتتى . شۇنداقتىمۇ زېۋس ھېراكلېسقا تەڭرىلەر ئېۋرىستىئوسنى ھېرانىڭ سۇيىقەستى بىلەن ئىگە بولۇۋالغان ھۆكۈمرانلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ ، سەن ئېۋرىستىئوس ساڭا تاپشۇرغان 12 ئىشنى ئورۇنلىشىڭ لازىم ، شۇندىلا سەن تەڭرىلىككە كۆتۈرۈلىسەن دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى .

ئۆزىدىن پەس بىر ئادەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ھېراكلېسقا ئېغىر كەلدى . بۇ ئىش ئۇنىڭ غورۇرىغا تەگدى . لېكىن ، ئۇ زېۋىس-نىڭ ئىرادىسىگە مۇناسىپ ئىش قىلمىسا بولمايتتى . ھېرا ھېراك-لېسقا يەنىلا ئۆچمەنلىك قىلاتتى . ھېرا پەرىشان يۈرگەن ھېراكلېسنى قۇترىتىپ ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ جىيەنى ئىئولاۋۇسنى ئۆلتۈرگۈزمەكچى بولدى . ئەڭ ئاخىرىدا ھېراكلېس مىگارا تۇغۇپ بەرگەن ئۆز باللىرى-نى ئېتىپ ئۆلتۈردى . ئۇ خاتالىقىنى سەزگەندىن كېيىن قاتتىق ھەسرەت چەكتى . ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت بىر ئۆيگە سولىنىپ ياتتى ، ھەرقانداق كىشى بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى . قايغۇ - ھەسرىتى بىر ئاز يېنىكلىگەندىن كېيىن ، پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىش قارا-رىغا كەلدى .

پادىشاھ ھېراكلېسقا تاپشۇرغان بىرىنچى ئىش نېميا شىرىنىڭ تېرىسىنى ئەكېلىپ بېرىش بولدى . بۇ شىر ئارگالىس دېگەن جايدىكى پېلونىسسادا ياشايتتى . كىلئونى بىلەن نېميا ئارىلىقىدىكى بىر جاڭ-گالدا ھەرىكەت قىلاتتى . بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ شىر گىگانت ئادەم تېفون بىلەن زور يىلان ئېكىدنادىنىڭ ئوغلى ئىمىش . بۇ شىرنى ئادەمزات دۇنياسىدىكى قوراللار بىلەن ئۆلتۈرگىلى بولمايتتى .

ھېراكلېس دۇمبىسىگە ساداقنى ئاستى . بىر قولىغا ئوقيانى ئالدى ، بىر قولىغا كالتەكنى ئېلىپ جاڭگالغا كىردى . ئۇ شىرنى كۆرگەن زامان ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىش مەقسىتىدە ھوشيارلىق بىلەن ئايلىنىپ يۈردى . قاراڭغۇ چۈشتى ، ئوۋ ئوۋلاپ تويۇنغان شىر ئاستا مېڭىپ ئورمانلىققا كىردى . ئۇ تىرناق ۋە ئاغزىنىڭ چۆرىسىدىكى قانلارنى توختىماستىن يالايتتى . ھېراكلېس ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ دەرھال بىر دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ، ئوقياسىنى كېرىپ شىرنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىنى كۈتتى .

شىرغا قارىتىلىپ كۈچەپ ئېتىلغان بىرىنچى ئوق تاشقا تەگكەن-دەك قاڭقىپ كەينىگە يېنىپ ، بىر چىملىققا كېلىپ چۈشتى . تويۇق-سىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغان شىر قان تېمىپ تۇرغان ئاغزىنى يوغان ئېچىپ دۈشمەننى ئىزدىگەندەك ئەتراپقا قارىدى . ھېراكلېس شىرنىڭ

كۆكرىكىنى چەنلەپ ئىككىنچى پاي ئوقنى ئاتتى. بۇ قېتىم ئاتقان ئوق شىرنىڭ تېرىسىنى ئازراق زەخىملەندۈردى. ھېراكلېس ئۈچىنچى پاي ئوقنى بەتلەۋاتقاندا، ۋەھشىي شىر ئۇنى بايقاپ قالدى-دە، دۈمبىسىنى يادەك ئېگىپ، ھۆركىرىگەن پېتى دۈشمىنىگە ئېتىلدى. ھېراكلېس قولىدىكى ئوقياسىنى ئالدىراش تاشلاپ، كالتەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شىرنىڭ كاللىسىغا بىرنى قويدى، شىر يىقىلدى. لېكىن، شىر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شىر ئېتىلىپ بولغۇچە، ھېراكلېس شىرغا ئېتىلدى. ئۇ شىرنىڭ كەينىدىن كېلىپ بوينىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈردى. ھېراكلېس بارلىق ئاماللار بىلەن شىرنىڭ تېرىسىنى سويۇپ ئېلىشقا كىرىشتى. شىرنىڭ يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى ئېڭەكلىرىدىن ئۆزىگە دۇبۇلغا ياسىدى. ئاندىن قوراللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، نېميا شىرنىڭ تېرىسىنى يەلكىسىگە ئارتىپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ماڭدى. ئېۋرىستىئوس ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق شىر تېرىسىنى يەلكىسىگە ئارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىلاھىي كۈچ-قۇدرىتىدىن قورقۇپ كىرپىدەك تۈگۈلۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھېراكلېس بىلەن كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماي، بۇ يېرىم تەڭرىگە بۇيرۇقلىرىنى باشقىلار ئارقىلىق يەتكۈزىدىغان بولدى.

ھېراكلېس قىلغان ئىككىنچى ئىش ھىدرانى ئۆلتۈرۈش بولدى. ھىدرامۇ تېفون بىلەن ئىكىدنانىڭ بالىسى ئىدى. ئۇ بەدىنى ئاجايىپ زور، توققۇز باشلىق يوغان يىلان ئىدى. ئارىسىدىكى بىر باشنى كېسىپ ئۆلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يىلان لېرنا سازلىقىدا چوڭ بولغانىدى، ھەمىشە قىرغاقتا چىقىپ مال-ۋارانلارنى يالماپ يەپ، ئېتىزلىقلارنى چەيلەپ كېتەتتى. ھېراكلېس تەييارلىقنى تولۇق قىلىپ، هارۋىنى بىر نەۋرە ئىنىسى ئىئالوسقا ھەيدىتىپ يولغا چىقتى. ئۇلار هارۋا بىلەن لېرناغا يېتىپ كەلدى. ھېراكلېس ئوقيا ئېتىپ يىلاننى ئۇۋىسىدىن قوغلاپ چىقاردى. يىلان ئېتىلىپ كەلگۈچە، ھېراكلېس يىلاننىڭ بىرنەچچە بېشىنى تۇتۇۋالدى. ئاخىر ھېراكلېس يىلاننى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى. يىلاننىڭ زەھىرىگە بارلىق

ئوقلىرىنى چىلاپ سوغۇرۇۋالدى .

ئېۋرستىئوس ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئۈچىنچى ئىش كېرىنيا تېغىدىكى قىزىل مارالنى تىرىك تۇتۇپ كېلىش بولدى . بۇ مارال ئاركادىيەدىكى بىر تاغدا ياشايتتى . بۇ ئارتېمىس ئەڭ ئاۋۋال ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلىدىغان بەش بۇغىنىڭ بىرى ئىدى . تەقدىر تەڭرىسى ھېراكلېسنىڭ مۇشۇ مارالنى قوغلاپ بېرىپ ھالىدىن كېتىشىنى بۇرۇنلا بەلگىلەپ بولغانىدى . ھېراكلېس بۇ مارالنى توپتوغرا بىر يىل قوغلاپ يۈردى . ئۇ بۇ مارالنى ئارتېمىس تېغىدىكى لوتون دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا قوغلاپ يەتتى ۋە پۇتىغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ ، مارالنى تۇتۇۋالدى ، ئۇ مارالنى كۆتۈرۈپ ، ئاركادىيادىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، تەڭرىچە ئارتېمىس ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى ئاپوللوغا يولۇقتى . ھېراكلېس ئىشىنىڭ سەۋەبىنى ئىككىسىگە ئېيتتى . ئۇلار ئۇنىڭ مىكىنەيگە قايتىشىغا ئىجازەت بەردى .

ھېراكلېس دەرھال تۆتىنچى ئىشنى قوبۇل قىلدى . بۇ ئېرىمەنتوس تېغىدىكى قاۋاننى زىيان - زەخمەتسىز تۇتۇپ كېلىش ئىدى . بۇ شۇ ئەتراپتىكى جايلارنى پاراكەندە قىلىۋاتقان قاۋان ئىدى .

ھېراكلېس تاغ يولىدا كېتىۋېتىپ ، فولوسقا ئۇچراپ قالدى ، فولوس ھەممە ئات ئادەملەرگە ئوخشاش يېرىم ئات ، يېرىم ئادەم ئىدى . ئۇ ھېراكلېسقا گەمىدە بىر كۆپ ئېسىل شاراب بارلىقىنى ، بۇنىڭ پۈتكۈل ئات ئادەملەرنىڭ ئورتاق مۈلكى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . فولوس ھېراكلېسنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئۇنى گەمىگە باشلاپ كەلدى . شاراب كۆپىنى ئېچىش بىلەنلا ، شارابنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئات ئادەملەرنىڭ بۇرنىغا يېتىپ باردى . ئۇلار قوللىرىغا تاش ياكى كالتەك ئېلىپ ، گەمىنىڭ ئالدىغا كېلىشتى . ھېراكلېس گەمىگە باستۇرۇپ كەلگەن ئات ئادەملەرنى ئۇرغان پېتى قوغلاپ چىقىرىپ ، ئاندىن ئوقياسىدىن ئوق ئۈزۈپ ئۇلارنى قەدىناس دوستى كېرو ياشايدىغان مالىيا يېرىم ئارىلىغىچە قوغلاپ باردى . ھېراكلېس ئۇلارغا بىر ئوق ئېتىۋىدى ، ئوق ئويلىمىغاندا كېرونىڭ تىزىغا تەگدى . بۇ چاغدا ھېراكلېس بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ باللىق چاغلىرىدىكى دوستى كېرو

ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ كېرونى قۇچاقلىدى. كې-رونىڭ يارىسىنى ساقايتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئوقيا-نىڭ ئۇچى ھېدرانىڭ زەھەرلىك قېنى بىلەن سۇغۇرۇلغانىدى. ھې-راكلېس جەھەننەم تەڭرىسىنىڭ كېرونى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىنى ئۆتۈن-دى. فولوس زەھەرلىك ئوقنى قولىغا ئېلىپ ئويلىنىپ تۇرغاندا، ئوق قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ پۇتىغا قادىلىپ قېلىپ جان بەردى. ھېراكلېس قاتتىق قايغۇردى، ئۇ قاۋاننى سالما تاشلاپ تۇتۇپ، مىكە-نەيگە قايتتى.

ئېۋرستىئوس ئۇنى بەشىنچى ئىشقا بۇيرۇدى: ئۇنىڭغا ئاۋگىس-نىڭ ئېغىلىنى بىر كۈندە تازىلاپ بولۇش تاپشۇرۇلدى. ئاۋگىس سان-ساناقسىز كالا باقفانىدى. كالىلىرى ئالامەت يوغان قوتاندا تۇراتتى، ئۇزاقتىن بۇيان ئېرىغدالمىغاچقا، كالا تېزەكلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى.

بۇ بىر ياقتىن ھاقارەتلىك ئىش بولسا، يەنە بىر ياقتىن ئورۇن-لاش مۇمكىن ئەمەس بىر ئىش ئىدى. ھېراكلېس ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ خىزمەتنى قىلىدىغانلىقىنى ئاۋگىسقا دېمىدى. ئاۋگىس ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قىلىشىغا چوڭراق ئىنئام تەمە قىلغانلىقى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. ئۇ ھېراكلېسقا:

— ئەگەر راستىنلا بىر كۈن ئىچىدە مۇشۇ تېزەكلەرنى تازىلاپ بولىدىغان بولساڭ، مەن ئۆز كالىلىرىمنىڭ ئوندىن بىرىنى ساڭا بېرىۋېتىمەن، — دېدى ۋە ئۆز ئوغلىنى گۇۋاھلىققا تارتتى.

ئاۋگىس ھېراكلېسقا ئەمگەك قورallىرىنى تەييار قىلدى. ھې-راكلېس ئېغىلنىڭ بىر چېتىدىن بىر ئېرىقچە چېپىپ، يېقىن ئارد-لىقتىكى ئارپوس دەرياسى بىلەن فىنئاس دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئېرىق-چىنىڭ بىر بېشىدىن كىرگۈزۈپ، يەنە بىر بېشىدىن چىقىرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇ تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن تېزەكنى بىردەمدىلا ئېقىتىپ چىقىرىپ بولدى. ھېراكلېس مۇشۇ يول بىلەن ھاقارەتلىك بۇيرۇقنى ئورۇنلاپ ئۆزىنىڭ ئىززىتىگە قىلچە تەسىر يەتكۈزمىدى. لېكىن، ئاۋگىس ئۇنىڭ ئېۋرستىئوسنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ ئىشنى

قىلغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ، زور ئىنئام بېرىش بۇياقتا تۇرسۇن ،
ئۆزىنىڭ ۋەدىسىدىنمۇ تېنىۋالدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇئىشنى سوتنىڭ
بىر تەرەپ قىلىشىغا ماقۇل بولدى . قىلىئوس سوتقا چىقىپ ، ئاتىسى-
نىڭ ھېراكلېسقا ۋەدە بەرگەنلىكىنى ئېيتتى . ئىزاغا چىدىمىغان
ئاۋگىس ئوغلى بىلەن ھېراكلېسنى مەملىكىتىدىن چىقىپ كېتىشنى
بۇيرۇدى .

ھېراكلېس ئىۋرىستىئوس تاپشۇرغان ئالتىنچى ئىشنى قوبۇل
قىلدى : ئۇ بولسىمۇ ستىنفالوس كۆلىدىكى غەلىتە قۇشنى قوغلىۋې-
تىش ئىدى . ئۇ لەگلەككە ئوخشاش يوغان قۇش بولۇپ ، گۆش
يەيتتى . قاناتلىرى ، تۇمشۇقى ۋە تىرناقلىرى تۆمۈر ئىدى . ئۇلار
خۇددى ئوقيا ئوقلىرىنى ئاتقاندەك ئۆز پەيلىرىنى يەرگە ئاتاتتى ،
نۇرغۇن ئادەملەر ۋە چارۋا مال‌لار بۇ قۇشلارنىڭ زىيان - زەخمەت
يەتكۈزۈشىگە ئۇچراپ كەلمەكتە ئىدى . ھېراكلېس بۇ بىر توپ دۈش-
مەننى قانداق بويسۇندۇرۇش ھەققىدە ئويلىنىپ تۇرغاندا ، بىراۋنىڭ
توساتتىن ئۆز يەلكىسىنى قېقىۋالغانلىقىنى سەزدى ، ئەسلىدە ئافىنا
ئۇنىڭغا بىر جۈپ مىس غوڭغۇلداپ ئەكېلىپ بەرگىلى كەلگەنىدى ھەم
بۇ غوڭغۇلداقلارنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويدى .
شۇنىڭ بىلەن ھېراكلېس بىر تۆپىلىككە چىقىپ ، غوڭغۇلداقلارنى كۈچ
بىلەن ئايلاندۇردى . قۇشلار قۇلاقنى زىڭىلدىتىدىغان ئاۋازغا چىداپ
تۇرالماي ، دەرەخزارلىقتىن ئۇركۈپ چىقىشتى . ھېراكلېس ئوقيانى
بەتلەپ قۇشلارنى بىر - بىرلەپ ئېتىپ چۈشۈردى .

ھېراكلېسقا تاپشۇرۇلغان يەتتىنچى ئىش : كىرىت ئارىلىدىكى
ياۋايى بۇقىنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇنى ئىۋرىستىئوسقا تەقدىم قىلىش
ئىدى . كىرىت پادىشاھى مىنوس چوڭقۇر دېڭىزدىن ئەڭ ئاۋۋال
چىققان ھەرقانداق نەرسىنى پوسېيدونغا نەزىر قىلىمەن دەپ ۋەدە
بەرگەنىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ قارىشىچە ئۇنىڭغا قاراشلىق زېمىندىكى
ھەرقانداق نەرسە بۇنداق ئۇلۇغ تەڭرىگە تەقدىم قىلىشقا لايىق ئەمەس
ئىدى . دېڭىز تەڭرىسى ئۇنىڭغا ناھايىتى چىرايلىق بىر بۇقىنى چىقى-
رىپ بەردى . مىنوس بۇ بۇقىنى بەك ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ، بۇنىڭ

ئورنىغا باشقا بىر بۇقىنى دېڭىز تەڭرىسىگە نەزىر قىلدى. بۇنىڭغا دېڭىز تەڭرىسى بەك ئاچچىقلاندى-دە، ھېلىقى چىرايلىق بۇقىنى قۇترىتىپ تەلۋە قىلىۋەتتى. بۇ بۇقا كىرىت ئارىلىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى. مىنوس ھېراكلېسنىڭ كېلىش مەقسىتىنى بىلىپ ئاجايىپ خۇرسەن بولدى. ھېراكلېسنىڭ بۇ خىزمەتنى ئورۇنلىشىغا ياردەملەشتى. ھېراكلېس ھېلىقى بۇقىنى شۇنداق ياۋاش قىلىۋەتتى. ئۇ بۇ بۇقىنى ئېۋرىستىئوسقا تەقدىم قىلدى. پادىشاھ بۇ بۇقىنى يەنە قويۇپ بەردى. ھېراكلېس ئاجايىپ كۈچ سەرپ قىلىپ بۇ بۇقىنى يەنە بويسۇندۇردى.

ھېراكلېسنىڭ قىلغان سەككىزىنچى ئىشى تىراكادىكى دىئامېدىسنىڭ بايتاللىرىنى مىكىنەيگە ئېلىپ كېلىش بولدى. دىئامېدىس ئۇرۇش تەڭرىسى ئارېسنىڭ ئوغلى، ئۇرۇشقاق بىستونىسلىقلارنىڭ پادىشاھى ئىدى. ئۇلارنىڭ بايتاللىرى قاۋۇل ھەم شاش ئىدىكى، بۇ بايتاللار بوغۇزىغا ئاداپ ئەمەس، مۇساپىرلارنىڭ گۆشىنى يەيتتى. ھېراكلېسنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قىلغان بىرىنچى ئىشى ۋەھشىي پادىشاھنى تۇتۇش، بايتاللارنى كۆندۈرۈش بولدى. بايتاللار كۆندۈرۈلۈپ ياۋاشلاپ كېتىشتى. لېكىن، بىستونىس خەلقى تولۇق قوراللانغان ھالدا، ئۇنى قوغلاپ كېلىپ قالدى. ھېراكلېس ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بايتاللارنى دوستى ئابدىروسقا تاپشۇردى، بايتاللار كونا خۇيى قوزغىلىپ، ئابدىروسنى يېۋەتتى. ھېراكلېس دوستىنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇردى. ئاخىر ئۇ بايتاللارنى قولىغا ئوبدان ئۆگىتىپ، ئامان-ئېسەن ئېۋرىستىئوسنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ بايتاللار بارا-بارا كۆپەيدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ماكېدونىيەلىك ئالېكساندىر مىنگەن ئات مۇشۇ بايتاللارنىڭ پۇشتىمىش. ھېراكلېس بۇ ۋەھشىي بايتاللارنى كۆندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ياسون ۋە ئارگو قەھرىمانلىرىغا قوشۇلۇپ ئالتۇن قوي يۇڭى ئېلىپ كېلىش سەپىرىگە قاتناشتى. لېكىن، ئۇ سەپەر ئۈستىدە سەپەرداشلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى.

ئۇزۇن سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بۇ يې-

ـرىم تەڭرى ئەزىمەت ئامازون ئاياللار مەملىكىتى بىلەن ئۇرۇش قىلـ
ـدى . ئايال پادىشاھ ھىپپولىتىنىڭ بەلبېغىنى تارتىۋېلىپ ، ئۇنى
ئېۋرىستىئوسقا تەقدىم قىلىش ئارقىلىق توققۇزىنچى ئىشنى تاماملىـ
ـدى . ئاياللار مەملىكىتىدە ئاياللار قىزلىرىنىلا بېقىپ چوڭ قىلاتتى .
ئايال پادىشاھ ھىپپولىت ئۆزىنى سۇرلۇك كۆرسىتىش ئۈچۈن ئارېس
ئۇنىڭغا بەرگەن بەلباغنى باغلاپ يۈرەتتى . ھېراكلېس ياردەمچىلىرى
بىلەن بىر چوڭ كېمىگە ئولتۇرۇپ تېمىرىسكولا لىمانىغا كىردى .
ھىپپولىت ئۇلارنى كۆرۈپ ،بۇ ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ كېلىشكەن قەددىـ
قامىتىدىن ھەيران قالدى ۋە بەلباغنى ئۇلارغا بەرمەكچى بولدى .
لېكىن ، ھېراكلېسقا ئۆچلۈك قىلىشتىن قىلچە يانمىغان ھېرا ئاماـ
زونلۇق قىياپىتىگە كىرىپ ، ياقا يۇرتلۇقلار ئايال پادىشاھىمىزنى
ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ دەپ ئىغۋا تارقاتتى .

شۇنىڭ بىلەن ئامازونلۇقلارنىڭ ھەممىسى جەڭ ئاتلىرىغا مىنىـ
ـشىپ ، شەھەر سىرتىدا تۇرۇۋاتقان ھېراكلېسقا تېگىش قىلدى . ئۆزـ
ئارا ئۇرۇش باشلاندى . ھېراكلېس ئۇلارنىڭ بىرمۇنچە سەركەردىلىرى
بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى . ھېراكلېس ئەڭ ئاۋۋال ئايال سەركەردە ئىللا
بىلەن جەڭگە چۈشتى . ئىللانىڭ ئىسمى قۇيۇن ئىدى . چۈنكى ، ئۇ
قۇيۇندەك تېز يۈگۈرەيتتى . ئەمما ، ھېراكلېس ئۇنىڭدىنمۇ تېز يۈگـ
ـرەيتتى . ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئىللانى قوغلاپ يېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى .
جەڭلەردە يېڭىلمەي كەلگەن پىروتوپمۇ ھېراكلېسنىڭ نەيزىسىدە جان
بەردى . ئۆمرۈمدە ئەرگە تەگمەيمەن دەپ قەسەم قىلغان ئاللىپپىمۇ
ھالاك بولدى . ئامازونلۇقلارنىڭ تەڭداشسىز داھىيسى مىلانىپپى
ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن ، باشقىلارنىڭ ھەممىسى پاتىپاراق بولۇپ
كېتىشتى . ھىپپولىت بەلبېغىنى ھېراكلېسقا تەقدىم قىلدى . مىلانىـ
ـپپىمۇ ئازادلىققا ئېرىشتى . ھېراكلېس قايتىش سەپىرىدە يەنە بىر
خەتەرلىك ئىشقا يولۇقتى . ئۇ ساھىبجامال بىر قىزنى ھاڭتاشقا باغلانـ
ـغان ھالەتتە كۆردى . بۇ قىز لائومىدۇننىڭ قىزى ھېسسىيون ئىدى .
ئۇ ئۆزىنى يەيدىغان دېڭىز دىۋىسىنى كۈتۈپ تۇراتتى .

دېڭىز تەڭرىسى پوسېيدون لەۋزىدە تۇرمىغان پادىشاھتىن ئىنتىـ

قام ئېلىش ئۈچۈن ، دېڭىز دۆۋسىنى تىروياني ۋەيران قىلىشقا ئەۋەتتى . لائومېدون ئامالىنىڭ يوقىدىن ئۆز ئېلىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن قىزىنى تەقدىم قىلغانىدى . لائومېدون قىزىمنى قۇتقۇزۇۋالساڭ ئەڭ ياخشى ئاتقا ئېرىشىسەن دەپ ھېراكلېسقا ۋەدە بەردى . ھېراكلېس كېمىنى توختىتىپ ، دېڭىز دۆۋسىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى . دېڭىز دۆۋسى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ بۇ قىزنى يۇتماقچى بولغان ئەسنادا ھېراكلېس بىر سەكرەپلا دۆۋنىڭ گېلىدىن كىرىپ ، ئۇنىڭ ئۈچەي-باغرىنى تىتما - تالاڭ قىلىۋەتتى - دە ، خۇددى يىرتقۇچ ئۆۋىسىدىن چىققاندەك ئۆمىلەپ دۆۋنىڭ گېلىدىن چىقتى . بىراق ، قىزى قۇتقۇزۇپ قېلىنغاندىن كېيىن ، لائومېدون يەنە بىر قېتىم ۋاپاسىزلىق قىلدى . ھېراكلېسقا ئۆزى ۋەدە قىلغان ئاتنى بەرمىدى .

ھېراكلېس ئايال پادىشاھ ھىپپولىتىنىڭ بەلبېغىنى ئەكەلگەندىن كېيىن ، ئېۋرىستېئوس ئۇنىڭغا يەنىلا ئارام بەرمىدى . ئۇ ھېراكلېسنى يەنە كېرىيوننىڭ كالىلىرىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى . كېرىيون ئېرتىيا ئارىلىدا ياشايدىغان بىر گىگانت ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ ئۈچ بېشى ۋە ئالتە قولى بار ئىدى . ھېچقانداق ئادەمزات ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا پېتىنالمايتتى . كېرىيوننىڭ ئاتىسى كىرىسسائور ناھايىتى باي پادىشاھ ئىدى . ئۇنىڭ كېرىيوندىن باشقا يەنە ئاجايىپ زور قامەتلىك ئۈچ ئوغلى بار ئىدى . ئۇلارنىڭ ھەربىرى جەڭگە ماھىر جەڭچىلەردىن تەشكىل تاپقان بىردىن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلاتتى . كېرىيون بۇ كالىلىرىنى بىر گىگانت ئادەم ۋە ئىككى باشلىق بىر ئىتنىڭ ياردىمىدە باقاتتى . ھېراكلېس بۇ خىزمەتنىڭ شۇ قەدەر جاپالىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . چۈنكى ، بۇگۈنكى كۈنگە قەدەر بىرەر ئادەمزات بالىسى كېرىيون بىلەن جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلغان ئەمەس ئىدى . ئېۋرىستېئوس بۇ قېتىمقى ئۇزۇن سەپەردە ، بۇ يېرىم تەڭرىنىڭ كىشىنى نەپرەتلەندۈرىدىغان ھاياتى ئاياغلاشسۇن دەپ ئۈمىد قىلاتتى .

ھېراكلېس ئىلگىرى نەچچە قېتىم خەتەرلىك ئىشلارنى قىلىپ كۆرگەچكە ، بۇ قېتىممۇ قورقۇپ قالمىدى . ئۇ ئالدى بىلەن بىرمۇنچە





قوشۇننى يىغىپ ۋە كېمىگە چۈشۈپ لىۋىيە قىرغىقىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى . بۇ يەردە ئۇ گىگانت ئانتوسنى ئۆلتۈردى . ئاندىن لىۋىيەدىكى يىرتقۇچ قۇشلارنى يوقاتتى . ئۇ يىرتقۇچ قۇشلارنى ۋە قەبىھ ئادەملەر-نى ئالامەت يامان كۆرەتتى . ھېراكلېس داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ، كادىرا قولتۇقىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قىرغاققا يېتىپ كەلدى . ئاتلانتىك ئوكيان-نىڭ قىرغىقىغا ئىككى تاش تۈۋرۈك سالدى . مانا بۇ ئاتاقلىق ھېراك-لېس تاش تۈۋرۈكى . ئوتتەك قىزىق كۈن ئۇنى كۆيدۈردى . ئۇ ئىسسىققا چىدىيالمىدى . ئۇ ئاسمانغا قاراپ ئوقيانى بەتلەپ قۇياش تەڭرىسىنى ئېتىپ چۈشۈرمەكچى بولدى . ئاپوللو ئۇنىڭ قورقماس ئىرادىسىدىن تەسىرلىنىپ ، ئۇنىڭغا بىر ئالتۇن قاچا بەردى . ئۇ بۇ ئالتۇن قاچىغا تايىنىپ ، ئىبىرىياغا باردى . بۇ يەردە ئۇ كىرىسسائور-نىڭ ئۈچ ئوغلى بىلەن تۇتۇشتى ، ئاخىر ئۇلارنى ئۆلتۈردى . ئۇلارنىڭ مەملىكىتىنى ئىستېلا قىلدى . ھېراكلېس ئېرتىياغا كەلدى . كېرى-يون ۋە ئۇلارنىڭ كالىلىرى مۇشۇ يەردە ئىدى . پادىچى گىگانت بىلەن قوش باشلىق ئىت ھېراكلېسقا ئېتىلىپ كەلدى . ئۇ قىلچە تەمتىرى-مەي قوش باشلىق ئىتنى بىر كالتەك بىلەنلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى . كەينىدىن پادىچى گىگانتنىمۇ ئۆلتۈردى . ئاندىن كالىلارنى ھەيدەپ بۇ يەردىن كېتىپ قالدى .

كېرىيون ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى . ھېرامۇ كېلىپ كېرىيونغا ھەمدەمدە بولدى . ھېراكلېس بىر ئوق بىلەن تەڭرى خانى-شىنى يارىلاندۇردى . شۇنىڭ بىلەن تەڭرى خانىشى قېچىپ كەتتى . ئىككىنچى ئوقى كېرىيوننىڭ قورسىقىغا تەگدى . بۇ گىگانت ئادەم-نىڭ ئەجەللىك يېرى ئىدى . گىگانت بىرنەچچە قېتىم دەلدەڭشىپ يەرگە يىقىلدى . ھېراكلېس كالىلارنى ھەيدەپ قايتتى . رىدىكمۇندىن ئۆتكەندە بىر كالىسى قېچىپ كەتتى . ھېراكلېس باشقا كالىلارنى ھەيدەپ سۇغا چۈشۈردى ، ئۆزى بىر كالىغا مىنىپ بېرىپ ، ھېلىقى كالىنى ياندۇرۇپ ئەكەلدى . ئۇ ئون ئىشنى تاماملىدى ، ئېۋرىستىئوس ئىككى ئىشنى ھېسابقا ئالمىغانلىقتىن ، ھېراكلېس يەنە ئىككى ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى .

ئېۋرستىئوس بۇ قېتىم ھېراكلېسقا ئېرەمباغدىن ئالتۇن ئالما-
نى ئەكېلىش ئىشىنى تاپشۇردى . ئەسلىي زېۋس بىلەن ھېرا تۇرمۇش
قۇرغاندا ، بارلىق تەڭرى ۋە تەڭرىچىلەر يېڭى توي قىلغان بۇ ئەر-
خوتۇنلارغا قىممەتلىك سوۋغىلارنى تەقدىم قىلغانىدى . گەييامۇ ئالىي-
جانابلىق قىلىپ ، دېڭىزنىڭ غەربىي تەرىپىدىن باراقسان بىر تۈپ
دەرەخنى ئېلىپ كەلگەنىدى . بۇ دەرەختە ئالتۇن ئالمىلار پىشىپ
تۇراتتى . كېچە تەڭرىسىنىڭ تۆت قىزى بۇ ئالما دەرىخى تىكىلگەن
ئېرەمباغقا قاراشقا تەيىنلەنگەنىدى . باغقا قاراشتا ئۇلارغا ھەممە دېۋە-
لەرنىڭ ئاتىسى فوركوس بىلەن يەر قىزى كېتودىن تۇغۇلغان يۈز
باشلىق ئەجدىھا لادون ياردەم قىلاتتى . ئۇ مەڭگۈ ئۇخلىمايتتى . يۈز
ئاغزىدىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان يۈز خىل ئاۋاز چىقىپ تۇرات-
تى . ھېراكلېس يىراق سەپەرگە راۋان بولدى . ئۇ ھېسپوروسنىڭ
قىزلىرىنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى .

ھېراكلېس گىگانت تېمېرىسنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇنىڭ بېشى
ھېراكلېسنىڭ بېشىغا تەگكەندە كۆكۈم - تالقان بولۇپ كەتتى . ھې-
راكلېس ئىكدوروس دەرياسىنىڭ بويىغا كەلدى . بۇ يەردە ئۇرۇش
تەڭرىسى ئارېس بىلەن پېرېننىڭ ئوغلى قەبىھ دېۋە كىكوسقا ئۇچراپ
قالدى . ھېراكلېس ئۇنىڭدىن كېچە تەڭرىسىنىڭ قىزلىرى تۇرىدىغان
ئېرەمباغقا بارىدىغان يولنى سورىغاندا ، ئۇ جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئۇنى
يەكمۇيەك جەڭگە چاقىردى . لېكىن ، ئۇ يېرىم تەڭرى ۋە يېرىم
ئادەمزات بۇ قەھرىماننىڭ تەڭدىشى ئەمەس ئىدى . بۇ چاغدا ئۇرۇش
تەڭرىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئوغلىنىڭ قىساسىنى ئالماقچى بولۇپ ،
ھېراكلېس بىلەن قاتتىق ئېلىشتى . زېۋس ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ بىر-
بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ يارىلىنىپ قېلىشىنى خالىمىغاچقا ، چاقماق
چاقتۇرۇپ ئۇلارنى ئاجرىتىۋەتتى ، ئاندىن ھېراكلېس ئىلمىيانى كې-
زىپ چىقتى . ئۇ پەرىزات قىزلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن دەريا
مۇئەككىلى نىروس تۇرۇشلۇق جاينى تېپىپ ، ئۇنى ئۇخلاپ ياتقاندا
بويسۇندۇرۇپ باغلىۋالدى . پەرىزات ئۆز ئادىتى بويىچە خىلمۇخىل
قىياپەتلەرگە كىرىپ كۆرگەن بولسىمۇ ، ئەمما تەڭرىنىڭ بۇ ئوغلى

ئۇنى زادىلا قويۇپ بەرمىدى . شۇنداق قىلىپ ، ھېراكلېس ئۇنىڭدىن ئالتۇن ئالمىلارنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېنىق سوراپ بىلىۋالدى . ئۇ لىۋىيەدىن مىسىرغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ھېراكلېس كافكاز تاغلىرى- غا بېرىپ ، جەبىر - جاپا چېكىۋاتقان پىرومىتىئوسنى بايقاپ قېلىپ ، ئىككىلەنمەستىن بۇ تىراگېدىيەلىك قەھرىماننى ئازاد قىلىۋەتتى . پىرومىتىئوس ئۇنىڭغا بارىدىغان جاينى ئېنىق كۆرسىتىپ قويدى . ھېراكلېس ئاتلاس ئاسماننى يەلكىسى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرغان جايغا باردى . يېقىن ئەتراپتا كېچە تەڭرىسىنىڭ قىزلىرى باراقسان بولۇپ ئۆسكەن ۋە شاخلىرى ئالتۇن ئالمىلارغا تولغان ئالما دەرىخى بار ئېرەمباغنى ساقلاپ ياتقانىدى . پىرومىتىئوس ھېراكلېسقا ئالمىنى ئەڭ ياخشىسى ئاتلاسقا ئۆزدۈرۈشنى ئېيتقانىدى ، ھېراكلېس ئاتلاسقا ئالتۇن ئالمىنى ئۈزۈپ يەنە ئەكېلىپ بەرسە ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئاسماننى يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى . ئاتلاس ئالتۇن ئالمىلارنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى - دە ، ئاسماننى يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ تۇرۇشنى خالىمىدى . ئۇ كۆڭلىدە : «ئىككى يەلكەم ئاجا- يىپ يېنىكلەپ قالدى ، — دېدى ، — ئەمدى ئازاب تارتقۇم يوق .» ئاتلاس ئالمىلارنى ھېراكلېسنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلاپ قويدى . ھېراكلېس ئۇنىڭغا :

— ئاسماننى مېنىڭ ئورنۇمدا سەن بىردەم كۆتۈرۈپ تۇر ، مەن بېشىمغا بىر ئارغامچا يۆگىۋالاي ، — دېدى ئاتلاس بۇنىڭ بىر ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلمەي ، ئېغىر يۈكنى قايتا ئۆز زىممىسىگە ئالدى .

ھېراكلېس يەردىن ئالتۇن ئالمىلارنى ئېلىپ ، ئاتلاستىن ئايرى- لىپ مىكىنەيگە قايتىپ كەلدى . ئېۋرستىئوس ھېراكلېسنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى ، ئېۋرستىئوس ئۇنى ئالتۇن ئالمىلارنى ئالغان چاغدا زور ئەجدىھا تەرىپىدىن ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ دەپ ئويلىغانىدى . لې- كىن ، ھېراكلېس ئۆلمەي قايتىپ كەلدى . ئېۋرستىئوس ئالتۇن ئالمىلارنى ھېراكلېسقا تەقدىم قىلدى . ھېراكلېس بۇ ئالتۇن ئالمى- لارنى ئافېنانىڭ مېھرابىغا تەقدىم قىلدى . ئافېنا بۇ ئالمىلارنىڭ باشقا جايدا تۇرۇشقا تېگىشلىك ئەمەسلىكىنى بىلگەنلىكتىن ، بۇ ئالمىلارنى

يەنە كېچە تەڭرىسىنىڭ قىزلىرى ساقلايدىغان ئېرەمباغقا ئاپىرىپ قويدى .

ئېۋرىستىئوس تۆرلۈك ئامالالارنى ئىشلىتىپ رەقىبىنى ئۆلتۈر-مەكچى بولغان بولسىمۇ ، ئەكسىچە تەقدىر تەڭرىچىسى بەلگىلەپ قوي-غان سەرگۈزەشتىلەر داۋامىدا ئۇنىڭ يەنىمۇ زور شەرەپلەرنى قازىنىشى-غا ياردەم بەردى . ھېراكلېس قىيىنچىلىقلارنى يەڭگۈچى پاراسەت ئىگىسى ۋە قەھرىمانغا ئايلاندى . ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق خەتەرلىك سەپەر كۈتۈپ تۇراتتى . ئېۋرىستىئوس بۇ قېتىم ھېراكلېسقا ئەرۋاھلار پادىشاھى خادېسنىڭ ئىشىكىنى باقىدىغان ئىتتى كېروبىروس-نى تۇتۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى . بۇ مەلئۇن ئىت ئۈچ باشلىق ئىدى . بېشىدىكى ۋە بەدىنىدىكى تۈكلىرىنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن زەھەرلىك يىلانلاردىن ئىبارەت ئىدى . ئۇزۇن قۇيرۇقى ئەجدىھانىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايتتى . ئۇ ئىلىوشىس شەھىرىگە كېلىپ ، ئات ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ، گۇناھىنى ساقىت قىلىش مۇراسىمىنى ئۆتىدى . كاھىن ئېۋمولپوس ئۇنىڭغا بىرمۇنچە سىرلىق ئەقىدىلەرنى ئۆگىتىپ قويدى . ھېراكلېستا جەھەننەم دەھ-شەتلىرىگە قارىتا ئاللىبۇرۇن روھىي تەييارلىق بار ئىدى . ئۇ پىروز-سادىكى تېنيارون شەھىرىگە كەلدى . تەڭرى ھېلمىس ئۇنى چوڭقۇر يەر ئاستى غارغا ئېلىپ چۈشتى .

ھېراكلېس پادىشاھ پولوتونىڭ تەختىگە كەلدى . ئەرۋاھلار شە-ھەر دەرۋازىسى ئالدىدا لاغايلاپ يۈرۈشەتتى . ئۇلار ئادەمزات گۆشى ۋە قېنى بار ئادەمنى كۆرۈشى بىلەن قېچىپ كېتىشەتتى . مېدوسانىڭ ئەرۋاھىلا ئۆزىنى چەتكە ئالمىدى . ھېراكلېس قىلىچىنى ئوينىتىپ مېدوسانى ئۆلتۈرۈشكە تەمشەلگەنىدى ، ھېلمىس ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇ-ۋېلىپ ، ئەرۋاھلارغا قىلىچ كار قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى . ھېراك-لېس ھېلئاگىرنىڭ ئەرۋاھى بىلەن مۇلايىم سۆزلەشتى ۋە ئۇنىڭ ئادەمزات دۇنياسىدىكى ھەدىسى ئىئانىلاغا ئۇنىڭدىن سالام ئېيتماقچى بولدى . ھېراكلېس خادېسنىڭ قاپقىسىغا يېقىنلاشقاندا ، تېسېئوسنىڭ ھەمراھلىقىدا جەھەننەمگە كىرىپ ، ئەرۋاھلار پادىشاھىنىڭ خوتۇنى

پېرسفونېغا مۇھەببەت ئىزھار قىلماقچى بولغان پىرىتوسنى كۆرۈپ قالدى .

پولوتو ئۇلارنىڭ جەھەننەمگە كىرىشتىكى مەقسىتىدىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ھالدا ، ئىككىسىنى يوغان بىر تاشقا زەنجىرلىۋەتكەنىدى . ئۇلار كونا دوستى ھېراكلېسنى كۆرۈپ ، خۇ- شال بولۇشۇپ ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى . ئىنسانلار دۇنياسىغا قايتىش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈشتى . ھېراكلېس تېسېئوس بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ، ئۇنى باغلاپ قويغان زەنجىرنى چېقىۋەتتى . پىرىتوسنىمۇ ئازاد قىلماقچى بولغاندا ، يەر قاتتىق تەۋرەپ كەتتى . ئۇنىڭغا ئالدىغا ماڭماي بولمىدى . ھېراكلېسقا پېرسفونېغا تۆھمەت قىلغان ئاسكالا- پوس ئۇچرىدى . ئاسكالاپوس خادېسنىڭ ئانارىنى ئوغرىلاپ يېدى دەپ پېرسفونېغا قارا چاپلىغان بولغاچقا ، ئۇ ئادەمزات دۇنياسىغا قايتىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىنغانىدى . جەھەننەم خانىشىنىڭ ئاتىسى دېموتىر ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ، ئاسكالاپوسنى يوغان بىر پارچە تاشقا باسۇرۇپ قويغانىدى . ھېراكلېس ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تاشنى ئېلىۋەت- تى . ئۇ ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كەتكەن ئەرۋاھلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقى- نى قاندۇرۇش ۋە يېمەكلىك بېرىش ئۈچۈن ، پولوتونىڭ كالىلىرىغا تېگىش قىلىپ ، ئارىسىدىن بىرىنى سويدى .

بۇ ئىشتىن پادىچى فېنوئىس تولىمۇ نارازى بولدى ، ئۇ ئەسەبىي- لىشىپ ھېراكلېسقا جەڭ ئېلان قىلىپ ، چېلىشماقچى بولدى . ھې- راكلېس ئۇنى بېلىدىن قۇچاقلىۋېلىپ ، شۇنداق قىستىكى ، ئۇنىڭ نەچچە تال قوۋۇرغىسى سۇنۇپ كەتتى . ۋاي - داد ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، پېرسفون كېلىپ سالا قىلدى . ھېراكلېس ئۇنى قويۇۋەتتى . ئۇ ئۆلۈكلەر شەھىرىنىڭ قاپقىسىغا كەلگەندە ، ئەرۋاھلار پادىشاھى پولوتو قاپقىدىن كىرىدىغان يولنى توسۇۋالدى . ھېراكلېس ئوقيانى بەتلەپ ئېتىۋىدى ، ئوق ئۇنىڭ مۈرىسىگە تەگدى . شۇنىڭ بىلەن ھېراكلېس مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭدىن جەھەننەم ئىتىنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۆتۈنگەندە ، ئۇ ھېراكلېسقا قۇرۇق قول بويسۇندۇرۇش ، قورال ئىشلەتمەسلىك شەرتىنى قويدى .

ھېراكلېس قوراللىرىنى تاشلاپ ، پەقەت ساۋۇت كىيىپ ، شىر تېرىسىنى يېپىنچاقلىغىنىچە بۇ ئاجايىپ مەخلۇقنى ئىزدەپ ماڭدى . بۇ ئىت ئاكارونىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا يېتىپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ھېراكلېسقا قاراپ قاۋىدى . ھېراكلېس ھېچنېمىگە پىسەنت قىلماي مېڭىۋەردى . ئۇ ئىتنىڭ ئۈچ كاللىسىنى چاترىقىغا قىسىۋېلىپ ، ئىككى قولى بىلەن بوينىنى قىستى . لېكىن ، بۇ مەلئۇن ئىت ئەجدى-ھانىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش قۇيرۇقى بىلەن ھېراكلېسنى تىنماي ئۇر-غىلى تۇردى . ئۇ ئىتنى گېلىدىن نەپەس ئالالمايدىغان بولۇپ قالغانغا قەدەر بوغدى ، ئىت ئاخىر بويسۇندۇرۇلدى . ھېراكلېس ئىتنى يېتى-لەپ ، باشقا بىر ئېغىزدىن ئامان - ئېسەن ئادەمزات دۇنياسىغا قايتىپ چىقتى ۋە ئېۋرستىئوسقا تەقدىم قىلدى . ئېۋرستىئوس كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى . زېۋسنىڭ بۇ ئەزىمەت ئوغلىنى يوقىتىشىنىڭ مۇم-كىن ئەمەسلىكىگە ئىشەندى . ئۇ ھېراكلېسنى بۇ قەبىھ ئىتنى جەھەن-نەمگە ئاپىرىپ ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى .

تالاي جاپا - مۇشەققەتلەردىن كېيىن ھېراكلېس ئېۋرستىئوسقا خىزمەت قىلىشتىن قۇتۇلۇپ ، تېبەي شەھىرىگە قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭ خوتۇنى مىگارا بىللە تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . چۈنكى ، ئۇ خوتۇنى تۇغقان بالىلىرىنى غالجىرلىق كېسىلى تۇتقاندا ، ئۆزى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى . ئۇ ئاكالىيە پادىشاھى ئېۋرستىئوسنىڭ ئە-ئولېنى ئىسىملىك ساھىبجامال بىر قىزى بارلىقىنى ئاڭلىدى . پادى-شاھ كىمدىكىم پادىشاھنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئوقيا ئېتىشتا مۇسابىقىلىشىپ ، مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقسا ، شۇ كىشىگە قىزىنى بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى . ھېراكلېس بالا ۋاقتىدا ئېۋرستىئوس ئۇنىڭغا ئوقيا ئېتىشنى ئۆگەتكەنىدى . ھېراكلېس مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ، مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقتى .

پادىشاھ ھېراكلېسنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى . لېكىن ، ئۇ ۋاقىتنى كەينىگە تارتىپ ۋەدىسىنى ئورۇنلىمىدى . چۈنكى ، پادىشاھ ھېراكلېسنى تونۇپ قالغان ، قىزىنىڭمۇ مىگارانىڭ تەقدىرىگە ئوخ-

شاش تەقدىرگە چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى . پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلى ئىفتوس ھېراكلېسنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ۋە قەھرىمانلىقىنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ماختاپ تۈگىتەلمەيتتى . ئاتىسىنىڭ قەلبىدە بۇ مۇساپىر يىگىت ياخشى تەسىرات پەيدا قىلىش ئۈچۈن بارلىق ئامالىلارنى قىلدى . ئۇ ناھايىتى تېزلا ھېراكلېس بىلەن ياخشى دوست بولۇپ قالدى .

رەت قىلىنىشقا ئۇچرىغان ھېراكلېس غەزەپلەنگەن پېتى ئوردىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، مۇتتەھەم ئاۋتولىكوس ئېۋرىتئوسنىڭ كالىلىرىنى ئوغرىلاپ كەتتى . پادىشاھ بۇ ئىشنى ھېراكلېستىن كۆردى ھەم ئۇنىڭغا تىل تەگكۈزدى . ئىفتوس كالىلارنى ۋە ھېراكلېسنى تېپىش ئۈچۈن شەخسەن ئۆزى يولغا چىقتى . لېكىن ، ھېراكلېسنىڭ غالجىرلىق كېسىلى تۇتۇپ كېتىپ ، پادىشاھنىڭ ئوغلىنى ئېگىز سېپىل ئۈستىدىن پەسكە چۆرۈۋەتتى .

ھېراكلېس ئۆزىنىڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ ، كۆڭلى قاتتىق پەرىشان بولدى ، ئۇ ئۆزى يالغۇز ئاكالىيەدىن ئايرىلىپ ، جاھان كېزىپ يۈردى . تىسالىيەنىڭ فىرەي شەھىرىدە پادىشاھ ئادمېتوس بىلەن ئۇنىڭ چىرايلىق خوتۇنى ئالكېستىس ياشايتتى . ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن سۆيۈملۈك بالىلىرى بار ئىدى . خەلقى ئۇلارنى ئاجايىپ ھۆرمەتلەيتتى . بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ، ئاپوللو كولكوپوسنى ئۆلتۈرۈپ قويغاندا ، زېۋس گۇناھىنى يۇغۇزۇش مەقسىتىدە ، ئۇنى ئادەمزاتقا خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەشكە مەجبۇر قىلغانىدى . شۇ چاغدا ئادمېتوس ئاپوللونى سەمىمىي قارشى ئېلىپ ، ئۇنىڭغا پادا باققۇزغانىدى . كېيىن زېۋس ئاپوللونىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلغاندا ، ئاپوللو ئادمېتوسنى ئۆزىنىڭ ئىلاھىي پاناھىغا ئالغانىدى . بەختكە قارشى ئادمېتوسنىڭ ھاياتى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇراتتى . بۇ ئىشنى ئالدىن بىلگەن ئاپوللو تەقدىر تەڭرىسىنى ئەگەر بىراۋ ئادمېتوس ئۈچۈن ئۆلۈپ جەھەننەمگە كىرىشكە رازى بولسا ، ئۇنى ئۆلۈمدىن قالدۇرۇشقا ماقۇل قىلىپ قويغانىدى . ئاندىن كېيىن ئاپوللو ئولىمپىس تېغىدىن چۈشۈپ ، ئىلگىرىكى غوجايىنى

ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنى ئۆلۈم سائىتىنىڭ يېتىپ كەلدى دەپ ئاگاھلاندۇ-
رۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئەزرائىلدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىپ قوي-
دى . ھەممە ئادەم ئۆزلىرىنىڭ خانىدانلىقىنىڭ تۇۋرۇكى بولغان بۇ
ياخشى ئەردىن ، شەپقەتلىك ئاتىسىدىن ، ھەممە خەلق ياخشى كۆرىدى-
غان ئادالەتلىك پادىشاھتىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىدىن ناھايىتى تېزلا
خەۋەر تاپتى .

بىراق ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۆلۈشنى خالايدىغان ئادەم چىقمىدى ،
ھەتتا پادىشاھنىڭ قېرى ئاتىسى پېرىس بىلەن قېرى ئانىسىمۇ ئەڭ
ئاخىرقى بىرنەچچە سائەتلىك ئۆمرىدىن ۋاز كېچىپ ئوغلىنى قۇتقۇ-
زۇشنى خالىمىدى . پەقەت ياش ۋە گۈزەل خانىش ئادمېتوسنىڭ خوتۇ-
نىلا ئېرىنىڭ ئورنىدا ئۆلۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى . ئۇ
بىرنەچچە بالىنىڭ ئانىسى ئىدى ، ھۆسنىگە تازا تولغانىدى ، ئېرىنى
ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن سۆيەتتى . پادىشاھنىڭ ئورنىدا
پىرسىنىڭ ئۆلۈشكە رازى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان جەھەننەم تەڭرىسى
دەرھال يېتىپ كەلدى . ئاپوللو شۇملۇق تەڭرىسى بىلەن بۇلغىنىپ
قېلىشنى خالىماي ، ئوردىدىن شامالدەك تېز چىقىپ كەتتى . ۋاپادار
ئالكېتىس ئۆزىنىڭ ئەجەل سائىتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ ،
ئۆزىنى ئەجەل پەرىشتىسىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇشقا تەييارلاندى .
ئالدى بىلەن پاك بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇپ ، بايراملىق كىيىملىرىنى
كىيدى ، ئاندىن ئېرى ۋە بالىلىرى بىلەن قۇچاقلاشتى . ئۇنىڭ ئېرى
ۋە بالىلىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ۋاتاتتى .

ئاخىر بەلگىلەنگەن سائەتمۇ يېتىپ كەلدى . ئۇ سەلتەنەت بىلەن
مېھمانخانىغا كىرىپ ئاخىرەت ئەلچىسىنى قارشى ئالدى . ئېرى ۋە
خىزمەتكار چۆرىلىرى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يۈردى . ئۇ چوڭقۇر
مۇھەببەت بىلەن ئېرىگە قاراپ :

— سېنىڭ ئورنۇڭدا ئۆلۈشكە رازى بولغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى
ئەمدى ساڭا ئېيتىپ بېرەي ، — دەپ گېپىنى باشلىدى ، — چۈنكى
مەن سېنىڭ ھاياتىڭنى ئۆز ھاياتىمدىنمۇ ياخشى كۆرىمەن . مەن ئەس-
لىدە بولغۇسى ئېرىمنى تاللىشىم ھەم شۇنىڭ بىلەن بەختلىك ياشى-

شىم مۇمكىن ئىدى . لېكىن ، سەن بولمىساڭ ، مېنىڭ باللىرىم ئاتىسىز قالسا ، مەن ياشىيالمايمەن . سەندىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى ، باللىرىمنى ئۆگەي ئانىنىڭ ئىلكىگە قالدۇرما . باللىرىم خارلىنىپ قالمىسۇن .

ئادمېتوس كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ خوتۇنىغا ۋەدە بەردى . گۆدەك باللىرىمۇ ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىشتى . ئۇلار دەپنە مۇراسىمىغا ھازىرلىق قىلىۋاتقاندا ، ھېراكلېس فىرەي شەھىرىگە كېلىپ قالدى . ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، نۆكەرلەر ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى . پادىشاھ قايغۇسىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ھېراكلېسنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى .

ھېراكلېس پادىشاھنىڭ ئۇچىسىدىكى قارىلىق كىيىمنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى . پادىشاھ مېھماننىڭ كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلىشنى خالىماي ، مۇجمەللا جاۋاب بەردى . ھېراكلېس يىراق بىر تۇغقىنى قازا تاپقان ئوخشايدۇ دېگەن تەسىراتقا كەلدى . شۇڭا ، ئۇ خۇشاللىقىنى بۇزماي ، بىر خىزمەتكارغا ئۆزىنى مېھمانخانىغا باشلاشنى ۋە شاراب كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى . خىزمەتكار قايغۇلۇق قىياپەتتە ھېراكلېسقا :

— بىز غايەت زور بەختسىزلىككە ئۇچرىدۇق . كۆلكە بىلەن كەيپ - ساپاغا زادىلا رەغىدىمىز يوق . پادىشاھىمىز ئاجايىپ مېھماندوست ئادەم . بىر ياقا يۇرتلۇقنىڭ مۇشۇ مۇسىبەتلىك چاغدىمۇ خۇشال - خۇرام شاراب ئىچىشىگە يول قويدى ، — دېدى .

— مەن نېمىشقا خۇشال بولماي ؟ — دېدى ھېراكلېس ، — بىر بىگانە ئايالنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرىمەنمۇ ؟

— قانداقسىگە بىگانە ئايال بولسۇن ! — دېدى خىزمەتكار تىترىكىپ ، — ئۇ سېنىڭ ئۇچۇن بىگانە بولغىنى بىلەن ، بىز ئۇچۇن بىگانە ئەمەس .

ھېراكلېس خىزمەتكاردىن يۈز بەرگەن ئىشنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سورىدى .

ھېراكلېس بايا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقى ئۇچۇن ئۆزىنى ئەيىب-

لەپ، خىزمەتكاردىن ئالكېتىسنىڭ نەگە دەپنە قىلىنغانلىقىنى سوردى. خىزمەتكار يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەگەر سەن رالساغا بارىدىغان يول بىلەن ماڭساڭ، خانىشنىڭ قەبرىسىگە يېقىندىن ئورنىتىلغان ھەشەمەتلىك بىر خاتىرە تېشىنى كۆرىسەن، — دېدى ۋە مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى. ھېراكلېس مېھمانخانىدا يالغۇز قالدى ۋە ھېچقانداق قايغۇرمايلا بىر قارارغا كەلدى: «مەن ئۆلۈپ كەتكەن بۇ خانىشنى چوقۇم تىرىلدۈرۈۋالىمەن، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — مەن جەزمەن ئۇنى ئېرىگە قايتۇرۇپ بېرىمەن. پادىشاھنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن ھۆرمىتىگە مانا مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇرىمەن.» ئۇ خانىشنىڭ قەبرىسىگە بارىدىغان، قەبرىگە قويۇلغان نەزىر - نۇزرەت قېنىنى ئىچىش ئۈچۈن كېلىدىغان جان ئالغۇچى مالائىكىنى ساقلاپ تۇرىدىغان بولدى.

ھېراكلېس ئورىدىن جىممىدە چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەزرائىلنى ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن خانىشنىڭ روھىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. شۇ چاغدا ئادمېتوس جىمجىتلىققا چۆمگەن ئۆيدە بىچارە بالىلىرىغا قاراپ سۈكۈتتە تۇراتتى. خوتۇنى ھەققىدىكى قايغۇ - ھەسرىتى يەنىمۇ ئاشتى، خىزمەتكارلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەلمىدى. ھېراكلېس تۇساتتىن دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى، چۈمبەل ئارتقان بىر ئايالنى يېتەكلىۋالغانىدى. ئۇ مۇلايىملىق بىلەن پادىشاھنى ئەيىبلەپ:

— بۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى، پادىشاھىم. مەندىن خوتۇنلىرىنىڭ ۋاپاتىنى يوشۇرۇپلا. مەن سىلىنىڭ يىراق بىر تۇغقىنىم قازا تاپتى دېگەن گەپلىرىگە ئىشىنىپ قاپتىمەن. ھەقىقىي ئەھۋالدىن بىخەۋەر بولغاچقا، بىھۆرمەتلىك قىلىپ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇپتىمەن. ئەمدى بىر ئىشقا ماڭا ياردەم قىلسىلا، بۇ مەن بىر مۇسابىقىدە ئۇتۇۋالغان ئايال. مەن يەنە بىر يېڭى مۇسابىقىگە بارماقچىمەن. ئۇنى قەدىردان دوستلىرىنىڭ قىممەتلىك ئامانىتىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىغايلا، — دېدى.

ھېراكلېسنىڭ چېچەنلىكىگە ھەيران قالغان ئادمېتوس:

— مەن سىلىدەك بىر دوستۇمنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن خوتۇ-نۇمنىڭ ۋاپاتىنى سىلىگە ئېيتمىدىم ئەمەس ، بەلكى سىلىنى بۇ يەردىن كېتىپ قېلىپ ، ھەسرىتىمگە ھەسرەت قوشمىسۇن دەپ شۇنداق قىلـ-غانىدىم . بۇ ئايالغا كەلسەك ، ئۇنى ئۆزلىرى يولغا سېلىپ قويسىلا ، مېنىڭ خەلقىنىڭ سۆز - چۆچىكىنى ۋە مەرھۇمەنىڭ ئەيىبلەشلىرىنى كۆتۈرگۈم يوق ، — دېدى .

پادىشاھ ئاغزىدا شۇنداق دەپ رەت قىلىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن بۇ ئايالدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى ۋە بۇ ئايالغا :

— بىھۆرمەتلىك قىلىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ . قەددى - قامىتىڭىز خوتۇنۇمنىڭ قەددى - قامىتىگە ناھايىتى ئوخشاي-دىكەن . ھېراكلېس ، سىلى بۇ ئايالنى ئېلىپ چىقىپ كەتسىلە ، يۈرەك - باغرى قان بولغان بىر ئادەمنىڭ قايغۇسىغا يەنە قايغۇ قوشمىسىلا . مەن بۇ ئايالنى كۆرسەم ، ئۆلۈپ كەتكەن خوتۇنۇم يادىمغا كېلىدىكەن ، — دېدى .

ھېراكلېس ئەتەي ھەسرەت چەككەن قىياپەتتە :

— ئاھ ، ھەممىگە قادىر زېۋس ، ماڭا شۇنداق قۇدرەت ئاتا قىلدى ! مەن ئۇ دۇنيادىن سىلىنىڭ خانىملىرىنى قۇتقۇزۇپ چىقسام ، شۇ ئارقىلىق سىلىنىڭ قىممەتلىك دوستلۇقلىرىغا جاۋاب قايتۇرسام دەيمەن ، — دېدى . ئادمېتوس :

— قولىلىرىدىن كەلسە ، چوقۇم شۇنداق قىلاتتىلە . ئەمما ، بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن ؟ — دېدى .

— شۇنداق بولغانىكەن ، — دېدى ھېراكلېس ئۆزىنى خۇشال تۇتۇپ ، — ۋاقىت سىلىنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى يەڭگىللەتسۇن . ئىككىنچى خوتۇنمۇ سىلىگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلەيدۇ . بۇ ئايالنى قوبۇل قىلىپ ئالسىلا . بۇ ئايال سىلىنى بىئارامىلىقتا سېلىپ قويغان ھامان ، ئۇ سىلىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ ، — دېدى .

ھېراكلېس ئادمېتوسقا بۇ ئايالنى ئىچكىرى ھۇجرىغا ئېلىپ كىرىشكە دەۋەت قىلدى . ئۇ بۇ ئايالنى مەجبۇرىي ھالدا قولىدىن يېتىلەپ :

— ئەمدى سىنچىلاپ قاراپ باقسىلا ، بۇ ئايال ھەقىقەتەن سىلى-نىڭ ئاياللىرىغا ئوخشايدۇ . قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى ئاياغلاشتۇرسىلا ، ئۇنى قەدىرلىسىلە ، — دېدى ئادمېتوسقا .

ھېراكلېس شۇنداق دەپ ئايالنىڭ چۈمبىلىنى ئاچتى . پادىشاھ ھەيران قالدى . كۆز ئالدىدا خوتۇنى تۇراتتى . ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى . ھېراكلېس خانىشنى ئەزرائىلدىن تارتىۋالغان جەرياننى سۆزلىدى . پادىشاھ خوتۇننى قۇچاقلىدى ، لې-كىن خوتۇنى گەپ قىلالمايتتى . ھېراكلېس ئادمېتوسقا خوتۇنىنىڭ ئۈچ كۈندىن كېيىن تاڭ ئاتار ۋاقتىدا ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلدىغان-لىقىنى ، ئاندىن زۇۋانغا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . پادىشاھ ھېراك-لېسنى چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلەن يولغا سېلىپ قويدى .

ھېراكلېس ئادمېتوسقا ياردەم بەرگەن بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا غال-جىرلىق كېسىلى تۇتۇپ كېتىپ ئىفتوسنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىشنىڭ ھەسرىتىدىن قۇتۇلالمىدى . شۇڭا ، گۇناھىنى يۇيۇش پۇرستى ئىز-دەپ جاھان كېزىپ يۈردى . ھېراكلېس ئالدى بىلەن پىلوس پادىشاھى نېلوسنى ، ئاندىن كېيىن سپارتا پادىشاھى ھىپپوكوننى زىيارەت قىلدى . ھەر ئىككىلا پادىشاھ ھېراكلېسقا ياردەم بېرىشنى رەت قىل-دى . ئۈچىنچى ئادەم — يامىكىلەي پادىشاھى دېيفوبوس ئۇنىڭ گۇنا-ھىنىڭ ساقىت بولۇشىغا رازىلىق بەردى . لېكىن ، تەڭرىلەر بولدى قىلماي ، ھېراكلېسنى كېسەلگە گىرىپتار قىلىپ قويدى . بۇ قەھرى-مان بارا - بارا ئاجىزلاپ كەتتى . ئۇ كېسىلىمنى ساقايتىش يوللىرى توغرۇلۇق پىتىيا ماڭا بېشارەت بېرىدۇ دېگەن ئۈمىدتە دىرفوغا بار-دى . لېكىن ، ئۇ يەردىكى كاھىن ئايال ياردەم بېرىشنى خالىمىدى . ھېراكلېس ئاچچىقىغا پايلىماي ئۈچ پۇتلۇق ئىلاھىي داڭقانىنى كەڭ دالىغا تاشلىۋەتتى .

ھېراكلېسنىڭ بۇنداق ھەددىدىن ئاشقان بېشەملىكىنى كۆرۈپ ، ئاپوللو ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشماقچى بولدى . لېكىن ، زېۋس ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى خالىمىدى . شۇڭا ، چېقىن چاقتۇ-

رۇپ ئۇلارنى بىر - بىردىن ئايرىۋەتتى . ئاخىر ھېراكلېس بىر
ئىلاھىي بېشارەتتىن ئۆزىنى ئۈچ يىل قۇللۇققا سېتىش ، قۇللۇققا
ساتقان پۇلنى ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بېرىش كېرەكلىكىدىن
خەۋەر تاپتى . ھېراكلېس بۇ ئېغىر شەرتنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر
بولدى . ئۇ دوستلىرى بىلەن دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ ئاسىياغا كەل-
دى . دوستلىرىنىڭ بىرى ئۇنى ئېئالدانوسنىڭ قىزى ئومفالېغا سات-
تى . ئۇ دالىدىيەنىڭ ئايال پادىشاھى ئىدى . ئىلاھىي بېشارەتكە بىنا-
ئەن ساتقۇچى ھېراكلېسنى ساتقان پۇلنى ئېۋرىستېئوسقا بەردى .
ئېۋرىستېئوس بۇ پۇلنى ئالمىدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ پۇلنى ئىفتوسنىڭ
بالىلىرىغا بېرىشتى . ھېراكلېسنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن
بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ كېلىشىم بويىچە ئومفالېغا ئۈچ يىل ئېغىر
ئەمگەك قىلمىسا بولمايتتى . ئۇيەنە قەھرىمانلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ
كەتتى . ئىنسانلارغا بەخت ياراتتى . ئايال غوجايىنىنىڭ چېگراسى ئى-
چىدىكى قاراقچىلارنى يوقاتتى . خەلققە بالايىئاپەت يەكتۈزىدىغان كېل-
كوبوسلارنىڭ ئەدىپىنى بەردى . ئۇ يەنە ئاۋلىسقا بېرىپ ، سىليوسنى
تۆمۈر گۈرجەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى . سىليوس ئۆتكەن -
كەچكەن مېھمانلارنى تۇتۇۋېلىپ ، ئۈزۈمزارلىقىدا مەجبۇري ئىشلىتەتتى .
فىراكىيەدىكى مېداسىنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان ئوغلى لىتئىر-
سېسمۇ قىلمايدىغان ئەسكىلىكى يوق بىر ئادەم ئىدى . ئۇ بەك باي
بولغاچقا ، يولدىن ئۆتكەن مۇساپىرلارنى مېھماندوستلۇق بىلەن ئۆز
ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلاتتى . شارابنى قانغۇچە ئىچۈرۈپ ، تاماق-
نى تويغۇچە بېرىپ ، ئۇلارنى ئېتىزدا ئىشلەشكە مەجبۇر قىلاتتى .
قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى . ھېراكلېس بۇ زومىگەر-
نى ئۆلتۈرۈپ جەسىتىنى دەرياغا تاشلىۋەتتى .
ھېراكلېس بىر قېتىملىق ئۈزۈن سەپەردە دولىك ئارىلىغا كەل-
دى . بۇ يەردە ئۇ دېڭىز دولقۇنلىرى ئۇرۇپ قىرغاققا چىقىرىپ قويغان
بىر جەسەتنى كۆرۈپ قالدى . بۇ ئىكاروسنىڭ جەسىتى ئىدى . ئۇنىڭ
بەدىنىدە ئاتىسى ئۇنىڭغا ياساپ بەرگەن قانات بار ئىدى . ئۇ كىرىت
ئارىلىدىكى سىرلىق ئوردىدىن كۆچۈپ چىقىپ ، دېڭىزغا چۈشۈپ

كېتىپ ئۆلگەنىدى . ھېراكلېس بالىنى دەپنە قىلدى ۋە بۇ ئارالنىڭ ئىسمىنى ئىكالىيە دەپ ئۆزگەرتتى . ئىكاروسنىڭ ئاتىسى مەشھۇر ھەيكەلتىراش دايدالوس ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈ- رۈش يۈزىسىدىن ، پىلونىدا ھېراكلېسقا ئاجايىپ بىر زور ھەيكەل ياسىدى . لېكىن ، بىر كۈنى كېچىسى ھېراكلېس بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ ھەيكىلىنى دۈشمەن چاغلاپ ، يوغان بىر تاشنى كۆتۈرۈپ ھەيكەلگە قارىتىپ ئاتتى . بۇ كۆركەم ھەيكەل كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتتى . ئايال پادىشاھ ئومفالې ئۆز قولىنىڭ باتۇرلۇقى- دىن بەك پەخىرلىنەتتى . كېيىن ئۇنىڭ زېۋسنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى- نى بىلىپ ، ئۇنى ئازاد قىلىۋەتتى ۋە ئۆزىگە ئەر قىلىۋالدى . ھېراك- لېس ھۇزۇر- ھالاۋەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ ، پەزىلەت مالائىكىسى- نىڭ نەسىھەتىنى ئۇنتۇپ قالدى .

ھېراكلېس شەھۋەتپەرەس ۋە قورقۇنچاق بولۇپ قالدى . ئومفالې- مۇ ئۇنى خورلاش بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى . ھېراكلېس لىدىيە ئاياللىرىنىڭ يۇزۇر كىيىملىرىنى كىيىپ ، بويىنىغا ئاياللارنىڭ ئالتۇن زەنجىرلىك بويۇنباغلىرىنى ئېسىپ ، ئايال خىزمەتكارلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ يىپ ئېشەتتى . ئايال پادىشاھنىڭ خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتسە ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى قەھرىمانلىقلىرىنى سۆزلەتەت- تى . ئومفالېغا خىزمەت قىلىش ۋاقتىمۇ توشتى . ھېراكلېس مەست- لىكتىن ئۆزىگە كېلىپ ، ئۇچىسىدىكى ئايالچە كىيىملەرنى چۆرۈپ تاشلاپ ، ئەسلىي قىياپىتىگە قايتتى . ئۇ يەنە زېۋسنىڭ قۇدرەتلىك ئوغلىغا ئايلاندى .

ھېراكلېس تولۇق ئەركىنلىككە چىقتى . ئۇ ئۆز دۈشمەنلىرىدىن قىساس ئېلىشقا تەييارلاندى . ئۇ ئالدى بىلەن تىرويا پادىشاھى لائومې- دوننى جازالىماقچى بولدى . ئۇ تەكەببۇر ھەم مۇستەبىت ھۆكۈمدار ئىدى . ھېراكلېس ئامازونلۇقلار بىلەن جەڭ قىلىپ قايتقاندا ، لائومې- دوننىڭ قىزى ھېسئانېنى قۇتقۇزۇپ قويغانىدى . لائومېدون ۋەدى- سىگە ۋاپا قىلىش تۇگۇل ، ئۇنى ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن تىللاپ يولغا سالغانىدى . مانا ئەمدى ھېراكلېس ئالتە ئۇرۇش كېمىسى بىلەن

يولغا چىقتى . بۇ كېمىلەردە پۈتۈن يۇناندىكى ئاتاقلىق قەھرىمانلاردىن پىلىئوس ، ئويلىئوس ۋە تېلامونلار بار ئىدى . ئۇلار كېمە سۇپىسىدا تۇرۇپ تەڭرىلەردىن تېلامونغا بىر باتۇر ئوغۇل تىلىدى . بۇ ئوغۇل شۇنىڭدىن كېيىن ئاپىرىدە بولغان ئاياكىس ئىدى . ئۇلار ئۇزاق ئۆت-مەي تىروياغا قاراپ يولغا چىقتى . ھېراكلېس قاتارلىق قەھرىمانلار ئويلىئوسنى كېمىلەرگە قاراشقا قالدۇرۇپ قويۇپ ، ئۆزى باشقا قەھ-رىمانلار بىلەن شەھەرگە كەتتى . لائومېدون قوشۇن باشلاپ شەھەر-دىن ئېتىلىپ چىقىپ ، ئويلىئوسنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئەمما ، ئۇ شە-ھەرگە قايتىپ كېلىۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ ھېراكلېس قەھرىمانلىرى مۇھا-سىرىسىدە قالغانلىقىنى بايقىدى . تىرويا شەھىرىمۇ قامال قىلىنغانىدى .

شەھەرگە ئالدى بىلەن تېلامون باستۇرۇپ كىردى . ھېراكلېس ئۇنىڭ كەينىدە كېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالغىنى مۇشۇ بىرىنچى قېتىم ئىدى . ھەسەت روھىنى ئازدۇرۇپ ، ئۇنىڭ قەلبىدە بىر خىل زەھەرلىك خىيال قوزغىدى . ئۇ ئالدىدىكى دوستىغا قارىتىپ قىلىچىنى كۆتۈردى . تېلامون كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ ، ھېراكلېسنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى سېزىۋالدى - دە ، ئېغىر - بې-سىقلىق بىلەن ئۆپچۆرىسىدىكى تاشلارنى يىغىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى ھېراكلېس چۈشىنەلمىدى ، تېلامون ھېراكلېسقا ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر غالىبقا مۇقەددەس مېھراب ياساۋاتقانلىقىنى ئېيتتى . شۇنىڭ بىلەن ھېراكلېسنىڭ قەلبىدىكى ھەسەت ۋە غەزەپ يۇيۇلۇپ كەتتى .

ھېراكلېس بىلەن تېلامون مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلدى . لائومېدون ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى ئوقيا ئوقىدا ئۆلدى . تىرويا شەھىرى ئىستېلا قىلىنغاندىن كېيىن ، ھېراكلېس ھېسىئانىنى تېلامونغا تارتۇق قىلدى . ئۇ قىزغا ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر ئەسىرنى ئازاد قىلىش ھوقۇقى بېرىلدى . ھېسىئانې ئۆز ئىنىسى پوداركېسنى تال-لىدى . شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بالىنىڭ ئىسمى پىرىئامغا ئۆزگەرتىلدى .

ھېرا بۇ يېرىم تەڭرى قەھرىماننىڭ غەلىبىسىگە خۇسۇمەت قى-لىپ ، ئۇ قايتىپ كېتىۋاتقاندا ، ئۇنى قاتتىق بوران - چاپقۇن ئىچىدە

قالدۇردى . لېكىن ، زېۋس ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى . ھېراكلېس
قىساس ئېلىشنى قارار قىلغان ئىككىنچى ئادەم — ۋەدىسىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشقا ئۇنىمىغان پادىشاھ ئاۋگىس ئىدى . ھېراكلېس ئۇنىڭ
دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ، ئاۋگىس ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرىنى
ئۆلتۈردى . پادىشاھلىقنى ئۆزى بىلەن دوست بولغانلىقى ئۈچۈن پالاد-
دى قىلىنغان فىلىئوسقا بەردى . ھېراكلېس ئولېمپىس مۇسابىقىسى-
نى قايتا يولغا قويدى ، ئولېمپىس مۇسابىقىسىنىڭ دەسلەپكى ئىجاد-
چىسى بولغان پىرولوس شەرىپىگە بىر مېھراب سالدى . ئېيتىشلارغا
قارىغاندا ، زېۋس ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ
ھېراكلېس بىلەن چېلىشىپ ، ئۇنىڭدىن يېڭىلىپ قالغان ۋە ئوغلىغا
ئۆزۈڭنىڭ كارامەتلىك كۈچۈڭ بىلەن بەختلىك بولغايسەن دەپ
دۇئا قىلغان .

ھېراكلېس پىلوس پادىشاھى نېلىئۇسنى جازالاش كېرەكلىكىنى
ھېس قىلدى . چۈنكى ، ئۇ يېرىم تەڭرى قەھرىمانىنى گۇناھتىن ساقىت
قىلىشتىن باش تارتقانىدى . ھېراكلېس ئۇنىڭ شەھىرىگە ھۇجۇم
قىلىپ كىردى ، نېلىئۇسمۇ قارشىلىق كۆرسىتىپ باقتى . بىراق ،
نەتىجىسى بىر تېيىن بولدى . ئەڭ كىچىك ئوغلى نىستور باشقا جايدا
ئوقۇۋاتقاچقا ، شۇلا ئامان قالدى .

ھېراكلېس ئەمدى جازالايدىغان ئادەم — ھىپپوكون ئىدى .
ھېراكلېسنى گۇناھتىن ساقىت قىلىشتىن باش تارتقان ئادەمنىڭ
بىرسى شۇ ئىدى . بۇنىڭدىن باشقا ھىپپوكوننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ دۈش-
مەنلىكىمۇ ھېراكلېسنىڭ نەپرىتىنى قوزغىغانىدى . ھېراكلېسنىڭ
تاغىسىنى ھىپپوكوننىڭ ئوغۇللىرى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى . ئۇ
بىر ئەترەت ئادەمنى يىغىپ سىپارتا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى . ھېراك-
لېس ئاركادىيەدىن ئۆتكەندە پادىشاھ كېفىئوسنى ۋە ئۇنىڭ يىگىرمە
ئوغلىنى مۇشۇ قوشۇنغا قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى . بەختكە
قارشى ، كېفىئوس ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى جەڭدە ئۆلدى .
ھېراكلېسنىڭ ئىنىسى ئىفىكلېسمۇ جەڭدە قازا تاپتى . ئۇ ئاخىر
سىپارتانى ئالدى . ھىپپوكوننى ئوغۇللىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈ-

ۋەتتى . تىندارېئوسنى پادىشاھلىقتا ئولتۇرغۇزدى . ئۆز ئەۋلادىنىڭ كېلىچەكتە تىندارېئوسنىڭ ۋارىسى بولۇش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى . ھېراكلېسنىڭ قەھرىمانە ئىشلىرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ مەدھىيەلەندى .

ھېراكلېس پېلوپاننېستىن ئىتولىيەدىكى كالىرون دېگەن جايغا كەلدى . ئۇ پادىشاھ ئوينېئوسنىڭ دېيىئانىرا ئىسىملىك بىر چىرايلىق قىزى بارلىقىنى ئاڭلىغانىدى . بۇنىڭدىن ئىلگىرى ، بىرەيلەن لايىق چۈشۈپ دېيىئانىرانى پاراكەندە قىلغانىدى . ئۇ دەريالار مۇئەككىلى ئاكلوئوس ئىدى . ئاكلوئوس ئۈچ خىل قىياپەتكە كىرىپ بۇ قىزغا تەكلىپ قويغانىدى . ئاۋۋال بۇ دەريالار مۇئەككىلى بىر بۇقا قىياپىتىگە كىرگەن ، كېيىن پارقىراپ تۇرىدىغان ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق ئەجدىھا قىياپىتىگە كىرگەن ، ئەڭ ئاخىرىدا كالا باشلىق ئادەم قىياپىتىگە كىرگەن بولۇپ ، تۇكلۇك بەدىنىدىن بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇراتتى . دېيىئانىرا بۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ لايىق چۈشكۈچىدىن قاتتىق يىرگىنىپ ، ئۇنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى ، ھەتتا ئۆلۈۋېلىش ئارقىلىق قارشىلاشماقچى بولدى . ئالكوئوس ھەددىدىن ئېشىپ ، تەرسالىق قىلدى . قىزنىڭ ئاتىسىنىڭمۇ قىزىنى دەريالار مۇئەككىلىگە بەرگۈسى يوق ئىدى .

ھېراكلېس مۇشۇنداق بىر گۈزەل قىزنى ئاسان قولغا چۈشۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ، ۋەھشىي دەريالار مۇئەككىلى بىلەن جەڭ قىلىش تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويدى . ئوينېئوس جەڭدە كىم يېڭىپ چىقسا ، قىزىنى شۇنىڭغا بېرىدىغان بولدى . ئوردا ئالدىدا تۇرغان ھېراكلېسنىڭ دۈمبىسىدىكى شىر تېرىسى غۇر ـ غۇر شامالدا لەپىلدەپ ، ئوقلىرى ساداق ئىچىدە شاراقلاپ تۇراتتى . بۇ ھال يېرىم تەڭرى قەھرىماننىڭ سۈر ـ ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇۋەتكەنىدى . دەريالار مۇئەككىلىنىڭ چېكىسىدىكى سىڭىرلار كۆپتى . ئۇ بېشىنى پەس قىلىپ ، ھېراكلېسنى ئۈچلۈق مۈڭگۈزى بىلەن ئۇسۇش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى . پادىشاھ ، خانىش ۋە ئۇلارنىڭ قىزى بىر چەتتە تاماشا كۆرۈۋاتاتتى . ھېراكلېس دەريالار مۇئەككىلىنى تۆمۈردەك مۇشتى

بىلەن مۆشتلاپ كۆردى . ئوقيا بىلەن ئۇستى ـ ئۈستىگە ئېتىپ
كۆردى . لېكىن ، دەريالار مۇئەككىلى ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۈلگۈردى .
ئاخىر بۇ كۈرەش قانلىق ئېلىشىشقا ئايلىنىپ كەتتى . ھەر ئىككىسى
قارا تەرگە چۆمۈلدى ، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ھاسىرىشاتتى . دەريالار
مۇئەككىلى بىردىنلا بۇقىغا ئايلاندى . قەھرىمان ھېراكلېس تەمكىن-
لىك بىلەن سىڭار مۈڭگۈزىنى تۇتۇۋېلىپ ، يەرگە نىقتاپ تىزلىنىشقا
مەجبۇر قىلدى . قاتتىق نىقتىغاچقا ، مۈڭگۈزى سۇنۇپ كەتتى . دەريا
مۇئەككىلى مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى . دېيئانىرا ھېراك-
لېسنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالدى .

ھېراكلېس توي قىلىپ ، باللىق بولغاندىن كېيىنمۇ جاھان
كېزىپ خەتەرلىك ئىشلارنى قىلىپ يۈردى . بىر قېتىم ئۇ تاماق
يەۋېتىپ ، ئېھتىياتسىزلىقتىن قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىۋاتقان بىر بالى-
نى ئۆلتۈرۈپ قويدى ـ دە ، نائىلاج خوتۇنى ۋە بالىسىنى ئېلىپ
قېچىپ كەتتى . ياش خوتۇنى ۋە ئوغلى ھىللوس ئۇنىڭ بىلەن سەر-
گەردان بولۇپ يۈردى . ھېراكلېس كالىدوندىن تىلاكىستىكى دوستى
كېيوكىسنىڭكىگە باردى . ئۇ ئېۋئونوس دەرياسى بويىغا يېتىپ كەل-
دى . بۇ يەردە ئات ئادەم نېسسوس بەلگىلەنگەن ھەق بويىچە كىشىلەر-
نى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قوياتتى . ھېراكلېسقا بۇنداق مۇلازىمەتنىڭ
ھاجىتى يوق ئىدى . چۈنكى ، ئۇ ئۆزىنىڭ قاۋۇل پۇتلىرى بىلەن
بۇنداق دولقۇنلۇق دەريالاردىن بىر سەكرەپ ئۆتۈپ كېتەتتى .

ھېراكلېس دېيئانىرانى نېسسوسقا تاپشۇردى . نېسسوس دېيئانى-
رانى مۈرىسىدە ئولتۇرغۇزۇپ دەريادىن ئۆتكۈزىدىغان بولدى . ئۇ
ئاستا- ئاستا مېڭىپ دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ، بۇ ئايالنىڭ
گۈزەللىكىدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ ، ئۇنى قۇچاقلاشقا باشلىدى .
ھېراكلېس دەريانىڭ ئۇ قېتىدا تۇرۇپ خوتۇنىنىڭ داد ـ پەرياد كۆتۈر-
گەنلىكىنى ئاڭلاپ ، بۇ يېرىم ئات ۋە يېرىم ئادەم مەخلۇقنىڭ خوتۇنى-
نى ھاقارەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ، ساداقتىن بىر ئوق چىقىرىپ
نېسسوسنى قىرغاققا چىقاي دېگەندە ئېتىۋەتتى . ئوق ئۇنىڭ كۆكرىكى-
نى تېشىۋەتتى . ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن نېسسوس ، دېيئانىرانى ئالداپ ،

ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— ئەي گۈزەل دېيئانىرا، سەن مەن كۆتۈرۈپ دەريادىن ئۆتكۈز-گەن ئەڭ ئاخىرقى ئادەم، گېپىمگە قۇلاق سال، مېنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارغان يارىدىن ھېدرانىڭ زەھەرلىك قېنىغا چىلانغان ئوقيادىن تامغان قاننى يىغىۋال. ئۇنىڭدىن بىر سېھىرلىك دورا ياساپ، شۇ دورىنى ئېرىڭنىڭ ئىچ كىيىمىگە سۈركەپ قويساڭ، ئېرىڭ سەندىن باشقا خوتۇنغا قارىمايدىغان بولىدۇ.

نېسسوس گېپىنى تۈگىتىپ جان ئۈزدى. دېيئانىرا ئېرىدىن گۇمانلانمايتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئازراق قاننى يىغىپ بىر قۇتىغا سېلىۋالدى. بۇنىڭدىن ھېراكلېسنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇلار ئۇ-زاق ئۆتمەي تىراكىسقا كېلىپ، پادىشاھ بىلەن بىللە تۇردى.

ھېراكلېسنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سەرگۈزەشتىسى ئوكالىيا پادىشاھى ئېۋرىتوسقا يۈرۈش قىلىش بولدى. چۈنكى، پادىشاھ ئۆزىنىڭ چىراي-لىق قىزى ئىئولېنى ھېراكلېسقا بەرمىگەنىدى. ئۇ شۇ سەۋەبلىك پادىشاھقا ئاداۋەت تۇتۇپ يۈرەتتى. ھېراكلېس قۇدرەتلىك قوشۇن تەشكىللەپ بېرىپ، ئېۋرىتوس ۋە ئۇنىڭ باللىرىنى شەھەرگە قامال قىلىۋالدى. ئۇ غەلىبە قازاندى. شاھ ئوردىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى. يەنىلا بۇرۇنقىدەك گۈزەل ھالەتتە تۇرغان ئىئولې ھېراك-لېسقا ئەسىرگە چۈشتى.

دېيئانىرا ئېرىنىڭ خەۋىرىگە ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇراتتى. بىر خەۋەرچى ئۇچقاندەك كېلىپ، دېيئانىراغا:

— ھۆرمەتلىك خانىش، سىلىنىڭ ئەرلىرى نۇسرەت قازاندى. ئۇ غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىۋاتىدۇ. نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. ئەرلىرىنىڭ كېچىكىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ ئېۋېئويا-دىكى كېنىنەيۇن يېرىم ئارىلىدا دۇئا - تىلاۋەت قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ھېراكلېسنىڭ خاس خىزمەتكارى لىكاسمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ بىرمۇنچە ئەسىرلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

— سىلىنى تەبرىكلەيمەن، ھۆرمەتلىك خانىش، — دېدى ئۇ دېيئانىراغا، — تەڭرىلەر ھېراكلېسنىڭ ھەققانىي ئىشىغا مەدەت

بەردى ، رەزىل كىشىلەر جەھەننەمگە ئۆزىتىلدى . سىلىنىڭ ئەرلىرى بىز ئېلىپ كەلگەن مۇشۇ ئەسىرلەرنى ، بولۇپمۇ سىلىنىڭ ئاق ئاستىدىلىرىغا باش ئۇرۇپ ئولتۇرغان مۇشۇ ئايالنى ئەپۇ قىلىشلىرىنى ئۆزلىرىگە تاپشۇردى .

دېيىئانىرا گۈزەل بۇ ياش قىزغا ھېسداشلىق قىلىپ ، ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ مۇنداق دېدى :

— بىچارە قىز ، مېنىڭ بەختسىز بىر ئادەمنىڭ ياقا يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرۈشىنى كۆرگۈم يوق . ئېيتە ، لىكاس ، ئۇنىڭ ئاناـ ئانىسى كىم ؟

لىكاس جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى . دېيىئانىرا ئېئولېنىڭ ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاھ ئۇرۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭدىن زىدىغىرلاپ گەپ سوراۋېرىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي ، لىكاسنى بۇ قىزنى ئوبدانىراق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى .

لىكاس خۇشاللىق بىلەن تاپشۇرۇقنى ئورۇنلىغىلى كىرىپ كەتكەندە ، ئاۋۋال كەلگەن ھېلىقى خەۋەرچى خانىشنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى :

— خانىش ، ئەرلىرى ئەۋەتكەن بۇ ئادەمنىڭ گېپىگە ئىشەنمىسىلە . مەن بازاردا نۇرغۇن ئادەملەردىن ئاڭلىدىم . ئەرلىرى سىلىنىڭ ئۆيلىرىدىكى مۇشۇ قىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئوكالىيا ئوردىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى . ئۇنىڭ ئىسمى ئېئولې . ئەرلىرى ئىلگىرى بۇ قىزنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇ سىلىنىڭ چۆرىلىرى ئەمەس ، بەلكى رەقىبلىرى بولىدۇ .

دېيىئانىرا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، ئەلەمگە چىدىماي ھۆركىرەپ يىغلىدى . لىكاسنى چاقىرتىپ كەلدى . ئۇنى زېۋسنىڭ نامىدا قەسەم قىلىشقا مەجبۇر بولدى . ئاخىر لىكاس ئەينەن ئەھۋالنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى . دېيىئانىرا ئۇنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى ، ئۇنىڭغا پەقەتلا كايىمىدى . ئۆزىگە بۇ ئەسىرلەرنى ھەدىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئېرىگە سوۋغا تەييارلاشنى لىكاسقا تاپشۇردى .

دېيىئانىرا ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى ، كۈنداشلىق ۋە ئازاب ئات

ئادەم ئېيتقان سېھىرلىك دورىنى ئۇنىڭ يادىغا سالدى . يارا ئاغزىدىن يىغىۋالغان زەھەرلىك قان تامچىسىغا كۆن نۇرى چۈشمىگەنىدى . دېيئانىرا بۇنىڭ نېسسوسنىڭ قىلتىقى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى . مۇ- ھەببەت دورىسى ، ئېرىمنىڭ مۇھەببىتىنى قايتۇرۇپ كېلىدىغان دو- را ، بۇ دورىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا رولى يوق دەپ بىلەتتى .

ئۇ بىر سىقىم ئاق قوي يۇڭىنى سىرلىق دورىغا چىلاپ ، ھېراك- لېسقا ئەۋەتىپ بېرىدىغان قىممەتلىك ئىچ كىيىمگە شۇ دورىنى سۈر- كەپ قويدى . كىيىمنى چىرايلىق قاتلاپ بىر قۇتىغا سالدى . ئىشلى- تىپ بولغان قوي يۇڭىنى يەرگە تاشلىۋەتتى - دە ، لىكاسنى چاقىردى ۋە ئىچ كىيىم سېلىنغان قۇتىنى لىكاسقا بەردى .

— بۇ مەن ئۆز قولۇم بىلەن توقۇغان رەختتىن تىكىلگەن كى- يىم . بۇ كىيىمنى كىيىشكە پەقەت مېنىڭ ئېرىملا لايىق . ئېرىم بۇ كىيىمنى كىيىپ ، نەزىر - نۇزرەت ئۆتكۈزگەندە ، بۇ كىيىمنى ئوت ياكى كۈن نۇرىغا يېقىنلاشتۇرماسلىقى كېرەك . چۈنكى ، مەن ئېرىمگە لەۋزە قىلغان ، ئۇ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلسە ، مۇشۇنداق قىلماقچى بولغانىدىم . بۇ قىممەتلىك سوۋغام بىلەن مېنىڭ گېپىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈز ، — دېدى ئۇ .

لىكاس دەرھال ئېۋېئوياغا قاراپ ماڭدى . ئۇ نەزىر - نۇزرەت مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى بۇ سوۋغىنى ھېراكلېسقا يەتكۈ- زۈشكە ئالدىرىدى .

بىرقانچە كۈندىن كېيىن ھېراكلېسنىڭ دېيئانىرادىن بولغان ئوغلى ھىللوس ئاتىسىنى كۆرگىلى باردى ۋە ئانىسىنىڭ سېغىنچىنى يەتكۈزدى . دېيئانىرا تاسادىپىي رەۋىشتە ئېرىنىڭ ئىچ كىيىمگە سې- ھىرلىك دورا سۈركىگەن ھېلىقى ئۆيگە كىرىپ كەلدى . ئۆزى سەۋەن- لىك ئۆتكۈزۈپ يەرگە تاشلىۋەتكەن قوي يۇڭىنى كۆرۈپ ، ئىختىيار- سىز قورقۇپ تىترەپ كەتتى . چۈنكى ، ھېلىقى قوي يۇڭى كۈن نۇرىدا كۆلگە ئايلىنىپ ، بۇ كۆلدىن پېزىلداپ زەھەرلىك كۆپۈك ئۆرلەپ تۇراتتى .

قىلىپ قويغان ئىشىدىن بىرەر يامان ئاقىۋەتنىڭ شەپىسىنى

سېزىپ دېيئانىرانىڭ يۈرىكىنى بىر ئېغىر قورقۇنچ قاپلىۋالدى. ئۇ ئازابلىنىپ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى. ئوغلى ھىللوس قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئاتىسى يوق ئىدى. ھىللوس ئانىسىنى كۆرۈش بىلەنلا:

— ئەي ئانا، مەن دۇنيادا سېنىڭدەك بىر ئادەمنىڭ بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، تەڭرى ساڭا مۇنداق پەسكەش روھنى بەرمىگەن بولسىچۇ كاشكى، — دېدى.

كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ تۇرغان خانىش بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى.

— بالام، — دېدى ئۇ، — سەن ئاناڭغا نېمانچە نەپرەتلىنىپ كەتتىڭ؟

ھىللوس ھەسرەت بىلەن:

— مېنىڭ كېسنەيۇس يېرىم ئارىلىدىن كېلىشىم. سېنى ئۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىمەن، ئانا، ئاتامنى سەن ھالاك قىلدىڭ! — دېدى.

دېيئانىرانىڭ چىرايى خۇددى ئۆلۈك ئادەمنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋېلىپ:

— بالام، باشقىلارنىڭ ئىغۋا سۆزلىرىنى ئاڭلىما. نېمىشقا ماڭا بۇنداق دەھشەتلىك بەتنامنى چاپلايسەن؟

— ياق! — دېدى ھىللوس ئانىسىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ، — ماڭا بۇنى ھېچكىم ئېيتمىدى. ئاتامنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ شۇ چاغدا زېۋۇسقا ئاتاپ نەزىر - نۇزرەت ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغدا ئۆلدى، — ھىللوس غەزىپىنى سەل - پەل بېسىۋېلىپ، ئانىسىغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — خىزمەتكارى لىكاس سەن ئەۋەتكەن سوۋغىنى ئاتام نەزىر - نۇزرەت ئۆتكۈزۈشتىن ئاۋۋال ئېلىپ كەلدى، سېنىڭ تاپشۇرۇقۇڭ بويىچە، ئاتام ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئۇ ئىچ كىيىمنى كىيدى. ئوت يالقۇنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا، ئاتام چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتتى، خۇددى زەھەرلىك يىلان بەدىنىگە چۇشۇۋالغاندەك قىينىلىپ كەتتى. ئاتام

ۋارقىراپ تۇرۇپ لىكاسنى چاقىردى ۋە ئۇنى غەزەپ بىلەن دېڭىزغا چۆرۈۋەتتى . ئاتامىنىڭ غالجىرلىقىدىن ھەممە ئادەم قورقۇپ ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشتىن باش تارتتى . ئۇ يەردە دوملايتتى ، ھۆركىرەيتتى . ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەجەللىك نىكاھنى تىللايتتى . ئاخىر ماڭا ئۆزىنى يۇرتىغا ئېلىپ كېتىشنى ئېيتتى . بۇنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ياخشىلىقىڭ . سەن ئەڭ ئۇلۇغ قەھرىمانىنى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ .

دېيىئانىرا ئوغلىنىڭ قاتتىق ئەيىبلەشلىرىگە قارىتا ئۆزىنى ئاقلىمىدى . ئۇ چەكسىز ھەسرەت چېكىپ ، ئېغىر جىمجىتلىق ئىچىدە ئوغلىدىن يىراقلاپ كەتتى . بىرقانچە خىزمەتكار كېلىپ ، ئانىسىدىن بۇنداق غەزەپلىنىشنىڭ پۈتۈنلەي ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى . ئۇلار خانىشتىن نېسسوس بەرگەن دورا پەقەت ئېرىنىڭ مۇھەببىتىنى قايتۇرىدىغان دورا دەپ ئاڭلىغاندى . ھىللوس ئانىسىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈدى ، ئانىسى ئېرىنىڭ تۆشكىدە ئۆزىگە خەنجەر ئۇرۇپ ئۆلۈۋالغانىدى . ھىللوس داد - پەرياد سېلىپ ئانىسىنى قۇچاقلىدى . قوپال سۆزلەرنى قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى . قەھرىمان ئاتىسى ئانىسىنىڭ سەۋەنلىكىدىن سەكراتقا چۈشۈپ قالدى ، ئۆزى بولسا ئويلانماي تۇرۇپلا ئانىسىنى ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۆلۈۋالغان ئانىسىنىڭ ھەسرىتىدە كېيىن ئۆلۈپ كەتتى .

ئاتىسى كىرىپ كېلىپ ، ئوغلىنىڭ ئاھ - زارىنى ئۈزۈۋەتتى .

— ئوغلۇم ، — دېدى ئۇ ، — خەنجىرىڭنى چىقىرىپ مېنى ئۆلتۈرۈۋەت . خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ئاناڭ تۇپەيلى شىكەستىلەنگەن يۈرىكىمنى ساقايت !

ھېراكلېس شۇنداق دەپ بولۇپ ، ئەتراپتىكى ئادەملەرگە ھەسرەت بىلەن ئىككى قولىنى سۇنۇپ ، نالە قىلدى :

— سىلەر بۇ قوللارنى تونۇمسىلەر ؟ ھازىر بۇ قوللار كۈچ - قۇۋۋىتىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ قوللار نېميا شىرنى ئۆلتۈرگەن ، لېرنادىكى ھېدرانى ئۇجۇقتۇرغان . ئېلىمانتوس تېغىدىكى قاۋاننى ئۆلتۈرۈشكە ياردەملەشكەن ، جەھەننەمدىن ئۈچ باشلىق كىرپا-

لوسنى تۇتۇپ چىققان قوللار . ھېچقانداق ئادەم ، ھېچقانداق گىگانتلار قوشۇنى مېنى يېڭەلمىگەن ، مانا ئەمدى مەن بىر خوتۇن كىشىنىڭ ، يەنە كېلىپ ئۆز خوتۇنۇمنىڭ قولىدا ئۆلمەكتىمەن . ئوغلۇم ، مېنى ئۆلتۈرۈۋەت ۋە ئاناڭنى جازالا .

ھىللوس ئەلەملىك يىغلاپ تۇرۇپ ھېراكلېسقا ئانىسىنىڭ ئۆز ئېرىگە زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ، يەڭگىلتەكلىك قىلمىشى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ گۇناھىنى يۇغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . بۇنى ئاڭلاپ ھېراكلېسنىڭ غەزىپى پەسىيىپ قاتتىق ھەسرەتكە چۆمدى . ئۇ ئوغلى ھىللوسقا ئېئولېگە ئۆيلىنىشنى بۇيرۇدى . ھېراكلېس ئېغىر ئازابقا چىداپ ، ئەتراپىتىكىلەرگە ئۆزىنى شۇ تاغنىڭ چوققىسىغا ئاچىقىشنى ئېيتتى . بىر ئىلاھىي بېشارەتتە ئۇنىڭ شۇ يەردە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقى دېيىلگەنىدى . ئۇنىڭ قايتا - قايتا يالۋۇرۇشى بىلەن دوستى فىلوكتىس بۇ تەلەپنى ئورۇنلاشقا ماقۇل بولدى . كۆپچىلىك ئۇنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئوتۇن دۆۋىسىگە ياتقۇزۇپ ، ئوتۇنغا ئوت يېقىشى بىلەن ئاسماندا چاقماق چېقىپ ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ ئاسماندىن بىر پارچە بۇلۇت چۈشۈپ ، ئۇنى ئولېمپىس تېغىغا ئاچىقىپ كەتتى . ئوت ئۆچۈپ بولدى ، ئىۋلائوس ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى كۈل ئىچىدىن ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى تېرىۋالماقچى بولۇشتى . سۆڭەكنىڭ بىر پارچە سۇنۇقىمۇ تېپىلمىدى . ئۇلار تەڭرىلەرنىڭ ھۆكمى بىلەن ھېراكلېسنىڭ ئادەمزات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ ، تەڭرى بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىشتى .

شۇنىڭدىن بۇيان پۈتكۈل يۇنان خەلقى ئۇنى تەڭرى بىلىپ ، ئۇنىڭغا تېۋىنىشقا باشلىدى ۋە نەزىر - نۇزرەت ئۆتكۈزىدىغان بولۇشتى . ئاسماندا بۇ ئۆلمەس قەھرىماننى ئافېنا كۈتۈۋېلىپ ، تەڭرىلەر جامائەسىگە باشلاپ كىردى . ھېرامۇ ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قالدى . ئۇ ئۆزىنىڭ قىزى ، ياشلىق باھارىنى مەڭگۈ ساقلايدىغان تەڭرىچە ھېبانى ئۇنىڭغا خوتۇن قىلىپ بەردى . بۇ خوتۇن شانلىق ئولېمپىس تېغىدا ئۇنىڭغا باللارنى تۇغۇپ بەردى . ئۇلار بەخت ئىچىدە كۆڭۈللۈك ياشىدى .

# بېللېروفون

ئەيئولوسنىڭ ئوغلى سىسفوس ناھايىتى مەككار ئادەم ئىدى. ئۇ ئىككى دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى تار يەردە كېرىنتوس ناملىق بىر گۈزەل شەھەرنى سالدۇرغانىدى. ئۇ ھىيلە - مىكىرلىك قەبىھ ئىشلارنى قىلىپ تەڭرىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويغاچقا، جازالىنىشقا مەجبۇر بولغانىدى. جەھەننەمگە تاشلىنىپ پۇت - قولى زەنجىرلەنگەن بۇ ئاسىي بەندىگە يوغان بىر تاشنى تۈزلەڭدىن تاغقا دومىلىتىپ چىقىش جازاسى بېرىلگەنىدى. ئۇ ھەرقېتىم بۇ تاشنى دومىلىتىپ تاغ چوققىسىغا ئەمدى چىقاي دەپ قالغاندا، بۇ تاش يەنە دومىلاپ چۈشۈپ كېتەتتى. شۇڭا، قاباھەتلىك بۇ ئادەم مەڭگۈگە بۇ ئېغىر تاشنى دومىلىتىپ چىقىش بىلەن ئاۋارە بولاتتى. تەڭرىلەر ئۇنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئازابلايتتى.

ئۇنىڭ نەۋرىسى بېللېروفون كېرىنتوس شەھىرىگە پادىشاھ ئىدى. سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، تېرىنىس دېگەن جايغا قېچىپ كەتكەنىدى. بۇ يەرنىڭ پادىشاھى پىروتوس ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە گۇناھىدىن ساقىت قىلدى. بېللېروفون قەددى - قامىتى كېلىشكەن پەزىلەتلىك يىگىت ئىدى. پېروتوسنىڭ خوتۇنى ئانتىيە ئۇنى ئۆزىگە قاراتماقچى بولدى. لېكىن، بېللېروفون دۇرۇس يىگىت بولغاچقا، ئانتىيەنىڭ قىلتىقىغا چۈشمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاچچىقى تۇۋىدىن تۇتقان ئانتىيە بېللېروفوننى ھالاك قىلماقچى بولدى. ئۇ ئېرىگە:

— بېللېروفون ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلدى. مېنى سىلىگە ۋاپاسىزلىق قىلىشقا قۇتراتتى. سىلى بۇ ئىشقا چىداپ تۇرالاملا؟ —

دېدى .

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى . لېكىن ، ئۇ بۇ يىگىتنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا ، ئۇنى ئۆلتۈرگۈسى كەلمەدى . ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ بۇ يىگىتنى باشقىچە بىر ئۇسۇل بىلەن جازالىماقچى بولدى . پادىشاھ بۇ بىگۇناھ مېھماننى لوكىيا پادىشاھى ئىئوباتېسنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى . ئىئوباتېس پېروتوسنىڭ قېينئاتىسى ئىدى . كۆرۈشۈش نىشانىسى سۈپىتىدە يىگىتنىڭ قولىغا بىر پارچە خەت تۇتقۇزدى . خەتتە بۇ مېھماننى ئۆلتۈرۈۋېتىش تەلەپ قىلىنغانىدى . بېللېروفون قىلچە گۇمان قىلماي يولغا چىقتى . ئۇ دېڭىزدىن ئۆتۈپ ئاسىياغا بېرىپ ، پادىشاھ ئىئوباتېس بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى . بۇ شەپقەتلىك پادىشاھ بۇ يىگىتنى قەدىمكى رەسمىيەتلەر بويىچە ئىززەتلەپ قارشى ئالدى . ئۇنىڭ شەرەپىگە توققۇز كۈن زىياپەت بەردى . ئونىنچى كۈنى يىگىتتىن بۇ يەرگە نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى سورىدى . بېللېروفون پادىشاھقا ھېلىقى خەتنى بەردى . پادىشاھ خەتنى ئوقۇپ چىقىپ ، خەتتە ئۇنىڭدىن بېللېروفوننى ئۆلتۈرۈۋېتىش تەلەپ قىلىنغانلىقىنى بىلدى . ئەمما ، ئۇ بۇ يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى . بېللېروفون كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى ۋە نازاكەتلىك بۇ يىگىتنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قولى بارمىدى .

بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇ بۇ يىگىتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان خەتەرلىك ئىشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى . ئۇ لوكىيادىكى ئاجايىپ مەخلۇق كېمارانى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلدى . بۇ ئاجايىپ مەخلۇق تىفون بىلەن ئېكىدنادىن تۇغۇلغان ئوغۇل ئىدى . ئۇ گەۋدىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمى شىر ، ئارقا پۇتى ئەجدىھا ، ئوتتۇرىسى ئۆچكە قىياپەتلىك ئىدى .

مۇشۇنداق خېيىم - خەتەرگە بەل باغلىغان يىگىتكە تەڭرىنىڭ ئىچى ئاغرىدى . ئۇ پوسېيدون بىلەن مېدوسادىن تۇغۇلغان دۇلدۇل پېگاسوسنى ئۇنىڭغا ياردەمگە ئەۋەتتى . بۇ ئادەمزاتنى ئۆزىگە مىندۈرمىگەن دۇلدۇل ئىدى . ئۇنى كۆندۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

بېللېروفوننىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ دۇلدۇلنى ئۇچراتقان پىرويىنى دېگەن جايدىكى قۇدۇق قېشىدا ئۇخلاپ قالدى . بېللېروفون بىر چۈش كۆردى . چۈشىدە ئۆزىنى قوغدىغۇچى ئافېنا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى : «ھەي ، ئەيئولوسنىڭ ئەۋلادى ، نېمىشقا بۇ يەردە ئۇخلاپ ياتىسەن ؟ ماۋۇ ئېگەرنى ساڭا بەردىم . پوسېيدونغا ئاتاپ چىرايلىق بىر موزاينى قۇربانلىق قىلساڭ ، دۇلدۇلنى كۆندۈرەلەيسەن» . بېللېروفون ئويغىنىپ ، يېنىدا تۇرغان ئېگەرنى كۆردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېشارەتچى پولىيدوسنىڭ يېنىغا بېرىپ ، كۆرگەن چۈشىنى ۋە يۈز بەرگەن مۆجىزىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى . بېشارەتچى ئۇنىڭغا ئافېنا دېگەندەك قىلىشنى ئېيتتى . بېللېروفون بىر موزاينى سويۇپ پوسېيدونغا قۇربانلىق قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ھامىيسى بولغان تەڭرىچىگە بىر مېھراب سالدى . مۇشۇ ئىشلار تاماملانغاندىن كېيىن ، بېللېروفون دۇلدۇلنى ناھايىتى ئاسانلا قولغا ئۆگىتىۋالدى . ئۇ ھاۋادا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئوق ئېتىپ كېمارانى ئۆلتۈردى .

ئىدوباتېس ئۇنى يەنە سولىمولارغا تېگىش قىلىشقا ئەۋەتتى . كېيىن يەنە ئامازونلۇقلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىلدى . بېللېروفون زەپەر قۇچۇپ قايتتى . ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پىستىرما قويۇلغانلارنىڭ بىرسىمۇ ئامان قايتىپ كەلمىدى . پادىشاھ ئۇنىڭ جىنايەتچى ئەمەس ، بەلكى تەڭرىلەردىن بىرسىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى - دە ، بۇ يىگىتكە زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتىدىن ياندى . ئۇ پادىشاھلىقتىن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ، ئۇنىڭغا قىزى فىلونويەنى بەردى . لوكىيالىقلار بۇ يىگىتكە مۇنبەت يەر ۋە مېۋىزارلىقلارنى تەقدىم قىلدى . فىلونويە بېللېروفونغا ئىككى ئوغۇل ، بىر قىز تۇغۇپ بەردى . لېكىن ، بېللېروفوننىڭ بەختى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى . چوڭ ئوغلى ئىساندېر بىر ئۇلۇغ قەھرىمان بولسىمۇ ، سولىمولار بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا ئۆلدى . قىزى لائودامىيار زېۋىسقا سارپېدون ناملىق بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى . كېيىن ئۇنى ئوۋچىلىق تەڭرىچىسى ئارتېمىس بىر ئوق

بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويدى . پەقەت كىچىك ئوغلى ھىپپولوكىسلا قېرىغۇچە ياشىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئوغلى گىلاكوسنى ئەۋەتىپ تىروىيا ئۇرۇشىغا قاتناشتۇردى .

بېللېروفون كېيىنكى چاغلاردا تەكەببۇر ۋە رەھىمسىز بولۇپ كەتتى . ئۆزىدە دۇلدۇل بارلىقى بىلەن كۆرەڭلەپ ، شۇ دۇلدۇلنى مىنىپ ئولىمپىس تېغىغا تەڭرىلەر يىغىلىشىغا قاتناشماقچى بولدى . بىراق ، ئۇ ئادەمزات ئىدى . ئۇنىڭ بۇ غەرىزىگە ھەتتا دۇلدۇلمۇ ئۆكتە قوپۇپ ، دۇلدۇل بىردىنلا شاشلىشىپ ، ھاۋادا تىك تۇرۇۋېلىپ ، ئۇنى يەرگە ئېتىۋەتتى .

بېللېروفون ئۆلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن تەڭرىلەرگە يامان كۆرۈنۈپ قالدى . ئۇ ئۆز جەمەتىدىن ئايرىلىپ ، يەككە - يېگانە جاھان كېزىپ يۈردى . كىشىلەردىن چەتنەپ ، قېرىلىق ھاياتىنى غەم - قايغۇ ۋە يالغۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزدى .



# تېسۇس ھەققىدە ھېكايە

ئافېنا پادىشاھى تېسۇس ئەيگوس بىلەن تىرويا پادىشاھى پىنتۇسنىڭ قىزى ئايتىرادىن تۇغۇلغان . ئەيگوسنىڭ بالىسى بولمىغاچقا ، قېرىنداشلىرى ئۇنى كەمسىتەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىس بولىدىغان بالىسى بولۇشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى . ئەيگوس تىرويا شەھىرىگە بېرىپ پىنتۇسنى زىيارەت قىلغاندا ، ئۆزىنىڭ ئويىنى پىنتۇسقا دېدى ، دەل مۇشۇ چاغدا پىنتۇس بىر ئىلاھىي بېشارەت ئالغان ، بېشارەتتە قىزى خوتۇنى بار بىرەيلەنگە نىكاھلىق بولۇپ ، ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇللۇق بولىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغانىدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئەيگوس ئايتىراغا ئۆيلەندى . ئايرىلىدىغان چاغدا ، ئەيگوس خوتۇنىغا :

— تەڭرىلەر بىزگە بىر ئوغۇل بەرسە ، ئۇنى تەربىيەلەپ چوڭ قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن . ئۇ چوڭ بولۇپ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندا ، مۇشۇ تاشنىڭ تېگىگە باسۇرۇپ قويۇلغان خەنجەر بىلەن كەشنى ئېلىپ ، ئافېناغا بېرىپ مەن بىلەن كۆرۈشسۇن ، — دېدى .

ئايتىرا دېگەندەك بىر ئوغۇل تۇغدى . ئۇ ئوغۇل بالا تېسۇس ئىدى . ئايتىرا ئېرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ، بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ كىملىكىنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى . بوۋىسى بىر ئەپسانە ئويدۇرۇپ ، بۇ بالىنى دېڭىز تەڭرىسى پوسېيدوننىڭ ئوغلى دېدى . بۇ بالا چىرايلىق ھەم قاۋۇل يىگىت بولدى . ئۇ باتۇر ، قەتئىي ۋە ناھايىتى ئەقىللىق ئىدى . بۇنى ئايتىرانىڭ تەربىيەسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى . ئوغلىنىڭ چوڭ بولغانلىقىغا قاراپ ئايتىرا قالتىس خۇشال بولاتتى . ئۇ سىرنى ئاشكارىلاش نىيىتىگە كەلدى . ئايتىرا ئوغلىنى دېڭىز بويىغا باشلاپ ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئاتىسىنىڭ كىملىكىنى

دەپ بەردى . تېسۇس تاشنىڭ تېگىدىن خەنجەر بىلەن كەشنى قىنال-مايلا ئالدى .

تېسۇس ئاتىسىنى ئىزدەپ يولغا چىقتى . ئۇ قۇرۇقلۇقتا مېڭىش-نى قارار قىلدى . ئانىسى بىلەن بوۋىسى ئۇنى دېڭىز يولى بىلەن مېڭىشقا دەۋەت قىلدى .

— ناۋادا مەن دېڭىز يولىدا قورققاقلارچە ساياھەت قىلىپ يۈر-سەم ، — دېدى تېسۇس ، — كىشىلەر ئاتام ئورنىدا كۆرۈپ يۈرگەن پوسېيدوننى نېمە دەپ قالىدۇ ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە پۇتۇمدىكى كەشىمدە توپا - توزان ، شەمشىرىمدە قان ئىزلىرى بولمىسا ، ئۆز ئاتام مېنى نېمە دەيدۇ ؟

تېسۇس كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا يامانلىقنى يىلتىزىدىن يوقى-تىپ ، ياخشىلىقنى جارى قىلىپ كېلىۋاتقان ھېراكلېسقا ئاجايىپ چوقۇناتتى . ئۇ يەتتە ياش ۋاقتىدا ، ھېراكلېس ئۇنىڭ بوۋىسىنى زىيارەت قىلغان ۋە ھېراكلېسنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بېرىلگەند-دى . شۇ چاغدا ھېراكلېس يېنىغا تېسۇس ۋە بىرقانچە بالىلارنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، يەلكىسىگە ئارتىۋالغان شىر تېرىسىنى يېشىپ ئۇلارنى قورقۇتتى . باشقا بالىلار قورققىنىدىن قېچىپ كېتىشتى . تېسۇس بۇ تېرىنى تىرىك شىر دەپ ئويلاپ پالتا بىلەن چاپماقچى بولغانىدى .

تېسۇس باتۇرلۇق بىلەن سەپەرگە ئاتلاندى . ئۇ ئېپدولوس دېگەن يەرگە بارغاندا ، جاھانغا پاتماي قالغان بىر قاراقچى يولنى توستى . تېسۇس باتۇرلۇق بىلەن بۇ قاراقچىنى ئۆلتۈردى ۋە ئۇنىڭ تۆمۈر كالتىكىنى ئولجا ئالدى . كىرىنتوسقا بارغاندا ، سىننىس ئىسىملىك يەنە بىر قاراقچىنى ئۇچراتتى . سىننىس ئادەم ئۆلتۈرگەندە ، ئىككى تۈپ قارىغاينى ئېگىپ ، ئۆز ئەسىرىنى ئەنە شۇ قارىغايلارنىڭ ئۇچىغا باغلاپ قارىغاينى قويۇۋېتەتتى . شۇنىڭ بىلەن باغلانغان ئادەمنىڭ بەدىنى قاق ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتەتتى . تېسۇس رە-ھىمسىز بۇ مەخلۇقنى ئۆلتۈردى .

سىننىسنىڭ پىرىگون ئىسىملىك رەھىمدىل ۋە چىرايلىق بىر

قىزى بار ئىدى . تېسۇس ئۇنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈۋاتقاندا ، بۇ قىز ئورمانغا قېچىپ كىرىپ كەتكەنىدى . تېسۇس ئۇنى ئىئونوسقا يەنى ئوكالىيە پادىشاھى ئېۋرىستىئوسنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلدى .

تېسۇس سىكېرون ئىسىملىك ئۈچىنچى چوڭ قاراقچىغا يولۇقتى . ئۇ ھەمىشە يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى بوزەك قىلاتتى . ئۇلارغا پۇتىنى يۇغۇزاتتى . مۇساپىرلار ئۇنىڭ پۇتىنى يۇيۇشقا تەمشەلگەندە ، بۇ تاش يۈرەك قاراقچى ئۇلارنى بىر تېپىپلا دېڭىزغا چۈشۈرۈۋېتەتتى . يەرلىكلەر ۋە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلار ئۇنىڭدىن ۋابادىن قورققاندەك قورقۇشاتتى . بىر كۈنى تېسۇس بۇ يەرگە كەلدى . سىكېرون تېسۇسنى پۇتىنى يۇيۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى . ئەمما ، بۇ نۆۋەت دېڭىزغا چۆكۈپ ئۆلگەن كىشى سىكېرون بولدى . تېسۇس ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن بۇ خۇمپەرنى ئۇجۇقتۇردى .

تېسۇس داۋاملىق ئىلگىرىلەپ كېتىۋېتىپ ، ئەڭ ئاخىرقى ھەم ئەڭ ۋەھشىي خۇمپەرگە — داماستىسقا ئۇچرىدى . ئۇ لەقىمى «تۆمۈر كارىۋاتلىق قاراقچى» ئىدى . بۇ قاراقچىنىڭ بىرى بەك ئۇزۇن ، بىرى بەك قىسقا ئىككى كارىۋىتى بار ئىدى . ئەگەر پاكار يولۇچى ئۇچرىسا ئۇنى ئۇزۇن كارىۋات يېنىغا باشلاپ بېرىپ : «بۇ كارىۋات ساڭا بەك ئۇزۇن كېلىدىكەن ، مەن سېنى كارىۋاتقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ قوياي» دەپ كۈچ بىلەن سوزاتتى ، ئۇ ئادەم تىنىقى بوغۇلۇپ ئۆلۈپ قالاتتى . ئەگەر ئۇزۇن بويلۇق يولۇچى ئۇچراپ قالسا ، داماستىس ئۇ ئادەمنىڭ پۇت - قولىنى ۋەھشىيلەرچە كېسىپ تاشلايتتى . تېسۇس بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى ۋە بوي - بەستى ئېگىز بۇ ئەبلەخنى قىسقا كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ پۇتىنى كېسىپ تاشلىدى . ئۇ ئاخىر ئازابلىق جازاغا ئۇچرىدى .

تېسۇس ئاخىر ئافېناغا قايتىپ كەلدى . ئافېنا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدەك بەخت ۋە تىنچلىققا چۆمگەن شەھەر ئەمەس ئىدى . بۇ شەھەر خېيىم - خەتەر ۋە زوراۋانلىققا تولغانىدى . بىر ئايال باخشى — مېدىيە زەھەرلىك ئەجدىھا قوشۇلغان هارۋىغا چۈشۈپ ئافېناغا كەلگەنىدى . ئۇ : «ماڭا ئىشەنسىلە ، مەن سىلىنىڭ ياشلىق دەۋرلىرىنى ئەسلىگە

كەلتۈرىمەن» دەپ ئەيگوسنى ئالدىدى. ئەيگوس ئۇنىڭ شېرىن سۆز-لىرىدىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، مېدىيە بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئايال باخشى بولغاچقا، تېسۇسنىڭ كېلىش خەۋىرى ئوردىغا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا، ئۇنىڭ كېلىشىنى ئالدىن بىلىۋالدى. ئافېنا قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇراتتى. ئەيگوس ھەربىر يېڭىياچە ئادەمدىن گۇمانلىناتتى. قەبىھ مېدىيە مۇشۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، تېسۇسنى ئۆل-تۈرۈش قارارىغا كەلدى. بۇ ياقا يۇرتلۇق يىگىت ئىنتايىن خەۋپلىك جاسۇس دەپ پادىشاھنى ئازدۇردى. مېدىيە تېسۇسنى يالغاندىن قارشى ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بېرىپ، ئاندىن ئۇنى زەھەر سېلىنغان شاراب بىلەن ئۆلتۈرمەكچى بولدى. تېسۇس ئاتىسىغا تونۇشلۇق بېرىشكە ئالدىرىمىدى، ئۇنىڭ قەلبى ھاياجانغا ۋە شادلىققا تولغانىدى.

زەھەر سېلىنغان شاراب تېسۇسنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. ئەي-گوس تېسۇس بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كۆرۈشۈش ئاياغلاشقان-دىن كېيىن، تېسۇس يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ، گۆش توغرى-ماقچى بولغاندەك قىلدى. ئەيگوس خەنجەرنىڭ ئۆز خەنجىرى ئىكەنلى-كىنى بايقاپ، ئالدىدا تۇرغان يىگىتنىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىنى شۇ ھامان بىلدى. ئۇ بىر خەنجەرگە، بىر ئوغلىغا سىنچىلاپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن تېسۇسنىڭ ئالدىدا تۇرغان قەدەھنى يەرگە ئۇرۇپ چۇشۇرۇۋەتتى. ئەيگوس ھەقىقىي ئەھۋال توغرۇلۇق چۈشەنچە بەردى. ئاتا - بالا ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى. پادىشاھ مېدىيەنى مەملى-كىتىدىن قوغلاپ چىقاردى. خەلق تېسۇسنى قىزغىن قارشى ئالدى.

تېسۇس پادىشاھلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. بۇئىش تېسۇس-نىڭ تاغىسى باللاسنىڭ ئەللىك ئوغلىنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەيگوسنىڭ شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش كويىدا يۈرگەنىدى. شۇڭا، ئۇلار باش قوشۇشۇپ، سۇيىقەست پىلان-لاپ، پىستىرما قويۇپ تېسۇسنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلاندى. ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بىرەيلەن تېسۇسقا يەتكۈزۈپ قويدى. تېسۇس ئادەملى-رىنى باشلاپ، ئۇلار يوشۇرۇنۇپ ياتقان يەرگە بېرىپ، ئەللىك قېرىن-

داشنى تامام ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئۇ خەلقنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش
ئۈچۈن ، ئاتىكانىڭ تۆت ئۆلكىسىدە خەلققە زىيان - زەخمەت سېلىۋاتـ
قان ماراسون ياۋايى بۇقىسىنىڭ ئەدىپىنى بەردى . بۇ بۇقىنى ئافېنا
كوچىلىرىدا ھەيدەپ سازايى قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى . ئاندىن ئۇنى
ئۆلتۈرۈپ ، ئاپوللونىڭ مۇقەددەس مېھرابىغا قۇربانلىق قىلدى . شۇ
ئەسنادا ، كىرىت پادىشاھى مىنوتاروسقا توققۇز يىلدا بىر تۆلىنىدىغان
ئولپاننى ئالىدىغان ئەلچىلەر كېلىپ قالدى .

كىرىت پادىشاھى مىنوتاروس يەتتە ئوغۇل ۋە يەتتە قىزنى بېرىشـ
كە قىستاپ ئافېناغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەنىدى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ،
بۇ ئوغۇل - قىز ئۆسمۈرلەر شۇ يەرگە ئاپىرىلىپ ، ئۇسسۇزلۇقتا
ئۆلۈپ كېتىدىكەن . كىشىلەرنىڭ يۈرىكى سۇ ئىدى . مۇشۇ سەۋەبلىك
ئۇلار ئەيگوستىن نارازى ئىدى . تېسۇس ئولپانغا ئۆزى بېرىشنى قارار
قىلدى . ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئالىيجاناب روھىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى .
ئەمدىلا تەخت ۋارىسىغا ئىگە بولغان ئاتىسى ئوغلىنىڭ بېرىشىغا
قوشۇلمىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئىرادىسى قەتئىي ئىدى . ئۆزىگە ھېچـ
قانداق خېيىم - خەتەر يەتمەيدىغانلىقىنى ، غەلىتە مەخلۇق مىنوتاروسـ
نى جەزمەن بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئاتىسىنىڭ كۆڭلىنى
ياسىدى .

ئىلگىرى كىرىت ئارىلىغا بارىدىغان كېمىگە ئۈمىدسىزلىك ئالاـ
مىتى قىلىپ قارا يەلكەن ئېسىلاتتى . تېسۇس كېمىنى ئىلگىرىكىدەك
جابدۇدى . ئەمما ، كېمىچىلەرگە بىر ئاق يەلكەن ھازىرلاشنى بۇيرۇـ
دى . ئۇلار ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلسە ، كېمىگە ئاق يەلكەن
چىقىرىلىدىغان بولدى . تېسۇس ۋە ئۇنىڭ سەپەرداشلىرى پادىشاھ
مىنوتاروسنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى . بوي - بەستى ئېگىز ھەم كېلىشـ
كەن يىگىتكە گۈزەل مەلىكە ئارىئادنېنىڭ نەزەرى چۈشتى . مەلىكە
ئۇنىڭ بىلەن خۇپىيانە كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا بىر ئورام يىپ بەردى .
تېسۇس مەلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئەمەل قىلىپ يىپنىڭ بىر
ئۇچىنى ئىشىك تۈۋىگە باغلاپ قويۇپ ، يىپنى تارتىپ مىنوتاروسنىڭ
سىرلىق ئوردىسىغا ئاپاردى . ئاندىن مەلىكە بەرگەن قىلىچ بىلەن بۇ

غەلىتە مەخلۇقنى ئۆلتۈردى . ئاخىر سىرلىق ئورددىن ئامان - ئېسەن قايتىپ چىقتى . ئۇلار كىرىت كېمىلىرىنىڭ ئاستىنى تېشىۋەتتى . كىرىتلىكلەر ئۇلارنى قوغلاشقا ئامالسىز قالدى .

بىر ئاخشىمى دېئانسوس تېسۇسنىڭ چۈشىگە كىرىپ قالدى ، چۈشىدە دېئانسوس ئۇنىڭغا ، ئاردىنېنى تەقدىر تەڭرىسى ماڭا خوتۇن بولىدۇ دەپ بەلگىلەپ قويغان ، ئۇنىڭدىن كەچمىسەڭ ساڭا زور بالايى-ئاپەت كەلتۈرىمەن دېگۈدەك . تېسۇس دېئانسوسنىڭ غەزىپىدىن ساق-لىنىش ئۈچۈن ، مەيۈس مەلىكىنى شۇ ئارالغا قالدۇرۇپ قويىدى . شۇ كېچىسى ئاردىئانېنىڭ ھەقىقىي ئېرى كەلدى ۋە ئۇنى دېلىئوس تېغىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى . ئىككىسى شۇ يەردە كۆزدىن غايىب بولدى . تېسۇس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قايغۇ بىلەن بولۇپ كېتىپ ، قارا يەلكەن ئورنىغا ئامان - ئېسەنلىكنىڭ نىشانىسى بولغان ئاق يەلكەننى ئېسىشنى ئۇنتۇپ قېلىشتى . قىرغاقتا قاراپ تۇرغان ئەيگوس قارا يەلكەننى كۆرۈپ ، قاتتىق ئازابلىنىپ ، ئوغلىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە شەكسىز ئىشەندى - دە ، ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى . ئۇلار قىرغاققا يەتكەندە ، بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگەنلى-كىدىن خۇشال بولۇشتى . بەزىلەر پادىشاھنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇش-تى . تېسۇس نەزىر - نوزرەت مۇراسىمىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ، خەۋەرچى ئاندىن پادىشاھنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزدى . ئاتىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان تېسۇس چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا ، ھەممە ئادەم شەھەرگە قايتىپ كىرگەنىدى . شەھەر قايغۇلۇق كەيپىياتقا تولغانى-دى . ئەيگوسنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ دېڭىز «ئىگەي دېڭىزى» دەپ ئاتالدى .

تېسۇس ئاتىسىنى كۆز يېشى ئىچىدە دەپنە قىلدى . ئۆز ئارزۇسى بويىچە ، ئامان - ئېسەن قايتۇرۇپ كېلىنگەن كېمىنى ئاپوللوغا ئاتى-دى . بۇ كېمە كىشىلەرنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىنى بېسىپ يولغا چىققان ، قايتاردا كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقىنى بېسىپ قايتىپ كەلگەنىدى . ھەر-بىر ئافېنالىقنىڭ بۇ يېڭى خاتىرىنى مەڭگۈ ساقلىشى ۋە بۇ مۆجىزى-

لىك دېگىز سەپىرىنى مەڭگۈ ياد ئېتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ، بۇ كېمە-
نىڭ چىرىگەن ھەربىر پارچە تاختىيىنى دەرھال يېڭىلاپ تۇردى .
نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ، ئىمپېراتور ئالېكساندىر دەۋرىدىمۇ
كىشىلەر بۇ كېمىنى كۆرەلىگەن .

تېسۇس پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى . پاكىتلار ئۇنىڭ
تالانتلىق سىياسىئون ۋە تەشكىلاتچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . ئۇ
بۇ جەھەتتە ھېراكلېستىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى . ئۇ ئافېنالىقلارنىڭ
ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە ئۇلارنى تەشكىللەشكە رەھبەرلىك قىلدى
ۋە ئىشلارنىڭ قولاي بولۇشى ئۈچۈن ، شەھەرچىلەردە ۋە ئەتراپتىكى
سەھرالاردا ياشاۋاتقان پۇقرالارنى شەھەر ئىچىگە كۆچۈرۈش قارارىغا
كەلدى . تېسۇس ئۆز خەلقىگە :

— مەن ئۇرۇشتا سىلەرنىڭ يول باشچىڭلار بولىمەن . ئادەتتىكى
چاغلاردا قانۇننىڭ ھامىيسى ، بۇنىڭدىن باشقا ھەممە نەرسە پۇقرالار-
نىڭ باراۋەر مەنپەئەتى ئاساسىدا بولىدۇ ، — دېدى .

ئاقسۆڭەكلەر ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى نوپۇزىدىن قورقۇپ ، ئۇلار-
مۇ تېسۇسنىڭ سۆزىگە كىرىشكە مەجبۇر بولدى . ھوقۇق ئافېناغا
مەركەزلەشتى . ئافېنا شەھىرى بىنا قىلىندى . يېڭى بىنا قىلىنغان
دۆلەتنى تېخىمۇ بىخەتەر قىلىش ۋە مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە تې-
سۇس خەلقنى تەڭرىلەرگە ھۆرمەت قىلىش روھىدا تەربىيەلىدى . ئۇ
ئافېنانى ئافېنا شەھىرىنى قوغدىغۇچى تەڭرى قىلىپ بەلگىلىدى .
پوسېيدوننى خاتىرىلەش ئۈچۈن ، كىرىنتوس بويىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان
مۇقەددەس مۇسابىقىنى قايتىدىن يولغا قويدى .

دەل مۇشۇ چاغدا ئافېنا بىر ئۇرۇش تەھدىتى ئالدىدا قالدى .
تېسۇس ئىلگىرى خەتەرلىك سەپەردە يۈرگەن چاغلاردا ، ئامازونلۇقلار
مەملىكىتىنىڭ قىرغاقلىرىدا قۇرۇقلۇققا چىققانىدى . بۇ مەملىكەتتە-
كى ئاياللار ئۇرۇشقاق ئىدى . ئۇلار بوي - بەستى ئېگىز ھەم چىراي-
لىق بۇ قەھرىمانىنى گويا مېھماننى قارشى ئالغاندەك قارشى ئالغان-
دى . ئۇنىڭغا سوۋغا تەقدىم قىلغانىدى . شۇ چاغدا تېسۇس ھىپپولىت
ئىسىملىك بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ، ئۇنى كېمىگە چىقىشقا

تەكلىپ قىلغان ھەم ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەنىدى. ئافېناغا بارغاندىن كېيىن كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنىدى. ھىپپولىت مۇشۇنداق بىر پادىشاھ يىگىتنىڭ خوتۇنى بولۇشقا رازى ئىدى. لېكىن، ئامازونلۇقلار بۇ ئىشنى نوقۇل ئالداپ ئېلىپ كېتىش دەپ چۈشەنگەنىدى. ئۇلار غەزەپلىنىپ ئۆچ ئېلىشقا بەل باغلىدى. ئافېنالىقلار تەييارلىقسىز تۇرغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، تۇيۇقسىز قورۇقلۇققا چىقىپ بىرمۇنچە يەرلەرنى بېسىۋالدى. ئافېنا قوشۇنلىرى ئارقا- ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدى. لەشكەرلەر چېكىنە - چېكىنە ئېۋىسنىڭ خانىقاسىغىچە چېكىنىپ باردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇرۇش ئەكس تەرەپكە قاراپ ئۆزگەردى. ئامازونلۇقلار ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، كۆپىنچىلىرى ئۆلتۈرۈلدى. ھىپپولىت ئېرى بىلەن مۇرنى - مۇرىگە تېرەپ جەڭ قىلدى. ئۇ بىر ئۆتكۈر نەيزە سانجىلىپ شۇ يەردىلا جان ئۈزدى. تېسۇس ھىپپولىتنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بىر تاش مۇنار ئورناتتى.

تېسۇس ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە جاسارىتى بىلەن داڭلىق ئىدى. ئىكسىئوننىڭ ئوغلى پىرىتوس ئۆزىنىڭ جاسارىتىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئافېنا پادىشاھى بىلەن تۇتۇشۇپ باقماقچى بولدى. چۈنكى، ئۇ بۇ پادىشاھنىڭ باتۇرلۇق ۋە كېلىشكەن قەددى-قامىتى بىلەن قازانغان داڭقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئافېنا پادىشاھىغا قاراشلىق كالا پادىسىنى ئوغرىلاپ كەتتى، ئافېنا لەشكەرلىرى كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. تېسۇس بىلەن پىرىتوس بىر - بىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى. تېسۇس بىلەن تۇتۇشماقچى بولغان پىرىتوس تېسۇسنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى ۋە باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ تاڭ قالدى. پىرىتوس ئوڭ قولىنى چىقىرىپ كالا ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى. تېسۇس قەددى - قامەتلىك پىرىتوسقا قاراپ:

— مېنىڭ بىردىنبىر شەرتىم، ماڭا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولغان ئادەم بىلەن دوست بولۇش، — دېدى.

پىرىتوس توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. توي مۇراسىمى لاپىتايلىق-

لارنىڭ ئېلىدە ئۆتكۈزۈلدى. بولغۇسى كېلىن لاپتايلىقلاردىن بولغان تىسالىيە مەلىكىسى ھىپپودامىيا ئىدى. توي مۇراسىمىغا قاتناشقانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. تېسۇسمۇ تويغا تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى. پىرىتوسىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ تويغا ئىشتىراك قىلىشتى. ئۇلار يېرىم ئادەم ۋە يېرىم ئات ئادەملەر بولۇپ، لاپتايلىقلار بىلەن ئۇزاق- تىن بېرى دۈشمەنلىشىپ كېلىشۋاتقانىدى. بۇ قېتىم بۇ ئات ئادەملەر كۈيئوغۇل تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى بولغاچقا، ئۇلار كونا ئاداۋەتلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، توي زىياپىتىگە جەم بولۇشقانىدى. توي زىياپىتى باشلاندى. پىرىتوسىنىڭ ئوردىسى ھەشەمەتلىك بېزەكلەر بىلەن بېزەلگەنىدى. ھەممە يەردە مەدھىيە ناخشىلىرى ياڭراپ تۇراتتـ- تى. پۈتۈن زال ئېسىل شاراب ۋە شېرىن تائاملارنىڭ خۇشبۇي ھىدىغا تولغانىدى. زالغا پاتمىغان مېھمانلار سەينادىكى دەرەخلەر ئارىسىغا تىزىلغان ئۇزۇن ئۈستەللەر ئەتراپىغا جايلاشقانىدى.

ئات ئادەملەردىن ئېۋرىستون مەست بولۇپ قالدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. چۈنكى، ئۇنىڭ گۈزەل ھىپپودامىياغا كۆزى چۈش- كەنىدى. بۇ ھالغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. ھىپپودامىيا قارشىلىق كۆرسەتتى ۋە نالە قىلدى. شۇندىلا خۇشال - خۇرام ئولتۇرغان كىشى- لەر ئېسىنى يىغدى. ئېۋرىستون ھىپپودامىيانىڭ ئۇزۇن چېچىنى قامالاپ تۇتۇپ سۆرەۋاتاتتى. ئات ئادەملەر بۇنى بەلگە دەپ بىلىپ، ئوردىدا خىزمەت قىلىۋاتقان تىسالىيە قىزلىرىنى ئۇرۇش ئولجىسى قىلىپ ئىگىلىۋېلىشتى. پۈتۈن زال ئۆرتۆپە بولۇپ كەتتى.

— ھوي، ئېۋرىستون، — دەپ ۋارقىرىدى قېرى تېسۇس، — ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ مەن تېخى تىرىك تۇرۇپ پىرىتوسنى مۇشۇنداق ھاقارەتلەمسەن.

تېسۇس شۇنداق دەپ ئېۋرىستوننىڭ قولىدىن ھىپپودامىيانى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. ئېۋرىستون لام - جىم دېمىدى. پەقەت تېسۇسنى بىر مۇشت قويدى، تېسۇس بىر مىس چۆگۈن بىلەن ئۇرۇپ ئېۋرىس- تونىنى ياتقۇزۇۋەتتى. سورۇندا ئولتۇرغان ئات ئادەملەر چۇقان كۆتۈ- رۈشۈپ:

— قول سالايلى ، — دېيىشتى .

شۇنىڭ بىلەن قاچا - قۇچىلار ۋە قەدەھلەر ئادەم ئۆلتۈرۈش قورالىغا ئايلاندى . روتوس ئاتەشداندىن بىر تال چوغنى ئېلىپ ، رەقىبىنىڭ يارىسىغا تىقىۋەتتى . پىرىتوس نەيزىسىنى ئوينىتىپ ، يەردىن بىر تۈپ چىنار دەرىخىنى يۇلۇۋېلىپ ، ئۆزىگە قورال قىلماقچى بولغان ئات ئادەم پېتىروسقا نەيزە ئۇردى . نەيزە ئۇنى دەرەخكە مىخلاپ قويدى . جەڭ بارغانچە دەھشەتلىك تۈس ئېلىشقا باشلىدى . جەڭدە كوللاروس ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ھىلونومى ئۆلدى . ھىلونومى ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلۈۋالدى .

دەھشەتلىك جەڭ داۋام قىلىۋاتاتتى . لاپىتايلىقلار ئات ئادەملەرنى ئاخىر بويسۇندۇردى . پىرىتوس بىلەن كېلىن تېسۇسنىڭ قەھرىمانلىقىغا رەھمەت ئېيتىشتى . ئەتىسى ئەتىگەندە تېسۇس دوستى بىلەن خوشلاشتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق يەنىمۇ كۈچەيدى . تېسۇس ئۆز بەختىنى ئىلگىرىكىدەك قەھرىمانلىق ۋە خېيىم - خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلەر ئارقىلىق ئەمەس ، بەلكى ئۆز ئەتراپىدىن تاپماقچى بولدى . ئۇ ئادىئادىنىنى پەقەت ئۇنتۇپ كېتەلمىدى . ئارىئادىنىنىڭ سىڭلىسى فادرانىڭ ئۆزى بىلەن توي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ كېلىۋاتاتتى . ھازىر كىرىتتا فادرانىڭ ئاكىسىنىڭ چوڭ ئوغلى دېۋكالىئون پادىشاھ ئىدى . فادرا ھەدىسىگە ئوخشاش گۈزەل ھەم ئوماق ئىدى . دېۋكالىئوندا تېسۇسقا نىسبەتەن ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغانغان بولغاچقا ، ئىككى ئەل ئىتتىپاق تۈزگەنىدى . تېسۇس فادراغا ئۆيلىنىش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلغاندا ، پادىشاھ ماقۇللۇق بىلدۈردى . ئۇزاق ئۆتمەي تېسۇس فادرانى ئېلىپ ئۆز ئېلىگە قايتتى . خۇددى ئارىئادىنىنى يېڭىباشتىن يېنىغا قايتىپ كەلگەندەك تېسۇس ئۆزىنى ئاجايىپ بەختلىك سەزدى . توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن فادرا بىر جۈپ ئوغۇل تۇغدى .

كېيىن فادرا قېرى تېسۇسنى بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالدى . ئۇ پادىشاھنىڭ ياش ئوغلى ھىپپولىتوسنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ قالدى . ئۇ تېسۇس ياش ۋاقتىدىكىدەك بوي - بەستى ئېگىز ھەم

كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۇ ئافىنا ۋە ئىلىيوشقا كېلەتتى. بىر مۇراسىمدا فادرا بۇ يىگىتنى يۈرىكىدىن ياخشى كۆرۈپ قالدى. فادرا ئۆزىنىڭ ھىپپولىتوسقا بولغان مۇھەببىتىنى خەت ئارقىلىق بايان قىلىپ، خەتنى ئېمىكئانىسى ئارقىلىق ھىپپولىتوسقا يەتكۈزدى. ھىپپولىتوس خەتنى ئوقۇپ چىقىپ، فادرانىڭ پەزىلەتسىزلىكىدىن يىرگەندى. ئۇنىڭ قەلبى قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ كۆڭلىدىكى ئازابلارنى ئاتىسى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا دېمەكچى بولۇپ ئاتىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان فادرا قاتتىق ھەسرەت چەكتى. ھەقىقەتەن چىدىيالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈۋالدى. قىساس ئېلىش خىيالىدا خەت قالدۇرۇپ قويىدى. ئۇ خېتىدە: «ھىپپولىتوس مېنى ھاقارەتلىمەكچى بولدى. بۇنىڭ بىردىنبىر ئامالى ئۆلۈۋېلىش» دەپ يازغانىدى. تېسۇس بۇ خەتنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەنلىكىدىن تىترەپ كەتتى. ئۇ ئوغلىنى دەرھال ئۆلۈپ كېتىشنى تىلەپ قارغىدى.

ھىپپولىتوس يۈز بەرگەن ئىشنى ئاڭلاپ، ئاتىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ كايىشلىرىغا جاۋابەن:

— مەن گۇناھسىز، — دېدى.

غەزەپلەنگەن تېسۇس ئوغلىنى يېنىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. چۈنكى، تېسۇسنىڭ قۇلىقىغا ھېچنېمە كىرمەيتتى. ھىپپولىتوس يىغلىغان پېتى يۇرتىدىن ئايرىلدى. بۇ ئاتا - بالىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يۈز كۆرۈشۈشى ئىدى. شۇ كۈنى گۇگۇم ۋاقتىدا ئوردىغا بىر ئەلچى كىرىپ پادىشاھقا:

— ئەي كەرەملىك پادىشاھ، سىلىنىڭ ئوغۇللىرى قازا تاپتى، — دېدى. تېسۇس سوغۇقلا:

— ئۇ بىراۋنىڭ خوتۇنىنى ھاقارەتلىگەن، — دېدى.

لېكىن ئەلچى:

— يوقسۇ، پادىشاھىم. ئۇنى ئۆز ھارۋىسى ۋە سىلىنىڭ قارغىشلىرى ھالاك قىلدى، — دېدى.

ئەلچى تېسۇسقا بولغان ئىشنى بايان قىلدى. ئۇلار دېڭىز بويىدا

ھىپپولىتوسنىڭ ئاتلىرىنى يۇيۇۋاتقانىكەن ، ئۇنىڭ قوغلاندى قىلىن-غانلىقىنى ئاڭلاپ كىشىلەر چەكسىز ئازابلانغان ، سەپەرگە چىقىدىغان ئاتلىرى ھازىر بولغاندا ، ھىپپولىتوس قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، كۆككە قاراپ :

— زېۋىس ، ئەگەر مەن ھەقىقەتەن گۇناھكار بولسام مېنى دەر-ھال ھالاك قىلغايسەن ! مەيلى ئۆلۈپ كېتەي ياكى تىرىك قالاي ، ئاتام مېنى ئورۇنسىز ئەيىبلىگەنلىكىنى بىلگەي ، — دەپ نالە قىلغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھارۋىنى ھەيدەپ ئارگوس ۋە ئېپپىدورستقا قاراپ يۈرۈپ كەتكەن . ئەلچىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ دېڭىز بويىغا بارغان . تۇيۇقسىزلا غايەت زور گۈلدۈرلەش ئاۋازى ئاڭلانغان . ئۇلار ھوشيارلىق بىلەن ئەتراپقا نەزەر تاشلىغان . دېڭىزدا كۆتۈرۈلگەن ئالامەت زور دولقۇن قىرغاق بىلەن بوغۇزنى يۇتۇپ كەتكەن . ئۇلارغا قاراپ يامراپ كەلگەن دولقۇن ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، بىر غەلىتە مەخلۇق چىقىپ كەلگەن . ئاتلار ئۈركۈپ كەتكەن . ھىپپولىتوس ئاتلارنى باش-قۇرۇشقا ئاجايىپ ماھىر ئىدى . ئۇ ھارۋىنى ئۇستا دېڭىزچىدەك ھەيدەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ، ئاتلارنى باشقۇرۇش يەنىلا مۇمكىن بولماي قالغان . ئاتلار يۈگەننى چىشلەپ ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي چاپقان . ئاتلار تۈز يولدا چاپسا ، ھېلىقى مەخلۇق يولىنى توسۇۋالغان . شۇنىڭ بىلەن ھارۋا ھاڭتاشقا ئۇرۇلۇپ كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەت-كەن . پالاكەت ناھايىتى تېزلا يۈز بەرگەن . ھەرقانچە ئۇستا ھارۋى-كەشمۇ ئىنكاس قايتۇرۇشقا ئۇلگۈرەلمىگەن بولاتتى . ھىپپولىتوس ئېغىر يارىلانغان ، شۇنداق تۇرۇپمۇ ئاتلارغا ۋارقىراپ ، ئۆزىنى قارغى-ۋەتكەن ئاتىسىدىن نالە قىلغان . كېيىن ئۇ بىر دوقمۇشتىن ئەگى-لىپ ، دېڭىزدىن چىققان ھېلىقى غەلىتە مەخلۇق بىلەن تەڭلا كۆزدىن غايىب بولغان……

تېسۇس ئەلچىنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ ، بىرھازاغىچە سۇكۇتكە چۆ-مۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇ گۇمانىي تەلەپپۇزدا :

— ئۇنىڭ بەختسىزلىكىدىن خۇشالمۇ بولمايمەن ھەم قايغۇرۇپمۇ كەتمەيمەن . ئۇ ھېلىھەم ھايات بولسا ، ئۇنىڭ بىلەن ئوبدانراق سۆزلە-

شىشنى خالايتتىم . شۇنىڭدا ھەممە ئىش ئايدىڭ بولۇپ كېتەتتى ، — دېدى .

ئۇ شۇنداق دەۋاتقاندا ، بىر موماي ئوردىغا بۆسۈپ كىردى . ئۇ دەل فادرانىڭ ئېمىكئانىسى ئىدى . ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ فادرانىڭ ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ يازغان خېتىنى ھىپپولىتوسقا قانداق يەتكۈزگەنلىكىنى ئېيتتى . ئۇ ھىپپولىتوسنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، ۋىجدان ئازابىغا چىدىماي ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلىغىلى كەلگەنىدى .

سەكرات ئۈستىدە ياتقان ھىپپولىتوس زەمبىلدە ئېلىپ كىرىلدى . ئۇ تىرىك ئىدى . ئۇ :

— مېنىڭ گۇناھسىزلىقىم ئىسپاتلاندىمۇ ، ئاتا ؟ — دېدى .

ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان بىرسى بېشىنى لىڭشىتتى . ھىپپولىتوس بىرلا ۋارقىراپ ، شۇئان جان ئۈزدى . پادىشاھ ئۇنى ئىلگىرى فادرا تۇرغان ئالتۇن شاپتۇل دەرىخىنىڭ تۈۋىگە دەپنە قىلدى .

تېسۇس كۈندىن - كۈنگە قېرىدى ، ئۇنى يالغۇزلۇق ئازابلىدى ، پىرىتوسمۇ خوتۇنىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغانىدى . ئىككىسى قورال كۈچى بىلەن خوتۇنغا ئېرىشمەكچى بولدى . ئۇلار زېۋس بىلەن لىدادىن تۇغۇلغان ھېلېننى بۇلاپ كېلىشنى قارار قىلىشتى . ھېلېن بۇلاپ كېلىندى . چەك تاشلاشتى ، چەك تېسۇسقا چىقتى . ئىككىسى پولوتونىڭ خوتۇنى پېرسفوننى ئېپقېچىشقا قەسەمياد قىلىشتى . تېسۇس ھېلېننى ئاركادىيادىكى تىگەيىيا دېگەن جايغا ئېلىپ كەتتى . كېيىن ئۇ يەردىن ئاتىكانىڭ ئافېندنا دېگەن يەرگە ئاپىرىپ ، ئۇنى ئانىسى ئايتىراغا ۋە بىر دوستىنىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇردى .

تېسۇس دوستى پىرىتوس بىلەن يەنە بىر پىلاننى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى ، ئۇ پىرىتوسنىڭ جەھەننەمدىن پولوتونىڭ خوتۇنى پېرسفوننى ئالداپ ئاچىقىشىغا ياردەم قىلىشقا ۋەدە بەردى . بۇنىڭدىن پىرىتوس خۇشال بولدى . نەتىجىدە ئىككىسىنىڭ پىلانى سۇغا چىلاشتى . ئۇلار جەھەننەمدە نەزەربەند قىلىندى . تېسۇس بىلەن پىرىتوس پولوتو تەرىپىدىن جىنايىتى بېكىتىلىپ ، جەھەننەمگە قامالغان چاغدا ،

ئافىنادا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتاتتى. ھېلىنىنىڭ ئىك-
كى ئاكىسى كاستور بىلەن پولىدوكېس ئاتىكادىن سىڭلىسىنى قايتۇ-
رۇپ كېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار سىڭلىسىنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن
قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئافىنالىقلاردىن سىڭلىسى-
نىڭ نەدىلىكىنى سورىغاندا، ئۇلار بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.
ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن غەزەپكە كېلىپ، قورال كۈچى ئىشلەتمەكچى
بولۇشتى. كېيىن ئاكادوموس ئىسىملىك بىرەيلەن ئۇلارغا سىڭلىسى-
نىڭ بار يېرىنى دەپ بەردى. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ئافىدىناغا
ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىر سىڭلىسىنى قۇتقۇزدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئافىنا شەھىرىدە ئىرىكتوسنىڭ نەۋرى-
سى مىنىستوس ئۆزىنى داھىي قىلىپ تىكلىدى. ئۇ پىتنە - پاسات
تارقاتتى، ئافىدىنا قولدىن كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئافىنا خەلقى ۋەھى-
مىگە چۈشتى. شەھەر قوۋۇقى ئېچىلىپ تىندارپوسلۇق ئاكا - ئۇكا
ئىككىيلەن قارشى ئېلىندى. ئۇلار شەھەردە بىر ئادەمگە زىيان -
زەخمەت يەتكۈزمەي، كۆپ ئۆتمەي ئافىنادىن يۇرتىغا كېتىشتى. ھې-
راكلېس تەرىپىدىن ئازادلىققا چىققان تېسۇس جەھەننەمدىن قايتىپ
چىقتى. بۇ چاغدا ئافىنا مىنىستوسنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ ئەمدىلا
دۆلەتنى قولىغا ئېلىشىغىلا، جايلاردا كەينى - كەينىدىن ئىسيان
كۆتۈرۈلدى. بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرمۇ تېسۇسقا ئۆكتە قوپۇشتى.
ئۇ توپىلاڭچىلارنى قوراللىق باستۇرۇپ كۆردى. لېكىن، توپىلاڭچىلار
بارغانسېرى كېڭىيىپ كەتتى. پادىشاھ تېسۇس ئافىنا شەھىرىنى تاش-
لاپ چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئىككى ئوغلىنى
يەنى ئاكاماس بىلەن دېموفوئوننى ئوپويادىكى ئېلىفىنورغا تاپشۇردى.
ئۆزى بولسا گاركىتوسقا كېلىپ، ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرگە
قارغىش ئېلان قىلدى.

ئەڭ ئاخىرى تېسۇس پۇتىدىكى توپىلارنى قېقىۋېتىپ ئافىنادىن
ئايرىلدى. ئۇ دېڭىز يولى ئارقىلىق سىكوروس ئارىلىغا كەتتى. بۇ
ئارالدا ئۇنىڭ ئاتىسىدىن قالغان نۇرغۇن مىراسى بار ئىدى. ئۇ بۇ
ئارالدىكى خەلق بىلەن ئىناق ئۆتتى. ئۇلارنى ئۆز دوستلىرىدەك

كۆردى . لېكىن ، تەقدىر تەڭرىسى ئۇنى باشقا بىر خەتەرلىك يولغا باشلىدى . بۇ چاغدا ئارالنىڭ پادىشاھى لىكومېدىس ئىدى . تېسۇسنىڭ مال - مۈلكى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى . تېسۇس ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . لىكومېدىس تېسۇسنى يامان كۆرۈپ قالدى ، ئارىدا مىنىستوس بىلەن شەخسىي كېلىشىم بولسا كېرەك . ئۇ تېسۇسنى ئاتىسىدىن قالغان مىراسلارنى كۆرسۈن دەپ تاغ چوققىسىغا باشلاپ چىقتى . تېسۇس چوققىغا چىقىپ ، كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان ئېتىزلىق ۋە باغلارغا قاراپ قالتىس ھۇزۇرلى-نىۋاتقاندا ، ھىيلىگەر لىكومېدىس ئۇنى قىيادىن پايانسىز دېڭىزغا ئىتتىرىۋەتتى . ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، ئافېنا خەلقى ئۇنى ئۇنتۇپ كەتتى .

تېسۇسنىڭ ئىككى ئوغلى كېيىن ئادەتتىكى لەشكەر بولۇپ ، ئېلېفېنور يېتەكچىلىكىدە تىروياغا ئۇرۇشقا قاتناشتى . مىنىستوس ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلار قانۇنىي پادىشاھلىق ھاسىسىنى قولىغا ئېلىشتى .

نەچچە يۈز يىللاردىن كېيىن ئافېنالىقلار بىلەن پارسلار سوقۇش-تى . مانا مۇشۇنداق خەتەرلىك چاغدا ، تېسۇس قەبرىسىدىن چىقىپ ، پارسلارنى مەغلۇپ قىلدى . كىشىلەر تېسۇستىن ئالامەت مىننەتدار بولدى . تەڭرىلەر بەرگەن كۆرسەتمە بويىچە ، تېسۇسنىڭ سۆڭىكى يۆتكەپ كېلىنىدىغان ۋە تەنتەنىلىك دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى . بىراق ، تېسۇسنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرى نەدە ؟ ھەتتا ئۇنىڭ سكوروس ئارىلىدىكى قەبرىسىنى تاپقان ھالەتتىمۇ ، ئۇنى شۇ يەردىكى ۋەھشىيلەر قولىدىن قانداق ئالغىلى بولسۇن ؟ ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ، مىردىئادىسنىڭ ئوغلى كىمون بىر قېتىملىق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلى-نىپ كېتىۋېتىپ ، بىر بۈركۈتنىڭ بىر كىچىك تۆپىلىكتە توختىماي تۇپا كولاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . ئادەملىرىنى شۇ يەرنى كولاشنى بۇيرۇدى . خېلىلا چوڭقۇر بىر جايدىن يوغان بىر جەسەت ساندۇقى تېپىلدى . يان تەرەپتە بىر نەيزە ۋە بىر قىلىچ تۇراتتى . كىمون جەسەتنى ئۇرۇش كېمىسىگە سېلىپ ئافېناغا قايتتى . پۈتكۈل ئافېنا

خەلقى يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە جەسەتنى قارشى ئالدى ۋە تەنتەنىلىك
دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى . بىرنەچچە ئەسىر ئۆتۈپ كەتكەندىن كې-
يىنمۇ كىشىلەر بۇ قەھرىمانغا يەنىلا چەكسىز مىننەتدارلىق ۋە ھۆر-
مەت بىلدۈرۈپ كەلمەكتە .



# ئودىپۇس ھەققىدە ھېكايە

كادموسنىڭ ئەۋلادى لابداكوسنىڭ ئوغلى لايوس تېبەينىڭ پادىشاھى ئىدى. ئۇ شەھەردىكى بىر ئېسىلزادىنىڭ قىزى ئىئوكاستىغا ئۆيلەندى. ئىككىسى بىر - بىرىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن ئۇلار بالا يۈزى كۆرمىدى. پادىشاھ ئەۋلاد قالدۇرۇش تەقەززالىقىدا دېرفوغا بېرىپ ئاپوللودىن بېشارەت سورىدى. «سەن كەلگۈسىدە بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىسەن، ئەمما تەقدىر تەڭرىسىنىڭ بەلگىلىشىچە، سەن ئاشۇ بالىنىڭ قولىدا ئۆلىسەن. بۇ سېنىڭ بۇرۇن قىلغان ئىشلىرىڭغا بېرىلگەن جازا.» ئۇ ئاپوللودىن مۇشۇنداق جاۋابقا ئېرىشتى. لايوس ياش ۋاقتىدا ئېلىدىن مەجبۇرىي ئايرىلىپ، پادىشاھ پېلوپىستىن پاناھلىق تىلىگەنىدى. نەتىجىدە ۋاپاغا جاپا قىلىپ، نېمىيادا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە پادىشاھنىڭ ياش ھەم كېلىشكەن ئوغلى كىروسىپپوسنى بۇلاپ كەتكەنىدى.

لايوس ئۆزىنىڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھ سادىر قىلغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. شۇملۇقنىڭ بەلگىسى بولغان بېشارەتنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، خوتۇنى بىلەن ئۇزاققىچە بىرگە بولمىدى. لېكىن، ئىككىسى بىر - بىرىگە بەكمۇ ئامراق بولغاچقا، ئاگاھلاندۇرۇشقا قارىماي، خوتۇنى بىلەن بىرگە يېتىشتىن خالىي بولالمىدى. ئۇزاق ئۆتمەي خوتۇنى دېگەندەك بىر ئوغۇل تۇغدى.

ئوغۇل دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار تەڭرىلەر بەرگەن بېشارەتنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كېتىشتى. تەقدىرنىڭ بۇيرۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇلار بۇ بوۋاقنى پۇتلىرىنى تاسما بىلەن

باغلاپ ، مالچى ئارقىلىق كاتەيرون تاغلىرىغا تاشلىۋەتمەكچى بولۇش- تى . بىراق ، مالچى گۇناھسىز بۇ بىچارە بالىغا ئىچى ئاغرىپ ، بالىنى ئۆزى بىلەن بىللە مال باقىدىغان پادىشاھ پولىبوسنىڭ مالچىسىغا بېرىۋەتتى . بۇيرۇقنى ئادا قىلدىم دەپ يالغان ئېيتتى . پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى بالىنىڭ جەزمەن ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەندى .

پولىبوسنىڭ مالچىسى بالىنىڭ پۇت - قوللىرىنى يەشتى . ئىس- مىنى بىلمىگەچكە ، بالىغا «ئودىپۇس» (ئىششىپ ئاغرىغان پۇت) دەپ ئىسىم قويدى . ئۇ بۇ بىچارە بالىنى غوجىسى كورىنتوس پادىشا- ھىغا تاپشۇردى . پولىبوس شەپقەتلىك پادىشاھ ئىدى . پادىشاھنىڭ بۇ بالىغا مېھرى چۈشۈپ قالدى ۋە خوتۇنى مېروپې بىلەن بىللە ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ ، بالىنى چوڭ قىلدى . ئوردا ۋە پۈتۈن ئەل شۇنداق قارىدى . بالا ئەۋزەل شارائىتتا كېلىشكەن شاھزادە بولۇپ يېتىلدى . لېكىن ، تاسادىپىي ئىش تۇپەيلى ھەممە ئىش ئۆزگىرىپ كەتتى . بىر زىياپەتتە كورىنتوسلۇق بىر پۇقرا مەست بولۇپ قېلىپ ، ئىچىنىڭ تارلىقىدىن ئودىپۇسنىڭ يۈزىدىن - يۈزىگە :

— سەن پادىشاھنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەس ، — دېدى .

يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى ، ئۇ زىياپەت ئاخىر- لاشماي تۇرۇپ سورۇندىن چىقىپ كەتتى . ئەتىسى ئەتىگەندە پادىشاھ ۋە خانىشتىن بۇ سۆزنىڭ تېگى - تەكتىنى سورىدى . ئۇلارنىڭ بۇ سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلغان ھېلىقى مەلئۇنغا بەك ئاچچىقى كەلدى . يېقىملىق سۆزلەر بىلەن بالىغا تەسەللى بەردى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . مېھرىبانلىققا تولغان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئودىپۇسنىڭ قەلبى تىنچلاندى . بىراق ، گۇمان ئۇنى پات - پاتلا پاراكەندە قىلدى . ئۇ باققان ئاتا - ئانىسىغا دېمەستىن دېرفوغا بېرىپ ، بېشارەت تەڭرىسى ئاپوللونىڭ بۇ سۆزنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى ئايرىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلدى .

ئودىپۇس ئوردىدىن جىمىدە چىقىپ دېرفوغا كەلدى . لېكىن ، ئۇ ئۆزى ئۈمىد قىلغان جاۋابقا ئېرىشەلمىدى : «سەن كەلگۈسىدە ئۆز

ئاتاڭنى قەتل قىلىسەن ، ئۆز ئاناڭنى خوتۇنلۇققا ئالىسەن ، ياۋۇز
بالىلارنى تېپىپ جاھانغا قالدۇرۇپ كېتىسەن» دېگەندەك تېخىمۇ
قورقۇنچلۇق بېشارەتنى ئاڭلىدى . بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆ-
چۈپ كەتكەن ئودىپۇس ئۆيىگە قايتىشقا پېتىنالمىدى . چۈنكى ، ئۇ
پولىبوس بىلەن مېرپىنى ئۆز ئاتا - ئانام دەپ بىلەتتى . ئۇلارنىڭ
ئالدىدا ئاشۇنداق ھاقارەتلىك ئىش قىلىپ سالىدىغانلىقىنى كاللىسىغا
سىغدۇرالمايتتى .

ئودىپۇس ئۆزى يالغۇز مەقسەت ، نىشانسىز بويوتىيا تەرەپكە
قاراپ يول ئالدى . بىر ئاچا يولغا كەلگەندە ، ئالدى تەرەپتىن بىر
ھارۋا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ھارۋىدا بىر بوۋاي ئولتۇراتتى . بىر
ھارۋىكەش ، ئىككى خىزمەتكار بىللە ئىدى . چىرايلىرىدىن ئۇلارنىڭ
ئالدىراش ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى ، ئالدىراپ پىيادە كېتىۋاتقان
يولۇچىلارنى ئىتتىرەتتى . تېز ئاچچىقى كېلىدىغان ئودىپۇس ئۇلارنىڭ
ئەدەپسىزلىكىنى كۆرۈپ ، ھارۋىكەشنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى .
بوۋاي بىرەيلەننىڭ قەستەنگە يولنى توسۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، قامچا
بىلەن بۇ يىگىتنىڭ بېشىغا بىرنى سالدى . ئودىپۇس دەرغەزەپ بو-
لۇپ ، ھاسىسى بىلەن بوۋاينى كۈچەپ بىرنى ئۇردى . ئۇ شۇ چاغدا
بۇ ناتونۇش تەكەببۇر بوۋاي ئىكەن دېگەندىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلى-
مىدى . بۇ بوۋاينىڭ ئۆز ئاتىسى لايوس ئىكەنلىكى ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ
كەلمىگەنىدى . لايوس ئەجەللىك زەربىدىن ئاغزى - بۇرنى قان بولۇپ
ھارۋىدىن يىقىلىپ چۈشتى . پادشاھنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇ-
چەيلەن ئاللا - توۋا كۆتۈردى . شۇنىڭ بىلەن جېدەل - ماجىرا باشلان-
دى . ئودىپۇس ياش ھەم كۈچلۈك بولغانلىقتىن ، ئىككى ئادەمنىڭ
جېنىنى ئالدى ، بىرسى بەدەر تىكىۋەتتى . ئودىپۇس قولىدىكى توپا-
چاڭنى قېقىۋېتىپ يولنى داۋام قىلدى .

ئودىپۇس بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈ-
شىنىمۇ ئويلاپ كۆرمىگەنىدى . تەقدىر تەڭرىسى ئاتا - بالا ئىككىسى
ئۆزلىرىنى ئېھتىيات بىلەن چەتكە ئالغان بېشارەتنى ئەمەلگە ئاشۇر-
دى . بىرنەچچە جەسەتنى رەھىمدىل بىر يولۇچى بىر - بىرلەپ يەرلىك-

كە قويدى . بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن ، قەبرىسى بىر دۆۋە تاشتىن ھاسىل بولدى .
ئۇزاق ئۆتمەي تېبەي شەھىرىنىڭ سىرتىدا قاناتلىق سفىنكىس پەيدا بولۇپ قالدى . بېشى چىرايلىق قىزلارنىڭ بېشىغا ئوخشايتتى ، ئۆزى شىر بەدەنلىك ئىدى . ئۇ زور مەخلۇق تېفون بىلەن ئەجدىھا ئىكىدنادىن تۇغۇلغانىدى . ئۇچ باشلىق ئىت ، توققۇز باشلىق يىلان ۋە ئوت چاچىدىغان كىمارالار ئۇنىڭ ئاچا - سىڭىللىرى ئىدى . سفىنكىس قىيا تاشتا ئولتۇرۇۋېلىپ تېبەي خەلقىدىن ئەقىل ئىلاھى ئافېنا ئۆگىتىپ قويغان ھەرخىل تېپىشماقلارنى سورايتتى .يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر ۋە يولۇچىلارنىڭ توغرا جاۋاب بېرىشى شەرت ئىدى . توغرا جاۋاب بېرەلمىگەنلەرنى سفىنكىس پارچىلاپ يېۋېتەتتى . بۇ غەلىتە مەخلۇق پەيدا بولغان كۈنلەردە ، پۈتۈن تېبەيلىكلەر ئۆز پادىشاھىنىڭ نامەلۇم بىر يولۇچى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ماتەم تۇتۇ-ۋاتقانىدى . شەھەرگە ئىئوكاستىنىڭ ئاكىسى كىرئون پادىشاھلىق قىلاتتى . ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا ، سفىنكىس يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ يېگى پادىشاھنىڭ ئوغلىنىمۇ يېۋەتتى . پۈتكۈل تېبەي شەھىرى ۋەھىمە ئىچىدە قالدى . بالا - قازانىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پادىشاھ كىرئون : «كىمكى مۇشۇ غەلىتە مەخلۇقنى يوقاتسا پادىشاھ-لىقنى بېرىمەن ھەمدە سىڭلىمنى خوتۇنلۇققا بېرىمەن» دەپ جاكار-لاشقا مەجبۇر بولدى .
دەل مۇشۇ چاغدا ئودىپۇس تېبەي شەھىرىگە كەلدى . يامان بېشارەتلەر تۈپەيلىدىن كۆڭلى بىسەرەمجان بولغاچقا ، ھاياتىغا يۈزلەن-گەن خېيىم - خەتەر بىلەنمۇ ھېسابلاشمايدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ھاياتىغا زامىن بولغان قىيا تاشقا چىقىپ ، تې-پىشماق تاپماقچى بولدى . سفىنكىس ھېچكىم تاپالمايدۇ دەپ ئويلى-غان بىر تېپىشماقنى دېدى :
— ئەتىگەندە تۆت پۇتلاپ ، چۈشتە ئىككى پۇتلاپ ، كەچتە ئۈچ پۇتلاپ ماڭىدۇ ، بۇ بارلىق جانلىقلار ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان ساندى-كى پۇت بىلەن ماڭىدۇ . ئۇنىڭ پۇتى ئەڭ جىق بولغان ۋاقتى دەل

ئۇنىڭ سۇرئىتى ۋە كۈچى ئاجىز ۋاقىت بولىدۇ.

ئودىپۇس بىردەم ئويلىنىپ، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ ئادەم، — دەپ جاۋاب بەردى، — ئۆمرىنىڭ ئەتىگەنلىكى ئادەمنىڭ بالىلىق ۋاقتى، پۇت - قوللىرى بىلەن ئۆمىلەپ ماڭىدۇ؛ ئۆمرىنىڭ چۈشى ياش قۇرامىغا يەتكەن ۋاقتى، ئىككى پۇتلاپ ماڭىدۇ. قېرىغاندا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ھاسا تاياق ئۈچىنچى پۇت ئورنىدا خىزمەت قىلىدۇ.

ئودىپۇس تېپىشماقنى تاپتى. سفىنكس ئاچچىقىغا پايلىماي قىيادىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلدى. كىرىئون ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ پادىشاھلىقنى ۋە سىڭلىسى ئىئوكاستى (ئودىپۇسنىڭ ئۆز ئانىسى) نى ئودىپۇسقا خوتۇنلۇققا بەردى. ئىئوكاستى ئۇنىڭغا ئىككى ئوغۇل ۋە ئىككى قىز تۇغۇپ بەردى. ئارىدىن يەنە نۇرغۇن يىللار ئۆتتى، ئودىپۇسنىڭ سىرى سىر پېتى قېلىۋەردى. ئودىپۇس دۆلەتنى ئادىل ۋە خالىس ھەم مېھىر - شەپقەت بىلەن باشقۇرۇپ خەلقنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشتى.

كېيىن تەڭرى يۇرتقا ۋابا ئەۋەتتى. پۇتكۈل شەھەر خەلقى زىيادىكەشلىككە ئۇچرىدى. ۋابانى تىزگىنلەش ئۈچۈن بارلىق چارە- ئامال- لارنى قىلىپ كۆردى. ئۇلار بۇ تەڭرىنىڭ بىزگە بەرگەن جازاسى دەپ ئويلىدى. پادىشاھ ئودىپۇس سفىنكسنى ئۆلتۈردى. ئۇ خۇدانىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى دەپ چۈشەندى. شۇڭا، خەلق توپ- توپ بولۇپ ئوردىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پادىشاھتىن باشپاناھ بولۇشنى تىلىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن كېچە - كۈندۈز بىئارام بولۇۋاتقان ئودىپۇس پۇقرالىرىغا ئاپوللودىن بېشارەت ئاڭلاشقا كىرىئوننى دېرفوغا ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئودىپۇس سۆزلەۋاتقاندا، كىرىئون توپ ئارىسىدىن چىقىپ، ئۇلارغا ئاپوللونىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى:

— بىراۋنىڭ لايوس پادىشاھنى ئۆلتۈرگەن قاتىللىق جىنايىتى سەۋەبى بىلەن پۈتۈن يۇرت بالايىئاپەتكە ئۇچرىدى.

ئودىپۇس ئۆزىنىڭ ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن تەڭرى تېبەي خەلقىگە غەزەپ ئەۋەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ بۇ ئىشنى تەك-

شۇرەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، خەلقنى تارقىلىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى . پۈتۈن مەملىكەتكە ئېلان چىقاردى .

ئېلاندا مۇنداق دېيىلگەنىدى :

مەيلى كىم بولسۇن ، پادىشاھ لايوسنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ ئەھۋالىنى بىلسە كېلىپ مەلۇم قىلسۇن ، كۆپ مىقداردا ئىنئام بېرىلىدۇ ، يوشۇرۇپ مەلۇم قىلمىسا ، دۆلەت تەۋەلىكى بىكار قىلىنىدۇ ، دىنىي مۇراسىملارغا قاتناشتۇرۇلمايدۇ ، قاتىلنى پۈتۈن ئەل - يۇرت ئەڭ يامان تىللار بىلەن قارغاپ ، ئۆمرىنى ئېغىر پالاكەتكە ، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ .

ئودىپۇس ئەما ھۆكۈما تېرېسئاسنى ئەكېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى . ئۇنىڭ ئالدىن مۆلچەرلەش ، باشقىلار كۆرۈپ يەتمىگەن ئىشلارنى بىلىش قابىلىيىتى ئاپوللودىن قېلىشمايتتى . بىر بالا بۇ قېرى ھۆكۈمانى قولىدىن يېتىلەپ ئەل - يۇرتنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى .

ئودىپۇس ئەل - يۇرت دۇچ كەلگەن بالايىئاپەتنى سۆزلەپ ، ئىلاھىي كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن پادىشاھ لايوسنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تېپىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى . لېكىن ، تېرېسئاس قانداقتۇر بىر قورقۇنچلۇق نەرسىنى توسۇۋاتقاندەك پادىشاھقا ئىككى قولىنى سوزدى ، — ئۇ ھەسرەت بىلەن ۋارقىراپ تۇرۇپ :

— ئۆتمۈشنى ۋە كەلگۈسىنى بىلىش بىر خىل ئېغىر يۈك ! ئاھ ، پادىشاھىم ، مېنى يولغا سېلىپ قويسىلا ، — دېدى .

ئەما بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەرگە ئودىپۇس ئاچچىقلىنىپ قىزىقىپ قالدى ، پۈقرالار تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ھۆكۈماغا يالۋۇردى . بۇنى ئەما ھۆكۈما رەت قىلدى . ئودىپۇس غەزەپكە كېلىپ ئۇنى قاتىلنىڭ شېرىكى دەپ ھاقارەتلىدى . ئۆزىگە تېگىشلىغان جىنايەتنى يۈيۈش ئۈچۈن بوۋاي راست گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى .

— ئەي ئودىپۇس ، شەھەرگە سورۇقچىلىق ئەكەلگەن كىشى سەن بولىسەن ! پادىشاھنى سەن ئۆلتۈرگەن . سەن جىنايەت ئىچىدە ياشاۋاتىسەن ، — دېدى ئۇ .

بىراق ، ئودىپۇس بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىگە ئىشىنىشكە ئامالسىز

قالدى . ئۇ جۇۋنى تەتۈر كىيىپ ، بوۋاينى رىياكار ۋە مۇتتەھەم دەپ تىللىدى . كىرىئون بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ پادىشاھلىقنى تارتىۋېلىش خىيالىدا بۇ خىل بەتنامىلارنى ئويدۇرۇپ ، پۈتۈن شەھەرنى قۇتقۇزۇش يولىدا تۆھپە قوشقان پادىشاھنى ئاغدۇرماقچى بولدۇڭلار دەپ ئەيىبلىدى .

بوۋاي تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى . ئۇ ئودىپۇسنىڭ ھەقىقىي قىيا- پىتىنى ئاشكارىلىۋەتتى - دە ، بالىغا ئۆزىنى يېتىلىتىپ ، غەزەپ بىلەن كېتىپ قالدى . پادىشانىڭ تېرىسىئاسقا قىلغان تۆھمىتىگە چىدىمىغان كىرىئون ئودىپۇسنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق تالاش - تارتىش قىلدى . خانىشنىڭ نەسىھەتلىرى كار قىلمىدى . ئاخىر ئۇلار كۆڭۈلسىز ئايرىلىشتى .

ئودىپۇسقا قارىغاندا ئىئوكاستى بۇ ئىشنى تېخىمۇ چۈشەنمەيتتى . ئۇ تەڭرىنىڭ بېشارىتىنى مەسخىرە قىلىپ :

— ئېرىمنى چاسا يول ئۈستىدە قاراقچىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن . ئۇ قېرى ئوغلۇڭ ئۆلتۈرۈۋەتتى دەيدۇ . بىردىنبىر ئوغلىمىزنى لايوس ئىككىيلەن ئاللىقاچان تاشلىۋەتكەن ، — دېدى .

خانىش بۇ گەپنى مۇنداقلا دېگەنىدى . لېكىن ، بۇ گەپ ئودىپۇس- نىڭ دىققىتىنى قوزغىدى . ئۇ «چاسا يول» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە :

— لايوس «چاسا يول» ئۈستىدە ئۆلگەنمۇ ؟ ئۇ قانچە ياشلاردا بار ئىدى ، رەڭ-گىرويى-ى قانداق ئىدى ؟ — دەپ سورىدى ئىئوكاستى- دىن .

ئىئوكاستى ئودىپۇسنىڭ چىرايىدىكى قورقۇش ۋە ھاياجانلىنىش ئالامەتلىرىنى سەزمەي ، بىپەرۋا ھالەتتە :

— بويى ئېگىز ، چاچ-لىرى ئاقارغان ، سىزگە ئوخشاپ كېتەت- تى ، — دەپ جاۋاب بەردى . بۇ گەپلەر گويا چاقماقتەك ئودىپۇسنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمانلارنى يېرىپ تاشلىغاندەك بولدى ، ئۇنىڭغا ئەمدى ھەممە ئىش ئېنىق بولدى . ئۇ چۈشەنگەنلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان جاۋابنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ قايتا - قايتا سورد-

دى . نەتىجىدە ئۇ شەكسىز ئىشەندى . ئۇ قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە لاغىلداپ تىترەيتتى . ئاخىر ، ئودىپۇس قېچىپ كەلگەن بىر چاكارنىڭ پادىشاھ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدى . ئۇ ھازىر يىراق بىر جايدىكى ئوتلاقتا مال بېقىۋاتاتتى . پادىشاھ تەقەززالىق بىلەن :

— تېز بېرىپ ئۇنى چاقىرىپ كېلىڭلار ، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى ، — دېدى .

كورىنتوسلۇق ئەلچى بىلەن ھېلىقى مالچىمۇ تەڭلا يېتىپ كەلدى . ئەلچى ئودىپۇسنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى . چۈنكى ، ئۇنى بېقىۋالغان ئاتىسى — پادىشاھ پولىبوس قازا قىلغانىدى . ئۇ بېرىپ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك ئىدى .

خانىش بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، كۆرەڭلەپ تۇرۇپ :

— بېشارەت توغرا چىقمىدى . سىزنىڭ ئاتىڭىز ئۆز ئەجىلى بىلەن قازا قىپتۇ ، — دېدى .

لېكىن ، ئودىپۇس بېشارەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن قورقاتتى . ئۆز ئانىسىنى خوتۇنلۇققا ئالغانلىقى راست ئىدى . ئۇ قايتىشقا پېتىنالمىدى . ئۇنىڭ بۇ گۇمانلىرىنى ھېلىقى ئەلچى بۇزۇپ تاشلىدى . ئۇ ئەينى چاغدا بالىنى قوبۇل قىلغان ، ئۇنىڭغا ئىسىم قويغان ھەم ئۇنى پادىشاھ پولىبوسقا بەرگەن ھېلىقى مالچى شۇ ئىدى . ئودىپۇس ئۆزىنىڭ پولىبوسنىڭ بېقىۋالغان بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، يەنىلا تەن ئالمىدى . ئۇ شۇ چاغدا بالىنى بەرگۈچى خىزمەتكارنىڭ كىملىكىنى سورىدى . پادىشاھنى ئۆلتۈرگەن ۋاقىتتا قېچىپ كەتكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ھازىر چېگرادا مال بېقىۋاتقان مالچى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى .

ئىئوكاستى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ، ھەممە ئىشنىڭ ئايان بولغانلىقىنى ئۇقۇپ يىغلىغان پېتى كېتىپ قالدى . ئودىپۇس قورقۇنچلۇق رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، ئىئوكاستىنىڭ بۇ يەردىن كەتكەنلىكىنى خەقلەرگە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى :

— ئۇ مېنى تۆۋەن تەبىقىدىن بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىگە-

ىندى . ماڭا مېنىڭ جەمەتىم ئىپتىخارلىق جەمەت بولۇپ تۇيۇلدى .
مۇشۇ چاغدا چاقىرتىلغان ھېلىقى مالچى يېتىپ كەلدى . كورىن-تۇستىن كەلگەن ئەلچى ئۇنى بىر قاراپلا تونۇۋالدى . مالچى ئۇنىڭغا بوۋاق بەرگەنلىكىدىن تىنىۋالدى . ئودىپۇس زىندانغا تاشلايدىغانلىقىنى دەپ ئۇنىڭغا تەھدىت سالدى . شۇنداقلا ئۇ راست گەپ قىلدى . ئودى-پۇس لايوس بىلەن ئىئوكاستىنىڭ ئوغلى ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى . تەڭرىلەرنىڭ بېشارىتىدە زەررىچە خاتالىق يوق ئىدى . ئودىپۇس چوڭ زالدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ھەم ئانىسى ھەم خوتۇنى بولغان بۇ مەخلۇقنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تەلۋىلەرچە يۈگۈرۈپ ئۆيگە قاراپ ئېتىلدى .
كىشىلەر ئۇنىڭ غالجىرلاشقان پېتى يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، ھەممىسى ئۆزىنى چەتكە ئېلىشتى . ئودىپۇس تاقاقلىق تۇر-غان ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ ئۆيگە كىردى . بېشىنى كۆتۈرگىنىچە ئىختىيارسىز قېتىپ قالدى . ئىئوكاستى كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ئېسى-لىپ ئۆلۈۋالغانىدى . چاچلىرى ئۇنىڭ يۈزىنى ياپقانىدى . مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرگەن ئودىپۇس ھەسرەت يۇتۇپ بىر ئې-غىزمۇ گەپ قىلالمىدى . ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئارغامچىنى يېشىپ ، جەسەتنى ياتقۇزدى . ئاندىن ئىئوكاستىنىڭ تاشقى كىيىمىدىن ئالتۇن ئىلگەكنى ئېلىپ ، كۆز چاناقلىرىدىن قان ئاققۇچە كۆزىگە كۆچەپ تۇرۇپ قاتتىق سانجىدى . شۇنىڭدا ئۆزى قىلغان ئىشلارنى ۋە دىشۋار-چىلىقلارنى كۆرەلمەيتتى . ئاخىر ئۇ خىزمەتكارلىرىغا ئۆزىنى سىرتقا باشلاپ چىقىشنى ، ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن ، ئۆز ئانىسىنى خوتۇن قىلغان ئۆزىگە ئوخشاش مەلئۇننىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالغانلىقىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىشنى ئېيتتى . ئەمما ، ئۆزاقتىن بۇيان ئودىپۇس-نى ھۆرمەتلەپ كەلگەن خەلق ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى ، ھەتتا ئودىپۇستىن ئۆۋالچىلىق تارتقان كىرئونمۇ ئۇنى مازاق قىلمىدى ، بەلكى ئۇنى ئاممىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ مېڭىپ ، بالىلىرىغا تاپشۇردى .
ئودىپۇس كىرئوننىڭ مېھرىبانلىقىدىن تەسىرلەندى . ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىككى بالىسىغا ۋاكالىتەن پادىشاھلىق قىلىشقا ، ئىئوكاستىنى دەپنە

قىلىشقا، ئانىسىدىن ئايرىلغان ئىككى يېتىم قىزدىن خەۋەر ئېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئودىپۇسنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۆزىنى دۆلەتتىن قوغلاپ چىقىرىشنى، ئۆز ئاتا - ئانىسى تاشلىۋەتكەن كاتەيرون تاغلىرىغا كېتىدىغانلىقىنى، ئۆلۈش - تىرىلىشتە تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئودىپۇس قارىغۇ قەلەندەرگە ئوخشاش ئوردىدىن چىقىپ كەتتى. ئودىپۇس ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنگەن دەقىقىدىلا ئۆلۈپ كېتىشكە رازى بولغانىدى. ناۋادا خەلق ئۇنى چالما - كېسەك قىلىۋەتكەن بولسا، ئۇ بەك خۇشال بولغان بولاتتى. ئەمما، جەھەننەم مۇئەككىلى ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. شۇڭا، ئۇ سۈرگۈن قىلىنىش جازاسىنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى.

پاراكەندىچىلىككە تولغان كۆڭلى تىنچلانغاندىن كېيىن، ئودىپۇس قارائىغۇ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتى تۇرۇپلا قوزغالدى. ئۇ كىرېئون بىلەن ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلىغا تېبەي شەھىرىدە تۇرۇپ قالماقچى بولغانلىقىنى دېگەنىدى. قارىغاندا، كىرېئوننىڭ مېھرىبانلىقىمۇ تۈگىگەندەك قىلاتتى. كىرېئوننىڭ قارىشىچە، بۇ بەختسىز پادىشاھ ئۆزىنىڭ باشتىكى ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك ئىدى. ئودىپۇسنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى ئىدى. ئۇلار تاغىسىنىڭ ھوقۇق تۇتۇشىغا قارشى تۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئاتىسىنىڭ قولىغا ھاسا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۇنى ئوردىدىن چىقىشقا مەجبۇرلىدى. پەقەت ئىككى قىزى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى. چوڭ قىزى ئاتىسىغا ھەمراھ بولۇپ سەرگەردان بولۇشقا، ئاتىسىنى يېتىلەپ يۈرۈشكە رازى بولدى. ئۇ بۇرۇن ئەركە چوڭ بولغان قىز ئىدى. ئەمدى يالاڭئاياغ ھالدا يامغۇر ۋە شاماللاردا يول باستى. ئۆزى ئاچ قالسىمۇ، پەقەت ئاتىسىنىڭ قورسىقى تويسىلا رازى بولاتتى.

ئودىپۇس ئاپوللودىن بېشارەت تەلەپ قىلماقچى بولدى. چۈنكى، ئەخلاق مىزانلىرىغا مۇخالىپ كېلىدىغان ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ قىلمىغانىدى. شۇڭا، تەڭرىلەر ئۇنىڭغا ئۈمىد بەخش ئېتەتتى. ناھايە-

تى ئۆزاق ۋاقىتتىن كېيىن ، ئۇ تەقدىر تەڭرىسى بەلگىلىگەن جايغا باراتتى ، قىساس تەڭرىسى ئۇنى ئازابتىن قۇتۇلدۇراتتى . ئودىپۇس تەڭرىلەرنىڭ بېشارىتىگە بەك ئىشىنەتتى . شۇڭا ئۇ ئېتىبارەن ئودىپۇس يۇنان چېگراسى ئىچىدە سەرگەردان بولۇپ يۈردى . قىزى يېتىلەپ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى . ئاتا - بالا ئىككىسى بىر - بىرىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى . خەيرخاھلىق قىلغۇچىلارنىڭ بەرگەن سەدىقىسى بىلەن كۈن ئالاتتى .

جاپا - مۇشەققەتلەرنى يەتكۈچە تارتقان ئودىپۇس بىلەن ئانتىگونى بىر كۈنى گۈگۈم مەھەلدە ئەتراپى دەل - دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بىر كەنتكە كىرىپ كەلدى . بۇ يەردە تەك - ئۈزۈملەردىن خۇش پۇراق كېلەتتى ، بۇلبۇللار چاڭشىلداپ سايراپ تۇراتتى . سۈپسۈزۈك سۇلار قىيا تاشنى يېرىپ ئاقاتتى . بۇ مەنزىرىلەرنى ئودىپۇس كۆرەلمىسىمۇ ، لېكىن سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ مۇقەددەس جاي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئودىپۇس قىزىدىن ئۆزلىرىنىڭ نەگە كەلگەنلىكىنى سورىدى . ئانتىگونى يىراقتىكى تاغ چوققىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان قەلئەنى كۆردى . ئۇ بىر يولۇچىدىن سوراپ ، ئۆزلىرىنىڭ يۇنان تەۋەسىگە كەلگەنلىكىنى بىلدى . بىر كۈن يول يۈرگەنلىكتىن ، قېرى ئودىپۇس ھېرىپ كېتىپ ، بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئالدى . يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر سەھرالىق ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى . ئۇ بۇ يەرنىڭ كىشىلەر دەسسەپ-چەيلەيدىغان جاي ئەمەسلىكىنى ، بەلكى مۇقەددەس جاي ئىكەنلىكىنى ئېيتتى .

ھېلىقى سەھرالىق ئۇلارغا يەنە بۇ يەرنىڭ كوئېرانوس يەنى قىساس تەڭرىسىنىڭ ئورمانلىقى ئىكەنلىكىنى دېدى . ئودىپۇس تەڭرىنىڭ بېشارىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى ، سەرگەردان تۇرمۇشىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىغا يەتكەنلىكىنى ، بارلىق پەرىشانلىقلاردىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى بىلدى . ئۇنىڭ چىرايىدا تېتىكلىك كۆرۈلدى . سەھرالىق ئۇنىڭ سۆزىدىن ئالىيجاناب ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، بۇ ئالاھىدە ياقا يۇرتلۇقنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇشىغا يول قويىدى ھەمدە ئەھۋالنى پادىشاھقا

مەلۇم قىلماقچى بولدى . ئودىپۇس ئۆزاققىچە سەرگەردان يۈرۈپ دۇنيا ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى . ھەرقايسى ئەل پادىشاھلىرىنى ئالىلقا- چان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى . شۇڭا ئۇ :

— پادىشاھىڭلار كىم ؟ — دەپ سورىدى ئۇلاردىن . سەھرالىق :

— بىزنىڭ ئالىيجاناب ، سەلتەنەتلىك پادىشاھىمىز تېسۇسنى ئاڭلىمىغانمۇ ؟ — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ ، — ئۇنىڭ نامى پۈتۈن ئالەمگە مەشھۇر . ئودىپۇس :

— ئەمىسە ئۇ كىشى بۇ يەرگە كەلسۇن . ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ ھەق بېرىش بەدىلىگە ، كىچىككىنە بىر ئۆتۈنۈشۈمنى دەيمەن ، — دېدى . سەھرالىق مازاق قىلغان ھەم خەيرخاھلىق بىلدۈرگەن تەرزدە :

— كۆزى كۆرمەس بىر ئادەم پادىشاھقا قانداق ھەق تۆلە- سۇن ؟ — دېدى ، — سېنىڭ سەلتەنەتلىك چىرايىڭ ۋە ئېگىز بوي- بەستىڭ مېنىڭ ھۆرمىتىمنى قوزغىدى . مەن سېنىڭ دېگىنىڭدەك ئىش قىلاي ، پادىشاھنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلەي ، سەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇر .

سەھرالىق كەتكەندىن كېيىن ئودىپۇس يەرگە باغرىنى يېقىپ ، قىساس تەڭرىسىگە دۇئا - تىلاۋەت قىلدى .

— قاراڭغۇلۇق قىزلىرى ، ئاپوللونىڭ بېشارىتىنى ئىشقا ئاشۇ- رۇڭلار . ماڭا ھايات يولى كۆرسىتىپ بېرىڭلار . مېنىڭ پەقەت سايەملا بار ، تەنلىرىم ئالىلقاچان ئۆلگەن . مېنىڭدەك بىر قېرىغا رەھىم قىلىڭلار ! — دېدى ئودىپۇس .

ئودىپۇس بىلەن ئانتىگونى ئورمانلىقتا ئۇزاق تۇرالمىدى . ئالىي- جاناب ئەما بوۋاينىڭ مۇقەددەس ئورمانلىقتا ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان- لىق خەۋىرى پۈتۈن كەنتكە تارقالدى . مۇقەددەس جاينى بۇلغاپ قوي- مىسۇن دېگەندەك كەنتتىكى چوڭلار ئودىپۇسنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى . ئۇلار بۇ ئەما بوۋاينىڭ تەقدىر تەڭرىسى تەرىپىدىن قوغلانغانلىقىنى بىلىپ تېخىمۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىشتى . كاساپىتىگە كېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئودىپۇسنى بۇ يەردىن كېتىشكە بۇيرۇدى . ئودى- پۇس بۇ يەرنىڭ سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسى

ئىكەنلىكىنى ، تەڭرى شۇنداق بېشارەت بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ ، ئۇ-لاردىن قوغلىماسلىقنى ئۆتۈندى . ئانتىگونىمۇ يالۋۇرۇپ تۇرۇپ :

— ئەگەر چاچلىرى ئاقارغان ئاتامغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسا مەيلى ، لېكىن مېنىڭ يۈز - خاتىرەمنى ، ماڭا ئوخشاش پاك ھەم بىگۇناھ بىر قىزنىڭ يۈز - خاتىرىسىدىن بولسىمۇ ، ئاتامنى قوبۇل قىلىڭ-لار ، — دېدى .

چوڭلار بۇلارغا رەھىم قىلغىنىمىز ياخشىمۇ ياكى مۇقەددەس جاينى قوغدىغىنىمىز ياخشىمۇ دەپ باش قاتۇرۇپ تۇرغاندا ، ئانتىگونى ئاتلىق بىر قىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇنىڭ يۈزىنىڭ يېرى-مىنى سەپەر شىلەپىسى يېپىپ تۇراتتى ، كەينىدە بىر ئاتلىق خىزمەت-كار بار ئىدى .

— ئاتا ، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئانتىگونى ، — ئۇ مېنىڭ سىڭلىم ئىسمېنېغۇ ؟ ئۇ جەزمەن يۇرتىمىزنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى !

ئانتىگونى خاتا كۆرمىگەنىدى . ئۇ ھەقىقەتەن پادىشاھنىڭ كىچىك قىزى ئىدى . ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى .

ئەسلىدە دۆلەت ئىچىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەنىدى . ئىسمې-نى سادىق خىزمەتكارى بىلەن شەھەردىن يوشۇرۇن چىقىپ بۇ ئىشنى خەۋەر قىلغىلى كەلگەنىدى . ئۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى سۆزلى-دى . ئودىپۇس كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى شۇم تەقدىر-نىڭ ئۆز باشلىرىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، پادىشاھلىقنى تاغىسى كىرېئونغا بەرمەكچى بولغان . سەل چوڭراق بولغاندا ، ئاتىسى-نىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتلىرىنى ئاستا - ئېسىدىن چىقى-رىپ ، پادىشاھلىق ھوقۇقى ۋە شەرەپشانلىرىغا بولغان تەمەسىكۈندىن-كۈنگە كۈچەيگەن . ئىككىسى بىر - بىرىگە تارلىق قىلىپ ، بىر-بىرىنى پۈتلىكاشاڭ دەپ بىلگەن . پولىنكېس ئاكىلىق سۈپىتى بىلەن ئالدىدا پادىشاھ بولىمەن دېسە ، كىچىكى ئېتېئوكلېس ئاكىسى ئوتتۇ-رىغا قويغان «نۆۋەتلىشىپ پادىشاھ بولۇش» تەشەببۇسىغا نارازى بول-غان . پادىشاھلىقنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلەش قەستىدە خەلقنى ئىسيان

كۆتۈرۈشكە قۇترىتىپ ، ئاكىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاش-لاپ ، ئۇنى چېگرادىن قوغلاپ چىقارغان .

پولىنكېس پىلوبىنناسا تاقىم ئارىلىدىكى ئارگوسقا قېچىپ بې-رىپ ، پادىشاھنىڭ ياقتۇرۇپ قېلىشىغا نائىل بولۇپ ، ئۇنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن . ئىتتىپاقداش دۆلەت بىلەن بىرلىشىپ ، ئەسكەر توپلاپ قىساس ئالماقچى بولغان . شۇ چاغدا ئودىپۇسنىڭ باللىرى ئاتىسىنى تاپقاندىلا ، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ دەپ يېڭى بېشارەت بېرىل-گەن . گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، ئودىپۇس ئاستا ئورنىدىن تۇردى . يۈزىدە پادىشاھلىق سۈرى ئەكس ئەتتى . ئۇ سوغۇق كۈلۈپ قويدى .

— ئەسلىدە شۇنداق بولغانىكەن - دە ، — دېدى ئۇ ، — مەن كېرەكسىز بىر بەندىگە ، بىر ئەما قەلەندەرگە ئايلانغان چېغىمدا ، ئۇلار يالۋۇرۇپ ئالدىمغا كېلەرمۇ ؟

— كېلىدۇ ، — دېدى ئىسمېنې ، — چۈنكى ، تەڭرى شۇنداق بەلگىلىگەن . تاغام كىرېئونمۇ ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ . ئۇ ساڭا يۇمشاق ۋە قاتتىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىدۇ ، ھەتتا قورال كۈچى ئىشلىتىپ سېنى تېبەي چېگراسىغا ئېلىپ بارىدۇ . شۇ ئارقىلىق تەڭرىنىڭ ئۆزىنى ئامان ساقلىشىنى تىلەيدۇ . بۇ كىرېئون بىلەن ئېتېئوكلېسنىڭ غەلىبە قىلىشىغا پايدىلىق ، — ئۇ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ بۇ يەرگە ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەلدىم .

— ئەگەر مەن تېبەي شەھىرىنىڭ چېگراسىدا ئۆلۈپ قالسام ، مېنى تېبەي تۇپرىقىغا دەپنە قىلامدۇ ؟

— ياق ، سېنىڭ قانلىق جىنايىتىڭنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ .

— ئۇنداق بولسا ئۇلار مېنى مەڭگۈ قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ ! — دېدى ئودىپۇس غەزەپلىنىپ ، — ئىككى ئوغلۇمنىڭ ھوقۇققا بولغان مۇھەببىتى ماڭا بولغان مۇھەببىتىنى بېسىپ چۈشىدۇ . تەڭرى ئۇلار-نى بىر - بىرىگە مەڭگۈ دۈشمەن قىلىپ قويىدۇ ، مېنى ھۆكۈم چىقىرىپ بەرسۇن دېسە ، ھازىر پادىشاھ بولغىنى پادىشاھلىق ئورنى-دىن چۈشۈشى ، قوغلاپ چىقىرىلغىنى ئۆز تۇپرىقىغا كەلمەسلىكى

كېرەك ، مېنىڭ مۇشۇ ئىككى قىزىملا مېنىڭ ئەڭ سادىق باللىرىم بولىدۇ . لېكىن ، مېنىڭ قانلىق جىنايىتىم ئۇلارغا مالاللىق كەلتۈر-مىگەي ! — ئودىپۇس سەھرالىقلارغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى ، — مۇشۇ ئىككى ئاق كۆڭۈل قىزلىرىمنى پاناھىڭلارغا ئېلى-شىڭلارنى ئۈتۈنىمەن ، سىلەرنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىڭلار تېگىشلىك تەشەككۈرگە سازاۋەر بولىدۇ ۋە شەرەپ تاپىدۇ !

كەنتتىكىلەر بۇ ھاياجانلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ چەكچىيىپ قاراپ قېلىشتى . ئۇزۇن يول ئازابىنى تارتقان بۇ بوۋاينىڭ ئادەتتىكى ئادەم-لەرگە ئوخشىمايدىغان زات — ئودىپۇس ئىكەنلىكىنى مانا ئەمدى بىلىشتى .

بۇ چاغدا خەۋەرنى ئاڭلاپ پادىشاھ تېسۇس ئالدىراپ يېتىپ كەل-دى . ئۇ ئەدەپ بىلەن پېشقەدەم ئەما پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇزىنىڭ ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈپ كەسكىن تەلەپپۇزدا :

— ئەي بەختسىز پادىشاھ ئودىپۇس ، كۆرمەس بولۇپ قالغان كۆزلىرىڭ ماڭا سېنىڭ سالاھىيىتىڭنى ئېيتىپ بەردى . سېنىڭ ئې-چىنىشلىق تەقدىرىڭ مەندە خەيرخاھلىق قوزغىدى . سەن مېنىڭ ئې-لىمگە قانداق كېلىپ قالدىڭ ؟ مېنى قانداق ئىش بىلەن چاقىرتىپ كەلدىڭ ؟ مەن ساڭا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەم بېرىمەن . مەنمۇ ساڭا ئوخشاش يات يەرلەردە چوڭ بولۇپ ، خېيىم - خەتەرگە تولغان ئازاب-لىق كۈنلەرنى يەتكۈچە كۆرگەن ، — دېدى .

— مۇشۇ بىرنەچچە سۆزۈڭدىن سېنىڭ ئالىي پەزىلەتلىك ئىكەن-لىكىڭنى چۈشەندىم ، — دېدى ئودىپۇس ، — مېنىڭ پەقەت كىچىك-كىنە بىرلا تەلىپىم بار . سەندىن ھارغىنلىق يەتكەن تېنىمنى مۇشۇ يەرگە قويۇشۇڭنى ئۆتۈنىمەن . بۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ، ئەمما قىممەتلىك سوۋغا .

تېسۇس ھەيران بولغان ھالدا :

— ھۆرمەتلىك ئودىپۇس ، مەن سېنى ئۇزاقتىن بۇيان ھۆرمەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن . سېنىڭ تەلىپىڭ بەك ئاددىي ئىكەن . چوڭ ھەم تېخىمۇ كۆپ-رەك نەرسە تىلە ، ھەرقان-داق تەلىپىڭ-نى رەت قىلماي-

مەن ، — دېدى .

— بۇ سەن ئويلىغاندەك ئۇنداق كىچىك ئىش ئەمەس ، بىر مەيدان جەڭ قىلىشىڭغا توغرا كېلىدۇ ، — ئودىپۇس شۇنداق دەپ سۈرگۈن قىلىنىش سەۋەبلىرىنى ۋە شەخسىيەتچى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ ، تېسۇستىن ياردەم سورىدى . تېسۇس ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ بولۇپ تەنتەنىلىك ھالدا :

— مېنىڭ مېھمىنىمنى ھېچكىم خالىغانچە بۇلاپ كېتەلمەيدۇ . سېنى تەڭرى ھوزۇرۇمغا ئەۋەتكەن . سېنىڭ تەلىپىڭگە نېمىشقا ماقۇل بولماي ؟ — دېدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئودىپۇس كوئېرانوستا قېپقالدى ، پادىشاھ ئۇنى ھىمايىسىگە ئالدى .

كۆپ ئۆتمەي كىرىئون ئەسكەر تارتىپ كوئېرانوسقا كەلدى . ئۇ ئەتراپىغا ئولاشقان خەلققە قاراپ :

— سىلەر ھەيران قالماڭلار . مەن بىر ئوڭلۇق بوۋاي . يۇنان بويىچە ئەڭ كۈچلۈك شەھەر بولغان ئافىناغا جەڭ ئېلان قىلىپ كەلمىدىم . مەن بۇ يەرگە پەقەت خەلققە ۋەكىل بولۇپ ئودىپۇسنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم ، — دېدى .

ئۇ شۇنداق دەپ ئودىپۇسنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ياغلىما سۆزلەرنى قىلىپ ئۆزىنى ئۇنىڭ ھەم قىزىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە خەيرخاھلىق قىلىدىغان قىلىپ كۆرسەتتى . ئودىپۇس بولسا ھاسىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭ يېقىن كېلىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، ئاندىن ئۇنىڭغا تىل سالدى :

— نومۇسسىز ئەبلەخ ، مەن سەن بىلەن كەتمەيمەن . سېنىڭ مەندىن پايدىلىنىشىڭنىمۇ خالىمايمەن . ساڭا قىساس ئالۋاستىسىنى قوشۇپ قويىمەن . جازالىنىدىغان كۈنۈڭنىڭ بالدۇرراق يېتىپ كېلىشىنى تىلەيمەن .

ھاقارەتلەنگەن كىرىئون ئىزا - ئاھانەتكە چىدىماي ، لەشكەرلىرىنى ئودىپۇسنى بۇلاپ مېڭىشقا بۇيرۇدى . لېكىن ، كوئېرانوس خەلقى

ئودىپۇسنى بەدىنى ئارقىلىق توسۇپ ، پادىشاھنىڭ مېھمىنىنى ھەرقاداق ئادەمنىڭ بۇلاپ كېتىشىگە يول قويۇلمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى . كىرئون ئۆز ئادەملىرىگە سەھرالىقلارنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي ، ئىسمېنى بىلەن ئانتىگوننى ئاتىسىنىڭ يېنىدىن ئېلىپ مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى . كىرئون مازاق قىلغاندەك :

— سەن تايانغان ئادەملىرىڭنى بۇلاپ كەتتىم . ئەي ، ئەما قېرى داۋاملىق سەرگەردانلىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ يۈر ، — دېدى .

ئىسمېنى بىلەن ئانتىگوننى بۇلاپ كىرئوننىڭ يۈرىكى تېخمۇ يوغىناپ كەتتى . ئاندىن يەڭلىرىنى شىمايلاپ ، بوۋايغا قول سالماقچى بولدى . دەل مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە پادىشاھ تېسۇس يېتىپ كەلدى . پادىشاھ ئىككى قىزنى بۇلاپ كەتكەن تېبەيلىكلەرنى قوغلاش ئۈچۈن ئاتلىق لەشكەرلىرىنى ئەۋەتتى . ئاندىن كىرئونغا :

— سەن ئودىپۇسنىڭ قىزلىرىنى ساق - سالامەت قولۇمغا تاپشۇرمىغىچە ، ئافىنا تەۋەلىكىدىن چىقىپ كېتىمەن دەپ خام خىيال ئەيلىمە ، — دېدى .

رىياكار كىرئون ساختا قىياپەتكە كىرىپ :

— ئەي ئۇلۇغ تېسۇس ، سېنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغۇم يوق . مەن ياخشى نىيەت بىلەن كەلدىم . ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئانىسىنى خوتۇنلۇققا ئالغان بۇ گۇناھكارنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ كېتىشنى ئويلىغانىدىم . كىم بىلسۇن ، سىلەر ئۇنى شۇ قەدەر قىزغىن سۆيىدىكەنسىلەر ، — دېدى .

تېسۇس كىرئوننى ئاغزىنى يۇمۇشقا بۇيرۇدى ھەم ئانتىگونى بىلەن ئىسمېنىنى دەرھال تاپشۇرۇشنى ئېيتتى . بىرئازدىن كېيىن ئىككى قىز ئاتىسى بىلەن يېڭىباشتىن جەم بولدى . كىرئون ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى كوئېراتوستىن ھەيدەپ چىقىرىلدى .

ھېلىگەر كىرئون كەتكەندىن كېيىن ، ئودىپۇسنىڭ خاتىرجەملىكى نەچچە كۈنگە بارماي يەنە بۇزۇلدى . چوڭ ئوغلى پولىنكېس كەلدى . ئودىپۇس :

— ئۇ قىساستىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ ، — دېدى

قايناپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ بىلەن زادىلا سۆزلەشكۈم يوق.

لېكىن، ئانتىگونى بىرقەدەر ياخشى ھەم مېھرىبان بۇ ئاكىسىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئاتىسىنى ئاكىسىنىڭ نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ بېقىشقا كۆندۈرمەكچى بولدى. ئودىپۇس ھىمايىچىسى تېسۇسقا ئۆزىنى قوراللىق كۈچلەرنىڭ بۇلاپ كەتمەسلىكىگە ھەرۋاقىت تەييار تۇرۇش تەلىپىنى قويدى. ئاندىن ئوغلى بىلەن كۆرۈشتى. ئانتىگونى ئاتىسىنىڭ دىققىتىنى پولىنكېسنىڭ كىرئۇنغا ئوخشىمايدىغان تەرىپىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاغدۇردى. پولىنكېس كۆزلىرىنى ياشلاپ، لەشكەر ئالماي ئۆزى يالغۇز كەلدى.

— ئوغلۇڭ پولىنكېس ئالدىڭغا كەلدى، — دېدى ئانتىگونى.

پولىنكېس ئاتىسىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى، پۇتلىرىنى قۇچاقلىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆڭكۈردەك تۇرغان كۆزلىرىنى، جۇل - جۇل قەلەندەر كىيىملىرىنى، مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق چاچلىرىنى كۆردى. ئۇ ئىختىيارسىز ئىچ - ئىچىدىن ھەسرەتلىنىپ، ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلىدى. پولىنكېس بىر ياقتىن يىغلاپ، يەنە بىر ياقتىن گېپىنى باشلىدى:

— بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈشكە كېچىكىپ قاپتىمەن! ئاتامنى ئۆزتۈپ قالغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمدىن ھەقىقەتەن نەپرەتلىنىمەن! ئاتا، سىز مېنى كەچۈرەرسىزمۇ؟ گەپ قىلىڭە! سىڭىللىرىم، ماڭا ياردەم قىلىڭلار. ئاتام ھەسرەت بىلەن چىڭ يۇمۇۋالغان ئاغزىنى ئېچىپ ماڭا گەپ قىلسۇن! ئانتىگونى:

— سەن بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭنى سۆزلە. سېنىڭ سۆزلىرىڭ بىلەن ئاتامنىڭ سۈكۈتى بۇزۇلار، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن پولىنكېس ئېلىدىن قوغلاندى قىلىنىش جەريانىنى سۆزلەپ، ئاتىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە قايتىپ، پادىشاھلىق تەختىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۈندىدى. گەرچە ئوغلى ئۆزىنىڭ توۋا قىلغانلىقىنى، پادىشاھلىق تاجىنى قوش قوللاپ ئاتىسىغا تۇتىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن باغرى تاشتەك قېتىپ كەتكەن پادىشاھ يەنىلا ئېرەنمىدى. ئۇ ئوغلىنى ئاشۇنداق تىزلىنىپ ئولتۇرۇشقا

بۇيرۇپ :

— نېمىدېگەن نومۇسسىزلىق بۇ ، تەڭرى ھامان بىر كۈنى سى-لەرنى جازالايدۇ ، — دېدى . ئۇ يەنە گېپىنى داۋام قىلدى ، — چوڭ ھوقۇق قولۇڭلارغا ئۆتكەندە ، سىلەر ئاتاڭلارنى قوغلاندى قىلدىڭلار ! سەن ماڭا ئۆز قولۇڭ بىلەن مۇشۇ قەلەندەر ھاسىسىنى تۇتقۇزۇپ قويدۇڭ . ئەمدى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ، ئالدىمدا تىزلىنىپ ماڭا يالۋۇرۇۋاتىسەن ، ئاغرىنىشلىق قىلىۋاتىسەن . ئۇكاڭ ئىككىڭلار قان-لىق كۆلدە جەزمەن ھالاك بولىسىلەر ، سەن مۇشۇ گەپلىرىمنى ئىت-تىپاقداش قوشۇنىڭغا ئېيت .

پولىنكېس قورقۇنچ ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىغا چېكىندى . ئانتىگونى ئۇنىڭغا لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ ئېلىپ كېتىش ، يۇر-تىدىكىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلدى . بۇ تەكلىپ پولىنكېسنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى . ئۇ قايغۇلۇق كەيپى-ياتتا يۇرۇپ كەتتى .

ئودىپۇس ئىككى بالىسىنىڭ يۇمشاق ۋە قاتتىق ۋاسىتىلەر بىلەن ياردەم تەلەپ قىلىشلىرىنى مانا مۇشۇنداق رەت قىلدى . ھازىر ئۇنىڭ ئۆمرى تۈگەش ئالدىدا تۇرماقتا . ئاسماندا بىردەم - بىردەم چاقماق چېقىپ ھاۋا گۈلدۈرلىمەكتە . ئاسماننى بوران - چاپقۇن يېتىپ كې-لىش ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق باسقانىدى . ئودىپۇس تەقەززالىق بىلەن نىجاتكارى تېسۇسنى چاقىرتتى . بولمىسا ئۆلۈش ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەي قالاتتى . تېسۇس ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى . ئەما بوۋاي ئاخىرى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تەڭرى بەلگىلىگەن جايغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئۆتۈندى . ئۆلگەن ۋاقتىدا ئۆزىگە ھېچقانداق ئادەمنىڭ قولى تەگمەس-لىكىنى ، قەبرىسىنى بىرلا ئادەمنىڭ كۆرۈشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى . شۇنىڭدا ئافېنانى ئىككى ئوغلىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن قوغداپ قالغى-لى بولاتتى .

ئىككى قىزى بىلەن كوئېرانوس خەلقى ئودىپۇسنى مۇقەددەس ئورمانلىققا ئۇزىتىپ باردى . بوۋاينىڭ كۆزى بىردىنلا ئېچىلىپ كەت-كەندەك بېشىنى تىك تۇتۇپ ئالدىدا تەڭرىچە بەلگىلىگەن يەرگە قاراپ

كېتىۋاتاتتى . توساتتىن يەر يېرىلدى . مىس بوسوغا كۆرۈندى . قەدى-مىي رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە ، كىشىلەر غارغا مۇشۇ مىس بوسوغا ئارقىلىق كىرىدىكەن . بۇ غار جەھەننەمنىڭ كىرىش ئاغزى ئىدى . كۆپلىگەن چىغىر يوللار مۇشۇ يەرگە تۇتىشاتتى . ئودىپۇس بىر ئايلانما يولنى تاللىۋالدى . ئۇ يول ئاغزىدا توختاپ ، ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇپ ، بىر پارچە تاش ئۈستىدە ئولتۇردى . ئۇچىسىدىكى جەندىنى ئاستا سېلىۋېتىپ ، بۇلاق سۈيىدە كىرلەشكەن بەدىنىنى يۇدى . ئاندىن قىز-لىرى ئالغاچ كەلگەن بايراملىق كىيىملىرىنى كىيدى .

يۇيۇنۇپ بولۇپ يېڭى كىيىملەرنى كىيگەن ئودىپۇس روھلۇق كۆرۈنەتتى . ئۇ قىزلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى . بۇ چاغدا ئاسماندىن ياكى يەردىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ بولمايدىغان بىر ئاۋاز گۈلدۈرلىدى : «ئەي ئودىپۇس ، نېمىگە تارتىنىسەن ؟ » تەڭرى ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى ، بوۋاي قىزلىرىنىڭ قوللىرىنى تېسۇسنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويدۇرۇپ ، قىزلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغانلىقىنى بىلدۈردى . تېسۇسنىڭ غار ئاغزىغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلدى . قالغانلار ، جۈملى-دىن ئىككى قىزىمۇ كەينىگە ياندى . بوۋاي ئۇلارغا شۇنداق تاپىلىغان-دى . كۆپچىلىك بىرئاز مېڭىپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئاجايىپ بىر ئىش-نى ، يەنى پادىشاھ ئودىپۇسنىڭ غايىب بولغانلىقىنى سەزدى !

ئەمدى چاقماق چاقمايتتى . ھاۋامۇ گۈلدۈرلىمەيتتى . بوران - چاپقۇنلۇق يامغۇر دەل - دەرەخلەرنى ۋە زېمىننى چايقىمايتتى . ھاۋا سۈزۈلۈپ جاھان تىپتىنچ بولۇپ قالغانىدى . تېسۇس يالغۇز ئۆزى قانداقتۇر ئاجايىپ بىر مەنزىرىدە كۆزىنى ئاچالماس قىلىۋېتىدىغاندەك قوللىرى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى . ئەسلىدە ئۇ جەھەننەم دەرۋازىسى-نىڭ شەپىسىز ئېچىلىپ ، مالائىكىلەرنىڭ بوۋاينى كۆتۈرۈپ پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى . ئۇ مۇقەددەس ھېسسىيات بى-لەن تەڭرىلەرگە دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ ، ئاندىن ئودىپۇسنىڭ ئىككى قىزىنى باشلاپ ئافىناغا يۈرۈپ كەتتى .

# يەتتە قەھرىماننىڭ تېبەيگە ھۇجۇم قىلغانلىقى ھەققىدە ھېكايە

پادىشاھ ئادراستوس ئارگوس پادىشاھى تالاسنىڭ ئوغلى. ئۇنىڭ بەش بالىسى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئارگىيە ۋە دېيپىلى ئىسىملىك ئىككى قىزى بار ئىدى. بۇرۇن بېرىلگەن بىر بېشارەتتە، ئاتىسى قىزلىرىنىڭ بىرىنى شىرغا، يەنە بىرىنى ياۋا توڭگۇزغا جۇپلەپ قويىدۇ دېيىلگەنىدى.

پادىشاھ بۇ غەلىتە بېشارەتنى زادىلا چۈشەنمىدى. قىزلار چوڭ بولۇپ بويىغا يەتتى. پادىشاھ قىزلارنى ئىمكان بار تېزرەك ياتلىق قىلىۋېتىشنى ئويلىدى. شۇ چاغدا تېبەيدىن قوغلاندى قىلىنغان پولىنكېس بىلەن كالېيدونىيەدىن كەلگەن تىسۇس ئوردا ئالدىدا بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىككىسى كېچە قاراڭغۇلۇقىدا بىر-بىرىنى ئېنىق كۆرەلمەي تۇتۇشۇپ قالدى. ئادراستوس مەشئەل كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى-دە، ئىككىسىنى ئاجرىتىۋەتتى. ئۇ بۇ ئىككى ساغلام ۋە باتۇر يىگىتلەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. پولىنكېسنىڭ قالقىنىغا شىرنىڭ، تىدۇسنىڭ قالقىنىغا ياۋا توڭگۇزنىڭ سۈرىتى چېكىلگەنىدى. ئادراستوس تەڭرىنىڭ بېشارىتىنى ئەمدى چۈشەندى. پولىنكېس ھېراكلېسقا چوقۇنغاچقا، شىرنى ئۆزىگە بەلگە قىلىۋالغانىدى. ئۇنى ئىنىسى ئېتېئوكلېس تېبەيدىن قوغلاپ چىقارغانىدى. پادىشاھ تەڭرىنىڭ بېشارىتى بويىچە بۇ ئىككى مۇساپىرنى كۈيئوغۇل قىلىۋالدى. چوڭ قىزىنى پولىنكېسقا بېرىپ، ئۇنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پادىشاھلىقنى قولىغا ئېلىشىغا ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولدى.

بىرىنچى قېتىملىق يۇرۇشكە تېبەي شەھىرى نىشان قىلىندى .
پادىشاھ قوشۇنلىرىنى توپلىدى . قوشۇنلارنى يەتتە تارماققا بۆلۈپ ،
يەتتە شاھزادىنى باش قىلىپ يولغا سالماقچى بولدى . ئۇلار ئادراس-
تۇس ، پولىنىكېس ، تىدوس ، پادىشاھنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى ئامفىئا-
رائۇس ، تاغىسىنىڭ ئوغلى كاپانىئۇس ، پادىشاھنىڭ ئىككى ئىنىسى
ھىپپومورۇت ، پارتىنوپائىنوسلار ئىدى .

ئامفىئارائۇس ئۇزاقتىن بېرى پادىشاھ بىلەن دۈشمەنلىشىپ كې-
لىۋاتقانىدى . يەنە كېلىپ ، ئۇ ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى ئىدى . ئۇ
بۇ قېتىمقى يۇرۇش جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ دەپ ئالدىن ھۆكۈم
چىقارغانىدى . دەسلەپتە پادىشاھنى نىيىتىدىن يېنىشقا ئۈندىگەنىدى ،
كېيىن بۇنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، يولغا چىقىدى-
غان چاغدا بىردىنلا مۆكۈۋالدى . ئۇنىڭدىكى بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش
پادىشاھقا غەيرىي تۇيۇلدى . ئۇنىڭ بار يېرىنى خوتۇنى ئېرىفىلې بىلەت-
تى . كىشىلەر ئۇنى تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدىدى . چۈنكى ، ئۇ قوشۇن-
نىڭ بېشى ئىدى ، ئۇ بولمىسا يۇرۇش قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى .
پولىنىكېسنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇسى كۆچلۈك بول-
غاچقا ، تاقىتى تاق بولۇپ تۇراتتى . ئۇ تېبەي شەھىرىدىن ئايرىلغاندا ،
ئائىلىسىدىكى قىممەتلىك تەۋەررۈكلەردىن — تەڭرىلەر بەرگەن مار-
جان بىلەن چۆمپەردىنى ئالغاچ كەلگەنىدى . ئامفىئارائۇسنى ئىزدەپ
تېپىش ئۈچۈن ، پولىنىكېس بۇ ئىككى بۇيۇمنى ئېرىفىلېغا بېرىپ ،
ئېرىفىلېنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ئۇنىڭدىن ئېرىنىڭ دېرى-
كىنى ئۇقماقچى بولدى . ئېرىفىلې چاقناپ تۇرغان ياقۇت مېداليون
بىلەن چۆمپەردىنى كۆرۈپ ، بۇ قىممەتلىك ئىككى بۇيۇمنىڭ قىزىقتۇ-
رۇشىنى زادىلا رەت قىلالماي ، پولىنىكېسنىڭ تەلىپىگە خۇشاللىق
بىلەن ماقۇل بولدى ۋە ئۇنى ئېرى مۆكۈۋالغان يەرگە باشلاپ باردى .

ئانفىئارائۇس جەڭگە چىقىشنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدى .
ئۇ قورال ئېسىپ ئۆز ئەسكەرلىرىنى يىغدى . يولغا چىقىش ئالدىدا
ئوغلى ئالكمائونىنى چاقىرىپ كېلىپ ، ئاتىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى
ئاڭلىغان ھامان ئۆزىگە خائىنلىق قىلغان خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش

توغرۇلۇق ئوغلىنى قەسەم قىلىشقا بۇيرۇدى . قەھرىمانلارنىڭ تەييار-لىقى تەل بولغاندىن كېيىن ئۇلار يەتتە قوشۇنغا بۆلۈنۈپ ، يەتتە قەھرىماننىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا يولغا چىقتى . ئۇلار ئارگوستىن چىقىپ چوڭ ئۈمىد ۋە جەزمەن غەلىبە قىلىدىغان ئىشەنچ بىلەن ماڭدى . بۇرغا ۋە كانايلارنىڭ ياڭراق ساداسىدا تېز ئىلگىرىلىدى .

كۆپ ئۆتمەي ئۇلار ئاپەتكە ئۇچرىدى . نېمىيا ئورمانلىقىغا يەتكەن-دە ، بارلىق دەريا - كۆللەر قۇرۇپ كەتكەنىدى . ئەتراپتىن بۇلاق سۇلىرىمۇ تېپىلمايتتى . ئۇلار ئۇسسۇزلۇق ۋە ئىسسىق ئازابىغا دۇچ كەلدى . ئېغىر دۇبۇلغا - ساۋۇتلار يەلكىسىنى باساتتى . قوللىرىدا ئۇمۇت - قالقانلارنى كۆتۈرگۈدەكمۇ ماغدۇر يوق ئىدى . لەشكەرلەر ۋە ئاتلارنىڭ ئاياغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان ئېغىز - بۇرۇن-لىرىغا كىرىپ كېتەتتى . ئاتلار بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى يوغان ئېچىپ ، توختىماي ھاسىرايتتى . ئېغىزدۇرۇقلىرىنى غاجايتتى . كۈننىڭ نۇرى-مۇ لەشكەرلەرنىڭ تېرىسىنى خۇددى ئوتتەك كۆيدۈرەتتى .

ئادراستوس ۋە باشقىلار ئورمانلىقتا سۇ ئىزدەپ يۈرۈپ ، ئاجايىپ گۈزەل ھەم غەمكىن بىر ئايالنى ئۇچراتتى . بۇ ئايال دەرەخ سايىسىدا ئولتۇراتتى ، قۇچىقىدا بىر ئوغۇل بالا بار ئىدى . كىيىملىرى جۇل-جۇل بولسىمۇ ، ئۇزۇن چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشكەنىدى . ئۇ نازاكەت-لىك بولۇپ ئايال پادىشاھقا ئوخشايتتى .

ئادراستوس ھەيران قالدى ، ئۇنى ئورمان پەرىسى دەپ ئويلاپ دەرھال تىزلىنىپ ئۇسسۇزلۇقتا قالغان ئادەملەرنى قۇتقۇزۇپ قېلىش-نى ئۆتۈندى . ئايال غەمكىن قىياپەتتە :

— ئەي مۇساپىرلار ، مەن پەرى ئەمەس ، مەن لېمنوس ئارىلىدى-كى ئايال پادىشاھ ھېپسىپىل بولىمەن . مېنى قاراقچىلار بۇلاپ مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ قويدى . ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز جەبىر - جاپالارنى كۆرگەندىن كېيىن ، نېمىيا پادىشاھى لويكورگوسقا قۇل قىلىپ سې-تىلدىم . مەن ھازىر پادىشاھنىڭ بالىسىنى باقۇچى . سىلەرنىڭ مې-نىڭ ياردىمىمگە ئېنتايىن موھتاج ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىمەن ، — دېدى . ئادراستوس :

— شۇنداق ، ھۆرمەتلىك خانىم ، — دېدى گويا ئىجاتكارغا يولۇ-قۇپ قالغاندەك .

ھېپىسپىل بالىنى ئۇتلاقنى قويۇپ قويۇپ ، ئەللەي ناخشىسى ئېيتىپ ئۇخلىتىپ قويدى - دە :

— يۇرۇڭلار ، مەن سىلەرنى بۇلاق بار يەرگە باشلاپ باراي ، — دېدى .

ھەممە ئادەم ھېپىسپىلنىڭ كەينىدىن ئورمانلىقتىكى چىغىر يول-غا چۈشۈپ ماڭدى . قويۇق چاتقاللىقتىن ئۆتۈپ تار بىر جىلغىغا كەلدى . ئۇلار شۇ ھامان نەم ھاۋانىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلىشتى . ئالدىغا ئۆتۈپ نەم ھاۋانىڭ بەدەنلىرىگە تېگىشىنى ئىستەيت-تى . بۇلاق سۈيىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يېقىندىن ئاڭلاندى . ھەممەي-لەن روھلىنىپ «سۇ ! سۇ !» دەپ توۋلىشىپ كەتتى . ئۇلار ئېقىن بويىدىكى ئوتلاقتا دۈم يېتىپ تاتلىق ۋە مۇزدەك بۇلاق سۈيىنى راھەت-لىنىپ ئىچىشتى . ئادەملەرنىڭ كەينىدىن ئاتلارمۇ سۇغا چۈشتى ، بۇلاق سۈيىدە تەرلىرىنى چايقاشتى . شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر ۋە ئاتلارنىڭ روھى قىياپىتى بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتتى . ھېپىسپىل ئادراستوس ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ كەينىگە قايتتى . ئۇ بېشى-دىن ئۆتكەن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى سۆزلەپ ماڭدى . چوڭ قوشۇن ئارلىق قالدۇرۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتاتتى .

ئۇلار تېخى ھېپىسپىل بىلەن كۆرۈشكەن يەرگە كېلەي دېگەندە ، ئانىلارغا خاس سەزگۈر قۇلاقلىرى قانداقتۇر بوۋاقنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى . بۇ ئايالنىڭ بىرىنچە بالىسى بار ئىدى . ئۇلارنى ئامالىنىڭ يوقىدىن لىننوس ئارلىغا تاشلاپ قويغانىدى . ھازىر ئۇ پۈتۈن ئانىلىق مېھرىنى پادىشاھنىڭ ئوغلى ئوفىلتېسقا بەرگەنىدى . ئۇنىڭ يۈرىكى شۇ تاپتا بىر يامانلىقنى سەزگەنىدى . شۇڭا ، ئالدىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى . بالىنى ياتقۇزۇپ قويغان يەرگە بېرىپ قارىغانىدى ، بالا يوق ، بالىنىڭ ئاۋازىمۇ قايتا ئاڭلانمى-دى . ئۇ بالىنى تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدىدى . ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر يىلاننىڭ قورسىقىنى كۆپتۈرۈپ ياتقانلىقىنى كۆردى - دە ،

بالىنىڭ ئىچىنىشلىق قىسمەتكە يولۇققانلىقىنى چۈشەندى ۋە ئازاب بىلەن ۋارقىراپ كەتتى . قەھرىمانلار دەرھال يېتىپ كېلىشتى . چوڭ يىلاننى ھەممىدىن بۇرۇن ھېپپومىدون كۆردى . ئۇ يەردىن يوغان بىر تاشنى ئېلىپ ئاتتى . تاش يىلاننىڭ قاسرىقىغا تېگىپ قاڭقىپ ، كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتتى . ئۇ يەنە نەيزىسىنى چىقىرىپ يىلاننىڭ يوغان ئېچىلغان ئاغزىغا سانجىدى . نەيزە ئاغزىدىن كىرىپ ئارقا مېڭىسىدىن چىقتى . مېڭىسى چۇۋۇلۇپ ئۆتلاقنى بۇلغىدى . يىلان نەيزىنىڭ دەستىسىگە چىرمىشىپ كۆش ـ كۆش قىلىپ ، ئاستا ـ ئاستا ھالسىزلىنىپ ئۆلدى .

ھېپسىپىل غەيرەتكە كېلىپ بالىنىڭ قېنى ئاققان ئىز بىلەن مېڭىپ ، ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرىنى تاپتى ۋە ئۇستىخانلارنى يىغىپ ئادراستوسقا بەردى . ئۇلار بۇ بالىنى كاتتا تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ دەپنە قىلدى . ئۇنىڭغا مەبۇدە ئورنىدا چوقۇنۇپ «ئاركېمىدوس» دەپ ئاتىدى . مەنىسى بالدۇر ئۆلۈپ كەتكۈچى دېگەنلىك . ھېپسىپىل پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلالماي ، زىندانغا تاشلاندى ، كېيىن ھېپسىپىلنىڭ چوڭ ئوغلى ئانىسىنى ئىزدەپ نېمىياغا كېلىپ قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇردى . ئامفىئارائوس ئوفلىتېسنىڭ ئۇستىخانلىرىنى كۆرۈپ : «بۇ ئۇزۇنغا يۈرۈش قىلىشىمىزنىڭ ئاقىۋىتىدىن بېرىلگەن بېشارەت» دېدى قايغۇرۇپ . ئەمما ، باشقىلار چوڭ يىلاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى غەلىبە قازىنىشنىڭ بەلگىسى دېيىشتى . نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار تېبەي شەھىرىگە يېتىپ كېلىشتى .

ئېتېئوكلېس ۋە ئۇنىڭ تاغىسى كىرېئون بۇ شەھەرنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى . ئېتېئوكلېس خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ :

— پۇقرالار ، سىلەر سىلەرنى باققان ۋە ئۆستۈرگەن بۇ شەھەردىن مىننەتدار بولۇڭلار ، سىلەر قەيسەر لەشكەرلەردىن بولۇڭلار . سىلەرنى يۇرتىمىزدىكى مۇقەددەس تەڭرى مۇنبىرىنى ، مۇشۇ ئەركىن زېمىننى قوغداشقا چاقىرىمەن ، — ئۇ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — كۆكتىكى قۇشلارنىڭ پەرۋازىدىن ئەھۋالنى بىلەلەيدىغان

بىر ھۆكۈما ماڭا بۇگۇن كېچە ئارگوسلۇقلارنىڭ پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . چاپسان قوراللىنىڭلار ، دۈشمەننىڭ كۆپلۈكىدىن قورقماڭلار ، سېپىللار ئۈستىگە چىقىڭلار ، ھەربىر قوۋۇقنى چىڭ ساقلاڭلار ! مەن سىلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىڭلارغا قوماندانلىق قىلىمەن ! — دېدى .

ئېتېئوكلېس ئۆز خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىۋاتقان چاغدا ، ئانتىگونى ئوردىنىڭ ئېگىز پەشتىقىدا تۇراتتى . ئۇنىڭ يېنىدا بۇرۇن بوۋىسى لايوسقا مۇھاپىزەتچى بولغان بىر بوۋاي بار ئىدى . ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئانتىگونى ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ ، سىڭلىسى ئىسمېنې بىلەن بىللە پادىشاھ تېسۇسنىڭ ھامىيلىقىنى رەت قىلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىۋالغانىدى . ئاچا - سىڭىل ئىككىسى ئاكىسىنىڭ شەھەرنى قامال قىلغىنىنى قۇۋۋەتلىمىسىمۇ ، لېكىن كۆڭلىدە ئاكىسى پولىنىكېسقا ياردەم قىلىشنى خالايتتى . ئېتېئوكلېس بىلەن كىرىئون ئانتىگوننى قارشى ئالدى . چۈنكى ، ئۇ ئۆزلۈكىدىن تورغا چۈشكەن تۇتقۇن ، قارشى ئېلىشقا تېگىشلىك خالىس ئادەم ئىدى . ئانتىگونى ئوردىدىكى خۇش پۇراق ئارچىدىن ياسالغان راۋاق شوتىغا چىقىپ بوۋاينىڭ دۈشمەن ۋەزىيىتىدىن بەرگەن چۈشەندۈرۈشلىرىگە قۇلاق سالاتتى . چوڭ قوشۇن سېپىل ئەتراپىدىكى ئېتىزلىقلاردا ئىسمېنوس دەرياسىنى بويلاپ قەدىمدىن مەشھۇر دىركې بۇلاق سۈيىنى ئوراپ بارگاھ قۇرغانىدى .

شەھەر سىرتىدىكىلەر قوشۇنلىرىنى يۆتكىمەكتە ، قۇياش نۇرىدا قوراللار چاقنايتتى . قوشۇن سېپىل قوۋۇقىغا يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى . بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئانتىگونى قورقۇپ تىترەپ كەتتى . بوۋاي ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ :

— بىزنىڭ سېپىلىمىز ئېگىز ھەم مۇستەھكەم . كاۋچۇك ياغىچىدىن ياسالغان دەرۋازىلىرىمىزغا تۆمۈر قاپلانغان . شەھەرنى قورقماس جەڭچىلىرىمىز قوغدىماقتا ، — دېدى .

بوۋاي ئانتىگونىغا ياۋ قوشۇنىنىڭ سەردارلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرسەتتى .

— دۇبۇلغىسى ئاپتاپتا پارقىراپ تۇرغان ، قالقىنىنى يېنىك تەۋرىتىپ كېلىۋاتقىنى شاھزادە ھېپپوموروت . ئۇ مېكىنەيدە تۇغۇلغان . ئۇ قەدىمكى دەۋردە لاي ۋە تۇپراقتىن ياسالغان زور ئادەملەردەك بوي - تۇرقى ئېگىز ، — بوۋاي يەنە بىر سەردارنى كۆرسەتتى ، — زور ئاتقا مىنىۋېلىپ ، دېركې سۇيىدىن ئۆتۈۋاتقان ، ياۋايىلارچە دۇبۇلغا - ساۋۇت كىيگەن ئادەم تىدوس . ئۇ ئوينېئوسنىڭ ئوغلى ، يەڭگىڭىزنىڭ ئىنىسى ، ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئەيتولىيالىقلارنىڭ ھەممىسى ئېغىر قالقان كۆتۈرۈشكەن ، ئۇلار نەيزە ئىشلىتىشكە ماھىر ، — بوۋاي ياش بىر سەردارنى كۆرسەتتى ، — قەبرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياش پارتىنوپائوس ، ئوۋچىلىق تەڭرىچىسى ئارتېمىسنىڭ دوستى ئاتالانتتانىڭ ئوغلى . يېنىدىكى ئىككى ئادەمنى كۆردىڭىزمۇ ؟ — دەپ بوۋاي ئىككى باتۇرنى كۆرسەتتى ، — چوڭراق كۆرۈنگىنى بۇ قېتىملىق سەلەپ يۈرۈشىنىڭ باش قوماندانى ، ياشراقىنى سىز تونۇيسىز ، ئۇ سىزنىڭ ئاكىڭىز پولىنكېس . كۇمۇش رەڭلىك ھارۋىنى ھەيدەپ يۈرگەن باتۇر ھۆكۈما ئامفېئارائوس ، — دېدى .

— سېپىلنى ياقىلاپ ھۇجۇم قىلىشقا مۇۋاپىق يەرنى ئىزدەپ يۈرگەن كىم ؟

— ئۇ مەغرۇر كاپانوس . ئۇ شەھىرىمىزنى مۇستەھكەم ئەمەس ، سىزنى ۋە سىڭلىڭىزنى ئولجىغا ئېلىپ قۇل قىلىمەن دەپ مەسخىرىلىك كۇلۇۋاتىدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي . ئانتىگونىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى - دە ، ئۆز خانىسىغا قايتتى . كىرئون بىلەن ئېتېئوكلېس لەشكىرى يىغىن چاقىرىپ ، تېبەينىڭ يەتتە قوۋۇقىنى ساقلاشقا يەتتە سەردار تەيىن قىلدى . پولىنكېس ۋە ئۇنىڭ ئالتە ئىتتىپاقداش قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇشقا بەل باغلىدى .

ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن ، ئۇلار قوشلارنىڭ ئۇچۇشلىرىغا قاراپ بىرەر ئالامەت كۆرسە ، شۇنىڭدىن كەلگۈسىدىكى ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەشنى ئۈمىد قىلىشتى . تېبەيدە ھۆكۈما ماتېرېسئاس بار ئىدى . ئۇ ئوئىرويوس بىلەن ئايال پەرى كارىكلونىڭ ئوغلى ئىدى . ياش ۋاقتىدا ئۇ ئانىسى بىلەن ئافېنانى يوقلاپ بارغاندا ، كۆرۈشكە

تېگىشلىك بولمىغان بىر ئىشقا ئوغرىلىقچە قاراپ قويغانلىقتىن، تەڭرىچىنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغاندى. كارىكلو ئوغلىنىڭ كۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاندا، ئافىنا بۇنىڭغا ئاجىزلىق قىلدى. بالىغا ئىچى ئاغرىپ، قۇلىقىغا قانداقتۇر بىر ئەپسۇن ئوقۇدى - دە، شۇنىڭ بىلەن تىرىس-ئاس قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ تېبەيلىكلەرنىڭ ئالدىن بىلىدىغان ھۆكۈماسى بولۇپ قالغانىدى.

كىرىئون كىچىك ئوغلى مېنوكوسنى قېرى ھۆكۈمانى ئوردىغا باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، تىرىئاس قىزى مانتوغا تايىنىپ ئوردىغا كەلدى. ئۇ قىزى بىلەن كىرىئوننىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىترەپ تۇراتتى. ئۇلار قۇشلارنىڭ ئۇچۇشلىرى، شەھەرنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا قانداق بېشارەت بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشكە قىستىدى. ئۇ بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن:

— تېبەي شەھىرى كۈلپەت ۋە غەم - قايغۇغا يۈزلەندى. ئارگوس-لۇقلار بىلەن كادموسنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىدۇ. قېرىنداشلار بىر - بىرىنىڭ قولىدا ئۆلىدۇ. بۇ شەھەرنى قۇتقۇزۇش-نىڭ چارىسى بەك قورقۇنچلۇق، — دېدى. بۇۋاي بىردەم توختاپ يەنە گېپىنى داۋام قىلدى، — چوقۇم ئاڭلاپ تۇرۇڭلار. مەن دېيىشكە مەجبۇرمەن. مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن مېنوكوس نەدە؟ مەن تەڭرىنىڭ خاھىشىنى سۆزلەشتىن بۇرۇن، ئۇ بۇ يەردىن كەتسۇن.

كىرىئون:

— مېنوكوس مېنىڭ سادىق ئوغلۇم. سېنىڭ سۆزۈڭنى ئۇمۇ ئاڭلىسۇن، — دېدى. كىرىسئاس:

— ئەمىسە مەن ئۇچار قۇشلاردىن بىلگەنلىرىمنى ئېيتاي، ئەج-دىھانىڭ نەۋرىلىرىنىڭ ئەڭ كىچىكى جەزمەن ھالاك بولىدۇ. سەن شۇندىلا زەپەر قۇچىسەن. كىرىئون:

— ئەي ھۆكۈما، سەن نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟ — دەپ ۋارقى-راپ كەتتى. تىرىئاس:

— كادموس ئەۋلادلىرىنىڭ ئەڭ كىچىكى ھالاك بولغاندىن كې-

يمن ، بۇ شەھەر قۇتقۇزۇۋېلىندۇ .

كىرئون مەغرۇرلۇق بىلەن ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ :

— سەن مېنىڭ ئوغلۇم مېنوكوسنى ئۆلدۇ دەۋاتامسەن . يو- قال ، مەن سېنىڭ بېشارەتلىرىڭنى ئاڭلىسىزمۇ ئۆتۈپ كېتىۋېرىمەن ، — دېدى . تىرېسىئاس كەسكىن تەلەپپۇزدا :

— بۇ بېشارەت ساڭا ئازابلىق تۇيۇلغانلىقتىن ، بېشارەتنى كې- رەككە كەلمەيدۇ دەۋاتامسەن ؟ — دېدى .

كىرئون قورقتى . ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تىرېسىئاسنىڭ تىز- لىرىنى قۇچاقلاپ ، ئۇنىڭدىن بېشارەتنى قايتۇرۇپ كېلىشنى ئۆتۈن- دى .

ھۆكۈما يەنىلا قەتئىي ئىدى . ئۇ كىرئونغا :

— بۇ قۇربان بېرىش مۇقەررەر . زەھەرلىك ئەجدىھا قونغان دېركې سۇيىدە بۇ بالىنىڭ قېنى ئېقىشى كېرەك . بۇرۇن تەبىئەت زەھەرلىك ئەجدىھانىڭ چىشى ئارقىلىق ئادەم قېنىنى كادموسقا سىڭ- دۇرگەن . ھازىر سەن شۇ قەرزنى تۆلىشىڭ كېرەك ، — تىرېسىئاس سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — سەن ئۇنىڭغا كادموس ئەۋلادلىرىنىڭ قېنىنى بەرگەندىلا ، ئاندىن ئۇ سەن بىلەن دوست بولىدۇ . ناۋادا مېنوكوس ئۆزىنى قۇربان قىلسا ، ئۇ بۇ شەھەرنىڭ نىجاتچىسى بولۇپ قالىدۇ . ئادراستوسنىڭ قوشۇنلىرى ساق كېتەلمەيدۇ . ئالدىڭدا مانا مۇشۇ ئىككى يول بار ، ئۆزۈڭ تاللىۋال ، — دېدى .

ھۆكۈما سۆزىنى تۈگىتىپ ، ئورنىدىن ئايرىلدى . كىرئون سۇ- كۈتكە چۆمدى . ئاخىر ۋارقىراپ تۇرۇپ :

— ۋەتەن ئۈچۈن مەن ئۆزۈمنى قۇربان قىلاي ! ئوغلۇم ، سەن دەرھال قېچىپ كەت . بۇ يەردىن كەت ، دېرفو ، ئايتولىيارتىس پىروتىيا ۋە دودونا مازارلىرىغا بېرىپ ، شۇ مۇقەددەس جايلاردا تۇر- غىن ، — دېدى .

مېنوكوسنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ كەتتى . ئۇ :

— ماقۇل ، ئاتا ، يولغا لازىملىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ بېرىڭلار ، ئۆزۈم يول تېپىپ كېتەلەيمەن ، — دېدى .

ئوغلىنىڭ رايىشلىقىنى كۆرۈپ كىرىئونىڭ كۆڭلى جايىغا
چۈشتى - دە، ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشقا ماڭدى. مېنوكوس
تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، تەڭرىگە دۇئا - تىلاۋەت قىلدى:

— ئەي تەڭرىلەر، مېنى كەچۈرۈڭلار! مەن يالغان ئېيتىپ
ئاتامنىڭ كۆڭلىدىن ئورۇنسىز قورقۇنچنى كۆتۈرۈۋەتتىم. مەن ئۆ-
زۈمنى قۇربان قىلىپ ئۆز دۆلىتىمنى قوغدايمەن، بۇنىڭدىن باش
تارتىش نومۇس. مەن سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۆزۈمنى زەھەر-
لىك ئەجدىھانىڭ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلىرىگە تاشلايمەن، چۈنكى شۇنداق
قىلغاندىلا تېبەي شەھىرىنى قۇتقۇزۇش مۇمكىن! ھۆكۈما مۇشۇنداق
دېگەن.

مېنوكوس دۇئا - تىلاۋەتنى تۈگىتىپ، سېپىلنىڭ ئەڭ ئېگىز
يېرىگە چىقتى. دۈشمەن سەپلىرىگە نەزەر سېلىپ ئۈلارغا لەنەت ئوقۇ-
دى، ئاندىن ئۇ يېنىگە تىقىۋالغان خەنجىرىنى چىقىرىپ ئۆزىنى بوغۇز-
لىدى - دە، سېپىلدىن يەرگە دومىلاپ چۈشتى. ئۇنىڭ جەسىتى
دېركې سۈيىنىڭ بويىدىن ئورۇن ئالدى. مېنوكوس تېبەي شەھىرى
ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلدى. كىرىئون قايغۇ - ھەسرەتنى باستى.
ئېتېئوكلېس شەھەر قوۋۇقلىرىغا يېتەرلىك قوشۇن ئورۇنلاشتۇردى.
ئاتلىق قوشۇن توختىماي ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلمەكتە. پىيادە قوشۇن-
مۇ ياردەملىشىپ، ھۇجۇم قىلىنىش ئېھتىمالى بولغان ھەممە ئورۇن-
نى پۇختا مۇداپىئە قىلماقتا ئىدى.

ئارگوسلۇقلار تۇزلەڭلىكتىن ئۆتۈپ ئىلگىرىلەيتتى. قار - بو-
راندەك ھۇجۇم باشلاندى. شاۋقۇن - سۈرەن يەر - ئاسماننى زىلزىلىگە
سالاتتى، بۇرغىلارنىڭ ئاۋازلىرى ياڭرايتتى، پارتېنوپائوس لەشكەر-
لىرىنى باشلاپ بىر قوۋۇققا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ قالقىنىغا ئانىسى-
نىڭ ئوقيا بىلەن ئايتولىيادىكى ياۋايى توڭگۇزنى ئۆلتۈرگەن سۈرەت
نەقىشلەنگەنىدى. ھۆكۈما ئامفىئارائوس ئىككىنچى قوۋۇققا تېگىش
قىلدى. ئۇنىڭ جەڭ ھارۋىسىغا سەدىقە تەڭرىسىنىڭ سەدىقە بۇيۇملى-
رى قويۇلغانىدى. قالقىنى پارقىراپ تۇراتتى. ھىپپومېدون ئۈچىنچى
قوۋۇققا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ قالقىنىغا ئارگوسنىڭ نازارىتىگە

چۈشۈپ قالغان موزاي ئېئو بەلگە قىلىنغانىدى . تىدوس ئۆز قوشۇنى-
نى باشلاپ تۆتىنچى قوۋۇققا ھۇجۇم قىلدى . ئۇنىڭ سول قولىدىكى
قالقانغا شىر سۈرىتى ئورنىتىلغانىدى . ئوڭ قولىدا مەشئەل بار ئى-
دى . يۇرتىدىن قوغلانغان پولىنىكېس بەشىنچى قوۋۇققا ھۇجۇم قىل-
دى . ئۇنىڭ قالقىنىدا بىر توپ غەزەپلىك ئات بەلگە ئىدى . ئالتىنچى
قوۋۇقنى نىشان قىلغان ھەم ئۆزىنى ئۇرۇش تەڭرىسى ئارېس بىلەن
تەڭ ئورۇنغا قويۇپ كۆرەڭلەپ كەتكەن كاپانىئوسنىڭ مىس قالقىنىغا
گىگانت بىر ئادەم پۈتۈن شەھەرنى مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈۋالغان
سۈرەت نەقىشلەنگەنىدى . بۇ تېبەي شەھىرى دۇچ كېلىدىغان تەقدىر-
نىڭ بېشارىتى ئىدى . يەتتىنچى قوۋۇققا ئارگوس پادىشاھى ئادراس-
تۇس مەسئۇل بولدى . ئۇنىڭ قالقىنىغا نەقىش قىلىنغان غايەت يوغان
ئەجدىھا تېبەي پەرزەنتلىرىگە ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ تۇراتتى . يەتتە
قەھرىمان شەھەر قوۋۇقلىرىغا قىستاپ كەلدى . ئۇلار سالغا تاش ،
ئوقيا ئېتىپ ۋە يالمان نەيزىلەر بىلەن ئۇرۇش باشلىدى . تېبەيلىكلەر
ئۇلارنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمىغا قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق
كۆرسەتتى .

پولىنىكېس ۋە تىدوس لەشكەرلىرىگە يۇقىرى ئاۋازدا خىتاب
قىلدى :

— قېرىنداشلار ، بىز ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرىمىزمۇ ؟ بىز بىرلىكتە
شىددەتلىك ھۇجۇم قىلايلى !

بۇ سۆز ئارگوسلۇقلارغا ئىلھام بەردى . ئۇلار دولقۇنغا ئوخشاش
ئىلگىرىلىدى . يەنە بىرىنچى قېتىمدىكىدەك زەربىگە ئۇچرىدى . سې-
پىل تۈۋىدە قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى . ھۇجۇمنىڭ قارشىلىققا ئۇچرى-
شى پارتىنوپائوسنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى . ئۇ مەشئەل ۋە پالتىلار
بىلەن شەھەر قوۋۇقنى كۆكۈم - تالقان قىلىۋەتمەكچى بولۇپ جان
ئاچچىقىدا ۋارقىرىدى . تېبەي پالۋانلىرىدىن پىرىكلوبىنوس سېپىلدىن
پەسكە قارىتىپ يوغان بىر تاشنى دومىلاتتى . يۇقىرىدىن تۈۋەنگە
گۈلدۈرلەپ چۈشكەن تاش پارتىنوپائوسنىڭ بېشىنى يانجىۋەتتى .

تۆتىنچى قوۋۇققا تېگىش قىلغان تىدوس ئاچچىقىدا شىردەك

ھۆركىرەپ كەتتى . ئۇنىڭ قوش پەيلىرى بىلەن زىنىنەتلەنگەن دۇبۇل-
غىسى يالتىراپ تۇراتتى . ئۇ سىپىلغا نەيزە ئاتتى . شىددەتلىك ھۇجۇم
ئالدىدا تىبەيلىكلەر ئامالسىز چېكىنىدى ، دەل مۇشۇنداق جىددىي پەيت-
تە ، ئېتېئوكلېس ياردەمگە يېتىپ كەلدى . كاپانىئوس بىر شوتىنى
كۆتۈرۈپ كېلىپ سىپىلغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتاتتى . ئۇ ئۆزىچە
جۆيلۈپ مەن بۇ شەھەرنى تۈزلىۋېتىمەن ، مېنى زېۋىسمۇ توسۇپ
قالالمايدۇ دەپ ۋارقىرايتتى . ئۇ شوتىنى سىپىلغا قويۇپ ، ئۆزىنى
قالقىنىنىڭ ھىمايىسىگە ئېلىپ ، يامغۇردەك ئېتىلىۋاتقان تاشلارغا
قارىماستىن يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى . ئۇنىڭ ئالدىراقسانلىقى ۋە تەلۋىلى-
كى جازاغا ئۇچرىدى . ئۇ شوتا بىلەن سىپىل ئۈستىگە ياماشقاندا ،
زېۋىس گۈلدۈرماملىق چاقماق بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى . قانلىرى
شوتىغا ئاقتى . پۇت - قوللىرى ھارۋا چاقىغا ئوخشاش ئايلىنىپ ،
تېنى يەردە كۆيۈپ كۈل بولدى .
ئادراستوس بۇ ھادىسە زېۋىسنىڭ مۇشۇ ئۇرۇشقا قارشى چىققانـ-
لىقىنىڭ بېشارىتى دەپ چۈشەندى - دە ، لەشكەرلىرىنى خەندەكتىن
قايتىپ چېكىنىشكە بۇيرۇدى . تىبەيلىكلەر پۇرسەتنى غەنىيمەت بى-
لىپ ، شەھەردىن ئېتىلىپ چىقىپ ئارگوسلۇقلار بىلەن گىرەلەشمە
جەڭ قىلدى . ئاتلار قايغۇلۇق كىشنىشەتتى . ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى
پۈتۈن دالىنى قاپلاپ كەتتى . تىبەيلىكلەر نۇسرەت قازىنىپ ، دۈشمەن-
نى سۈرۈپ خېلى يىراققا ئاپىرىۋەتتى .
كىرئون بىلەن ئېتېئوكلېس شەھەرگە قايتىپ كىردى . ئار-
گوسلۇقلار قايتىدىن يىغىلىپ ، يېڭىباشتىن ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەي-
يارلىقىغا چۈشتى . تىبەيلىكلەرگە شۇ نەرسە ئايان ئىدى : بۇ قېتىم
قارشى تۇرغان بىلەن مۇشەققەت تېخىمۇ چوڭ بولاتتى ، چۈنكى بىرىن-
چى قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۇلارنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەنىدى . بۇ
چاغدا پادىشاھ ئېتېئوكلېس قەھرىمانلارچە بىر قارارغا كەلدى . ئۇ
دۈشمەن قوشۇنىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ، ئۇلارنى يېنىكلىك قىلماسلىققا
ئۈندىدى ، ئاندىن ئۆزى سىپىلنىڭ ئەڭ ئېگىز جايىغا چىقىپ ئۈنلۈك
ئاۋازدا ئارگوسلۇقلارغا :

— شەھەر سىرتىدىكى ئارگوسلۇقلار ۋە شەھەر ئىچىدىكى تېبەيـ لىكلەر ، مەن بىلەن پولىنىكېس ئۇچۇن ئىككى تەرەپنىڭ تېخىمۇ كۆپ قۇربان بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق . مەن ئۆز ئاكام بىلەن يەككە ئېلىشىمەن . كىم يەڭسە ، پادىشاھلىق شۇنىڭغا مەنسۇپ ، بۇنىڭدا ناھايىتى ئادىل بولىدۇ ، — دېدى .

پولىنىكېس بۇ تەكلىپنى مەردانىلىك بىلەن قوبۇل قىلدى . ئىككى يول باشچى توختام تۈزدى . توختامغا ئەمەل قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق تەنتەنىلىك قەسەم قىلىشتى . تېبەي خەلقى ئۆز پادىشاھىنى قوراللاندۇردى . ئېتېئوكلېس ئافېنا خانىقاسىغا يۈزلىنىپ ، ئۇنىڭ ياردەم قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى . ئارگوسلۇقلارمۇ پولىنىكېسنى قوراللاندۇرۇپ تەق قىلدى . دوستلىرى ئۇنىڭ ئىرادىسىگە مەدەت تىلەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى . پولىنىكېس ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھېراغا ئاتاپ دۇئا قىلدى :

بۇرغىلار چېلىندى ، ئىككى قېرىنداش ئوتتۇرىسىدا دەھشەتلىك جەڭ باشلاندى . پولىنىكېس باشتا چاققانلىق بىلەن نەيزە ئۇرۇپ ئېتېئوكلېسنىڭ پۇتىنى يارىلاندۇردى . ئېتېئوكلېس ئۇنىڭغا نەيزە تىقتى ، بىراق نەيزە ئۇچى سۇنۇپ كەتتى . ئىككىسى خەنجەرلىرىنى سۇغۇرۇپ بىر- بىرىنى چېپىشقا باشلىدى . ھەر ئىككىلا تەرەپ زىيان تارتىپ ، ئېغىر يارىلىنىپ قان بىلەن بويالغان يەرگە يىقىلدى .

ئېتېئوكلېس شۇ زامان ئۆلدى . تېبەي خەلقى شەھەردىن چىقىپ پادىشاھى ئۇچۇن ھازا ئېچىشتى . پولىنىكېسنىڭ نەپىسى توختىمىغاندى . ئۇ كۆل رەڭ خىرە كۆزلىرىنى سىڭلىسىغا تىكىپ ھەسرەت بىلەن :

— سىڭلىم ، سېنىڭ تەقدىرىڭ نېمانداق ئېچىنىشلىق ! مەن ئۆلگەن ئىنىم ئۇچۇن قايغۇرۇۋاتىمەن . بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بەك ئېجىل ئىدۇق . مانا ئەمدى ئەشەددىي دۈشمەن بولۇپ قالدۇق . شۇ تاپتا ئۇنى قانداق ياخشى كۆرىدىغىنىمنى بىلىۋاتىمەن . مېنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىم : ئۆز يۇرتۇمنىڭ تۇپرىقىدا يېتىش . ئىلاھىم ، مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلما ، — دەپ سىڭلىسىنىڭ قۇچىقىدا

جان ئۆزدى . ئىككى تەرەپ قوشۇنىنىڭ پىكرى ئوخشاش بولمىغاچقا ، ئارىدا تالاش - تارتىش بولدى . ئۆلگۈچىلەرنىڭ دوستلىرىنىڭ پىكرىمۇ بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى .

تالاش - تارتىش بىسىقماي ئىككى تەرەپ يەنە ئۇرۇشماقچى بو-لۇشتى . بۇ قېتىم نۇسرەت تېبەيلىكلەرگە كۈلۈپ قارىدى . چۈنكى ، ئۇلار باشتىن - ئاخىر ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويمىغانىدى . ئارگوسلۇقلار غەلىبە قىلىمىز دەپ يەڭگىللىك بىلەن قوراللىرىنى تاشلاپ قويغانىدى . ئارگوسلۇقلار قوراللىرىنى قوللىرىغا ئالا - مايلا تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىدى . ئۇلاردا قارشىلىق قىلغۇدەك ئىقتىدار بولمىغاچقا ، تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى . مىڭلىغان - تۈمەن-لىگەن ئارگوسلۇقلار تېبەيلىكلەرنىڭ قولىدا ھالاك بولدى .

بېرىكلىمېنوس ئامفىئارائوسنى ئىسمېنوس دەرياسىغىچە قوغلاپ باردى . نەيزە ئۇچلىرى ئۇنىڭ گەجگىسىگە سانجىلىدىغاندەك يېقىنلاش-قانىدى . لېكىن ، زېۋس ئالدىن بىلگۈچى بىر ھۆكۈمانىڭ بۇنداق ئۆلۈپ كېتىشىگە چىدىماي ، گۈلدۈرمامىلىق چاقماق چاقتۇردى . يەر يېرىلدى ، يېرىلغان يەر ھۆكۈمانى جەڭ ھارۋىسى بىلەن قوشۇپ يۇتۇپ كەتتى . ئۇزاق ئۆتمەي ، تېبەي ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەر تازىلاندى . ئۆلگەن دۈشمەنلەرنىڭ قورال - ياراغ ۋە قالقانلىرى يىغىۋېلىندى . نۇرغۇن ھارۋا ۋە ئات ئولجا ئېلىندى . ئۇلار غەلىبە شادلىقىغا چۆمگەن ھالدا شەھەرگە قايتىشتى . ئۇلار ئالقىش ياڭراتتى ، ناخشا ئېيتىشتى .

ئودىپۇسنىڭ ئىككىلا ئوغلى ئۆلدى . ئۇلارنىڭ تاغىسى كىرېئون تېبەينىڭ پادىشاھى بولدى . ئۇ ئېتېئوكلېس ئۈچۈن تەنتەنىلىك دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ، پولىنكېسنىڭ جەسىتىنى بىر ياققا تاشلاپ قويۇش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى . پولىنكېس ئۈچۈن ھازا ئې-چىشقا ، ئۇنىڭ جەسىتىنى يەرلىككە قويۇشقا رۇخسەت قىلىنمىدى . جەسەت بىر ئادەم بەلگىلەپ مۇھاپىزەت قىلدۇرۇلدى . بۇ بۇيرۇق ئانتىگونىغا شەپقەتسىز بۇيرۇقتەك تۇيۇلدى . ئۇ ئاكىسىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئويلاپ ، ئاجىز ۋە يۈرەكسىز سىڭلىسى ئىسمېنىنىڭ يېنىغا بېرىپ ، ئاكىسىنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ كېتىش توغرۇلۇق ئۇنىڭ

بىلەن مەسلىھەتلەشتى . ئۇ سىڭلىسىنىڭ قېشىدىن ئۈمىدسىز قايتتى ـ دە ، بۇ ئىشنى ئۆزى يالغۇز ئورۇنلاشقا بەل باغلىدى . ئانتىگونى توپا قاچىلانغان مىس چېلەكنى كۆتۈرۈپ ، نازارەتچىلەر دىققەت قىلمىغان چاغدا ، ئاكىسىنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىغا باردى ـ دە ، جەسەتكە ئۈچ قېتىم توپا سەپتى . بۇ ئۇنىڭ جەسەتنى دەپنە قىلغانلىقى ئىدى . نازارەتچىلەر شۇئان يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ، پادى-شاھنىڭ ئالدىغا ئاپاردى .

كىرئون بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ جىيەن قىزى ئانتىگو-نى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنلۇك ئاۋازدا :

— مېنىڭ بۇيرۇقۇمدىن خەۋىرىڭ بارمۇ ؟ ئەگەر بىلگەن بول-ساڭ ، نېمىشقا يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلى-سەن ؟ قانداق جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىڭنى بىلمەمسەن ؟ — دېدى .

— بىلىمەن ، — دېدى ئانتىگونى بىمالال ھالدا ، — بىراق بۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى ئەمەس . ئاكامنىڭ جەسىتى-نىڭ ئوچۇق دالىدا كۆمۈكسىز تاشلىنىپ قېلىشىغا قاراپ تۇرالماي-مەن . مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدىم .

كىرئون غەزەپ بىلەن :

— شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى ، گاڭ قىلىچ قانچە ئېگىلمەيدىغان بولسا ، شۇنچە ئاسان سۇنىدۇ . سەن مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەنىكەنسەن بۇنچىلىك بوينى قاتتىقلىق قىلىپ كەتمە ! — دېدى . ئانتىگونى قىلچە قورقماستىن :

— سېنىڭ قولۇڭدىن يامىنى كەلسە مېنى ئۆلتۈرۈش كېلىدۇ ! — دېدى .

تېرىكىشىش ئۈستىگە ئىسمېنې ئوردىغا بۆسۈپ كىردى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاجىزلىقتىن نە قورقۇنچاقلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى . ئۇ تاغىسىنىڭ ئالدىغا مەردانىلەرچە بېرىپ ، ئاكىسىنىڭ جەسىتىنى كۆ-مۈش ئىشىدا ئۆزىنىڭمۇ بىر كىشىلىك ئۈلۈشى بارلىقىنى ئېيتىپ ، ئاچىسى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلۈشنى تەلەپ قىلدى . ئىسمېنې كىرئون-نى ئاگاھلاندۇرۇپ :

— ئانتىگونى ئوغلۇڭ ھايموننىڭ بولغۇسى ئايالى . سەن ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزۈڭگە ئايان ، — دېدى .

كىرئون بىردەم ئويلىنىپ ، ئاندىن بۇيرۇق بېرىپ ئاچا - سىڭىل ئىككىسىنى ئىچكى ھەرەمگە كىرگۈزۈۋەتتى . كىرئوننىڭ ئوغلى ھايمون كېلىپ ئاتىسىغا ياخشى نىيەتتە نەسىھەت قىلدى . ئانتىگونىڭ ھەرىكىتىنىڭ تېبەي خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . كىرئون ئوغلىنى سۆيگەن قىزىغا چاپان يېپىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ ، تەرسالىق بىلەن ئانتىگوننى ناھايىتى يىراق بىر جايدىكى غارغا ئاپارغۇزۇۋەتتى .

پولىنكېسنىڭ جەسىتى ئۇزاققىچە كۆمۈكسىز تۇرغاچقا ، جەسەت سېسىدى . بۇرۇن ئودىپۇسقا ھۆرمەت كۆرسەتكەن ھۆكۈما بوۋاي تىرېئاس كىرئوننىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى . ئۇ كىرئونغا ئۆلگەن ئادەمگە زەھەرلىك بەرمەسلىكنى ، تەڭرىلەرنىڭ قەھر - غەزىپىدىن ساقلىنىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى . كىرئون قەھر بىلەن :

— سەن يالغان ئېيتىپ دوپپامغا جىگدە سېلىۋاتىسەن . سەن ئالداپ ئالتۇن ئېلىش ئۈچۈن يالغان گەپ قىلىدىغان قېرى ئالدامچىسەن ! — دەپ ۋارقىرىدى .

تىرېئاس ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ دېگۈدەك ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۆزىنى بالىسىغا يېتىلىتىپ ئوردىدىن چىقىپ كەتتى .

پادىشاھ بۇ ھۆكۈمانى كۆزى بىلەن ئۇزىتىپ چىقىرىۋېتىپ تۇرۇپلا قورقۇپ كەتتى . ئۇ ھۆكۈما بەرگەن بېشارەتلەردىن پېشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقتى . شۇنىڭ بىلەن دەرھال شەھەر چوڭلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ ، قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى . ئاخىر ئانتىگوننى قويۇپ بېرىش ، پولىنكېسنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلىشنى قارار قىلىشتى . كىرئون ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، پولىنكېسنىڭ جەسىتى ئوچۇق قالغان دالىغا كەلدى . جەسەت تەنتەنىلىك دەپنە قىلىندى . ئاندىن ئانتىگونى قامالغان غارغا كەلدى . يىراقتىن قايغۇلۇق بىرىيغا ئاۋازى ئاڭلاندى . بۇ ئاۋاز غاردىن چىققان ئاۋاز

ئىدى . ئالدىدا كەتكەن بىر نۆۋكەر كېلىپ پادىشاھقا ئانتىگوننىڭ
ئۆلۈۋالغانلىقىنى ، ھايموننىڭ ئانتىگوننىڭ جەستىنى قۇچاقلاپ
ھەسرەت بىلەن يىغلاۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى . كىرئون غارغا يۈگۈ-
رۈپ كىرىپ ، ئازابلىنىۋاتقان ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى . ھايمون
بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاتىسىغا غەزەپ بىلەن قارىدى - دە ، تۇيۇقسىز
غىلاپتىن خەنجىرىنى چىقىرىپ ئۆزىگە خەنجەر سېلىپ ئۆلدى ۋە
ئانتىگوننىڭ يېنىغا يىقىلدى . ئوغلىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان
پادىشاھنىڭ خوتۇنى پادىشاھ كەلگۈچە ئىچكىرى ئۆيدە ئۆلۈۋالدى .

ئودىپۇسنىڭ ئائىلىسىدە ئىسمېنېلا ھايات قالغانىدى . تېبەي
شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان يەتتە قەھرىماندىن پەقەت ئادراستوسلا ئامان
قالغانىدى . ئۇ ئافىناغا قايتىپ بېرىپ بىر ئىبادەتخانىدا دۇئاخانلىق
بىلەن ئۆتتى . كېيىن ئۇ زەيتۇن شېخىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئافىنالىق-
لاردىن تېبەي شەھىرىدە ئۆلگەن قەھرىمانلارنى دەپنە قىلىش مۇراسى-
مى ئۆتكۈزۈشكە ياردەم تەلەپ قىلغاندا ، ئافىنالىقلار بۇ تەكلىپنى
قوبۇل قىلدى . تېسۇسنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئۇ شەھەرگە قايتۇ-
رۇپ كېلىندى . بۇ قەھرىمانلارنى دەپنە قىلىشقا تېبەيلىكلەر قوشۇل-
دى . ئادراستوس شەھەر سىرتىغا جەسەت كۆيدۈرۈش مەيدانىدىن
بىرنەچچىنى تەييارلىدى . كابانوسنىڭ جەسەت كۆيدۈرۈش مەيدانىدىن
لاۋۇلداپ يالقۇن كۆتۈرۈلگەندە ، ئۇنىڭ خوتۇنى ئوئادېنېي ئوتقا سەك-
رەپ ئۆلۈۋالدى . ئادراستوس كونا سەپدىشى ئامفىئارائوسنىڭ جەسى-
تىنى تاپالمىغانلىقتىن قاتتىق ھەسرەتلەندى . دەپنە مۇراسىمى ئاياغ-
لاشقاندىن كېيىن ، ئادراستوس ئىتتىپاقداش قوشۇن بىلەن بىرلىكتە
تېبەيدىن ئايرىلدى .

# ئىز باسار قەھرىمانلار

يەتتە قەھرىماننىڭ تېبەيگە قىلغان ھۇجۇمى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى چوڭ بولۇپ قاتارغا قېتىلدى . ئۇلار تېبەي شەھىرىگە يەنە بىر نۆۋەت جازا يۈرۈشى قىلىش قارارىغا كېلىشتى . مەقسەت : ئاتىلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئىدى . ئۇلار سەككىز كىشى ئىدى . بۇلار ئىچىدە ئامفىئارائوسنىڭ ئىككى ئوغلىمۇ بار ئىدى . تېبەي شەھىرىگە بىرىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلغانلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت قەھرىمان ئادراستوسلا ھايات ئىدى . بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىگە ئۇمۇ قاتناشتى . مۇھىم ۋەزىپىنى ياش ھەم قابىل ئادەملەر ئۆز ئۈستىگە ئالسا مۇۋاپىق بولىدۇ دەپ قاراپ ، قوشۇننىڭ يول باشچىسى بولۇشنى رەت قىلدى . بېشارەتتە بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئامفىئارائوسنىڭ ئوغلى ئالكمائون ئەڭ مۇۋاپىق دېيىلدى . كۆپچىلىك ئۇنى يول باشچىلىققا كۆرگەندە ، ئۇ ئىككىلىنىپ قالدى . ئاتامنىڭ قىساسىنى ئېلىشتىن بۇرۇن بۇ شەرەپنى قوبۇل قىلايمۇ - قىلمايمۇ دەپ كۆڭۈل توختىتالمىدى .

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ، ئالكمائوننىڭ ئانىسىنىڭ قولىدا ئادەملەرنى بالا - قازاغا دۇچار قىلىدىغان ھېلىقى مېداليون بار ئىدى . ئانىسى ئەمدى بىر ئامال قىلىپ ئافرودىتىنىڭ ئىككىنچى قىممەتلىك بۇيۇمى بولغان چۇمپەردىنى قولغا چۈشۈرۈش قەستىدە يۈرەتتى . بۇ چۇمپەردىنىڭ ىراسخورى ھازىر پولىنكېسنىڭ ئوغلى تېرساندېر ئىدى . تېرساندېر ئالكمائوننىڭ ئانىسى ئوغلى تېبەي شەھىرىگە قىلىنىدىغان جازا يۈرۈشىگە قاتنىششقا كۆندۈرسۇن دېگەن ئويدا ، چۇمپەردىنى

ئاتىسى مېدالىيوننى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان چاغدىكىدەك باھانە بىلەن پارا ئورنىدا ئالكمائوننىڭ ئانىسىغا بەردى . ئانىسى ماقۇل بولدى ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال ئۇستى ـ ئۇستىلەپ جىنايەت ئۆتكۈزدى .

ئالكمائون تەڭرىلەرگە ئىلتىجا قىلدى . ئاپوللو ئۇنى گۇماندىن خالاس قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يول باشچىلىق مەرتىۋىسىنى قوبۇل قىلدى .

ئىز باسار قەھرىمانلار تېبەي شەھىرىگە قاراپ ئاتلاندى . ئۇلار ئۆز ئاتىلىرى ئون يىلنىڭ ئالدىدا ھۇجۇم قىلغان بۇ شەھەرنى مۇھا-سىرىگە ئالدى . كېيىنكى ئەۋلادلارغا نۇسرەت كۈلۈپ قارىدى . ئالكما-ئون بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى . ئۇرۇشتا ، ئىزباسار قەھرىمانلاردىن بىرلا ئادەم — پادىشاھ ئادراستوسنىڭ ئوغلى ئاككالېئوسلا قازا قىلدى . ئۇنى ئېتېئوكلىسنىڭ ئوغلى لائوداماس ئۆلتۈرگەنىدى . ئالكمائون دوستىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن با-تۇرلارچە ئوتتۇرىغا چۇشۇپ ، لائوداماسنى جەھەننەمگە ئۇزاتتى . تېبەي-لىكلەر يول باشچىسىدىن ۋە كۆپلىگەن لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ ، ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ ، ئۆز شەھىرىنى قوغداپ قېلىش مەقسىتىدە چېكىندى .

ھۆكۈما تىرېسئاس يۈز ياشتىن ئاشقانىدى . ئۇ تېبەيلىكلەرگە يارىشىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىپ ياۋنى تۇتۇپ تۇرۇش ، ئاندىن شەھەر-نى تاشلاپ قېچىش توغرۇلۇق مەسلىھەت بەردى . ئۇلار ھۆكۈمانىڭ دېگىنى بويىچە يارىشىش ئۈچۈن دۈشمەن لاگېرىغا ئەلچى ئەۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇرغۇن ئادەم شەھەردىن قېچىپ چىقىپ كەتتى . ئەلچى ئارگوسلۇقلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغدا ، ئاياللار ۋە باللار چوڭ ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ تېبەي شەھىرىدىن جىممىدە ئايرىلدى . ئۇلار قاراڭغۇ كېچىدە ئىلگىرىلەپ بوئېتىياغا جايلاشقان تىرفوسسون شەھىرىگە كەلدى . ئەمما ھۆكۈما شەھەر سىر-تىغا چىقىپ بۇلاقنىڭ مۇزدەك سۈيىدىن بىر ئوتلام ئىچتى ـ دە ، شۇ يەردىلا جان بەردى .

ھۆكۈمانىڭ قىزى مانتو ئاتىسى بىلەن قېچىپ كەتمەي ، شەھەر-

گە بۆسۈپ كىرگەن ئىستېلاچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى . ئۇ ئالدىن كۆرەرلىك ئىقتىدارغا ئىگە بولغانلىقتىن ، دېرفوغا ئېلىپ بېرىلىپ ، ئايال كاھىن سۈپىتىدە قۇياش تەڭرىسىگە تارتۇق قىلىن- دى . بۇ يەردە ئۇنىڭ ھۆكۈمالىق تالانتى بارغانسېرى كامال تېپىپ ، شۇ زامانىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئايال ھۆكۈماسى بولۇپ قالدى . بىر بوۋاي ھەمىشە ئۇ تۇرغان ئىبادەتخانىغا بېرىپ ، مانتونىڭ ئاغزىدىن گۈزەل ھەم شانلىق مىسرالارنى ئاڭلايتتى . بۇ شېئىرلار ناھايىتى تېزلا پۈتكۈل يۇنانغا تارقىلىپ كەتتى . بۇ ئاقساقال ھومېر ئىدى .



# ئالكمائون ۋە مېدالىيون

ئالكمائون تېبەيدىن زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلدى . ئۇ مۇقەددەس ۋەھىينىڭ ئىككىنچى قىسمىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى ، يەنى ئاتىسى ئۈچۈن قىساس ئالماقچى بولدى . ئۇ ئانىسىنىڭ پارا يېيىش بەدىلىگە ئېرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى ھەم ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى بىلىپ ، ئانىسىغا نىسبەتەن قەلبىدە ئۆچ ـ ئاداۋەت كۆچەيدى ـ دە ، ئويلىنىپ ئولتۇرماستىن ئانىسىنى ئۆلتۈردى . لېكىن ، ئۆز ئانىسىنى ئۆلتۈرۈ-ۋەتكەن بۇ ئىشنى يەنىلا كەچۈرۈشكە بولمايتتى . قىساس تەڭرىچىسى قوغلاپ يۈرۈپ ئالكمائوننىڭ ئەدىپىنى بەردى . نەتىجىدە ئۇ ساراڭ بولۇپ ئەقىل ـ ھوشىدىن ئايرىلىپ ، مېدالىيون بىلەن چۈمپەردىنى ئېلىپ ، ئاركادىيە پادىشاھى ئويلىكىئوسنىڭ ئالدىغا باردى .

بىراق ، قىساس تەڭرىچىسى ئۇنى يەنىلا ئارامىدا قويمىدى . ئۇ سەرسان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى . ئاخىر ئۇ ئاركادىيەنىڭ پوسوفىس شەھىرىگە يېتىپ كەلدى . بۇ شەھەرگە فىگوس پادىشاھلىق قىلاتتى . ئۇ ئالكمائوننى گۇناھتىن خالاس قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ قىزى ئارسنويەگە نىكاھلاپ چېتىپ قويدى . ئارسنويە بەختسىزلىك كەلتۈ-رىدىغان ھېلىقى مېدالىيون بىلەن چۈمپەردىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قال-دى . ئالكمائوننىڭ كېسىلىمۇ ساقايدى . ئەمما ، بەختسىزلىك يەنىلا ئۇنىڭ بېشىدىن كەتمىدى . ئۇ تۇرغان يەر قاتتىق قۇرغاقچىلىق كاسا-پىتىگە دۇچار بولدى . خەلقنىڭ ھايات ـ ماماتى ئېغىر خەۋپكە دۇچ كەلدى . ئۇ مۇقەددەس ۋەھىيگە ئىلتىجا قىلدى . ئىلتىجاسىغا بېرىل-گەن جاۋاب كىشىنى ئانچە مەمنۇن قىلالمايتتى . مۇقەددەس ۋەھىيدە سەن پەقەت ئاناڭنى ئۆلتۈرگەن چاغدا يەر يۈزىگە تېخى ئاپىرىدە

بولمىغان بىرەر مەملىكەتكە كەتكەن چېغىڭدىلا ئاندىن خاتىرجەملىككە ئىگە بولالايسەن دېيىلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە خوتۇنى بىلەن نارەسىدە ئوغلى كىلىستوسنى تاشلاپ، يىراق بىر جايغا قاراپ يول ئالدى.

ئالكمائون ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت سەپەردە يۈرۈپ، ئاكرائوس دەرياسى بويىغا كەلدى. سۇ ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان بىر ئارالنى بايقىدى. ئۇ بىردىنلا مۇقەددەس ۋەھىينىڭ مەنىسىنى چۈشەندى. ئۇ بالا - قازادىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان ماكانغا ئېرىشتى. ئۇ مۇشۇ ئارالدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىپ، بالا - قازادىن قۇتۇلدى. ئۇ يېڭىلا نىجاتلىققا چىقىپ ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتى. خوتۇنى ئارسىنويە بىلەن نارەسىدە ئوغلىنى ئۇنتۇپ، دەريا مۇئەككىلى ئاكېلوسنىڭ قىزى كاللىررويەنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئاكارنان ۋە ئامفوتېروس ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل كۆردى.

ئالكمائوننىڭ بىباھا ئىككى تال گۆھىرى بار ئىكەن دېگەن گەپ ھەممە يەرگە پۇر كەتكەچكە، بۇ نەرسىلەرنى خوتۇنىنىڭ كۆرگۈسى كەلدى. لېكىن، ئۇ بۇرۇنقى خوتۇنىنىڭ يېنىدىن خۇپىيانە يېنىپ چىققاندا، ھېلىقى ئىككى قىممەتلىك بۇيۇم ئۇنىڭ قولىدا قالغانىدى. ئۇ كاللىررويەنىڭ ئۆزىنىڭ بۇرۇن ئۆيلەنگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىشىنى خالىمايتتى. ئۇ قىممەتلىك بۇ بۇيۇملارنىڭ يىراق بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى، بېرىپ ئەكەلسە بولىدىغانلىقىنى دېدى. ئالكمائون بۇرۇنقى خوتۇنىنىڭ يېنىغا بېرىپ، كونا كېسىلىنىڭ قايتا قوزغالغانلىقىنى، ئىككى قىممەتلىك بۇيۇمنى دىرفوغا ئالغاچ بېرىپ تەڭرىلەرگە تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئارسىنويە ئۇنىڭ يالغان- ياۋىداق گەپلىرىگە ئىشىنىپ، مېداليون بىلەن چۈمپەردىنى ئۇنىڭغا بەردى. ئالكمائون بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا كېتىپ قالدى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىدى. بىر خىزمەتكار ئالكمائوننىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۆيلەنگەنلىكىنى، مېداليون بىلەن چۈمپەردىنى يېڭى ئالغان خوتۇنىغا بېرىدىغانلىقىنى پادىشاھقا دەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئارس-

نىيەنىڭ ئاكىلىرى قوغلاپ بېرىپ ، تەييارلىقسىز تۇرغان ئەھۋالدا
ئالكمائوننى ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئۇلار بىباھا گۆھەرنى تارتىۋېلىپ ، سىڭـ
لىسىغا ئەكېلىپ بېرىشتى ۋە قىساس ئالدۇق دەپ ماختىنىشتى .

ئەمما ، ئارسىنويە ئېرىنىڭ ئۆزىگە نائەھلىيلىك ۋە ۋاپاسىزلىق
قىلغىنىنى ئېنىق بىلسىمۇ ، ئۇنىڭغا يەنىلا ئوتتەك كۆيەتتى . شۇڭا ،
ئارسىنويە ئالكمائون ئۆلتۈرۈلۈشكە تېگىشلىك ئەمەس ئىدى دەپ ئاكىـ
لىرىنى ئەيىبلىدى . ئۆزلىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن
سىڭلىسىغا ئەڭ ئازابلىق جازا بەرسىمۇ ئازلىق قىلىدىغانلىقىغا كۆزى
يېتىپ ، ئۇنى ساندۇققا سېلىپ ، ئاگاپېنور پادىشاھىغا بېرىۋەتتى .
ئاخىر ئارسىنويە ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتتى .

ئۇزاق ئۆتمەي كاللىررويە ئېرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكـ
تىن خەۋەر تېپىپ ، قاتتىق قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمدى ۋە ئېرىنىڭ
قىساسىنى ئېلىش ئىستىكى پەيدا بولدى . ئۇ يەردە يوكونوپ ئولتۇـ
رۇپ ، زېۋۇستىن بىر كارامەت مۆجىزە كۆرسىتىپ ، ئاتىسىنى ئۆلـ
تۈرگەن قاتىللاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن نارەسىدە ئوغۇللىرى
ئاركانان بىلەن ئامفوتېروسنى بىردىنلا چوڭ ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ
بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى . بۇ ئىخلاسمەن ئايال زېۋۇسنى تەسىرلەنـ
دۈردى . ئاخشامدا ئۇخلاپ قالغان كىچىككىنە ئىككى بالىسى ئەتىسى
ئەتىگەندە كۈچ ـ قۇدرەتكە تولغان ۋە قىساس ئوتىدا يانغان ئىككى
چوڭ ئادەم بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . ئۇلار ئاتىسىنىڭ قىساـ
سىنى ئېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلاندى . ئالدى بىلەن تېگىيەگە يېتىپ
كەلدى . ئۇلار ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا ، فىگوسنىڭ ئىككى ئوغلى
ئاگېنور بىلەن پىرونوس سىڭلىسىنى ئېلىپ شۇ يەرگە كېلىپ تۇرغاـ
نىدى . ئۇلار ئافرودىتىنىڭ بەختسىزلىك كەلتۈرىدىغان ھېلىقى قىمـ
مەتلىك بۇيۇملىرىنى ئاپوللونىڭ مېھرابىغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن
دېلفىغا بارماقچى بولۇپ تۇراتتى .

ئىككى ياش يىگىت ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاگېـ
نور بىلەن پىرونوسلارغا ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگەن چاغدا ، بۇ ئىككىيـ
لەن ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ كىملىكىنى تېخى بىلمەيتتى .

سەۋەبىنى بىلىپ بولغۇچە، ئۇلار قىلىچ ئاستىدا جان بېرىشتى.

ئالكمائونىنىڭ ئىككى ئوغلى پادىشاھ ئاگاپېنورنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشىنى ئاقلىدى. ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردى. ئاندىن كېيىن ئۇلار سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاركادىيەدىكى پوسوفىس شەھىرىگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۇدۇل ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ، پادىشاھ فېگوس ۋە خانىشىنى ئۆلتۈردى. ئۇلار ئارالغا قايتىپ بېرىپ، ئانىسىغا ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامى ئېلىنغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن بوۋىسى ئاكېلوسنىڭ نەسىھەتى بىلەن دىرفوغا بېرىپ، مېدالىيون بىلەن چۇمپەردىنى ئاپوللونىڭ مېھرابىغا تەقدىم قىلدى. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، ئامفارائوس جەمەتىنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكلەرگە خاتىمە بېرىلدى.

ئالكمائون بىلەن كاللىررويەنىڭ ئىككى ئوغلى ئىمپېروستىكى كۆچمەنلەرنى يىغىپ، ئاكارنانىيە دۆلىتىنى قۇردى. ئالكمائون بىلەن ئارسنويەدىن تۇغۇلغان ئوغۇل كىلىتوسمۇ ئانا تەرەپ تۇغقانلىرىدىن بىزار بولۇپ، «ئېرىس» دېگەن جايغا قېچىپ كېتىپ، شۇ يەردە ماكانلىشىپ قالدى.



# ھېراكلېسنىڭ ئەۋلادى

ھېراكلېسنى تەڭرىلەر ئەرشىئەلاغا ئاچىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئارگو پادىشاھى ئېۋرىستىئوس پادىشاھلىق ئورنىنىڭ قولدىن چىقىپ كېتىشىدىن قورقمايدىغان بولدى . ئۇ يېرىم تەڭرى قەھرىماننىڭ ئەۋلادلىرىنى بوزەك قىلىشقا باشلىدى . ئۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ كۆپى مىكىنەيدە ھېراكلېسنىڭ ئانىسى ئاركىمېنې بىلەن بىللە تۇراتتى .

ئۇلار پادىشاھ ئېۋرىستىئوسنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تىلاكاسقا قېچىپ بېرىپ شۇ دۆلەت پادىشاھى كېيۇكىستىن پاناھلىق تىلىدى . لېكىن ، ئېۋرىستىئوس لەشكەر باشلاپ بېرىپ بۇ ئاجىز دۆلەتكە تەھدىت سالدى . ئۇلار بۇ يەردىنمۇ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى . ھېراكلېسنىڭ ئاغىنىسى ھەم ئۇنىڭ جىيەنى ئىئولائوس بۇ مۇساپىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى . ئۇ شۇ تاپتا چاچ - ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن بوۋاي ئىدى . ئۇ كىشى ياش چېغىدا جەبىر - جاپا ، خەۋپ - خەتەرلەرنى ھېراكلېس بىلەن بىللە بېشىدىن كەچۈرگەنىدى .

ئېۋرىستىئوس ئۇلارنى يول بويى قوغلاپ كېلىۋەرگەنلىكتىن ، ئۇلار ئافېناغا كەلدى . شۇ چاغدا ئافېناغا تېسۇسنىڭ ئوغلى دېموفوئون ھاكىم ئىدى . ئۇ مېنېستۇسنى قوغلاپ چىقىرىپ ئەمدىلا پادىشاھلىق تەختىگە ئېرىشكەنىدى . ھېراكلېسنىڭ باللىرى ئافېناغا كەلگەندىن كېيىن ، زېۋسنىڭ مېھرابى ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئافېنا خەلقىدىن باشپاناھلىق تىلىدى . ئېۋرىستىئوس ئەۋەتكەن ئەلچى كىفوروس ئىئولائوسنى ئەيىبلەپ تۇرۇپ :

— سەن بۇ يەرنى ناھايىتى بىخەتەر دەمسەن ؟ بۇ يەرنىڭ خەلقى

بىزنىڭ ئىتتىپاقدىشىمىز دەپ ئويلامسەن ؟ ئۇلار ئېۋرستىئوستىن ۋاز كېچىپ سىلەردەك ئاجىز ھەم كېسەلمەنلەر بىلەن ئىتتىپاقداش بولىدىغان ئۇنداق ئەخمەقلەردىن ئەمەس ، دەرھال ئارگوسقا قايتىڭلار ! — دېدى . ئېۋلائوس تەمكىنلىك بىلەن :

— مەن سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنى بەجا كەلتۈرەلمەيمەن . بىز مېھراب ئالدىدا نىجاتلىققا ئېرىشىمىز . بىز سېنىڭدەك ئەرزىمەس بىر ئادەمدىن ئەمەس ، بەلكى پادىشاھىڭنىڭ كۈچلۈك قوشۇنىدىنمۇ قورقۇپ قالمايمىز . چۈنكى ، بۇ دېگەن ئەركىن دۆلەت ، — دېدى .

— ئەمىسە ، مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي ! — دېدى ئەلچى كىفوروس ، — مەن بۇ يەرگە يالغۇز كەلگىنىم يوق . نۇرغۇن ئادەملىرىم كەينىمدىنلا يېتىپ كېلىدۇ . ئۇلار سىلەرنى سىلەر خەۋپسىز دەپ ئويلىغان بۇ شەھەردىن مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىدۇ .

ھېراكلېسنىڭ باللىرى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ھەسرەت بىلەن يىغلاپ كېتىشتى . ئېۋلائوس ئافېنا خەلقىگە نۇتۇق سۆزلەپ ، ئۇلارنى ھىمايىسىگە ئېلىشنى ئۆتۈندى . ئۇ مۇنداق دېدى :

— ئەي ئافېنا خەلقى ، زېۋس پاناھىغا ئالغان بەندىلەرنى ئۆزگىلەرنىڭ قورال كۈچى بىلەن بۇلاپ كېتىشىگە يول قويماڭلار . چۈنكى ، بۇ ئىش سىلەرنىڭ تەڭرىلەرگە قىلىنغان ھاقارەت . پۈتكۈل شەھىرىڭلار ئۈچۈن نومۇس !

ئافېنا خەلقى تەرەپ - تەرەپتىن سەل بولۇپ مېھرابنىڭ ئالدىغا كېلىشتى . ئۇلار بۇ ناتونۇش قېرىلار بىلەن باللارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سوراشتە قىلىشتى . ھېراكلېسنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئامما ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپلا قالماي ، ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈشتى ۋە ھېلىقى يولسىز ئەلچىگە قائىدە - نىزام بويىچە پادىشاھقا ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئېيتىپ كۆرۈشنى تاپىلىدى .

كىفوروس ئافېنا خەلقىنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسى ئالدىدا ئىلاجسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى - دە :

— بىراق ، بۇ ئەلنىڭ پادىشاھى كىم ؟ — دەپ سورىدى . ئافېنا-لىقلار :

— ئۇ ئۇنىڭ ھۆكمىگە باش ئېگىشنىڭ لازىم بولغان بىر ئادەم . نامى ئۆچمەس تېسۇسنىڭ ئوغلى دېموفوئون بىزنىڭ پادىشاھىمىز بولىدۇ ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى .

ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھمۇ بازاردىكى مۇساپىرلار ، بىر توپ چەت ئەل لەشكەرلىرى ھەمدە ئېۋرىستىئوس ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ مۇسا-پىرلارنى تاپشۇرۇپ بېرىش تەلىپىنى قويغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر-نى ئاڭلاپ ، ئۆزى مېھراب ئالدىغا بېرىپ ، ئەلچىنىڭ ئاغزىدىن ئېۋرىستىئوسنىڭ تەلىپىنى بىلدى . كىفوروس :

— مەن بىر ئارگوسلۇق ئادەم . مېنىڭ پادىشاھىم ماڭا مۇشۇ ئارگوسلۇقلارنى ئېپ كېتىشىمنى بۇيرۇغان . بۇ پادىشاھىمىزنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى ئىش . سىز پۇتكۈل يۇنانلىقلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇ قاچاقلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ئادەم بولۇپ قېلىشنى خالىماي-سىز . مۇشۇ ۋەجدىن ئېۋرىستىئوس ۋە ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىتتىپاقداش قوشۇنى ئارىسىدا ئۇرۇش قوزغىلىپ قالمىغاي ، — دېدى .

ئەلچىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدى كۆرۈپ دېموفوئونىنىڭ ئاچچىقى كەلدى . بىراق ، ئۇ ئەقىللىك ھەم سەۋرچان ئادەم بولغاچقا ، كىفوروسقا :

— مەن پەقەت سىزنىڭلا سۆزىڭىزنى ئاڭلىدىم . بۇ ئەھۋالدا كىمنىڭ ھەق ، كىمنىڭ ناھەق ، بۇنى ئايرىماق مۇمكىن ئەمەس . ئەمدى ، مۇشۇ بىرنەچچە بالىنىڭ قوغدىغۇچىسى گەپ قىلىپ باقسۇن ، — دېدى .

ئىئولائوس دېموفوئوننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، مېھراب يېنىدا تۇ-رۇپ ، پادىشاھقا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى :

— مەن بەختكە يارىشا بىر ئەركىن شەھەرگە كەلدىم . بۇ يەردە ھەرقانداق بىر كىشى ئۆزىنى ئاقلاپ سۆزلەيدۇ . باشقىلار قۇلاق سالىدۇ . بىز قېچىپ چىققان دۆلەتتە بولسا ، ئۇلار مېنى ۋە مەن ھىمايە قىلىۋاتقان كىشىلەرنى ئۆز يۇرتىمىزدىن قوغلاپ چىقاردى ،

بىزنىڭ گەپ قىلىشىمىزغىمۇ يول قويمىدى . سىلىگە بەختسىز بولۇپ قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرەي : ئېۋرستىئوس بىزنى ئار-گوستىن قېچىشقا قىستىدى . بىزنىڭ ھوقۇقىمىزنى تارتىۋالدى . ئار-گوسلارغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇشىمىزنى تەلەپ قىلدى . ئىنشائاللا ، بۇ شەرەپلىك شەھەردىكى كىشىلەر ھېراكلېس-نىڭ ئەۋلادلىرىنى قوغلىۋەتمەيدۇ . بىزنى ئۆزگىلەرنىڭ قورال كۈ-چىگە تايىنىپ بۇلاپ كېتىشىنى سىزمۇ خالىمايسىز ، — دېدى .
ئىۋلائوس پادىشاھقا يۈزلىنىپ تىزلاندى - دە ، مۇنداق دېدى :
— سىز مۇساپىرلارنى قانات ئاستىڭىزغا ئېلىۋالىدىغانلىقىڭىز يوق . سىزنىڭ ئاتىڭىز بىلەن ھېراكلېس پېلوپسنىڭ ئەۋلادى ، ئىككىسى ھەم دوست . ھېراكلېس ئاتىڭىزنى زىنداندىن ئازاد قىلغان .
پادىشاھ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغا :
— زېۋس بىلەن ماۋۇ مېھرابنىڭ ، سەن قوغدىغان كىشىلەر بىلەن مېنىڭ مۇناسىۋىتىمنىڭ ، ھېراكلېسنىڭ مېنىڭ ئاتامغا قىلغان شاپائىتىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ، ئۆزگىلەرنىڭ سىلەرنى مې-نىڭ زېمىنىمدىن ئېلىپ كېتىشىگە يول قويمايمەن ! — دېدى .
پادىشاھ كىفوروسقا قاراپ :
— ساڭا كەلسەك ، ئەلچى سەن بېرىپ مېنىڭ سۆزۈمنى پادىشا-ھىڭغا يەتكۈز ، — دېدى .
كىفوروس قولىدىكى ھاسىسىنى پۇلاڭلىتىپ ، ئۇزاق ئۆتمەي زور قوشۇن باستۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالدى . پادىشاھ :
— يولۇڭغا ماڭ ، مەن ئارگوسلاردىن قورقمايمەن ! — دېدى .
كىفوروس قايتىپ كەتتى . ھېراكلېسنىڭ ئەۋلادلىرى شادلىقتا چۆمۈپ مېھراب ئالدىدا سەكرىشىپ كەتتى . رېموفوئوننى نىجاتچىمىز دەپ تەنتەنە قىلىشتى . ئىۋلائوس ھېراكلېس ئەۋلادلىرىغا ۋاكالىتەن رېموفوئونغا ۋە ئافېنالىقلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى . ئىۋلائوس :
— بىز ئاخىر ئۆز يۇرتىمىزغا كەلدۇق . ھېراكلېسنىڭ ئەۋلاد-لىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگەن چاغدا ، ئۆز دوستلىرىنى مەڭگۈ

ئۇنتۇپ قالمايدۇ ھەم ئۆزلىرىنى كۇتۇۋالغان بۇ شەھەر بىلەن مەڭگۇ ئۇرۇش قىلمايدۇ . ئۇلارنى مەڭگۇ ئىتتىپاقداش قوشۇن دەپ ھېسابلايدۇ ! — دېدى .

رېموفوئون ھۆكۇمالارنى يىغىپ تەنتەنىلىك نەزىر - چىراغ ئۆتكۇزۇپ ، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن ھازىرلاندى . ئۇ ئىۋلائوس قاتارلىق كىشىلەرنى ئوردىغا تەكلىپ قىلدى . لېكىن ، ھېراكلېسنىڭ ئەۋلادلىرى مېھراب ئالدىدا ئۇلار ئۇچۇن غەلىبە تىلەيدىغانلىقىنى بىلدۇردى . رېموفوئون سېپىلنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە چىقىپ ، يېتىپ كەلگەن دۈشمەن قوشۇنلىرىنى كۆزەتتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى . ھۆكۇمالار بىلەن مەسلىھەتلەشتى . ئىۋلائوس قاتارلىق كىشىلەر تەڭرىلەرگە دۇئا - تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى . رېموفوئون ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى . ئۇنىڭ چىرايى پەرىشان ئىدى . ئۇ :

— مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم ، دوستلىرىم ، قوشۇنلىرىم جەڭگە تەييارلاندى ، بىراق ھۆكۇمالار بىردەك بىردىنبىر شەرت — بىر ئېسىلزادە قىزنى قۇربانلىق قىلىش دەۋاتىدۇ . ئەمما ، ئۇلار گۇلدەك چىرايلىق قىزلار ، قىزنى قۇربانلىق قىلىشقا قايسى ئاتا - ئانا ئۇنىسۇن ؟ — دېدى .

قەلبى خۇشاللىققا تولغان ھېراكلېسنىڭ ئەۋلادلىرى غەم - قايغۇغا چۆشتى . ئىۋلائوس :

— نېمىدېگەن بەختسىزلىك ! بىز خۇددى كېمىلىرى چۆكۈپ كەتكەن كېمىچىلەردەك بولۇپ قالدۇق . ئەسلى بىز دېڭىز قىرغىقىغا يېتىپ كەلدۇق دەپ ئويلىغانىدۇق . بوران - چاپقۇننىڭ بىزنى يەنە دېڭىزغا ئۇچۇرۇپ كېتىشىنى ئويلىماپتۇق . رېموفوئون بىزنى قۇتۇلدۇرالمىدى . لېكىن ، ئۇنى ئەيىبلەشكە ھەققىمىز يوق ، — دېدى . ئۇ بىردىنلا ئەقىل تاپقاندەك يەنە :

— سىز بىزگە ياردەم قىلالايسىز . ئاشۇ بىچارە بالىنىڭ ئورنىدا مەن ئۆزۈمنى قۇربانلىق قىلاي . بىر ئۇلۇغ قەھرىماننىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى ئار - نومۇستا ئۆلۈپ كەتسە ، ئۇ قانائەت تاپىدۇ ، — دېدى .

رىموفوئون :

— بۇنىڭ پايدىسى يوق . ئېۋرستىئوس ياش ۋە گۈزەل بالىنى ئۆلتۈرمەكچى ، — دېدى .

كىشىلەرنىڭ ئەنسىز تالاش - تارتىشلىرى پادىشاھ ئوردىسىغىچە يەتتى . ئافىناغا قېچىپ كەلگەن ھېراكلېسنىڭ ئانىسى ئاركمېنى ھېراكلېس بىلەن دېيىئانىرادىن بولغان گۈزەل قىز ماكارىيەنى ئوردىغا كەلتۈرۈپ باشقىلارغا كۆرسەتمەي يوشۇرۇپ قويغانىدى . ئاركمېنى ياشانغان ھەم قولىقى ئېغىر بولغاچقا ، سىرتتا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى . ماكارىيە قېرىنداشلىرىنى ئەسلەپ ، ئۆزى يالغۇز ئوردىدىن چىقتى . ئۇدۇل مېھراب ئالدىدىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ، ئافىنا شەھىرى ۋە ئائىلە تەۋەلىرى دۇچ كەلگەن تەھدىتتىن خەۋەر تاپتى . ماكارىيە قەتئىي ھالدا پادىشاھنىڭ ئالدىغا ماڭدى ، قىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خالايىق ھەيران قېلىشتى . ماكارىيە باتۇرلۇق بىلەن :

مېنى نەزىرگە ئاتاڭ . بۇ نەزىرنىڭىز سىزنىڭ غەلىبە قىلىشىڭىزغا كاپالەتلىك قىلىدۇ . ئافىنا خەلقى مېڭىلغان - ئونمىڭلىغان ئوغۇل-قىزلىرىنى قۇربان قىلىپ بىزنى قوغداۋاتىدۇ ، ئۇلارنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن بىزمۇ ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىشىمىز كېرەك ! — دېدى .

ماكارىيەنىڭ ھاياجانغا تولغان مەردانە سۆزلىرىنى خالايىق جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى . ئۇنىڭ پىداكارلىقىدىن تەسىرلەندى . ئاخىر ، ئىۋلا-ئوس جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ماكارىيەگە :

— ماكارىيە ، سىز ئاتىڭىز ھېراكلېسنىڭ قىزى بولۇشقا مۇنا-سىپ . گۈزەل ماكارىيە ، سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىزغا ھەممە ئادەم ماڭا ئوخشاش ئاپىرىن ئوقۇيدۇ . لېكىن ، مەن سىزنىڭ تەقدىرىڭىزگە قاتتىق ئېچىنىمەن . مۇنداق قىلساق سەل مۇۋاپىق بولامدىكىن دەي-مەن . ھېراكلېسنىڭ بارلىق قىزلىرى ئۆز قېرىنداشلىرىدىن كىمنىڭ قۇربان بولۇشى لازىملىقىنى چەك تاشلاش ئارقىلىق بەلگىلىشى كې-رەكتەك تۇرىدۇ .

— بۇنداق ئۇسۇلنى قوللانمايلى ، — دېدى ماكارىيە بىمالال

ھالدا ، — ئەمدى ئارسالدى بولمايلى . بولمىسا ياۋ شەھەرگە باستۇ-
رۇپ كېلىپ قالىدۇ . تەڭرىنىڭ بېشارىتىمۇ بىكار كېتىدۇ .
شۇنداق قىلىپ ، ماكارىيە ئافىنالىق بىرنەچچە ئايالنىڭ ئۇزىتىد-
شى بىلەن قەتئىي ھەم خاتىرجەم ھالدا ئۆلۈمگە قاراپ ماڭدى .
دېموفوئون ۋە ئافىنا خەلقى كۆز ئالدىدا كېتىۋاتقان بۇ قىزغا
ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى . ئىئولائوس ۋە ھېراكلېسنىڭ
ئەۋلادلىرى ماكارىيەدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن ، ھەسرەت
چېكىپ ، باشلىرىنى سېلىپ تۇرۇشاتتى . ئەمما ، قىسمەت ئۇلارنىڭ
ئۇزاققىچە قايغۇ - ئازاب تارتىشىغا يول قويمىدى .
ماكارىيەنىڭ سىيماسى ئەمدىلا كۆزدىن غايىب بولۇشىغا ، بىر
ئەلچى مېھراب تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەلدى - دە ،
ئۈنلۈك ئاۋازدا :
— ھېراكلېسنىڭ ئەۋلادلىرى ، ماڭا ئىئولائوسنىڭ نەدىلىكىنى
ئېيتىپ بېرىڭلار . مەن سىلەر ئويلىمىغان بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ
كەلدىم ! — دېدى .
ئىئولائوس مېھراب تۈۋىدىن تۇردى . ئۇنىڭ چىرايى يەنىلا قايغۇ-
ھەسرەتلىك ئىدى . ئۇ ئەلچىنىڭ ئالدىغاقاراپ ماڭدى . ئەلچى ھېراك-
لېسنىڭ چوڭ ئوغلى ھىللوسنىڭ خىزمەتكارى ئىدى . ئۇ كىشلەرگە
ھىللوسنىڭ ئۇلارنى قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن كۈچلۈك قوشۇن باشلاپ
كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى .
بۇ قۇتلۇق خەۋەرنى ئاڭلاپ مېھراب ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىر
پەس قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈشتى . بۇ خەۋەر شۇنداق تېز تارقالدى .
ياشانغان ئالكمېنىمۇ ئوردىدىن چىقتى . چاچلىرى ئاقارغان ئىئولائوس
دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى كىيىپ ، خىزمەتكارلىرىنى قورال - ياراغ
ئەكېلىشكە بۇيرۇدى .
ئىئولائوس ھېراكلېسنىڭ بالىلىرىنى ۋە ياشانغان قېرى مومىسد-
نى ئافىنادىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە تاپشۇرۇپ ، پادىشاھ دېموفوئون
ۋە ياشلار بىلەن بىرلىكتە ھىللوسنىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن
ئاتلاندى . ئىتتىپاقداش قوشۇنلار سەپ - سەپ بولۇپ جەڭگە ھازىرلاند-

دى . بىپايان دالىدىكى سان ـ ساناقسىز دۈبۈلغا ـ ساۋۇتلار قۇياش نۇرىدا چاقنايتتى . سەپنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان ھىللوس ئېۋرستىئوس قوشۇنغا تاش ئاتسا يەتكۈدەك ئارىلىقتا كەلگەندە ۋارقىراپ تۇرۇپ :

— بىز قان تۆكۈشنى باشلاشتىن ئاۋۋال ، بىز شەرت ئۈستىدە پاراڭلىشايلى . يېڭىش ـ يېڭىلىشنى بىز ئىككىمىز يالغۇز ، يەكمۇ-يەك ئېلىشىش ئارقىلىق بەلگىلەيلى . ناۋادا مەن يېڭىلىپ قالسام ، ماۋۇ ئادەملەرنى ئېلىپ كېتىڭ . ناۋادا سىز يېڭىلىپ قالسىڭىز ، پادشاھلىق ھوقۇقىنى بىزگە قايتۇرىسىز ! — دېدى ئېۋرستىئوسقا .

ئىتتىپاقداش قوشۇن قاتتىق چۇقان ـ سۈرەن بىلەن بۇ تەكلىپنى ئالقىشلىدى . ئارگاسلارمۇ بۇ تەكلىپكە ئاستىرىتتىن قوشۇلدى . بۇ تەكلىپ ئېۋرستىئوسقا ئەجەللىك زەربە بولۇپ تۇيۇلدى . چۈنكى ، ئۇ قورقۇنچاقلىقتا داڭ چىقارغانىدى . ئۆزىنىڭ ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى . ئۇ ئۆز قوشۇنىدىن ئايرىلىشنى خالىماي ، بۇ تەكلىپكە قارشى چىقتى .

ھىللوسمۇ ئۆز قوشۇنغا قايتتى . جەڭ بۇرغىلىرى چېلىندى . دېموفوئون ئۆز خەلقىگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى :

— ئېسىڭلاردا بولسۇنكى ، سىلەر ئۆزۈڭلەرنىڭ ئەل ـ يۇرتى ۋە ئائىلەڭلەر ھەم بالىلىرىڭلار ئۈچۈن جەڭ قىلىسىلەر !

ئېۋرستىئوسمۇ ئۆز قوشۇننى رىغبەتلەندۈردى . شۇ ئارىلىقتا نەيزىلەر ئۇيان ـ بۇيان ئېتىلىپ ، قىلىچلار جاراڭلاپ ، جەڭ ھارۋىلىرى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ كەتتى . لەشكەرلەرنىڭ نالە ـ پەريادلىرى جەڭگاھنى بىر ئالدى . ئارگوسلار باشتا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى . ئىتتىپاقداش قوشۇن يېمىرىلىشكە تاس قالدى . نەچچە قېتىملىق كەسكىن ئېلىشىشتىن كېيىن ، ھىللوسنىڭ قوشۇنى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى . ئۇلار دەھشەتلىك كەلكۈنگە ئوخشاش ياۋغا ئېتىلدى . ئارگوسلارنىڭ سېپى قالايمىقانلىشىپ ، لەشكەرلەر ۋە جەڭ ھارۋىلىرى ئارقىغا قاراپ قېچىشقا باشلىدى .

جەڭگاھتا ياشانغان ئىئولائوستا تۇيۇقسىز قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ ئاخىرقى ئۆمرىدە شەرەپ قۇچۇش ئارزۇسى تۇغۇلدى . ئۇ جەڭ





هارۋىسنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ كېتىۋاتقان ياش قەھرىمان ھىللوسقا ئوڭ قولىنى ئۇزىتىپ ، جەڭ هارۋىسىدىكى ئورۇننى ئۆزىگە ئۆتۈنۈش-نى ئىلتىماس قىلدى . ھىللوس بۇ مويسىپىتنى چوڭقۇر ھۆرمەت قىلاتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەردى . بوۋاي ئاتلارنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ هارۋىنى ھەيدەپ ئىلگىرىلەپ كەتتى . ئۇ هارۋىدا ياش چاغلىرىدىكىدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى . ئىۋلائوس ئېۋرىستىئوسنىڭ جەڭ هارۋىسىنى كۆرۈپ ، ياشلىق تەگرى-چىسى ھېبېدىن ئۆزىگە ياشلارغا ئوخشاش كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىشى-نى ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلدى . ئىۋلائوسنىڭ جەڭ هارۋىسى ئۇچقان-دەك يۈرۈپ كەتتى - دە ، ئېۋرىستىئوسنىڭ جەڭ هارۋىسىغا يەتتى . ئىۋلائوس ئېۋرىستىئوسنى هارۋىدىن يەرگە ئۇرۇپ چۈشۈرۈپ ، تىرىك قولغا چۈشۈردى .

يول باشچىسىدىن ئايرىلغان ئارگوسلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ ، پىتىراپ كېتىشتى . غەلىبە ۋەزىيىتى مۇقىملاشتى . ئىۋلائوس گەرچە ياشنىپ قالغان ئادەم بولسىمۇ ، هارۋىسىغا باغلىغان ئولجىسى نو-مۇسسىز تاجاۋۇزچىلارنىڭ كاتتىبېشى ئېۋرىستىئوس ئىدى . ئۇ ئالك-مېنىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى . موماي شادلانغان هالدا :

— ئەپتىڭگە قارىغىنا ، ئەي نەپرەتلىك ئېۋرىستىئوس ، بۇ تەگرى-لەرنىڭ ساڭا بەرگەن جازاسى . سالپىيىپ يەرگە قاراپ تۇرغۇچە ئۆز رەقىبلىرىڭگە ئۇدۇل قارا . سەن مۇشەققەتلىك خىزمەت ۋە ھاقارەتلەر بىلەن مېنىڭ ئوغلۇمنى قىينىغان ، ئۇنىڭ بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىشىنى تىلىگەن ، شۇ ئارقىلىق ئۆزۈڭنىڭ شەرمەندە ئىستەكلىرىڭنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان ئادەمسەن . سەن ئەمدى ماڭا ۋە ئوغلۇمنىڭ بالى-لىرىغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇۋاتىسەن . سەن ئەمدى جەزمەن ئۆلىسەن . ساڭا هازىرلا ئۆلۈش توغرا كەلسە ، بۇمۇ سېنىڭ تەلىيىڭ . سېنىڭ قىلغان گۇناهلىرىڭ ئۈچۈن ئۆلۈممۇ ئازلىق قىلىدۇ .

ئۆزىنىڭ قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن ئېۋرىستىئوس ئا-يال خەقتىن قورقۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئىزهار قىلماقچى بولغاندەك ئۆزىنى يالغاندىن تەمكىن كۆرسىتىپ :

— سىز مەندىن يالۋۇرۇشنى ئاڭلايمەن دەپ ئۈمىد كۈتمەڭ . مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن . مېنىڭ پەقەت بىر ئېغىزلا گەپ قىلغۇم بار . مەن ھېراكلېسنى ئۆزۈمچىلا كۆشەندە - رەقىب قىلىشۋالغىنىم يوق . تەڭرىچە ھېرا ماڭا ئۇنىڭغا مەڭگۈ زىيانكەشلىك قىلىسەن دەپ تاپىلىغان . لېكىن ، مەن بۇ يېرىم تەڭرى گىگانت ئادەمنى ئۆزۈمگە رەقىب قىلىشۋالغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ نەۋرىلىرىنى ، ئاتىسى ئۈچۈن قىساس ئالىدىغان مۇشۇ ئادەملەرنى قوغلاپ يۈردۈم . ئەمدى نېمە قىلىسىڭىز قىلىڭ . مەن ئۆلۈمىمنى تىلىمەيمەن . ئۆلۈم مېنى قايغۇغا سالالمايدۇ ، — دېدى .

ئېۋرىستىئۇس شۇنداق دەپ ئۆزىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ناھايىتى سالماق تۇرالايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى . ھىللوس ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىردىنى ئاقلىدى . ئافېنا پۇقرالىرىمۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ كەڭچىلىك قىلىش ئادىتى بويىچە ، مەغلۇپ قىلىنغان بۇ دۈشمەنگە رەھىم قىلىشنى تەلەپ قىلدى . لېكىن ، ئالكمېنې ئۇنىڭغا رەھىم قىلماسلىق كېرەك دېگەن گەپتە چىڭ تۇرۇۋېلىشۋالدى .

ئالكمېنې ئۆز ئوغلىنىڭ بۇ زالىم پادىشاھنىڭ قولى بولۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ، سۆيۈملۈك قىز نەۋرىسى كامارىيەنىڭمۇ ئامالدىنىڭ يوقىدىن سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىكىنى ، دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغانلىقىنى ئۇنتۇمىغانىدى . شۇڭا ، ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ :

— ھەرقانداق ئادەمنىڭ نەپرەتلىك بۇ مەلئۇننى كەچۈرۈشىگە رۇخسەت قىلمايمەن ! — دېدى .

ئېۋرىستىئۇس بۇرۇلۇپ بارلىق ئافېنالىقلارغا قارىدى ۋە :

— مېنىڭ ئۆلۈمىم سىلەرگە بەختسىزلىك كەلتۈرمەيدۇ . سىلەر رەھىمدىللىك بىلەن مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىشۋاتىسىلەر . مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنى ئافېنا ئىبادەتخانىسى يېنىغا قويساڭلار . سىلەردىن مىننەتدار بولۇش بەدىلىگە سىلەرنىڭ زېمىنىڭلارنى قوغدايمەن . بىراق ، كۈنلەردىن بىر كۈنى سىلەر ھامىيلىق قىلىشۋاتقان مۇشۇ ياشلار ۋە مۇشۇ باللار سىلەرگە قارشى تىغ كۆتۈرىدۇ . ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلى-

رىغا قىلغان ياخشىلىقىڭلارغا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ. شۇ چاغدا مەن سىلەرنىڭ شاپائەتچىڭلار بولۇپ قالىمەن، — دېدى‌ دە، بىمالال هالدا ئۆلۈشكە ماڭدى.

هېراكلىپسنىڭ بالىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئافېنالىقلارنىڭ مەڭگۈ دوستى ئىكەنلىكى هەققىدە قەسەم قىلىشتى. ئاندىن هىللوس ۋە ئىۋلائوس باشچىلىقىدىكى قوشۇن بىلەن بىللە ئافېنادىن ئايرىلدى. ئۇلار ئاتىسى ئىلگىرى هۆكۈمرانلىق قىلغان پولېپىنىساغا كەلدى. ئۇلار پۈتۈن بىر يىل مابەينىدە شەهەر ۋە بازارلارنىڭ هەممىسىنى قولغا كىرگۈزدى. ئارگوسلار باشقا هەممە ئادەملەرنى بويسۇندۇردى. دەل مۇشۇ چاغدا بۇ يېرىم ئارالنى ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان ۋابا قاپلاپ كەتتى. تەڭرىدىن كەلگەن بىر بېشارەتتە: «سىلەرنىڭ بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن بۇرۇن كەلگىنىڭلار ئۈچۈن بۇ بالايىئاپەت يۈز بەردى» دېيىلدى. ئۇلار ئۆزلىرى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرغان پولېپىنىسادىن ئايرىلىپ، سەرگەردان بولۇپ ماراسۇن تۈزلەڭلىكىگە كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا هىللوس ئاتىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئورۇنلاپ، ساھىبجامال ئېئولېنى خوتۇنلۇققا ئالدى. ئەمما، هىللوس قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ مىراسىنى قايتىدىن قولغا كىرگۈزۈشنى ئويلىتۇپ قالمىغاندى. ئۇ مۇقەددەس ۋەهىيگە ئېرىشىش ئۈچۈن دىرفوغا باردى ۋە: «زىرائەتلەردىن ئۈچىنچى قېتىم هوسۇل يىغىلغاندا، ئاندىن غەلىبە بىلەن قايتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىسىلەر» دېگەن جاۋابقا ئىگە بولدى. هىللوس بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى ئاددىي چۈشىنىۋالدى. ئۇ مەن ئۈچىنچى يىلى ئېتىزدىكى كۈزلۈك زىرائەتلەر يىغىۋېلىنغان چاغدا كەتسەم بولىدىكەن دەپ هېسابلىدى.

ئۈچىنچى يىلى تومۇزدىن كېيىن هىللوس لەشكەر باشلاپ پولېپىنىساغا بېسىپ كىردى. بۇ چاغدا ئېۋرىستىئوس ئۆلگەنىدى. مىكىنەيىگە پېلوپىسنىڭ ئوغلى ئاترىئوس پادىشاھ بولغانىدى. ئۇ پۈتۈن ئەلدىكى قوشۇنلارنى يىغدى. شەهەر ۋە بازارلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، كىرىنكىس دېگەن تار جىلغىدا هىللوسنىڭ قوشۇنىغا توسۇپ زەربە بەردى.

ھىللوس يۇنان پۇقرالىرىنى پاراكەندىچىلىكتە ئۇچراتماسلىق ئۈ-
چۈن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مۇقەددەس ۋەھىينىڭ كارامىتىگە ھەم ئۇنى
تەڭرىلەرنىڭ ئۆز پاناھىدا ساقلايدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنەتتى . شۇ-
ڭا ، ئۇ يەكمۇيەك ئېلىشىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ناۋادا ئۇ
يەڭسە ، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ . ناۋادا يېڭىلىپ
قالسا ، ھېراكلېسنىڭ نەۋرىلىرى ئەللىك يىل ئىچىدە پولېپىنىساغا
ئاياغ باسمايدۇ . شەرت مانا شۇنداق ئىدى . تىگىيە پادىشاھى ئېكېموس-
نىڭ تازا يولۋاستەك كۈچكە تولغان بىر نۆۋكىرى ھىللوسنىڭ تەلىپىد-
نى شۇ زامات قوبۇل قىلدى . ئىككىيلەن باتۇرلۇق ۋە چەبدەسلىك
بىلەن ئېلىشتى . بىر قەپەس كەسكىن ئېلىشىشتىن كېيىن ھىللوس
مەغلۇپ بولدى . لېكىن ، ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا ھېلىقى مۇجمەل
ۋەھىينى يەنىلا ئۇنتۇپ كېتەلمىدى .

ھېراكلېسنىڭ نەۋرىلىرى توختامغا ئەمەل قىلىپ جەڭنى توختىد-
تىپ ئاتىكقا چېكىندى - دە ، ماراسون ئەتراپىنى ماكان قىلىپ
تۇردى . ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتتى . ھېراكلېسنىڭ ئەۋلادلىرى
توختامنى بۇزمىدى .

ھىللوسنىڭ ئوغلى كىلئودائوس ئەللىك ياشقا توشتى . توختامدا
بەلگىلەنگەن مۆھلەتمۇ توشقانىدى . ئۇ ھېراكلېسنىڭ باشقا ئەۋلادلى-
رىنى باشلاپ پولېپىنىساغا ھۇجۇم قىلدى . بەختكە قارشى ئۇمۇ مەغ-
لۇپ بولدى . ئۇنىڭ ئوغلى ئارىستوماكوس مۇقەددەس ۋەھىيدە دېيىل-
گەندەك چىغىر يول بىلەن ھۇجۇم قىلىپ باقتى . ئۇمۇ ئوخشاشلا
مەغلۇپ بولدى . شۇنداق قىلىپ ، ئارىدىن يەنە ئوتتۇز يىل ئۆتۈپ
كەتتى . ئىرويا ئۇرۇشىغا سەكسەن يىل بولغان چاغدا ، ئارىستوما-
كوسنىڭ ئۈچ ئوغلى — تېمېنوس ، كىرېسفونتېس ، ئارىستودىموس-
لار ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولغان مىراسنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن لەش-
كەر باشلاپ يەنە يۈرۈشكە چىقتى . تەڭرىدىن كەلگەن ۋەھىي ئۇلارنى
كۆپ دىشۋارچىلىققا سالغان بولسىمۇ ، ئۇلار تەڭرىگە يەنىلا قاتتىق
ئىشىنىشتى . ئۇلار لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ نەتىجىسىنى بىلىش ئۈچۈن
دىرفوغا باردى . تەڭرىلەرنىڭ بەرگەن جاۋابى ئۇلار بۇرۇن بەرگەن

«زىرائەتلەردىن ئۈچىنچى قېتىم ھوسۇل ئېلىنغاندا، سىلەر ئاندىن قايتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىسىلەر»، «پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ چىدىغىر يول ئارقىلىق غەلىبىگە ئېرىشىشىڭلارغا كاپالەتلىك قىلغاي» دېگەن جاۋابى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئىچىدىكى يېشى ئەڭ چوڭ ئوغۇل — تېمېنوس بۇ ۋەھىينىڭ قايغۇسىدا يىغلىغۇدەك بولدى ۋە زارلىنىپ تۇرۇپ:

— بىزنىڭ ئاتىمىز، بوۋىمىز، بوۋىمىزنىڭ بوۋىسى مۇشۇ ۋەھىيگە ئەمەل قىلغان. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولۇپ كەتتى. ئەجەبا، سەۋەنلىك بىزدىمۇ؟ — دېدى.

تەڭرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاپال كاھىنىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇلارغا بۇ ۋەھىينىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

— سىلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭلار ۋەھىينىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشەنمىگەچكە مەغلۇپ بولدى. ئۈچىنچى قېتىم يىغىۋېلىنغان ھوسۇل سىلەرنىڭ جەمەتىڭلارنىڭ ئۇرۇقىدىن ئېلىنغان ئۈچىنچى قېتىملىق ھوسۇل كۆزدە تۇتۇلغان. يەنە كېلىپ سىلەر ئۈچىڭلار. «تار چىغىر يول ئارقىلىق» دېگەن گەپ قورۇقلۇقتىكى تار جىلغا ئەمەس، بەلكى كىرىنكىس بوغۇزى. ۋەھىينىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەندىڭلار، ئەمدى يولغا چىقىپ ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىڭلار.

تېمېنوس بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىردىنلا ھوشىنى تاپتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇستىلارنى تەشكىللەپ، روكروستا غايەت زور ئۇرۇش كېمىسى ياساتتى. كېيىنچە بۇ ئىشنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بۇ جاينىڭ نامىنى «ناۋپاكتوس» قا ئۆزگەرتتى. بۇ كېمىسازلىق زاۋۇتى دېگەن مەنىدە. بۇ قېتىمقى لەشكىرىي يۈرۈش ئۇمىد ۋە ئىشەنچكە تولۇپ تاشقان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا غايەت زور بەدەل تۆلىدى. لەشكەرلەر بىر جايغا توپلانغان چاغدا ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئىچىدىكى يېشى ئەڭ كىچىك بولغان ئارىستودىموسنى چاقماق ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئارگىياتۇل قوشكېزەك ئوغۇللىرى ئىروستېنىس بىلەن پەروكلېس يېتىم قالدى. ئۇرۇش كېمىسى روكروستىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، ۋەزخانلىق قىلىدىغان بىر ھۆكۈما تۇيۇقسىز

پەيدا بولۇپ قالدى. بىراق، ھېراكلېسنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنى جادۇ-گەر، پولېنىنسادىن بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن پايلاقچى دەپ ھېسابلىدى.

شۇ گۇمان بىلەن قاراپ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلدى. ھېراك-لېسنىڭ پەي نەۋرىسى ھېبوتىس ئۇنى نەيزە ئېتىپ جېنىنى ئالدى. بۇ ئىش تەڭرىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ھېراكلېسنىڭ ئەۋلادلىرىغا بىر پەس قارا يامغۇر ئەۋەتىلدى. ئۇرۇش كېمىسى قارا يامغۇردا كۆمپەيكۆم بولۇپ كەتتى. قۇرۇقلۇقتىكى قوشۇنلارمۇ پاجىئەلىك تالاپەتكە ئۇچرىدى.

تۇرلۇك زەربىلەر ھەققىدە تېمېنوس تەڭرىگە مۇراجىئەت قىل-دى. تەڭرى ئۇنىڭغا: «سىلەر ھۆكۈمانى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىلنى مەملىكەتتىن پالاندى قىلىۋېتىڭلار، ئۈچ كۆزلۈك ئادەمنى قوشۇنىڭ-لارغا قوماندانلىق قىلغۇزۇڭلار» دەپ ۋەھيي كەلدى. ھېبوتېس شۇ-ئان پالاندى قىلىندى. ئۈچ كۆزلۈك ئادەمنى نەدىن تېپىش مۇمكىن؟ ئاخىر ئۇلار بىر خوتەككە مىنىپ ئۆز يۇرتىغا قاراپ كېتىۋاتقان ئوكسىلۇسقا ئۇچراپ قالدى. ئۇنىڭ بىر كۆزى كىچىكىدە ئوق تېگىپ قارىغۇ بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئادەم بىلەن ھايۋاندا ئۈچلا كۆز بار ئىدى.

ھېراكلېسنىڭ ئەۋلادلىرى كارامەت ۋەھيىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلى-قىنى سەزدى. ئوكسىلۇسنى ئۆزلىرىگە يولباشچى قىلىپ سايلىدى. ئۇلار يېڭىدىن قوشۇن ۋە ئۇرۇش كېمىلىرى قوشۇنى تەشكىللەپ، پولېنىنساغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغاپ زەپەر قۇچتى. ھېراكلېس-نىڭ ئەۋلادلىرى پولېنىنسانى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇپ، غايەت زور مېھراب سالدى. تەڭرىلەر تەڭرىسى زېۋسقا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزدى. ئاندىن كېيىن چەك تاشلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق شەھەرلەر-نى بۆلۈشۈشكە باشلىدى. شەھەرلەرنىڭ بىرىنچىسى ئارگوس، ئۇنىڭ-دىن كېيىنكىسى لاكدەيمېن، ئەڭ ئاخىرقىسى موسەينىيو ئىدى. ئۇلار بەلگىگە ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىنى يېزىشقا ۋە ئۇنى سۇزۇك سۇغا تاشلاشقا كېلىشتى. تېمېنوس بىلەن ئارىستودىمۇسنىڭ قوشكېزەك

ئوغۇللىرى بەلگە سېلىنغان ئىككى تاشنى سوغا تاشلىدى . موسەينىيو- نى قولغا كىرگۈزۈش خىيالىدا يۈرگەن كىرېسفونېتىس سۈزۈك سوغا بىر پارچە چالمىنى تاشلىدى . چالما شۇ زامات ئېرىپ قولغا چىققان تاشلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە ، تېمېنوسقا ئار- گوس ، قوشكېزەكلەرگە لاكدەيمېن ، كىرېسفوتېنسقا موسەينىيو تەق- سىم قىلىندى .

هېراكلېسنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز شەھىرىگە ئىگە بولدى . ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆز مېھرابىغا بېرىپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزدى . تەڭرىلەرنىڭ بېشارەت بېرىشىنى تىلەپ دۇئا - تىلاۋەت قىلدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مېھرابىدا بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ئۈچ خىل ھايۋاننى كۆردى . ئارگوس شەھىرىگە ئىگە بولغان ئادەم بىر دانە چار پاقىنى ، لاكدەيمېن شەھىرىگە ئىگە بولغىنى بولسا بىر دانە زەھەرلىك يىلاننى ، ھوسەينىيوغا ئىگە بولغىنى بىر دانە تۈلكىنى كۆردى . ئۇلار بۇ ئالامەتلەر ئۈستىدە ئويغا چۆكتى . بۇنىڭدىكى سىرنى يېشەلمەي ، بىر ھۆكۈمانى بۇنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى . ھۆكۈما تەڭرىلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇلارغا :

— چار پاقىغا ئىگە بولغان ئادەم ئەڭ ياخشىسى شەھەردىن چىقمىغىنى تۈزۈك . زەھەرلىك يىلانغا ئىگە بولغان ئادەم ئەڭ چوڭ تاجاۋۇزچى بولۇپ قالغۇسى . تۈلكىگە ئىگە بولغان ئادەم ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆزگىرىشكە ماھىر بولغاندىلا ئاندىن بىخەتەر بولالايدۇ ،— دېدى .

بۇ ئۈچ خىل ھايۋان كېيىنرەك ئارگوسلۇقلار ، سىپارتالىقلار ، موسەينىيولىقلارنىڭ شەھەر بەلگىسى بولۇپ قالدى . بۇ ئۈچ خىل ھايۋاننى قالقانلىرىغا نەقىش قىلىپ چۈشۈرۈۋالدى . هېراكلېسنىڭ ئەۋلادلىرى بىر كۆزلۈك ئوكسىلۇسنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى . ئۇنىڭ ياردىمىگە جاۋابەن ئېرىس پادشاھلىقىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى . پۇتكۈل پولېنىنسا زېمىنىدا ئاركادىيە تاغلىق رايونىلا هېراكلېسنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلمىدى . مۇشۇ يېرىم ئارالدا قۇ-

رۇلغان سپارتا پادىشاھلىقىلا ناھايىتى ئۇزاق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى .
كېيىن ئارگوس پادىشاھى شاھلىق ھوقۇقىنى كۈيئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى . بۇ ئەھۋال ئوغۇللىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى . ئۇلار بىرلىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ پادىشاھنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . پادىشاھلىق تەختىگە تېمېنوسنىڭ چوڭ ئوغلى ئولتۇردى ، لېكىن ئۇ قۇرۇق نامىلا ئىگە بولدى .

موسەينىيو پادىشاھى كىرېسفونتېسنى ئاكىسى تېمېنوستىن بەختلىك دېيىشكە بولمايتتى . ئۇ ئاركادىيە پادىشاھى كوپسېلوسنىڭ قىزى مېدوپېنى خوتۇنلۇققا ئالغانىدى . مېدوپې ئۇنىڭغا بىر - بىرىدىن ئوماق نۇرغۇن بالىلارنى تۇغۇپ بەردى . بۇ بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئاپىتئوس ئىدى . كىرېسفونتىس ئۆزى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن ئاجايىپ سەلتەنەتلىك سارايلارنى سالدۇردى . لېكىن ، ئۇنىڭغا ئانچە كۆپ ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرۈش نېسىپ بولمىدى . ئۇ ئاۋام خەلقنى ياخشى كۆرەتتى . بۇ ئەھۋال شۇ مەملىكەتتىكى زەردارلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى . ئۇلار پادىشاھنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى . پەقەت ئاپىتوسلا قېچىپ كەتتى . ھېراكلېسنىڭ يەنە بىر پۇشتى پولىفونېتىس موسەينىيونىڭ پادىشاھلىقىنى تارتىۋالدى . پادىشاھنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىنى مەجبۇرىي ئەمرىگە ئالدى .

ئاپىتوس يەنىلا ھايات ئىدى ، بۇ ھال پادىشاھنى بىئارام قىلىپ قويدى . ئۇ ناھايىتى كۆپ مۇكاپات بېرىش ھېسابىغا پادىشاھلىقنىڭ قانۇنىي ۋارىسىنى تۇتۇش توغرىسىدا پەرمان جاكارلىدى . ئاپىتوس زادى نەدە ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى . ئاپىتوس چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ، خۇپىيانە ھالدا كوپسېلوسنىڭ ئوردىسىدىن ئايرىلىپ ئۆزى يالغۇزلا موسەينىيو شەھىرىگە قاراپ كەتتى . ئۇ شەھەرگە كىرىپ پادىشاھنىڭ ئالىي مۇكاپات بېرىش ھېسابىغا ئۆز بېشىنى سېتىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى . ئۇ باتۇرلۇق بىلەن پادىشاھ ئوردىسىغا كىردى . ئۇ يەردە ئۇنى ھەتتا ئۆزىنىڭ ئانىسىمۇ تونۇمىدى . ئاپىتئوس پادىشاھقا ئۇ ۋەدە قىلغان ئالىي مۇكاپاتنى ئالغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئانىسىنىڭ چىرايىدا

قان قالمىدى . ئۇ ئوغلۇم يامان ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ دەپ
ئويلىدى - دە ، شۇ زاماتلا خىزمەتكارنى چاقىرتىپ كېلىشكە بىر ئادەم
ئەۋەتتى . بۇ بوۋاي ئىلگىرى كىرىسفونتېسقا خىزمەت قىلغان ، مې-
روپىغا ياردەملىشىپ ئاپىتوسنى قۇتقۇزۇۋالغان ئادەم ئىدى . ھازىر
ئۇ ئوردىدا داۋاملىق تۇرۇشنى خالىمىغاچقا ، ناھايىتى يىراق بىر جايغا
كۆچۈپ كەتكەنىدى .

خانىش ئۇنى ئاپىتوسنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئار-
كاردىيەگە ئەۋەتتى . ناۋادا ئوغلى ساق - سالامەت بولسا ، موسەينىيو
خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ يېڭى پادىشاھقا قارشى چىقىپ ، ئاتىسى-
نىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارسلىق قىلىش ئۈچۈن خىزمەتكار ئاپىتوسنى
باشلاپ كېلىدىغان بولدى . خىزمەتكار ئاركاردىيەگە بېرىپ ئوردىنىڭ
ئۆرتۆپە بولۇپ كەتكەنلىكىنى ، كىشىلەرنىڭ ئاپىتوسنىڭ ئىز - دې-
رەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكىدىن قايغۇرۇشۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى .
ئۇ تىت - تىت بولغان ھالدا موسەينىيوغا قايتىپ كېلىپ ، خانىشقا
ئۆزى كۆرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئويلى-
نىپ ئولتۇرماستىن ئوردىدا تۇرۇۋاتقان ھېلىقى ياقا يۇرتلۇقنى ئۆل-
تۈرۈۋېتىش قارارىغا كېلىشتى . شۇ ئاخشىمى خىزمەتكار بىلەن خا-
نىش ئايپالتىدىن بىرنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى ياشنىڭ خانىسىغا جىمىدە
كىرىپ ، ئۇنى ئۇخلاۋاتقان چېغىدا ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇشتى .

خانىنى ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇراتتى . ھېلىقى ياش خاتىرجەم
ئۇخلاۋاتاتتى . خانىش غەزەپ ئاچچىقىدا پالتىنى ئېگىز كۆتۈردى .
خىزمەتكار بۇ يىگىتنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرۈپ ، دەرھال خانىشنىڭ
قولىنى تۇتۇۋېلىپ ، چۆچۈگەن ھالدا :

— توختاڭ ! بۇ ئاپىتوس ئەمەسمۇ ؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى .

مېروپى پالتىنى قويۇپ ، بۇ يىگىتنىڭ راستىنلا ئۆز ئوغلى
ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن ئاپىتوسنى ئۇزاققى-
چە قۇچاقلىدى . ئاپىتوس ئانىسىغا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە زالىم پادىشاھنى
جازالىغىلى ، ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان پادىشاھلىق ھاسىسىنى تارتىپ
ئالغىلى ، ئانىسىنى ئۇ بىزار بولغان كېيىنكى ئېرىنىڭ قولىدىن

ئازادلىققا چىقىرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۈچىسى قىساس ئېلىش چارىسى توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى . مېروپى قارىلىق كىيىم كىيىپ ، هازىدار سۈپىتىدە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىدى ۋە ئاپىتوسنىڭ ئۆلگەنلىكىنى پادىشاھقا دېدى . بۇ زالىم پادىشاھ ئاجايىپ خۇشال بولدى - دە ، ئۆزىنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى يۈرىكىنى مۈجۈپ كەلگەن ئاغرىقتىن قۇتۇلغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن تەڭرىگە ئاتاپ كاتتا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە خەلقنى بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىشقا چاقىردى .

نەزىر - چىراغ باشلانغان چاغدا ، ئاپىتوس ئېتىلىپ كېلىپ پادىشاھنى ئۆلتۈردى . مېروپى بىلەن ھېلىقى ياشانغان خىزمەتكار ياقا يۇرتلۇق دەپ قارالغان بۇ يىگىتنىڭ پادىشاھلىقنىڭ قانۇنىي ۋارىسى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى . ئاپىتوس پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى . ئۇ كەڭ قول ۋە رەھىمدىل ھۆكۈمران بولۇپ ، ئاۋام - پۇقرالارنىڭ ھۆرمەت ، مۇھەببىتىگە نائىل بولدى ، كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئاپىتوس ئەۋلادلىرى دەپ ئاتالدى .

# تىروىيا ھەققىدە ھېكايە (1)

## ھېلېننىڭ ئالداپ ئېلىپ كېتىلگەنلىكى

قەدىمكى زاماندا زېۋس بىلەن بىر دېڭىز پەرىشتىسى ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان ئىككى ئوغۇل — ئىئاسسون بىلەن داردانوس ئېگېي دېڭىزدىكى ساموتىسك دېگەن بىر ئارالغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى . تەلۋە ئىئاسسون دېھقانچىلىق تەڭرىچىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ ، جازالىنىپ ئۆلدى . داردانوس ئىنىسىنى بەك ياخشى كۆرگەچكە ، پادىشاھلىق ئورنىدىن ۋاز كېچىپ ، مەملىكىتىدىن ئايرىلىپ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا كەتتى . ئاندىن مىزىيە قىرغىقىغا باردى . بۇ يەرگە تېئوكېروس ئىسىملىك بىر پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى . پادىشاھ داردانوسنىڭ كېلىشكەن يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالدى . ئۇ تېئوكېروسلار ياشايدىغان بىر پارچە يەرگە ئىگە بولدى . كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى تەختكە ۋارىسلىق قىلدى ھەم تىروس ئىسىملىك بىر ئوغۇل تاپتى . شۇندىن ئېتىبارەن بۇ دۆلەت تىروئاد ، پايتەختى تىروىيا دەپ ئاتالدى . تىروس ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىلوس ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى .

بىر قېتىم ئۇ قوشنا مەملىكەت فوروگىيەگە زىيارەتكە باردى . فوروگىيە پادىشاھى ئۇنىڭ شۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر مۇسابىقىگە ئىشتىراك قىلىشىنى تەلەپ قىلدى . ئىلوس مۇسابىقىدە غالىب بولۇپ ، ئەللىك ئوغۇل ، ئەللىك قىز ۋە بىر تاغىل كالا مۇكاپات ئالدى . پادىشاھ ئۇنىڭغا مۇنداق بىر تەڭرى ۋەھىيسىنى يەنى بۇ تاغىل كالا

ياتقان جايدا ئۇنىڭ بىر شەھەر پەيدا قىلىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا
چۈشەندۈردى . ئىلوس بۇ تاغىل كالىنى يېتىلەپ يۇرتىغا قاراپ ماڭ-
دى . تاغىل كالا تىرويا دەپ ئاتالغان بىر جايدا ياتتى . شۇنىڭ بىلەن
ئىلوس بۇ يەردە تىرويا قەلئەسىنى قۇردى .

قەلئە قۇرۇلۇشى باشلانغان چاغدا ، باللاس ئافېنانىڭ ھەيكىلى
ئاسماندىن ئىلوسنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا چۈشتى . بۇ تىرويا قەلئەسىنىڭ
كەلگۈسىدە زېۋسنىڭ ئۇنىڭ قىزىنىڭ ھىمايىسىدە بولىدىغانلىقىدىن
بېرىلگەن بېشارەت ئىدى . تىرويا قەلئەسىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا
شاھرادە لائومېدون باش بولدى ، ئۇ قەلئەنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ
پۇختا سېپىل سوقۇش قارارىغا كەلدى . شۇ چاغدا ئاپوللو بىلەن
پوسېيدون ئىككىسى تەڭرىلەرنىڭ ئاتىسىغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن
تەڭرىنىڭ دەرگاھىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ ، سەرسان بولۇپ يۈرگەن-
دى . زېۋسنىڭ مەقسىتى ئۇ ئىككىيلەننى لائومېدوننىڭ تىرويا قەل-
ئەسى سېپىل قۇرۇلۇشىغا ياردەملەشتۈرۈپ ، ئۆزى ۋە قىزى ئافېنا
ھىمايىسىگە ئالغان بۇ شەھەرنى چەتنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرالايدى-
غان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىش ئىدى . ئاپوللو بىلەن پوسېيدون ئۆز-
لىرىنىڭ قۇرۇلۇش لايىھەسىنى پادىشاھقا چۈشەندۈردى . پادىشاھ
ئۇلاردىن قالتىس خۇش بولدى .

ئىككىيلەننىڭ باش بولۇشى بىلەن ئىگىز ھەم مۇستەھكەم سې-
پىل پۈتۈپ بولدى . تىرويا شەھىرى پۇختا مۇداپىئە كاپالىتىگە ئىگە
بولدى . لېكىن ، ئۇلار پادىشاھتىن بىر يىللىق ئىش ھەققىنى تەلەپ
قىلىۋىدى ، پادىشاھ پەرۋا قىلىش تۈگۈل قۇلاقلىرىنى كېسىۋېتىدىغان-
لىقى توغرۇلۇق جار سالدى .

ئاپوللو بىلەن پوسېيدون ۋاپاسىز لائومېدونغا ئۆچ بولۇپلا قال-
ماي ، ئۆزلىرى قول سېلىپ قۇرغان تىرويا شەھىرىگىمۇ دۈشمەنلىك
نەزەرى بىلەن قارايدىغان بولۇپ كەتتى . بۇ شەھەرنى ئىنچىل ئۆز
پاناھىغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئافېنامۇ بۇ شەھەرنى ھىمايە قىلالمايدىغان
بولدى . شۇڭا ، ئەتراپى ھەيۋەتلىك سېپىل بىلەن قورشىلىپ يېڭىدىن
قەد كۆتۈرگەن تىرويا شەھىرى ئەمدىلىكتە ، زېۋسنىڭ سۈكۈت قىلىد-

شى بىلەن پادىشاھىمۇ ، خەلقىمۇ تاشلىۋېتىلگەن ، باشقا تەڭرىلەر خالىغىنىچە خانىۋەيران قىلىدىغان بىر شەھەرگە ئايلىنىپ قالدى ، كېيىن تەڭرىلەرنىڭ ئانىسى ھېرامۇ بۇ شەھەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ كەتتى .

نەچچە ئون يىلدىن كېيىن لائومېدوننىڭ ئوغلى پىرىئام پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى . ئۇنىڭ كېيىنكى خوتۇنى ھېكابا فوروگىيە پادىشاھى دىمائىسنىڭ قىزى ئىدى . ئۇ ھېكتور ئىسىملىك تۇنجى ئوغلىنى تۇغدى . ئۇ ئىككىنچى بالىسىغا قورساق كۆتۈرگەن چاغدا ، بىر قورقۇنچلۇق چۈش كۆردى . ئۇ لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان بىر ئوتقاشنى تۇغقانمىش . ئوتقاش پۈتكۈل تىروييا شەھىرىنى كۆيدۈرۈپ كۇلگە ئايلاندۇرۇۋەتكۈدەكمىش . ئۇ قورقۇپ ساراسىمىگە چۈشۈپ چۈشىنى ئېرىگە ئېيتتى . پىرىئاممۇ جىددىيلىشىپ ، بۇرۇنقى خوتۇنىدىن بولغان ئوغلى ئاساكوسنى چاقىرتىپ كەلدى . چۈنكى ، ئۇ ھۆكۈما ئىدى . بوۋىسى ھېروپىستىن چۈشكە تەبىر بېرىش ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋالغانىدى . ئاساكوس :

— ئانام بىر ئوغۇل تۇغىدۇ . بۇ ئوغۇل پۈتكۈل تىروييا شەھىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ ، — دېدى .

ئۇزاق ئۆتمەي خانىش بىر ئوغۇل تۇغدى . دۆلەتنى بەختسىزلىكتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، ئانا ئازابقا چىداپ بوۋاقنى ئېدى تېغىغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىش ئۈچۈن ئاگېلائوس ئىسىملىك بىر قۇلغا بەردى . بەش كۈندىن كېيىن ئاگېلائوس قاقاس تاغقا بېرىپ قارىسا ، بىر چىشى ئېيىق بالىنى ئېمىتىپ ياتقان . ئەسلىدە بالىنى چىشى ئېيىق بەش كۈندىن بېرى ئېمىتىپ تۇرغانلىقتىن ، بالا ئاچلىقتا ئۆلۈپ قالماي ، بەلكى خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغانىدى .

ئاگېلائوس بۇ بالىنىڭ ئادەتتىكى بالىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، كۆتۈرگەن پېتى چەت ـ ياقىغا جايلاشقان فېرمىغا ئەكېتىپ ئۆزى باقتى . بالا كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولدى ، ئۇنىڭغا پارىس دەپ ئىسىم قويۇلدى . بالا ئۆزىنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى . پارىس چارۋىچى-

لارنى باشلاپ بېرىپ ئۇلارغا داۋاملىق زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان قاراق-
چىلارنى بويسۇندۇردى . شۇڭا ، كۆپچىلىك ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە
ئۇنىڭدىن مىننەتدار ئىدى .

بىر كۈنى پارس پادىلىرىنى ھەيدەپ قاراڭغۇ بىر ئورمانلىققا
كىرىپ قالدى .

پارس دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئاراچلىرىدىن تىرويا شەھىرىدىكى
ھەيۋەتلىك قەسىر - سارايلارغا يىراقتىن نەزەر تاشلاپ تۇراتتى .
بىردىنلا پۈتۈن يەر - زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرۈپ ، تەڭرىنىڭ ئەلچى-
سى ھېرمېس ئاسماندىن ئۇچۇپ يەر يۈزىگە چۈشتى . ئۇنىڭ بەدىنىدە
قانات ، قولىدا ھاسىسى بار ئىدى . ھېرمېس كەينىدە تۇرغان ئۈچ
تەڭرىچىنى كۆرسىتىپ :

— مەن زېۋسنىڭ ئەمرى بويىچە بۇ ئۈچ تەڭرىچىنى باشلاپ
كەلدىم . سەن مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىقىنى باھالاپ چىقى-
سەن . ناۋادا ماقۇل كۆرسەڭ بۇ ئالتۇن ئالمىنى شۇنىڭغا بېرىسەن .
زېۋس ئېيتتى ، شۇ ساڭا ھەمدەمدە بولىدۇ ھەم سېنى قوغداي-
دۇ ! — دېدى .

ھېرمېس شۇنداق دەپ بولۇپ ، قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇپ كەت-
تى . پارس غەيرەتلىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئالدىدا تۇرغان ئۈچ
تەڭرىچىگە قارىدى . ئۇلار مۇقەددەس سالاپەتكە ۋە تەڭداشسىز گۈزەل-
لىككە ئىگە قىزلاردىن ئىدى . ئۇلار پارسنىڭ كۆزىگە بىر - بىرىدىن
گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇ قارىغانسېرى شۇنچە ئىككىلىنىپ قالدى .
بىردە بۇ ئەڭ چىرايلىق كۆرۈنسە ، بىردە يەنە بىرى شۇنداق كۆرۈنەت-
تى . ئۇ دىققەت - نەزەرىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ياش ھەم ئەڭ
زىبا بىرسىگە مەركەزلەشتۈردى . ئۇنىڭ قاراشلىرى پارسنى بويسۇن-
دۇرۇۋالغاندەك قىلاتتى .

بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئېگىز بىرسى گەپ باشلىدى :

— مەن ھېرا ، زېۋسنىڭ خوتۇنى بولىمەن . ناۋادا سەن بۇ
ئالتۇن ئالمىنى ماڭا بەرسەڭ ، سەن بۇ ئالەمدىكى ئەڭ باي پادىشاھلىق-
نىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالىسەن . سەن بۇرۇن ئادالەتسىزلىك بىلەن

ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ھەم ھازىر پادىچىلىق قىلىۋاتقان ئادەم- سەن ، — دېدى .
— مەن ئەقىل - ئىدراك تەڭرىچىسى پاللاسى ئافىنا . ئەگەر سەن مېنى ئەڭ چىرايلىق دەپ جەزملەشتۈرسەڭ ، مەن ساڭا ئەقىل - ئىدراك بېرىمەن . سېنى ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ پاراسەتلىك ئادەم قىلىپ قويىمەن ، قانداق ؟ يىگىت ، سەن ئەقىل - ئىدراكلىق بولۇشنى ئۈمىد قىلمامسەن ؟ — دېدى ئىككىنچى تەڭرىچە .
— مەن مۇھەببەت تەڭرىچىسى ئافرودىت ، — دېدى ئۈچىنچى تەڭرىچە مۇلايىملىق بىلەن ، — مەن ساڭا بىر نەرسە تەقسىم قىلىمەن . ئۇ ساڭا خۇشاللىقتىن باشقا نەرسىنى بەرمەيدۇ . سەن دۇنيادىكى ئەڭ ساھىبجامال قىزغا ئىگە بولىسەن ۋە ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالىسەن .
ئافرودىت پاللاسقا ۋەدە قىلىۋاتقان چاغدا ، بەلبېغىنى تۈزەشتۈ- رۈۋىدى ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە گۈزەللىك ، ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇل- دى . ئۇنىڭ ئالدىدا ھېلىقى ئىككى تەڭرىچىنىڭ گۈزەللىكى خىرە- لەشكەندەك بولۇپ قالدى . پارىس ھېرىمېس بەرگەن ھېلىقى ئالتۇن ئالمىنى مۇھەببەت تەڭرىچىسى ئافرودىتقا بەردى . ھېرا بىلەن ئافىنا غەزەپلەنگەن پېتى كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭدى ۋە :
— سەن بەك ئادالەتسىزلىك قىلدىڭ ، قاراپ تۇر ، سەندىنلا ئەمەس ، تىرويا خەلقىدىنمۇ قىساس ئالىمىز ! — دېيىشتى زەردى بىلەن .
ئافرودىت مىيىقىدا كۈلۈپ پارىسنىڭ ئالدىدا خاتىرجەم تۇرۇۋەر- دى . ئۇنىڭ مۇئامىلىسى ئىللىق ھەم تەنتەنىلىك ئىدى . ھەربىر ئېغىز سۆزى پارىسنى مەپتۇن قىلاتتى . ئۈچ تەڭرىچە كېتىپ قېلىشتى ، بىراق پارىس بەخت دېڭىزىغا چۆمۈلگەن ھالەتتە تۇراتتى .
شۇنىڭدىن كېيىن ئافرودىتنىڭ ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئۈمىد قىلىپ يۈردى . لېكىن ، ئۇنىڭ ۋەدىسى رېئاللىققا ئايلانمىدى ، ئۇ ئونونېنى خوتۇنلۇققا ئالدى . ئونوني دەريا مۇئەككىلى بىلەن يەنە بىر پەرشتىدىن تۇغۇلغان قىز ئىدى .
بىر قېتىملىق مۇسابىقىدە پادىشاھ پىرىئام مۇسابىقىدە يەڭگۈچە-

گە ئېدى تېغىدىكى مال پادىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى بىر بوقىنى بېرىدى. غانلىقىنى جاكارلىدى . بۇ دەل پارس ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بوقا ئىدى . شۇڭا ، ئۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ ئۇتۇۋېلىش يولى بىلەن بۇ بوقىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بەل باغلىدى . مۇسابىقىدە پارس ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ھەم كۈچتۈڭگۈرلۈكى بىلەن رەقىبىدىن غالىب كەلدى . شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ دېيفوبوس ئىسىملىك ئوغلى يېڭىلىپ قالغانلىقتىن ئىزاغا چىدىماي ، پارسقا ئېتىلدى . مەقسىتى ئۇنى يېڭىۋېلىش ئىدى . پارس شاھزادە بىلەن ئېلىشىشنى خالىماي زېۋسنىڭ مېھرابىغا بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى . تەڭرىلەرنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۆزىدە ئالدىنئالا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان پادىشاھ پىرىئامنىڭ قىزى كاساندېرا بىر قاراپلا پارسنىڭ ئۆز ئاكىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى . ئۇ :

— ئۇ قاقاس تاغقا تاشلىۋېتىلگەن ئاكام شۇغۇ ! — دېدى .

پادىشاھ پىرىئام بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى پارسنىڭ دەل ئۆزلىرىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى تونۇدى . ئۇلار قايتا كۆرۈشۈش خۇشاللىقى ئىچىدە ئۇنى قۇچاقلاپ كېتىشتى . ئۇنىڭدىن ئۇنى - بۇنى سورىدى . ئاتائانا ئۇ يېڭى تۇغۇلغان مەزگىلدە ھۆكۈمالارنىڭ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ دېگەن گەپلىرىنى ئۇنتۇغانىدى .

نەچچە كۈندىن كېيىن پارس پادىلىرىنىڭ يېنىغا كەتتى . پادىشاھ ئوغلىنىڭ مالچىلارغا ئوخشاش جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە چىدىماي ، ئۇستىكارلارنى فېرمىغا بېرىپ ھەشەمەتلىك ئۆي سېلىشقا بۇيرۇدى . پارس خان پۇشتىدىن بولغان سالاھىيىتىگە لايىق يېڭى ئۆيدە ئولتۇردى .

بۇنىڭدىن خېلىلا ئىلگىرى ، پادىشاھ پىرىئامنىڭ ئاچىسى ھېسىئونېنى ھېراكلېس بولاپ كېتىپ ، تېلامونغا خوتۇنلۇققا بەرگەنىدى . تېلامون ھېسىئونېنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكتىن ، ئۇنى سارامۇسقا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان خانىش قىلىپ بەلگىلىگەنىدى . بۇ ئىش بولۇپ ئارىدىن ئۇزاق يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، بۇ ئۆچ - ئاداۋەتنى پادىشاھ پىرىئام يادىدا مەھكەم تۇتۇپ كېلىۋاتقانىدى . ئۇ

ئاچىسىنى ھېلىنمۇ ئاجايىپ سېغىناتتى . پارس باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇ-
رىغا چۈشۈپ يۇنانغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ ، ئاتىسىنىڭ ئاچىسىنى
قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . بۇ ئىش تۈپەيلى مەجلىستە
تالاش - تارتىش قوزغالدى . ھۆكۈما ھېلېنوس پارس يۇناندىن بىر
ئايالنى جەزمەن ئەكېلىدۇ . ئەمما ، ئارگوسلار ھەرگىز قاراپ تۇرماي-
دۇ . ئۇلار تىرويا شەھىرىگىچە قوغلاپ كېلىپ پادىشاھنى ۋە ئۇنىڭ
بارلىق ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، تىرويا شەھىرىنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ
دەپ قارىدى .

خىلمۇخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا چۈشتى . پادىشاھنىڭ ئەڭ كى-
چىك ئوغلى ئۇرۇش قىلىش توغرۇلۇق داۋراڭ كۆتۈردى . ئاخىرى
بىر تۇرلۇك پىكىر ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتى . پارس ھەيۋەتلىك كېمە
قوشۇننى باشلاپ يۇنانغا قاراپ يولغا چىقتى . پادىشاھ دېيفوبوس
بىلەن پولىداماس ۋە ئانېئاسنى مەسلىھەتچى قوماندان قىلىپ تەيىنلى-
دى . كېمە قوشۇنى سەپەر ئۈستىدە سپارتا پادىشاھى مېنېلائوسنىڭ
كېمىسىگە سۈركىلىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كەتتى . ھەر ئىككىلا تەرەپ
بىر - بىرىنىڭ ھەيۋەتلىك بېزەلگەن كېمىلىرىنى كۆرۈپ ھەيران
بولۇشتى . ھەر ئىككىلا تەرەپ بىر - بىرى بىلەن تونۇشمايتتى ھەم
قارشى تەرەپنىڭ قايسى نىشاننى كۆزلەپ كېتىۋاتقانلىقىدىنمۇ خەۋەر-
سىز ئىدى . شۇڭا ، ھەر ئىككىلا تەرەپ توختىماي ئۆتۈپ كەتتى .
مەنزىلگە يېتىشتىن ئاۋۋال ، پارس سپارتادا قىرغاققا چىقىپ ، ئافرو-
دىت بىلەن ئارتېمىسنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزمەك-
چى بولدى . ئارالدىكى ئاھالىلەر بۇ كۈچلۈك قوشۇننى كۆردى ۋە بۇ
ئىشنى سپارتاغا مەلۇم قىلدى . بۇ چاغدا پادىشاھ مېنېلائوس سپارتا-
دا يوق ئىدى . ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا خانىش ھېلېن رىياسەتچىلىك
قىلىۋاتاتتى . ھېلېن زېۋۇس بىلەن رېيدادىن تۇغۇلغان قىز ئىدى . ئۇ
توسكار بىلەن پولىدوكېسنىڭ سىڭلىسى بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتا دۇنيا-
دىكى ئەڭ گۈزەل ئايال ئىدى .

ھېلېننىڭ ھېرسونې ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى . پارس
يۇنانغا كەلگەن چاغدا ئۇ تېخى قۇچاقتىكى بوۋاق ئىدى . ھېلېن

ئىرويالىقلارنىڭ ھەيۋەتلىك كىمە قوشۇنىنىڭ ئۆز دۆلىتىگە كەلگەنلى-
كىدىن خەۋەر تاپتى ۋە قىزىقىش ھېسسىياتى بىلەن شۇلار ئۆتكۈزگەن
نەزىر - چىراغ مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلدى. پارس ھېلېننى كۆ-
رۇش بىلەنلا گويا مۇھەببەت تەڭرىچىسىنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندەك،
مۇھەببەت تەڭرىچىسى ئۆزىگە تەقدىم قىلماقچى بولغان پەرى دەل
مۇشۇ شۇدەك ھېسسىياتقا كەلدى. جاسارىتى، ئۇز ۇنغا يۇرۇش قىلىش
پىلانى شۇئان كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا مۇشۇ قېتىملىق
ئۇز ۇنغا يۇرۇش قىلىشنىڭ مەقسىتى ھېلېننى قولغا كەلتۈرۈش بو-
لۇپ تۇيۇلدى.

پارس ھېلېننىڭ ئايدەك گۈزەل رۇخسارى ئالدىدا ئۆزىنى يوقى-
تىپ، ھەيكەلدەك تۇرۇپ قالغان شۇ ئەسنادا ھېلېن زور قوشۇنغا
قوماندانلىق قىلىۋاتقان بۇ كېلىشكەن شاھزادىنى كۆرۈپ، ئىختىيار-
سىز كۆڭلىدە ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ قالدى. ئېرىنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ
ئېسىدىن غايىب بولدى. ئۇنىڭ ئورنىنى يۈز - كۆزلىرىدىن نۇر
يېغىپ تۇرغان ياش يىگىت ئالدى. لېكىن، ھېلېن ئۆزىنى ناھايىتى
نەستە تۇتۇۋېلىپ، سپارتا شەھىرىدىكى سارىيىغا قايتتى. پارس ۋە
ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قىممەتلىك مېھمان سۈپىتىدە ئوردىغا باستۇرۇپ
كىردى. ئۇ ھېلېنغا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى.
ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مۇلايىم، شىرىنلىكى، تەق - تۇرقىنىڭ قاملاش-
قانلىقى ھېلېننى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.
پارس ئۇنىڭ تەۋرىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى
تاماملىۋېتتى. ئۇ ئۆزىگە ئەگىشىپ يۇنانغا كەلگەن لەشكەرلەرنى
پادىشاھ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ھېلېننى ۋە پادىشاھنىڭ زور
تۈركۈمدىكى قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلىرىنى بۇلاپ كېتىشكە قايىل
قىلدى. ھېلېن گەرچە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز
خاھىشى بىلەن پارسقا ئەگىشىپ كىمە قوشۇنغا كەلدى.

كىمە قوشۇنى ئېگېي دېڭىزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ياشانغان
دېڭىز تەڭرىسى نېرۇس دولقۇنلار ئارىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— سىلەرنى يۇنانلىقلار قامال قىلىۋالدى! قانلار دەريا بولۇپ

ئاقىدۇ ! تىرويا شەھىرىنى گۈلخانلار يۇتۇپ كېتىدۇ ! سىلەرنى دەپ داردائوسنىڭ قانچىلىغان ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ قېنى تۆكۈلىدىغان بولدى ! — دېدى .

ياشانغان دېڭىز تەڭرىسى ئۆزىنىڭ ھۆكۈملىرىنى دەپ بولغاندىن كېيىن ، دېڭىزغا چۆكۈپ كۆزدىن غايىب بولدى . پارىس قورقۇپ قالدى . ئۇنىڭدىكى قورقۇنچنى ھېلېن يوق قىلىۋەتتى . ئۇلار قېچىپ كىلانەي ئارىلىغا باردى . ھېلېن ئىختىيارىنى پارىسقا بەردى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىلىرى بىلەن ۋەتىنىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى . بۇلاپ كەلگەن بايلىققا تايىنىپ ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ياشىدى .

پارىسنىڭ قىلمىشى ناھايىتى تېزلا يۇناندىكى ھەرقايسى شەھەر-لەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى . خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قالغان مېنېلائوس ئاكىسى ئاگامېمنون ۋە ئىلگىرى ھېلېنغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويغان ھەرقايسى ئەل شاھزادىلىرى بىلەن بىرلەشتى . ئۇلار بىرلىكتە تىرويا شەھىرىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ماقۇل بولدى . بۇ ئىشتىن ھېلېننىڭ ئىككى ئاكىسىمۇ خەۋەر تاپتى . ئۇلار سىڭلىسىنىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، ئۇرۇش كېمىلىرىنى ھەيدەپ ئوغرىلارنى قوغلاشقا ئاتلاندى . نەتىجىدە قارا يامغۇرغا ئۇچراپ قېلىپ ، ئۇرۇش كېمىلىرى دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىپ ئادەملەر ئىزسىز غايىب بولدى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئاتىسى زېۋس ئۇلارنى ئاسمانغا ئاچىقىپ شان-شەرەپ يۇلتۇزلىرىدىن قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىمىش . ئۇلار شۇ يەردە تۇرۇپ دېڭىزلاردا كېتىۋاتقان كېمىلەرنى قوغداپ ، دېڭىز سەپى-رىگە چىققان ئادەملەرنىڭ مۇھاپىزەت تەڭرىسىگە ئايلىنىپ قال-غانىمىش .

پەقەت ئىككىلا پادشاھ دەرھال جاۋاب بەرمىدى . بۇنىڭ بىرسى ئىتاك پادشاھى ئورىدىسوس ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلىيالمىغان بىر ئايالنى دەپ ئۆزىنىڭ ياش خوتۇنىدىن ۋە يۆگەكتىد-كى ئوغلى تىلىماكوستىن ئايرىلىشنى خالىمايتتى . مېنېلائوس ۋە يەنە بىر شاھزادە پالامېدىس ئۇنىڭكىگە زىيارەتكە كەلگەندە ، ئۇ ساراڭ قىياپىتىگە كىرىۋالدى - دە ، بىر كالا ۋە بىر ئېشەكتىن ئىبارەت بىر-

بىرگە ماسلىشالمايدىغان ئىككى ئۇلاغ ئىغىناپ يورۇپ ئۆز يېرىنى تېرىيدىغان ئادەم بولۇۋالدى. ئۇرۇقنىڭ ئورنىغا يېرىك تۇز تېرىدى. ئۇ مۇشۇ قېتىملىق ئورۇشتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى ئويلايتتى. ئەقىللىك پالامېدېس ئودىسسوسنىڭ نارەسىدە ئوغلىنى ھەيدەش ئالدىدا تۇرغان يەرگە قويدى. ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن نارەسىدە بالىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئەقىل - ھوشىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قويدى. ئۇ لەشكەر تارتىشقا مەجبۇر بولدى. بىراق، پالامېدېسقا نىسبەتەن كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك پەيدا بولدى.

جازا يۇرۇشى قىلىشقا جاۋاب بەرمىگەن يەنە بىر شاھزادە ئاكىللېس ئىدى. ئۇ پېلېئوس بىلەن دېڭىز تەڭرىچىسى تېتىستىن تۇغۇلغان بالا ئىدى. ئانىسى ئۇنى ئىلاھىي ئادەم قىلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانىي تەركىبلەرنى چاقماق ئوتىدا كۆيدۈرەتتى. لېكىن، بۇ ئىشنى ئاكىللېسنىڭ ئاتىسى بايقاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاكىللېس ئىلاھ بولۇش پۇرسىتىدىن ئايرىلىپ قالدى. پېلېئوس بالىسىنىڭ بەدىنىدىكى كۆيۈكتىن قالغان جاراھەتنى سىلاپ تۇرۇپ، كۆتۈرگەن پېتى داۋالاپ ساقايتىش ئۈچۈن كىرونىنىڭ يېنىغا ئاپارغانىدى. بۇ دانىشمەن تېۋىپ نۇرغۇنلىغان باتۇرلارنى ئەملەپ ساقايتقانىدى. ئۇ بالىنى مېھرىبانلىق بىلەن قولىغا ئېلىپ، ئۇنى ئېيىقنىڭ يىلىكى ۋە شىرنىڭ جىگىرى بىلەن باقتى. بالا كۈچتۈكگۈر چوڭ بولدى. ئاكىللېس توققۇز ياشقا كىرگەندە، پېلېئوس بىر ھۆكۈمانىڭ ئاغزىدىن ئوغلىنىڭ تىرويا ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىدى. بالىسىنىڭ بىمەزگىل ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن پېلېئوس بالىسىنى لىكومېدېسنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويدى. ئۇ بۇ بالىنى قىز بالىدەك ياساندۇرۇپ، ئۇنىڭغا يىگنە ئىشىنى ئۆگەتتى. بىراق، بۇ بالا چوڭ بولۇپ پادىشاھنىڭ قىزى دېيىدامىيا بىلەن تېپىشىپ قالدى.

ھۆكۈما كالكاس ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى بىلەتتى. ئۇ ئاكىللېسنى تېپىش ئۈچۈن ئودىسسوس بىلەن دىئومېدېسنى ئەۋەتتى. ئاكىللېسنىڭ چىرايى بەكمۇ ئۇز ئىدى. ئۇ پادىشاھنىڭ قىزلىرى ھەم

كېنىزەكلەر ئارىسىدا تۇراتتى . ئىككى شاھزادە ئاكىللېسنىڭ ئەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى . ئاخىر بولماي ، ئودىسسوس بىر ھىيلە ئىشلەتتى . ئۇ قەستەن بىر نەيزە بىلەن بىر قالقاننى ئاياللارنىڭ ئۆيىگە قويۇپ قويدى . ئاندىن دۈشمەن يېقىنلاپ كېلىپ قالغاندەك بىرسىگە بۇرغا چالدۇردى . ئاياللار قورققىنىدىن ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كېتىشتى . ئاكىللېس تەمكىنلىك بىلەن نەيزە ـ قالقاننى قولىغا ئالدى . ئۇ نىقابىنىڭ ئېچىپ تاشلانغانلىقىنى سېزىپ ، ئانىسىنىڭ يوقىدىن ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا ماقۇل بولدى ۋە ئۇستازى فونىكس ۋە ئۆزى بىلەن بىللە چوڭ بولغان پاتروكلوسنى ئالدى ، ئەللىك دانە كېمە تەقدىم قىلدى . ئاكىيانلارنىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىشقا ۋە ئۆزىنىڭ مىرمېدونىسلىقلىرىغا ياكى تىسارىيەلىكلىرىگە قوماندانلىق قىلىشقا ماقۇل بولدى .

يۇناندىكى ھەرقايسى شەھەرلەر بىرلەشتى . كۆپچىلىك ئاگامېمنوننى ئەمرلەشكەرلىككە سايلىدى . چۈنكى ، ئۇ بۇ ئىشتا ئەڭ كۆپ كۈچ چىقارغان ئادەم ئىدى . ئاگامېمنون ئوپىيە بوغۇزى يېنىدىكى بۇئىتىياغا جايلاشقان ئورس پورتىنى ئارگوس شاھزادىلىرىنىڭ يىغىلىش ئورنى قىلىپ بەلگىلىدى . چوڭ ـ كىچىك ئۇرۇش كېمىلىرى مۇشۇ يەرگە يىغىلىدىغان بولدى . ئاكىيالىقلار تىروياغا قارشى جازا يۈرۈشىگە تەييارلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئاگامېمنون ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ سەركەردىلىرىنى يىغىپ يىغىن ئاچتى ۋە ھېلېننى ۋە بۇلاپ كېتىلگەن مال ـ مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ۋە پارىسنىڭ ۋاپاسىزلارچە قىلغان قاراقچىلىق قىلمىشىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئالدى بىلەن ئەلچى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى . شاھزادىلەر ۋە سەركەردىلەر ئاۋۋال قەلەم ، ئاندىن ئەلەم ئىشلىتىش ئىنتايىن ياخشى تەدبىر دەپ ھېسابلاشتى .

پالامېدېس ، ئودىسسوس ۋە مېنېلائوسلار بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا كۆرسىتىلدى . ئودىسسوس كۆڭلىدە پالامېدىسقا ناھايىتى ئۆچ بولسىمۇ ، بىراق ئۇ ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇپ ، يەنىلا كۆپچىلىكنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى ۋە تىنچلىق ئەلچىسى بولدى . ئۇلار ھەيۋەتلىك ۋە

كاتتا كېمىگە چۈشۈپ تىرويا شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە ، شەھەردىكى-لەر پارس ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغان ئوخشايدۇ ، بۇ شەھەرنى يۇنانلىقلار ئىستېلا قىلغىلى كەلگەن چېغى دەپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قېلىشتى . بۇ چاغدا پارس بىلەن ھېلېن كىلانەي ئارىلىدا ھۆزۈر - ھالاۋەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقانىدى .

يۇناننىڭ ئۈچ شاھزادىسى ئوردىغا ئېلىپ كىرىلدى ۋە پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتۈرۈلدى . بۇ چاغدا پادىشاھ بارلىق ئوغۇللىرى ۋە شەھەردىكى ۋەزىرلىرى بىلەن كېڭەش قىلىۋاتاتتى . پالامېدېس يۇنان-لىقلارنىڭ نامىدىن پارسنىڭ نومۇسسىز قىلمىشىنى ئەيىبلىدى ۋە قاتتىق تەلەپپۇزدا :

— خانىشىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار ، بولمىسا ھەممىڭلار ھالاك بولىسىلەر ! — دېدى .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئاقساقاللار-نىڭ ھەممىسى غەزەپلىنىپ ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، شەمشەرلىرىنى قولىلىرىغا ئېلىپ ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇشتى . پىرىئام ئۇلارنى توسۇپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ :

— سىلەر نېمە دەۋاتىسىلەر ، پارس يۇناندىن تېخىچە كەلمى-دى ! — دېدى . پالامېدېس :

— سىزنىڭ ئوغلىڭىزنىڭ بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە بارغىنى راست . ئۇ مېھمان بىلەن ساھىبخان ئوتتۇرىسىدىكى ئەقەللىي ئەدەپ - قائىدىگە خىلاپلىق قىلدى . خانىش ھېلېن بۇلاپ كېتىلىپلا قالماي ، يەنە زور بىر تۈركۈم جاۋاھىراتلارمۇ بۇلاپ كېتىلدى . بۇ قىلمىش جازالاشقا تېگىشلىك ئەمەسمۇ ؟ — دېدى .

— سىلەر دەۋاتقان بۇ ئىشتىن مېنىڭ زادىلا خەۋىرىم يوق ، — دېدى پادىشاھ ، — تىرويا شەھىرىدە يۇنانلىق ئايالنىڭ يوقلۇقىغا كاپالەت بېرىمەن . ئەگەر ئوغلۇم ھەقىقەتەن شۇنداق ئىش قىلغان بولسا ، ئۇنداقتا ھېلېننى ئاچام ھېسىونې بىلەن ئالماشتۇرىمىز .

پالامېدېس كۆرەڭلىك بىلەن :

— سىلەرنىڭ بىزگە شەرت قويىدىغان ھوقۇقۇڭلار يوق ! ئوغلى-

ڭمزنىڭ قىلمىش ئۆتكۈزگەنلىكى بەرھەق راست . ھېراكلېسنىڭ ئىـ
شىغا بىز ئىگە بولالمايمىز . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېسسونى تېلامونغا ئۆز
رازىلىقى بىلەن تەگكەن . ھېلېن مەجبۇرىي بۇلاپ كېتىلگەن . سىز
دەرھال بىر قارارغا كېلىڭ ، خەلقىڭىزنىڭ تەقدىرى سىزنىڭ قولـ
ڭىزدا ! — دېدى .

پىرئام ۋە تىروياللىقلار پالامېدېسنىڭ تەھدىت ئارىلاش گەپلىرىـ
نى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى . بىراق ، يەنىلا ئەلچىلەرگە تۇتۇلىدىـ
غان ھۆرمەتنى ساقلاپ قالدى . ئەلچىلەرنى ئامىنىڭ ھۇجۇمىدىن
ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى دېڭىز بويىغا
يەتكۈزۈپ قويدى . ئۇلار ھەشەمەتلىك كېمىسىگە چۈشۈپ كەتتى .

يۇنان بىرلەشمە قوشۇنى ئورس پورتىغا توپلىنىپ ، يولغا چىقىشـ
نى كۈتۈپ تۇرغاندا ، ئاگامېمنون ئوۋچىلىق قىلىپ ئىچ پۇشۇقىنى
چىقىرىپ يۈردى . بىر قېتىم ئۇ بىر قىزىل مارالنى ئېتىۋالدى ، ئۇ
ناھايىتى خۇشال بولۇپ ، ئوۋچىلىق تەڭرىچىسى ئارتېمىسنىڭ ئۆزىمۇ
بۇنداق ئاتالمىغان دەپ ماختىنىپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوۋچىلىق
تەڭرىچىسىنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرۇپ قويدى . مۇشۇ ئىش تۈپەيلى
دېڭىزدا ئازراقمۇ شامال چىقمىدى . كۈنلەر كەينى ـ كەينىدىن ئۆتۈـ
ۋەردى . كېمە قوشۇنى سۇنىڭ ئۈستىدە ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇۋەرـ
دى . ھۆكۈما كالكاس :

— ئاگامېمنون قىزى ئىفىگېنىيەنى ئوۋچى تەڭرىچىسىگە ئاتاپ
قۇربانلىق قىلسا ، بۇ تەڭرىچىنىڭ ئاندىن غەزىپى بېسىلىدۇ ، — دەپ
بېشارەت بەردى .

ئىفىگېنىيە ئاگامېمنوننىڭ ئەڭ ئامراق قىزى ئىدى . ئۇ دەسلەپـ
تە بۇنداق قىلىشنى رەت قىلىپ ، ئەمرلەشكەرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىسـ
تېپا بەرمەكچى بولدى . لېكىن ، لەشكەرلەر ئاسىيلىق قىلىپ ئۇنىڭغا
تەھدىت سالدى . مېنېلائوسمۇ نۇرغۇن سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ، ئۇـ
نىڭغا نەسىھەت قىلدى . ئاخىر ئۇ مادارا قىلدى .

ئاگامېمنون خوتۇنىغا خەت يېزىپ قىزىنى بارگاھقا ئەۋەتىپ
بېرىشنى بۇيرۇدى ۋە ئاكىللېسقا چاي ئىچۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى ئەسـ

كەرتىپ قويدى . خەتنى باشقىلار ئارقىلىق ئەۋەتىۋېتىپ دەرھال پۈ-
شايمان قىلدى . ئۇ خوتۇنىغا چاي ئىچۈرۈش ۋاقتى كېچىكتۈرۈلدى ،
قىزىمىزنى ئەۋەتمىسەڭمۇ بولىدۇ دېگەن مەزمۇندا يەنە بىر پارچە خەت
يازدى . ئۇ بۇ خەتنى ئىشەنچلىك بىر خىزمەتكاردىن ئەۋەتتى .
يامان بولغىنى ، مېنېلائۇس ئاكىسىنىڭ ئارىسالدى بولۇۋاتقانلىقىنى
بايقاپ ، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغانىدى ، شۇڭا تاڭ
يورۇشى بىلەن خىزمەتكار ئىشىكتىن چىقىپلا مېنېلائۇسنىڭ قولىغا
چۈشۈپ قالدى .

مېنېلائۇس خەتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئاكىسىغا :
— دۇنيادا ئىككى تايىن بولۇپ قېلىشتىنمۇ يامان ئىش يوق !
سەن باشتا پۈتكۈل قوشۇنغا ئەمرلەشكەر بولۇشقا قانداق قىزىققانىدىڭ ، ئەمدىلىكتە ئۆز مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالدىڭ .
سەن كۈچلۈك قوشۇنغا ئەمرلەشكەر بولۇشقا لايىق ئەمەس ! — دېدى .
ئاگامېمنون ئۇكىسىغا ئۆكتە قوپۇپ :
— مېنى نېمىشقا بۇنچە قاتتىق ئەيىبلەيسەن ؟ ھېلېننى تېپىپ
كېلىشنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى ؟ نېمىشقا خوتۇنۇڭنى ئوبدان
ساقلىمىدىڭ ؟ ئېپپەت - نومۇسنى ساقلىيالمىغان بۇنداق خوتۇندىن
ۋاز كېچىپ كەتكەن تۈزۈك ! مەن قىزىمنى ھالاك قىلىشتەك گۇناھنى
ئۆتكۈزەلمەيمەن ! — دېدى .

ئاكا - ئۇكا ئۆزئارا تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە
بىر خىزمەتكار كىرىپ خانىش كىليوتا ئېمنېستراننىڭ قىزى ۋە ئوغلى
ئورېستېسنى بىللە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى . خىزمەتكار
چىقىپ كېتىشىگە ئاگامېمنون پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندى . ئاكىسىغا
ئىچى ئاغرىغان ئۇكىسى تۇرۇپلا ئاكىسىدىن ئۆز قىزىنى قۇربانلىق
قىلماسلىقنى ئۆتۈندى .

ئاگامېمنون پۈتۈن يۇنانلىقلارنىڭ ئۇرۇشقا تەشنا ئىكەنلىكىنى ،
قىزىنى تەقدىم قىلمىسا ئۇلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېنىق
بىلەتتى . ئۇنىڭغا قىزىنى قۇربانلىق قىلماقتىن باشقا يول يوق ئىدى !
ئۇ ھەسرەت بىلەن :

— ماقۇل ، قەدىرلىك ئۇكام ، غەلىبە ساڭا مەنسۇپ ، لېكىن مەن پۈتۈنلەي تۇگىشىپ كېتىدىغان بولدۇم ! — دېدى .

ئاتا - بالا كۆرۈشتى ، قىزى ئاتىسىنى قىزغىن قۇچاقلاپ :

— ئاتا ، سىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن سىزنى قانچىلىك سېغىنـ-غانلىقىمنى بىلەمسىز ؟ سىزنى كۆرۈپ شۇنچىلىك خۇش بولدۇم ! قاپاقلىرىڭىز نېمە ئۈچۈن بۇنچە تۈرۈكلۈك ؟ سىز مەن بىلەن كۆرۈ-شۇشكە شۇنچىلىك خۇشتار ئەمەسمىدىڭىز ! — دېدى .

— چۈنكى ، بىز ئۇزاق مۇددەتكىچە ئايرىلىمىز ! — دېدى ئاتىسى يىغلاپ تاشلاشتىن ئۆزىنى زورىغا بېسىپ ، سەن يەنە بىر قېتىملىق نەزىرگە قاتنىشىسەن .

— نەزىرگە قاتنىشىش ئازابلىق ئىش ئەمەسقۇ ، سىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇزۇن يۈرۈشۈڭلەرگە قاتنىشالىغان بولسام نەقەدەر خۇشال بولغان بولاتتىم ، — دېدى قىزى .

خانىش بولغۇسى كۈيئوغۇلنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە تەقەززا بول-دى ، ئاگامېمنون بىر تاغار يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى توقۇپ خوتۇنى-نىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى . ئويلىمىغاندا ، ئاكىللېس بەزىبىر ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەشكىلى ئەمرلەشكەرنىڭ يېنىغا كىرىپ ، خانىش بە-لەن ئۇچرىشىپ قالدى . خانىش ئۇنى كۈيئوغۇل چاغلاپ ، ئۇنىڭ بىلەن چاي ئىچۈرۈش ئىشلىرى توغرۇلۇق سەممىي پاراڭلىشىپ كەتتى . ئاكىللېس ھاڭۋېقىپ قالدى .

— سىز قايسى تويىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىز ؟ — دېدى ئۇ ئىنكار قىلىپ ، — مەن سىزنىڭ قىزىڭىزغا ھېچقاچان ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويۇپ باققان ئەمەس . ئاگامېمنونمۇ مېنى بۇنداق ئىشلارغا سايە قىلىپ باقمىغان !

خانىش ھەيران بولغان ھەم گۇمانلانغان ھالدا تۇرۇپ قالدى . بۇ چاغدا خەت توشۇغان ھېلىقى خىزمەتكار كېلىپ خانىشنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ :

— پادىشاھ ئىفىگېنىيەنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋا-تىدۇ ، — دېدى .

بۇ خەۋەر خانىشقا ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چاقتاندەك تۇيۇلدى. ئۇ قورقۇنچ ۋە ئازاب ئىچىدە تىترەشكە باشلىدى. خانىش ئاكىللېس-نىڭ ئالدىدا «گۇپ»لا قىلىپ تىزلىنىپ:

— ئەي تەڭرىنىڭ ئوغلى، مېنىڭ قىزىمنى قۇتۇلدۇرۇۋال! ئۇ راستىنلا سېنىڭ مەھبۇبەڭ بولىدۇ! مېنىڭدەك بەختسىز بىر ئانىغا رەھىم قىل! — دېدى.

ئاكىللېس خانىش ئايىمنى ھۆرمەت بىلەن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولدى.

كىلىيوتا ئېمنېسترا ئاكىللېسنىڭ ئاغزىدىن ۋەدە ئېلىپ سەل-پەل خاتىرجەم بولدى-دە، ئۇدۇل ئېرىنىڭ بارگاھىغا كىردى. ئاگامېمنون يەنىلا يالغاندىن:

— قىزىمىزنىڭ توي زىياپىتىنىڭ تەييارلىقى پۈتەي دەپ قالدى! — دېدى.

خانىش قىزى بىلەن ئوغلىنى چاقىرتىپ كىرىپ ئاگامېمنوندىن:

— يالغان گەپ قىلما! سەن قىزىمىزنى ئۆلتۈرىدىغان قىلتاقنى قۇرۇپ بولدۇڭمۇ-يوق؟ — دەپ سورىدى.

ئاگامېمنون گەپ-سۆز قىلماي تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئاخىر ھەسرەت بىلەن:

— ئەي تەقدىر تەڭرىچىسى، سەن نېمىشقا مېنىڭ مەخپىيىتىمنى ئاشكارىلاپ قويغانسەن؟ — دېدى.

— سەن باشتا بۇرۇنقى ئېرىم بىلەن ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، مېنى بۇلاپ كەتكەنىدىڭ. مەن بىز توي قىلغان چاغدىكى ۋەدەمدە ئىزچىل تۇرۇپ كەلدىم. ساڭا ئۈچ قىز ۋە بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردىم. سەن ئەمدى مېنىڭ قىزىمنى نابۇت قىلما، باشقىلارنىڭ قىزىنى قۇر-بانلىق قىل! — دېدى خانىش.

بۇ چاغدا ئىفىگېنىيە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا تىز چۆكتى. كۆزلىرى-دىن تاراملاش ياش تۆكۈلدى. ئۇ:

— ئەي ئاتا، مېنى بۇنداق ياپياش تۇرغۇزۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتمەڭ، ماقۇلمۇ؟ ھېلىمۇ يادىمدا، بالا ۋاقتىلىرىمدا سىز ماڭا تولىمۇ ئامراق

ئىدىڭىز ! ماڭا مېنى ئېسىلزادە بىر شاھزادىگە ياتلىق قىلىدىغانلىقى-
ڭىزنى ، جەڭدىن قايتىپ كەلگەندە مېنىڭ خۇشال - خۇرام ھالدا
سىزنى كۈتۈۋېلىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىڭىزنى دېگەنىدىڭىز . بۇ-
لارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ ؟ئاتا ، بىچارە ئانامنى ئويلاپ
قويۇڭ . قارارىڭىزدىن كېچىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن . ھېلېنىنىڭ مەن
بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى ؟ ھېلېن كېتىدىكەنۇ ، نېمە ئۈچۈن مەن ئۆل-
مىسەم بولمايدىكەن ؟ ئۇكامغا قاراڭ ، ئۇ سۈكۈتتە تۇرۇپ دۇئا -
تىلاۋەت قىلىۋاتىدۇ . ئاتا ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن ! — دېدى ئۆكـ-
سۈپ يىغلاپ تۇرۇپ .

بىراق ، ئاگامېمنون بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى . قارارىدىن
يانالمايتتى . ئۇ بىر پارچە قىيا تاشقا ئوخشاش قاتتىق ئىدى .

— بالام ، مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن ! ئەمما ، يۇنانلىقلار ياۋنى
بويسۇندۇرۇشقا ئىنتىزار . ناۋادا مەن تەڭرىنىڭ مۇقەددەس يارلىقىغا
بويسۇنمىسام ، ئۇلار مېنى ھەم سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . مەن پۈتكۈل
يۇنانلىقلارغا ئىتائەت قىلىشىم كېرەك .

ئاتا - بالا قۇچاقلىشىپ يىغا - زار قىلىشىۋاتقان چاغدا ، تۇيۇقسىز
قورال - ياراغلارنىڭ جاراق - جۇرۇق قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى .
ياشلىق كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان ئانا :

— بۇ ئاكىللېس ، — دەپ توۋلاپ كەتتى .

ئىفىگېنىيە بۇ چاغدا ئاتىسى يالغاندىن ئۇنىڭ بولغۇسى ئېرى دەپ
قويغان بۇ ياش يىگىتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇلگۇرەلمەي ئوڭايسىز
ھالغا چۈشۈپ قالدى .

لېكىن ، ئاكىللېس شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلگەنىدى : قوشۇن
ئىفىگېنىيەنى قۇربانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىپ ئاشكارا ئىسيان كۆ-
تۈرگەن . ئاكىللېسنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىمۇ ھېچقانداق ئۈنۈم
بەرمىگەنىدى . ئودىسسوس لەشكەر تارتىپ كەلگەنىدى . ئاكىللېس
ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بەدىنى بىلەن قوغداشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈر-
دى . ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ :

— ئۇلارنىڭ تەڭرىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالايدى-

غان - قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي ، — دېدى .

ئىفىگېنىيە ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى - دە ، قەت-ئىي هالدا :

— مەن ئۆلۈشكە تەييارلىنىپ بولدۇم ، ئانا ! كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . مەن ۋەتەننىڭ نىجاتكارى بولۇشنى ئىستەيمەن . كىشىلەرنىڭ مەدھىيەلىشىگە نائىل بولۇشنى خالايمەن . مېنى قۇربانلىق قىلىش ھېسابىغا تىرويا شەھىرى-نى بويسۇندۇرۇش — مانا بۇ مېنىڭ خاتىرە مۇنارىم ، مانا بۇ مېنىڭ توي زىياپىتىم ! — دېدى .

ئىفىگېنىيە شۇنداق دەپ بولۇپ بېشىنى تىك تۇتۇپ تۇردى . ئۇنىڭ تۇرقى ھۆرمەتكە سازاۋەر تەڭرىچىلەرنىڭ تۇرقىغا ئوخشايتتى . ئاكىللېس سەۋر قىلالماي تىزلىنىپ :

— ئەي ئاگامېمنوننىڭ قىزى ! سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىز ۋە باتۇر-لۇقىڭىز مېنى ئەل قىلدى ! مەن سىزنى خوتۇنلۇققا ئالىمەن ! — دەپ ۋارقىرىدى . لېكىن ، ئىفىگېنىيە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ :

— ئايالالارنىڭ گۈزەللىكى نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا سەۋەبچى بولدى . سىز مەن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلماڭ . مەن يۇناننى قۇتۇلدۇرۇشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى زىممەمگە ئالغان . مەن مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلى-مەن ! — دېدى .

ئاكىللېس ئۇمىدىنى ئۈزۈپ ئالدىدىكى دەقىقىگە باغلىدى ، ئۇ قىزنى نەزىر ئۇستىدە ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالماقچى بولدى .

ئىفىگېنىيە ئانىسىنىڭ يىغلىماسلىقىنى ئىلتىماس قىلدى . ئۇ-كىسىنىڭ قوللىرىنى سىقىپ قويۇپ ، مېھرابقا قاراپ بەھۇزۇر ماڭ-دى . ئانىسى يىغلىغان پېتى يەرگە يىقىلدى . لەشكەرلەر ئىفىگېنىيە-نىڭ باتۇرلۇقىغا ۋە تەمكىنلىكىگە ھەيران بولۇشۇپ ، قوشۇندىن ھېس-داشلىق سادالىرى كۆتۈرۈلدى . ھۆكۈما كالكاس ئۆتكۈر شەمشەرنى ئېلىپ مېھراب ئالدىدىكى ئالتۇن قۇتا ئىچىگە قويدى . دەل مۇشۇ چاغدا ، تولۇق قوراللانغان ئاكىللېس قولىدا قىلىچ ، ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلدى . ئەمما ، ئۇ ئىفىگېنىيەنىڭ قەتئىي

چىرايىنى كۆرۈپ ، قارارىدىن تەۋرىنىپ قالدى - دە ، قولىدىن قىلىچ چۈشۈپ كەتتى . كالكاس ئالتۇن قۇتىنى قولىغا ئېلىپ ، پىچىرلاپ تۇرۇپ :

— ئەي ئارتېمىس ، ئۇلۇغ تەڭرىچە ! بۇ مۇقەددەس قۇربانلىقنى قوبۇل قىلىڭ ، ئىپپەتلىك قىزنىڭ قېنىنى قوبۇل قىلىڭ ! كېمە قوشۇنىمىزنىڭ سەپىرى ئوڭۇشلۇق بولغاي ، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسى بىزگە يار بولغاي ، — دەپ دۇئا قىلدى .

كۆپچىلىك دۇئا ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، كالكاس شەمشىرىنى قىزنىڭ بوينىغا توغرىلىدى . دەل شۇ چاغدا مۆجىزە يۈز بەردى : قان ئىچىدە جان تالىشىپ ياتقان بىر قىزىل مارال پەيدا بولدى ، ئەسلىدە ئوۋچى تەڭرىچىسى ئارتېمىس ئىفىگېنىيەنى ئېلىپ كەتكەنىدى . شۇ ئەسنادا كۈچلۈك شامال چىقتى . يۇنانلىق سەركەردە - سەرۋازلار ئاتلىنىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەنىدى . ئاگامېمنون دەرھال بارگاھىغا قايتتى . خانىش مىكىنەيگە قاراپ يولغا چىقىپ كەتكەنىدى . ئۇ قىزى-نىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ پەقەت بىر ئېغىزلا گەپ قىلدى . ئۇ مۇنداق دېدى :

— مەن قىزىمنى ئەمدى كۆرەلمەيمەن . ئېرىم بەختىمنى ۋەيران قىلدى . بۇ قاتىلنى ئەمدى كۆرەر كۆزۈم يوق !

شۇ كۈنى يۇنانلىقلارنىڭ كېمە قوشۇنى يولغا چىقتى . كۆپ ئۆتمەي ئۇلار كىروسې دېگەن كىچىك ئارالدا قورۇقلۇققا چىقىپ ، ئىچىشكە سۇ تولۇقلىدى . ھېراكلېسنىڭ سەپدىشى — مەرگەن پىلوك-تېتېس ئافىناغا ئاتاپ سالغان ، لېكىن بۇزۇلۇپ كەتكەن بىر خانىقانى كۆرۈپ قالدى . ئۇ نەزىر - چىراغ قىلماقچى بولۇۋىدى ، خانىقانى ساقلاپ ياتقان چوڭ بىر يىلان ئۇنىڭ پۇتىنى چېقىپ جاراھەتلەندۈرۈپ قويدى . شۇنىڭدىن كېيىنكى دېڭىز سەپىرىدە ئۇنىڭ داد - پەريادى ۋە جاراھىتىدىن بىقسىپ تۇرغان سېسىقچىلىق دەستىدىن كېمىدىكى-لەر پاراكەندە بولۇپ كېتىشتى . سەركەردىلەر مەسلىھەتلىشىپ ، پۈ-تۈن قوشۇندىكىلەرنىڭ خاتىرجەمسىزلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئې-لىش ئۈچۈن پىلوكتېتېسنى لىنوس ئارىلىغا تاشلىۋېتىشنى قارار

قىلىشتى . ئۇلار بىر تەڭداشسىز ئوقياچىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىدى .

شۇ كۈنى كېچىسى چەبدەس ئودىسسوس قېيىقنى قىرغاققا ھەيدەپ كېلىپ ، قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان بىمارنى يۈدۈپ قاقاس ئارالغا چىقتى . ئۇنىڭغا ئازراق يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك قويۇپ قويدى . ئودىسسوس كېمىگە چىققاندىن كېيىن كېمە شامالدەك تېز يۈرۈپ كەتتى ۋە ئالدىدىكى كېمە قوشۇنىغا يېتىشىۋالدى .

ئۇلار كىچىك ئاسىيا دېڭىز قىرغاقلىرىغا ئوڭۇشلۇق يېتىپ كەلدى . بىراق ، ئۇلار يەر شارائىتى بىلەن تونۇش بولمىغاچقا ، تىرو- يادىن يىراقلاپ مىزىيە دېگەن جايغا كېلىپ قالدى . كېمە قوشۇنى شاماللارنىڭ ئۇرۇشى بىلەن مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغانىدى . ئۇلار لەڭگەر تاشلاپ توختىدى ۋە دېڭىز قىرغىقىغا تارقالغان لەشكەرلەرنى كۆرۈشتى . لەشكەرلەر پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى . يۇنانلىقلار بۇ يەرنىڭ پادىشاھىنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتە قىلمىدى . ياۋايى ئادەملەرنىڭ سوئاللىرىغىمۇ جاۋاب بېرىشمىدى . قىرغاقنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەرگە ھۇجۇم قىلىشتى . ئازغىنە لەشكەر قېچىپ كەتتى . ئۇلار پادىشاھ تېلېفوسقا زور بىر تۈركۈم دۈشمەن قوشۇنى ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلىكىنى ، دۆلەت چېگ- راسىغا تاجاۋۇز قىلىپ ، دېڭىز قىرغاقلىرىنى بېسىۋالغانلىقىنى مە- لۇم قىلدى .

مىزىيەنىڭ پادىشاھى تېلېفوس ئىدى . ئۇنىڭ ئۆزىمۇ يۇنانلىق ئىدى . ئۇ شۇئان پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوراللىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ، ياۋغا تاقابىل تۇرۇشقا ھازىرلاندى . ئۇ كاتتا قەھرىمان ھې- راكلېسنىڭ ئوغلى ئىدى . ئۆزى باتۇر ھەم جەڭگە ماھىر ئىدى . ئۇ جەڭدە يۇنانلىق باتۇر تېرساندېرنى ئۆلتۈردى ، لېكىن ئۆزى ئاكىل- لېسنىڭ نەيزىسىدە يارىلاندى . ھەر ئىككى تەرەپتە يېڭىش - يېڭىلىش كۆرۈلمىدى . جەڭ قاراڭغۇ چۈشكۈچە داۋام قىلىپ ، ئاندىن ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرىنى يىغىۋېلىشتى .

ئىككىنچى كۈنى ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىپ ،

ئۇرۇشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن قۇربان بولغان لەشكەرلەرنىڭ جەسەتلىرىنى دەپنە قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. يۇنان- لىقلار تېلېفوسنىڭ ئىسىلزادە نەسەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران بولۇشتى. تېلېفوسمۇ ئۆز قولىنىڭ ئۆز يۇرتلۇقلىرىنىڭ قېنى بىلەن بويالغانلىقىنى ھېس قىلدى. يۇنان قوشۇنىدىكى ئۈچ شاھزادە ھېراك- لېسنىڭ پۇشتى ئىدى. ئۇلار مىزىيەنىڭ ئەلچىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قېرىندىشىنى كۆرگىلى باردى ۋە قېرىندىشىغا ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيە- تىنى، كىچىك ئاسىياغا نېمىشقا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ كې- لىپ، يۇنان بىرلەشمە قوشۇنىغا قاتنىشىش توغرۇلۇق ئۇنىڭغا نەسى- ھەت قىلدى.

تېلېفوس ئاكىللېس تەرىپىدىن يارىدار قىلىنغىنى ئۈچۈن ئورنى- دىن ناھايىتى تەستە تۇرۇپ، ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مەن پىرىئامغا قارشى چىقمايمەن. ئۇ بىر ھۆرمەتكە لايىق مويسىپىت. مېنىڭ خوتۇنۇم ئۇنىڭ قىزى بولىدۇ. لېكىن، مەن سىلەرگە قارشى تۇرمايمەن. سىلەر مېنىڭ يۇرتلۇقلىرىم، سىلەرگە بىر قوشۇن ھەم كېرەكلىك لەشكىرى ئەسلىھەلەرنى بېرەي. مەن ھەر ئىككى تەرەپكە قاتناشمايمەن.

ئۈچ شاھزادە ئۆزلىرىنىڭ دوستانە كۆتۈۋېلىنغانلىقىنى يۇنانلىق- لارغا مەلۇم قىلدى. ئۇلار لەشكىرى كېڭەش ئۆتكۈزۈپ دەرھال ئەيئاس بىلەن ئاكىللېسنى تېلېفوستىن ھال سوراشقا ئەۋەتتى. ئاكىل- لېس پادىشاھنىڭ ئازابلىق ھالىتىنى كۆرۈپ نادامەت چېكىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەتتى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ سەمىمىيىتىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ئاغرىق ئازابىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ئۇلارغا كاتتا زىياپەت بەردى. تېلېفوس ئاگامېمنون بىلەن مېنېلائوسنى ئۆز ئور- دىسىغا تەكلىپ قىلدى. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن تېلېفوسنىڭ يارىسىنى داۋالاشقا دۇنياغا مەشھۇر تېۋىپ ماكائوننى ۋە بودالىدىئوسنى ئېلىپ كەلدى.

ئاكىللېسنىڭ نەيزىسىنىڭ ئۇچى پەۋقۇلئاددە كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭدىن قالغان جاراھەتنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايد-

تى . تېۋىپلار ئۇنىڭغا ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتەلەيدىغان دورىلارنى
بەردى . پادىشاھ ئۇلارغا ناھايىتى ياخشى تەكلىپلەرنى بەردى . تىرويا-
نىڭ توغـرا ئورنىنـى ۋە قىرغاقـقا چىقىشتىكى بىردىنبىر ياخشى
جاي — سىكاماندىر دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزى ئىكەنلى-
كىنى دەپ بەردى .

يۇنان ئەلچىلىرى كەتكەندىن كېيىن ، تىرويالىقلار ئەندىشىگە
چۈشۈپ قالغانىدى . ھەممىسى ئۇرۇشنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىدىن
تەشۋىشتە ئىدى . دەل مۇشۇ چاغدا پارس ئۆزىنىڭ گۈزەل خوتۇنى
ھېلېننى ۋە يولغا چىققاندا ئېلىپ كەتكەن كېمە قوشۇنىنى باشلاپ
قايتىپ كەلدى . پادىشاھ بۇ شۇم تەلەت كېلىننى ياقتۇرمىدى . ئۇلار
كىشىلەرنىڭ لەنەت - نەپرىتىگە قالدى . ئەمما ، ئوردىدىكىلەر ئۇلارنى
ئېپ قالدى . چۈنكى ، زور كۆپچىلىك شاھزادىلەر ياش ھەم ئۇرۇشقاق
ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە پارس ئۇلارغا زور تۈركۈمدىكى مال - دۇنيا
ۋە بىر - بىردىن چىرايلىق كېنىزەكلەرنى بېرىشكە ۋەدە قىلغانىدى .
پادىشاھ ھېلېننىڭ تىروياغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كەلگەن - كەل-
مىگەنلىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ھېكابانى ئۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى .
ھېلېن ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تىرويالىقلارنىڭ ئەجدادلىرىغا ئوخشاش
زېۋىسقا باغلىنىدىغانلىقىنى ، بۇ يەرگە كېلىشى ئۆز ئىختىيارلىقى
بىلەن بولسىمۇ ، پارسنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ، ناۋادا قايتۇرۇ-
ۋېتىلسە ، يۇنانلىقلارنىڭ ئۇنى ھەرگىز كەچۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى .
ھېلېن ھېكابانىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ يىقىلدى . ھېكابا ئۇنى مېھرىبان-
لىق بىلەن يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدايدىغان-
لىقىنى ، زىيان - زەخمەتكە ئۇچراتمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ھېلېن
تىرويا شەھىرىدە بىر مەھەل راھەت - پاراغەتتە ياشىدى ، خەلق ئاستا-
ئاستا ئۇنىڭ گۈزەلـلىكىگە مەپـتۇن بولۇپ ، ئۇنـى تەرىپلەيدىغان
بولدى .

يۇنان كېمە قوشۇنى تىرويا شەھىرىگە قىستاپ كېلىپ قالغانىدى-
مۇ ، ھېچكىم ھېلېننى تىرويا شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى ئوتتۇ-
رىغا قويمىدى . كۆپچىلىك ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى .

ئۇلارنىڭ لەشكىرىي كۈچ ۋە قورال ـ ياراغ جەھەتتە يۇنانلىقلارغا تەڭ كېلەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى . شەھەرنى ساقلاپ قېلىش ئۇمىدى چوڭ ئىدى . ترويالىقلارنىڭ ئۇزاق بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە يۇنانلىق- لارنى ھۇجۇم بىلەن چېكىندۈرەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتەتتى . پىرئام ياشىنىپ قالغاچقا ، جەڭگە چىقالمايتتى . بىراق ، ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان ياشتىكى ئەللىك ئوغلى بار ئىدى . بالىلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ باتۇرى ھېكتور ئىدى . ئۇنىڭدىن قالسا دېيفوس ، ئۇنىڭدىن قالسا كۇيۇئوغلى ئانېئاس ئىدى . ئۇ مۇھەببەت تەڭرىچىسى ئافرودىتىنىڭ ئوغلى ئىدى . مەرگەن پانداراس بىر قوشۇنغا باش ئىدى . بۇنىڭدىن باشقا بىرنەچچە ئىتتىپاقداش قوشۇنلار بار ئىدى .

يۇنانلىقلار ترويا شەھىرىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە قۇرۇقلۇققا چىق- تى . قىرغاققا چىققانلار ئىلگىرى ـ كېيىنلىك رەت تەرتىپى بويىچە قارارگاھ تىكتى . ئوخشاش بولمىغان دۆلەت قوشۇنلىرى ئوخشاش بولمىغان كۈچلەرگە ئايرىلدى . ئوخشاش بولمىغان تەبىقىدىكىلەر ئوخشاش بولمىغان لەشكىرى قارارگاھلارغا ئورۇنلاشتى . ئالدىغا توپا دۆۋىلەپ قويۇلغان ئۇرۇش كېمىلىرىدىن قەلئە ھاسىل بولغانىدى . لەشكەرلەر ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلاتتى . ئوزۇق ـ تۈلۈك بىر تۇتاش تەقسىم قىلىناتتى . ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇل- غانىدى . شۇ چاغدا لەشكىرى ئىشلاردا ئاتلىق ئەسكەر ئىشلىتىلمەيت- تى . ئادەتتە لەشكەرلەر يەڭگىل قوراللىنىپ پىيادە جەڭ قىلاتتى . سالاھىيىتى يۇقىرىراقلىرى جەڭ ھارۋىلىرىغا چۈشۈپ جەڭگە قاتنى- شاتتى . ھەرقايسىسىنىڭ جەڭ ھارۋىلىرى ئوخشىمايتتى . جەڭ باش- لانغاندا ، كاتتا پالۋانلارنىڭ جەڭ ھارۋىسى ياۋ سېپىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ھەممىشە ئەڭ ئالدىدىكى سەپتە تۇراتتى .

يۇنانلىقلار قارارگاھ قۇرغان يەر بىلەن ترويا شەھىرى ئوتتۇرى- سىدا بىر پارچە چوڭ تۈزلەڭلىك بار ئىدى . بۇ تۈزلەڭلىك جەڭگاھقا تازىمۇ مۇۋاپىق جاي ئىدى . ترويا شەھىرىنىڭ سېپىلى ئېگىز ، تۆت ئەتراپى تاغ ئىدى . پەقەت ئىككى قوۋۇق ئارقىلىق شەھەرگە كىرگىلى بولاتتى . ساقلىماق ئاسان ، ھۇجۇم قىلىپ ئالماق تەس ئىدى . قۇرۇ-

لۇشلار ئاساسەن تۆپىلىككە جايلاشقان ، كوچىلىرى گىرەلىشىپ كەت-كەندى . شەھەرنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدە زېۋۇس مەبۇدى بار ئىدى . ئېدى تېغى شەھەرنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئىدى . بۇ پارس كىچىك چېغىدا مال باقىدىغان جاي ئىدى . تاغنىڭ ئېگىز قىسمى گارگارون دەپ ئاتىلاتتى . ئوڭ - سول تەرەپتە سىگاۋىن ۋە رودېۋىن يېرىم ئاراللىرى يېيىلىپ ياتاتتى .

جەڭ باشلىنىشتىن ئىلگىرى يۇنانلىقلار بىر ئەزىز مېھماننى كۇتۇۋالدى . بۇ مېھمان مىزىيە پادىشاھى تېلېفوس ئىدى . ئۇنىڭ ئاكىللېس يارىلاندۇرغان پۇتى شىپا تاپماي كېلىۋاتاتتى . ئۇ ئازابقا چىدىماي ئاپوللوغا دۇئا - تىلاۋەت قىلدى . تەڭرىدىن ئۇنىڭغا : جارا-ھەتنى نەيزىنىڭ ئۇچى ساقايتىدۇ دەپ ۋەھىي كەلگەنىدى . ئۇ بۇ ۋەھىينىڭ مەنىسىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ ، يەنىلا شۇ نەيزىنىڭ ئىگىسىنىڭ يېنىغا كەلدى . ياش قەھرىمان تېلېفوسنىڭ ئازابلىق ھالىتىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئۆكۈندى ۋە ئۇنىڭغا خەير-خاھلىق قىلدى . ئاكىللېس ھەسرەتلەنگەن ھالدا نەيزىسىنى تېلېفوس-نىڭ پۇتىنىڭ يېنىغا قويدى . لېكىن ، ئۇلار ئامالسىز قارىشىپ تۇراتتى . كۆپچىلىك قوشۇن ئىچىدىكى مەشھۇر تېۋىپنى چاقىرىپ كەلدى . ئۇ ئاپوللو بەرگەن ۋەھىينىڭ مەنىسىنى چۈشەندى - دە ، نەيزىنىڭ ئۇچىدىن بىرمۇنچە قىرىپ جاراھەتكە چاپلاپ قويدى . مۆجى-زە يۈز بەردى . جاراھەت دەرھال ساقىيىپ كەتتى !

تېلېفوس ئاغرىق ئازابىدىن ئاخىر قۇتۇلدى . ئۇ خۇشال - خۇرام ھالدا ئۆز كېمىسىگە چىقىپ ماڭدى ۋە ئۇلارغا چىن قەلبىدىن مىننەت-دارلىق بىلدۈرۈپ بەخت تىلىدى . ئۇ تىرويادىن شۇ ھامان ئايرىلمىسا بولمايتتى . ئۇنىڭ قەدىردان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئۆزى ھۆرمەتلەپ كېلىۋاتقان دوستلىرى ئارىسىدا پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ئۇرۇشنى كۆرگۈسى يوق ئىدى .

# تىروي ھەققىدە ھېكايە (2)

## ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ

يۇنانلىقلار پادىشاھ تېلېفوسنى ئۆزىتىپ قويغان چاغدا، تىرويا شەھەر دەرۋازىسى تۇيۇقسىز ئېچىلىپ، تىرويا قوشۇنلىرى خۇددى كەلكۈندەك تەييارلىقسىز تۇرغان يۇنانلىقلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى. يۇنانلىقلار بىر پەس چېكىنگەندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا تەشكىللىنىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىرىنچى قېتىملىق جەڭ باشلىنىپ كەتتى.

لەشكىرى بارگاھلىرىنى دېڭىز ياقىسىدىن يىراقراق جايغا ئورۇنلاشتۇرغان ئارگوسلۇقلار دۈشمەنگە قارشى ئاتلاندى. تىروياللىقلارغا ھېكتور باش ئىدى. ئۇ بارغانلا يېرىدە نۇسرەت قازاندى. ھېكتوردىن يىراقتىكى جايلاردا يۇنانلىقلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى. ئانېئاس يۇنانلىقلارنىڭ ياش باتۇرى پىروتېسلائوسنى ئۆلتۈردى. ئاكىللېس ئۆزى يارىلاندۇرۇپ قويغان پادىشاھ تېلېفوسنى ئۆزىتىپ قويۇپ جەڭ مەيدانىغا قايتىپ كېلىپ، قامەتلىك ۋە باتۇر ئەيئاس بىلەن بىللە بوراندەك ئېتىلىپ بېرىپ تىروياننىڭ ئىككى شاھزادىسىنى يەر چىشلەتتى. تىروياللىقلار نائىلاج شەھەرگە چېكىندى. يۇنانلىقلار قايغۇ ئىچىدە قەھرىمانلارنى دەپنە قىلىشتى.

پىروتېسلائوسنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئاياغلاشماي تۇرۇپ، تىروياللىقلارنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنى ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇمنى باشلىدى. ئۇلارنىڭ پادىشاھى كوكنوس ئىدى. بۇ ئاق قۇ دېگەن مەنىدە.

ئۇ دېڭىز تەڭرىسى پوسېيدوننىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنى بىر يېگانە ئاق قۇ بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. ئۇ تىرويالىقلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى. ئۇ غەيرىي قوشۇنلارنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ، لەشكەر باشلاپ ھەمدەمگە كەلگەنىدى. ئۇ ئۆز قوشۇنىنى يۇنانلىقلارنىڭ بارگا- ھىغا يېقىن بىر جايدا پىستىرما قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. يۇنانلىقلار قورال- ياراغلىرىنى يېشىپ سەپداشلىرىغا تەزىيە بىلدۈرۈ- ۋاتقان چاغدا، كوكنوس ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى شىددەتلىك ھۇجۇم قوز- غاپ، يۇنانلىقلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغىن قىلدى. ھېلىمۇ ياخشى يۇنانلىقلارنىڭ بىر قىسمى تەزىيە مۇراسىمىغا قاتناشمىغانىدى. ئاكىللېس ئۇلارنى باشلاپ قېرىنداشلارغا ياردەمگە كەلدى. ئۇ نەيزد- سىنى ئوينىتىپ كوكنوس تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى-دە!

— كىمدىكىم بولساڭ ئۆلۈمىڭگە شۈكرى قىل. تېتىسنىڭ ئوغلى جېنىڭنى ئالىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئاكىللېس شۇنداق دەپ قولىدىكى نەيزىسىنى دۈشمىنىگە قارد- تىپ ئاتتى. لېكىن، نەيزە دۈشمەن كۆكسىگە سۇركىلىپ ئۆتۈپ يەرگە چۈشتى. ئاكىللېس بەك ھەيران قالدى. چۈنكى، رەقىبىگە نەيزە-قىلىچ كار قىلمايدىغاندەك قىلاتتى.

— ھەيران قالمىغىن، — دېدى كوكنوس مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — ساۋۇت مەن ئۇچۇن بىر زىبۇ-زىننەت، مېنىڭ جىمى ئەزايىم پولاتتىن قاتتىق. ساۋۇت كىيمىسەممۇ ھېچقانداق نەرسە ماڭا زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى، مەن بارلىق دېڭىز-ئوكيانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى پوسېيدوننىڭ ئوغلى!

ئۇ شۇنداق دەپ نەيزىسىنى ئاكىللېسقا قارىتىپ ئاتتى. ئاكىل- لېس نەيزىنى قالقىنى بىلەن توسۇۋالدى. ئۇ كوكنوسقا ئارقا- ئارقىدىن نەيزە ئاتتى. كوكنوس يەنىلا زەخىملەنمىدى. ئاكىللېس غەزەپ ئاچچىقىدا ئېغىر قالقىنىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، كوكنوسنىڭ كاللىسىغا سالدى. كوكنوسنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، يەرگە يىقىلدى. ئاكىللېس ئۇنى مەيدىسىدىن تىزلاپ، دۇبۇلغىسىنىڭ تاس- مىسى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈردى. پادىشاھنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن

قوشۇن روھى چۈشۈپ ، ئالاقزادە بولۇپ پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى . جەڭگاھنى جەسەتلەر قاپلاپ كەتكەندى . ئارگوسلۇقلار ئۆلۈپ كەتكەن سەپداشلىرىغا تەزىيە بىلدۈرۈپ ھەم لەھەت كولاپ ئۆلارنى دەپنە قىلىشتى .

بۇ قېتىمقى دەھشەتلىك جەڭدىن كېيىن ، دانائوسلار كوكنوس-نىڭ ئېلىگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى . ئۇلارنىڭ باللىرىنى ئولجا ئورنىدا پايتەخت دەرۋازىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن يېقىن ئارىدىكى كارا شەھىرىگە تېگىش قىلدى . نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ ، ئېھتىيات بىلەن ساقلاۋاتقان ئۆز بارگاھىغا قايتىپ كېلىشتى . ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى ۋاقىتىنچە جەڭنى توختاتتى . ئاپوللو يۇنانلىقلارغا ئۆزىنىڭ مەبۇدى ئالدىدا يۇز تۇياق مالنى قۇربانلىق قىلىش توغرىسىدا ۋەھىي چۈشۈردى ھەم قۇربانلىق ماللارنى ئېلىپ كېلىشكە پالامېدېسنى بەلگىلىدى . پالامېدېس يۇنان بويىچە ئەڭ ئەقىللىك شاھزادە ئىدى . ئۇ ئودىسسوسنىڭ ساراڭ بولۇۋېلىشتەك ھىيلىسىنى ئاشكارىلىۋەتكەچكە ، ئودىسسوس ئۇنىڭغا ئۆچ - ئاداۋەت ساقلاپ يۈرەتتى .

پالامېدېس قۇربانلىق ماللارنى يەتكۈزۈپ بەرگىلى كەتكەندە ، ئودىسسوس بىر ئاز ئالتۇننى ئۇنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويدى ھەم پىرئامنىڭ نامىدا بىر پارچە خەت يازغان ، لەشكىرى مەخپىيەتلىكنى سېتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن پالامېدېسقا رەھمەت ئېيتقانلىقى خەتتە بايان قىلىنغانىدى . ئەمەلىيەتتە ، قۇياش تەڭرىسى پالامېدېسنى مۇشۇ ئىشقا تاللىغان ھەم ئۇنىڭغا شان - شەرەپ ئاتا قىلغانىدى . بۇ ئىش دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ، ئۇنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەشتۈرۈپ قويدى . ئودىسسوس بۇ خەت بىر قۇلنىڭ قولىغا چۈشكەن قىلىپ كۆرسىتىدۇ ھەم ئۇ قۇلنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . ئاندىن خەتنى لەشكىرى يىغىنىدا ئاشكارىلايدۇ ۋە پالامېدېسنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ . نەتىجىدە پالامېدېسنىڭ ئۆيىدىن ئالتۇن چىقىدۇ . شۇنىڭ بىلەن پالامېدېس تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ . ئۇ ھەممە سۆيە-قەستلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ ، لېكىن ئۆزىنى ئاقلاشقا ئامالسىز قالىدۇ .

ئۇستىبىشىغا يامغۇردەك تاش تەگكەن چاغدا، ئۇ:

— سىلەر ئەڭ پاراسەتلىك ھەم ئەڭ پاك بولبۇلنى ئۆلتۈرۈۋاتىسىلەر! — دەپ توۋلىدى.

ئودىسسوس ئۆچمەنلىك بىلەن يوغان تاش بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىغا بىرنى سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىشى ساڭگىلاپلا ئۆلدى.

پالامېدېس ئۆزىنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى ئەتراپىدىكىلەرگە چۈشەندۈرمىدى ھەم دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستىنى ئاشكارىلىمىدى. بىراق، ھەققانىيەت تەڭرىسى نېمېسىس ئاسمان راۋىقىدا بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇ يۇنانلىقلار بىلەن ئودىسسوسنى جازالاش قارارىغا كەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە، تىرويالىقلار دەم ئالغاچ كۈچ توپلىدى، ئۇلارنىڭ شەھەردىن چىقىپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشلىرى ناھايىتى ئاز بولدى. يۇنانلىقلار تاجاۋۇزچىلىقنى تىرويانىڭ ئەتراپىدىكى شەھەر - بازارلارغا ھەم ئىتتىپاقداش ئەللەرگە بۇرىدى. بۇ ئىشقا ئاكىللېس بىلەن تېلامونىنىڭ ئوغلى ئەيئاس ئەڭ كۆپ كۈچ چىقاردى. ئاكىللېس ھۇجۇم قىلىپ 23 شەھەرنى بېسىۋالدى. ئاپوللونىڭ كاھىنى كىرسېسنىڭ تەڭدىشى يوق گۈزەل قىزى كىرسېئىسنى ۋە پادىشاھ بىرسېئۇسنىڭ قىزى بىرسېئىسنى ئاكىللېس قولغا چۈشۈرۈپ، ئەڭ ئامراق قۇلىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ئاكىللېس تېبەي شەھىرىنىمۇ بويسۇندۇردى. ھېكتورنىڭ قېينئاتىسى ئېتىئوننى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ نۇرغۇن جاۋاھىراتلىرىنى بۇلاپ كەتتى، بىر ئارغىماققا ئېرىشتى. بۇ ئارغىماق ئۇنىڭ دۇلدۇلىدىن قېلىشمايتتى. ئۇ پادىشاھنىڭ قورال - ياراغ ئامبىرىدىن ناھايىتى چوڭ بىر تۆمۈر دىسكا تاپتى. ئۇنى دېھقانچىلىق سايمىنى قىلىپ ئۆزگەرتىش توغرا كەلسە، بىر دېھقاننىڭ بەش يىل ئىشلىتىشىگە يېتەتتى.

يۇنانلىقلارنىڭ يەنە بىر باتۇرى ئەيئاس كېرسونېستىكى پولىمىس خان ئوردىسىنى ئىشغال قىلىپ، نۇرغۇن بايلىق بىلەن پادىشاھنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى يولىدوروسنى قولغا چۈشۈردى. ئاندىن توتلاس پادىشاھلىقىغا بېسىپ كىرىپ، سەپ ئالدىدا پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ،

ئۇنىڭ چىرايلىق ھەم ئابرۇيلۇق قىزى تېكمېسانى تارتۇۋېلىپ قۇل قىلىۋالدى ھەم ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولدى. ئاكىللېس بىلەن ئەيئاس ئۇرۇش كېمىلىرىگە ئولجىلارنى لىق قاچىلاپ قايتىپ كەلدى، يۇنانلىقلار ئۇلارنى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىشتى. ئۇلار ئولجىلارنى ھەر-بىر لەشكەرگە تەقسىم قىلدى. ھەر ئىككىسى ئۆزلىرى ياقتۇرغان ئايال قۇللارنى ئېلىپ قېلىشتى. كىرسېئىس ئاگامېمنونغا تەقدىم قىلىنىپ، ئۇنىڭ خانلىق ھوقۇقىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈلدى. كۆپچىلىك مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئەڭ قىممەتلىك ئولجا پولىدوروسنى ھېلېنغا ئالماشتۇرۇشنى قارار قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئودىسسوس، دىئومېدېس ۋە ھېلېننىڭ ئېرى مېنېلائوس قاتارلىق ئۈچ كىشى ئەلچـى بولۇپ، پولىدوروسنـى ئېلىپ تىرويا شەھىرىنىڭ بازىرىغا كەلدى.

پىرىئام ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى شەھەردىن خېلى يىراق بىر قورۇق سېپىلىدا ئىدى. ئۇلار شەھەردە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. مېنېلائوس خالايىققا قاراپ پارىسنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ئەيىبلىدى. ئودىسسوس خالايىقنى ھېلېننى قايتۇرۇپ بېرىش بەدىلىگە تىنچ-لىققا ئېرىشىشكە دەۋەت قىلدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى خالايىقنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى. ئودىسسوس:

— بىزنىڭ ئۇرۇش ئارقىلىق قانداقتۇر بىرنەرسىگە ئېرىشىش خىيالىمىز يوق. پارس ئارگوسلۇقلارنىڭ بىر خانىشىنى ئالداپ ئې-لىپ كېتىپ، بىزنى ئار - نومۇسقا قويغان بولسىمۇ، لېكىن بىز يەنىلا پىرىئامنىڭ كىچىك ئوغلى پولىدوروسنى ھېلېنغا ئالماشتۇ-رۇشقا ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى. پېشقەدەم دانىشمەن ئانتېنور:

— بىز سىلەرنىڭ دېگەن گەپلىرىڭلارنى قۇۋۋەتلەيمىز. لېكىن، بۇنى تۈزىتىشكە قادىر ئەمەسمىز. چۈنكى، بىزدە پادىشاھنىڭ ھوقۇقى چەكسىز. بىز ئاقساقاللار يىغىنى چاقىرىپ، پىكرىمىزنى بىلدۈرد-مىز. شۇنداق قىلساق بۇنىڭغا پادىشاھمۇ ئارىلىشالمايدۇ، — دېدى.

ئاقساقاللار يىغىنىدا كۆپچىلىك پارسقا قارشى چىقتى. پارسنىڭ نۇرغۇن پارىنى ئالغان ئانتىماكوس پارسنى ئاقلىدى. ئۈچ ئەلچىنى

ئۆلتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ ئوغلىنى تارتىۋېلىشقا خەلقنى قۇتراتتى. خالايىق يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى. شۇ ئارقىلىق ئۇلار ئەلچىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئانتىماكوسنىڭ يولسىزلىقىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئانتىماكوس غەزەپلەنگەن پېتى بېرىپ، بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ دەرھال ئوردا يىغىنى چاقىردى. يىغىندا، گەرچە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا يەنىلا ھېلېننى تاپشۇرۇپ بەرمەسلىك قارار قىلىندى. پىرىئامنىڭ بىر قىزى ھېلېننىڭ ئورنىدا مېنېلائوسقا خوتۇنلۇققا بېرىلىدىغان، ھېلېن بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىلگەن بايلىقلارغا ھەسسىلەپ بايلىق قايتۇرۇلىدىغان بولدى.

بۇ قارار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مېنېلائوس سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ:

— لەنىتىلەر، مۇشۇنداق يولسىزلىق بولامدۇ، ياۋايىلارنىڭ قىزى ئۆزۈڭلەردە قالسۇن! مەن ئۆز رەقىبىمگە خوتۇن تاللاتقۇزمايمەن! ماڭا ياش ۋاقتىمدا ئۆزۈم ئالغان خوتۇن كېرەك! — دېدى.

ئاخىرىدا پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى — كىربوسانىڭ ئېرى ئانېئاس غەزەپلەنگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— تىرويالىقلارنىڭ ئادىمىنى يوق دەپ قالماڭلار. بىر پولىدوروستىن ئايرىلىپ قالغان بىلەن، پادىشاھنىڭ ئەللىك ئوغلى بار! سىلەر كۆزىمىزدىن يوقالمايدىكەنسىلەر، تىرويالىقلارنىڭ كۈچىنى بىلىپ قالىسىلەر! — دېدى. ئۈچ ئەلچى سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى يۇنانلىقلارغا يەتكۈزدى. ئۇلار غەزىپىنى باسالماي پولىدوروسنى سۆرەپ ئاچىقىپ، ئۇنى تاشبوران قىلىپ قىساس ئالدى. پادىشاھ پىرىئام ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قالايمىقان شاۋقۇن - سۈرەنلەرنى ئاڭلاپ سېپىلغا چىققاندا، پولىدوروس يامغۇردەك چۈشكەن تاش زەربىسىدە ئۆلگەنىدى. پولىدوروس ئۈچۈن شەرەپلىك دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، يۇنانلىقلار بالىنىڭ تىتىلىپ كەتكەن جەسىتىنى پىرىئامغا بەردى. پادىشاھنىڭ چاكىرى تىرويالىق پالۋان ئىدائوس بالىنىڭ جەسىتىنى كۆزلىرىنى ياشلاپ تۇرۇپ ئېلىپ كەلدى.

پولىدوروسنىڭ ئۆلۈمى ئىككى ئەلدە ئەسەبىيلەرچە ئۆچمەنلىك قوزغىۋەتتى . ئۇرۇش 10 - يىلىنىڭ بېشىغىچە داۋاملاشتى . ئەمدى تەڭرىلەرمۇ ئاشكارا ئۇرۇشقا ئارىلاشتى . ھېرا ، ئافېنا ، ھېرمېس ، پوسېيدون ، ھېپېستوسلار يۇنانلىقلار تەرەپتە تۇردى . ئۇرۇش تەڭرى- سى ئارېس ، ئافرودىت تىرويالىقلارغا ياردەم بەردى . شۇڭا ، شەھەرنى مۇھاسىرە قىلغانىنىڭ 10 - يىلى قوشاق قاتىدىغان ، بايان قىلىدىغان ئىشلار ئۆتكەنكى توققۇز يىلدىنمۇ ئېشىپ كەتتى . شۇڭا ، داستانىنىڭ پىرى ھومېر شۇ مەزگىلدىكى ئىشلارنى يەنى ئاكىللېسنىڭ ئاجايىپ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ، ئارگوسلۇقلارغا كەلتۈرگەن جەبىر - زۇلۇم- لىرىنى ئۆزىنىڭ ئۆلمەس داستانلىرىدا يازغانىدى .

يۇنانلىقلار تىرويالىقلارغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان بىر چاغدا ، قۇياش تەڭرىسىنىڭ كاھىنى كىرسېس تىنچلىق ھاسىسىنى تۇتۇپ كېلىپ ، قىزىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ تەڭرى- لەرنىڭ ھىمايىسىدە تىرويانى بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى . كۆپ- چىلىك ئۇنىڭ تەلىپىدىن بەك مەمنۇن بولۇشتى ، تەقدىم قىلغان ئالتۇننى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى . لېكىن ، ئاگامېمنون چىرايلىق خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قېلىشىقا ئۇنىماي ، كىرسېسنى قوغلىۋەتتى .

غەزەپلەنگەن ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن كاھىن دەريا بويىغا كېلىپ ، ئۆز ئېتىقادى بولغان تەڭرى ئاپوللوغا يۇنانلىقلاردىن ئۆچ ئېلىپ بېرىشنى تىلەپ :

— ئاپوللو ، سىمىنتوس مەن ئۇچۇن ئاكىيالىقلاردىن قىساس ئېلىپ بېرىشىڭنى ، ئوقيايىڭ بىلەن ئۇلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ- نى تىلەيمەن ! — دېدى .

ئاپوللو ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلاپ ، ھېكمەتلىك ئوقيا چىلاق- لىق سادانىنى مۈرىسىگە ئېسىپ ، قاپاقىلىرى چۈشكەن ھالدا يۇنانلىق- لارنىڭ قارارگاھىغا كەلدى . ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس ئوقى تەگكەن ئادەم بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەلگە دۇچار بولۇپ ناھايىتى تېزلا ئۆلۈپ كېتەتتى . ئۆلۈكلەرنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش مەيدانىدا يالقۇنلۇق

ئوت كېچە - كۈندۈز توختىماي كۆيدى .

ئۇنىنچى كۈنى ، قۇشلارنىڭ پەرۋاز قىلىشىغا قاراپ بىر ئىشلار-نى ئالدىن بىلگۈچى ھۆكۈما كالكاس يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇلارغا دەپ بەردى . يۇنانلىقلار لەۋزىگە ۋاپا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئاپوللو غەزەپلەنگەن . كىرسېئىس قايتۇرۇپ بېرىلسە ، گۇناھ-نى يۇيۇش ئۈچۈن ھەسسىلەپ سوۋغا تەقدىم قىلىنسا ، ئاندىن يۇقۇم-لۇق كېسەل تىزگىنلىنەتتى . ئاگامېمنون بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزىپى قايناپ تاشتى . ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ :

— سەن ھامان مەن بىلەن قارشىلىشىسەن ! توغرا ، مېنىڭ كىرسېئىسنى بەرگۈم يوق . ئۇ بەك ئوماق . كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە رازىمەن . بۇنىڭ ئورنىغا بىرنەرسە تولۇقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن ! — دېدى .

— ئولجىلىرىمىزنى تەقسىم قىلىپ بولدۇق ، — دېدى ئاكىل-لېس ، — تىرويا شەھىرىنى بويسۇندۇرساق ، شۇندىلا سەن نەچچە ھەسسە ئارتۇق تولۇقلىمىغا ئىگە بولىسەن .

ئەمما ، ئاگامېمنون ئۆز پىكرىدە تەرسالىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ :

— نېمىشقا مېنىڭ ئولجىلىرىمنى باشقىلارغا تەقسىم قىلىۋېتى-سىلەر ؟ ئولجىلارنى مەن سىلەردىن تارتىۋالىمەن ، — دېدى . ئاكىل-لېسنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى چاقناپ كەتتى ۋە :

— ھەي ، ئاچ كۆز شاھزادە ! ھەر قېتىم بىز جان تىكىپ ئېلىشىمىز ، ئەمما ئەڭ ياخشى ئولجىلار سېنىڭ بولىدۇ . ئەمدى سېنىڭ بايلىقىڭغا بايلىق قوشۇپ بېرىشكە رىغبىتىم يوق . مەن ئۆز يۇرتۇم فونىياغا كېتىپ ، يۇقرالاردەك تۇرمۇش كەچۈرىمەن ! — دېدى .

— خالىغىنىڭچە بولسۇن ، — دېدى ئاگامېمنون ، — مېنىڭ كۈرمىڭ باتۇرلىرىم بار . سەن بولمىساڭ ھېچ گەپ ئەمەس . مەن كىرسېىنىڭ قىزىنى قايتۇرۇۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا سېنىڭ بىر سىڭلىڭنى ئەكېلىۋالىمەن . سېنىڭدىن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىمنى ، بۇيرۇ-قۇمغا ھېچكىمنىڭ خىلاپلىق قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ قوي !

قاتتىق غەزەپلەنگەن ئاكىللېس قولىنى قىلىچنىڭ دەستىسىگە قويدى . ئۇ ئاترىموسنىڭ ئوغلىنى دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈستىدە ئىككىلىنىپ قالدى . توساتتىن باشقىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەس ئافېنا ئاكىللېسنىڭ قولىقىغا :

— قولاق سالما ! ئىمكان بار غەزىپىڭنى باس . ساڭا ئۈچ ھەسسىدىن كۆپ ئىنئام بېرىمەن ، — دەپ پىچىرلىدى .

ئاكىللېس ئاگامېمنوننى قاتتىق سۆكتى . جەڭگاھقا ئەمدى ئاياغ باسماسلىققا قەسەم قىلدى . ئەتراپتا تۇرغانلار نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ، ھەر ئىككىسى ئاڭلىمىدى . ئاكىللېس مېڭىش ئالدىدا :

— بىر ئايال ئۈچۈن ساڭا قارشى چىقىپ نامىمنى بۇلغىغۇم يوق . مېنىڭ باشقا مال - مۈلكۈمگە تەگمە ، بولمىسا نەيزەمنىڭ ئۇچى قېنىڭنى شورىۋالىدۇ ، — دېدى .

يىغىن تارقالغاندىن كېيىن ئاگامېمنون سوۋغا - سالاملارنى ۋە كىرسېسنى ئودىسسوسنىڭ نازارىتىدە يولغا سېلىپ قويدى . ئاندىن كېيىن ئىككى خىزمەتكارنى چاقىرتىپ كېلىپ ، ئۇلارنى ئاكىللېسنىڭ بارگاھىدىن بىرسېئىسنى ئەكېلىشكە بۇيرۇدى . ئۇلار بارگاھقا كەلگەندە ، ئاكىللېس قاپاقلىرىنى تۈرۈپ تالادا ئولتۇراتتى . ئۇ كەلگەنلەرنى ئوسال قىلىپ قويمىدى . بىرسېئىسنى چاقىردى . بىرسېئىسنىڭ كۆزى ئارقىدا قالدى . ئۇ ئۆزىنىڭ مۇلايىم غوجىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى . ئاكىللېس ئۆزى يالغۇز دېڭىز بويىدا ئولتۇرۇپ كۆز يېشى قىلدى ، ئانىسى تېتىسنىڭ ئۆزىگە ياردەم قىلىشىنى تىلىدى . تۇيۇقسىز دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۆزىنىڭ ياردەم تىلەپ زېۋسنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى ، زېۋسنىڭ ئېپوپېيەلىكلەرنىڭ نەزىرىگە كەتكەنلىكىنى ، شۇڭغىچە ئۇنى كۈتىدىغانلىقىنى ئاكىللېسقا دېدى .

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئودىسسوس كىرسېسنىڭ تۇرغان يېرىگە بېرىپ ، قىزىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى . كاھىنىنىڭ دىلى شادلىققا تولدى . ئۇ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاپوللونىڭ ئارگوسلۇقلارغا ئەۋەتكەن بالايىئاپەتنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى .

ئۆزاق ئۆتمەي يۇمۇقلۇق كېسەل يوق بولدى .

ئاكىللېس ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرغانىنىڭ 12 ـ كۈنى زېۋس ئولىمپىس تېغىغا قايتىپ كەلدى . تەڭرىچە تېتىس ۋەدىسىنى ئېسىدىن چىقارماي دېڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ زېۋسنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇ زېۋسـنىڭ تىزىنى قۇچاقلاپ يېلىنغان تەلەپپۇزدا ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرـدى . تېتىس :

— ئاتا ، مېنىڭ تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىپ بېرىڭ . بالام ئاگاـمېمنوننىڭ ھاقارەت قىلىشىغا ئۇچرىدى . تىرويالىقلارنى غالىب قىـلىڭ . ئوغلۇم تېگىشلىك شان ـ شەرەپكە سازاۋەر بولسۇن ، — دېدى .

زېۋس خىيالغا پېتىپ بىرھازاغىچە جىمجىت ئولتۇردى . تېتىس يەنە زېۋسنىڭ تىزىنى قۇچاقلاپ پەس ئاۋازدا :

— ئاتا ، تەلىپىمنى رەت قىلماڭ . سىزنىڭ مېنى ئەڭ ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ قالماي ! — دېدى .

— تەلىپىڭگە ماقۇل دەي ، لېكىن سەن بۇ يەردىن دەرھال كەت . بۇ ئىشنى ھېرا بىلىپ قالمىسۇن ، — دېدى زېۋس ئاخىر تېتىسنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ .

ئەمما ، بۇ ئىشنى ھېرا يەنىلا بىلىپ قالدى ـ دە ، يۈگۈرۈپ كېلىپ غوۋغا كۆتۈردى . زېۋس ئۇنىڭغا :

— سەن مېنىڭ قىلغان قارارىمنى تاپالايمەن دەپ ئويلىما ! بۇيرۇقۇمغا ئەمەل قىل ، — دېدى .

ھېرا ئېرىنىڭ ، تەڭرىلەر ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بولۇپ ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا پېتىنالمىدى . زېۋس تېتىسنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغاندىن كېيىن ، چۈش تەڭرىسىنى ئاگامېمنوننىڭ بارگاھىغا ئەۋەتتى . ئۇنىڭغا تىرويالىقلارنى بويسۇندۇرۇشنىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى . ئاگامېمنون ئويغىنىپلا دەرھال سەركەردىلەر يىغىنى چاقىرىپ ، ئۇلارغا چۈشىنى ئېيتتى ۋە ئۇلارنىڭ روھى چۈـشۈپ كېتىۋاتقان قوشۇنىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىـقىنى ئېيتتى .

پۈتكۈل لەشكەرلەر توپلاندى . ئاكىللېس كۆپچىلىكنى ئۆزاققا

سوزۇلۇپ كەتكەن بۇ ئۇرۇشنى قىلماسلىققا، ئۇلارنى كېمىلەرگە چىقىپ ئۆيلىرىگە قايتىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭ گېپى لەشكەرلەردە يۇرتىغا قايتىش خىيالىنى قوزغىدى. نەتىجىدە ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن دېڭىز بويىغا بېرىپ، كېمىلەرگە چىقىپ تىروييادىن كەتمەكچى بولۇشتى. ئودىسسوسنىڭ باشچىلىقىدا شاھزادىلەر خالايىقنىڭ ئارىسىدىكى غەلىيانچىلارنى توستى. كۆپچىلىك يەنە مەيدانغا يىغىلدى. قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەت ئۆتكۈزدى. ئودىسسوس ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— بىز جەڭگاھتىن قاچقان قورقۇنچاقلاردىن بولساق بولمايدۇ. زېۋس بەرگەن ھاسىنى كىم تۇتقان بولسا، قالغانلار شۇنىڭغا بويسۇنۇشى كېرەك! — دېدى.

پەقەت يۇتى ئاقساق، ئۆزى دومچەك بىرەيلەنلا چىرقىراپ تۇرۇپ:

— ئەي ئاگامېمنون، ئۆيۈڭدىكى ئالتۇن - كۈمۈش ۋە چىرايلىق سەتەڭلەر ساڭا يەتمىدىمۇ؟ نېمىشقا بىزنى يۇرتىمىزغا قايتقىلى قويمايسەن؟ — دېدى. تىرتېس ئىسىملىك بۇ ئادەم قوشۇن ئىچىدىكى ئەڭ سەت، ئەڭ چاتاقچى ئادەم ئىدى.

ئودىسسوس ھاسا بىلەن ئۇنىڭ دومچەك دومبىسىگە بىرنى سالدى، ئۇنىڭغا زۇۋاننى يىغىشنى ئېيتتى. ئەتراپتىكىلەر خۇشال بولۇپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئودىسسوس نۇتقىنى باشلىدى:

— بىز ھەممىمىز يۇرتىمىزنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزنى سېغىنىمىز، لېكىن بىز باشتا يۇرۇش قىلغان ۋاقتىمىزدىكى قەسىمىمىزنى ئۇنتۇپ قالالمايمىز. بىز يەتكۈچە ئازاب تارتتۇق! سىلەر مۇشۇنداق قايتىشتىن نومۇس ھېس قىلمامسىلەر؟ يۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن زېۋسنىڭ بىزگە بەرگەن بېشارىتى ھېلىمۇ بىزنىڭ يادىمىزدا. بېشارەتتە: سىلەر تىروياىلىقلار بىلەن توققۇز يىل جەڭ قىلىسىلەر، ئاندىن تىروياىنى بويسۇندۇرىسىلەر دېيىلگەن. ھازىر 10- يىلى يېتىپ كەلدى. بىز غەلىبە قىلغان ئاشۇ كۈننى كۆرگۈچىلەر يوقمۇ؟ — دېدى.

يۇنانلىقلار ئالقىش ياڭراتتى . لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتى ئاشتى . ئارقىدىن ئاگامېمنون سۆزلىدى .

— زېۋس مېنى كولدۇرلاتتى . ئاكىللېسنى غەزەپلىك قىياپەتكە كەلتۈرۈپ قويدى . ئىككىمىز كېلىشىپ قالساق ، ترويا شەھىرى ناھايىتى تېزلا قولىمىزغا كىرەتتى . ھەممىمىز قورساقلىرىمىزنى تويغۇزايلى ، نەيزە - قالقانلىرىمىزنى ھازىرلاپ ، جەڭگە تەييارلىق قىلايلى . قورقۇنچاقلار يۇرتىغا قايتسا قايتىۋەرسۇن ، — دېدى ئۇ . ئاگامېمنون بىر بۇقىنى سويۇپ زېۋسقا ئاتاپ قۇربانلىق قىلدى ھەم ئاكىيانىڭ ئاقسۆڭەكلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ ، ئۇرۇش تەييارلىقىغا چۈشتى . يۇنانلىقلار ئالقىش كۆتۈردى . بارگاھلىرىغا قايتىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى . ئاندىن سەپ - سەپ بولۇپ جەڭگە چىقىپ ، تۇزلەڭ- لىككە قاراپ يېيىلدى . سۇرلۇك ئاگامېمنون پۈتۈن قوشۇنغا باشچى- لىق قىلدى .

ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى يېقىنلىشىپ جەڭ باشلىنىش ئالدىدا ، ترويالىقلارنىڭ ئىچىدىن پارس ئىرغىپ چىقتى . ئۇ بېلىگە قاپلان تېرىسىدىن جەڭ پەرتۇقى تارتقان ، مۈرىسىگە ئوقيا ئاسقانىدى . مىس- تىن ئۇچلانغان ئىككى نەيزىنى ئوينىتىپ ، يۇنانلىقلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ باتۇر پالۋاننى يەكمۇيەك جەڭگە چاقىردى . مېنېلائوس سەپتىن ئېتىلىپ چىققاندا ، پارس ئالاقزادە بولۇپ ، كىشىلەر توپىغا چېكىن- دى . ئاچچىقى كەلگەن ھېكتور :

— مەن سېنىڭ ھېلىن بىلەن توي قىلىشتىن بۇرۇنلا ئۆلۈپ كېتىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتىم ! ھۇ قورقۇنچاق ، سېنىڭ ئالدامچىلىق- تىن باشقا ھۈنىرىڭ يوق ئىكەن . ئارگوسلۇقلارنىڭ سېنى زاڭلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ ، سەن ئايالىنى تارتىۋالغان رەقىبىڭ بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىڭ ! — دېدى ۋارقىراپ .

— مېنى ئەيىبلىشىڭ ئادىل بولمىدى ، — دېدى پارس جاۋاب بېرىپ ، — مېنىڭ جەڭ قىلىشمنى كۆرمەكچى بولساڭ ، يۇنانلىقلار- غا ئېيت ، مەن مېنېلائوس بىلەن دۇئېلغا چىقىمەن . كىم يەڭسە

ھېلېن شۇنىڭغا مەنسۇپ . ئاندىن كۆپچىلىك قايتىدۇ ، ئەمدى ئۇرۇش بولمايدۇ .

ھېكتور پارىسنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا ھەيران بولدى . ئۇ ئۆز قوشۇنىنى ئىلگىرىلەشتىن توستى . ئاندىن پارىسنىڭ تەكلىپىنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزدى .

بىردەمدىن كېيىن يۇنان قوشۇنى شۇك بولۇپ قېلىشتى . ئارقىدىن مېنېلائوسنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى :

— ئۇنىڭ مەن بىلەن ھايات - ماماتلىق جەڭ قىلىشىغا قوشۇلىمەن ، — دېدى ئۇ ، — قالغانلار تىنچ - ئامان قايتىپ كەتسۇن .

كۆپچىلىك بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولۇشتى . چۈنكى ، ئۇرۇشنىڭ ئاياغلاشمىشىغا ھەممەيلەن تەقەززا ئىدى . جەڭ ھارۋىسىدىكى نولاقچىلار ئاتلارنىڭ تىزگىنىنى تارتىشتى ، پالۋانلار دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى يېشىشتى . ھەر ئىككىلا تەرەپ قۇربانلىق ئەكېلىش ئۈچۈن ئەلچى ماڭدۇردى . پىرئامنى گۇۋاھ بولۇشقا تەكلىپ قىلىشتى .

تەڭرىنىڭ ئەلچىسى ئىرىس دەرھال تىروياغا كېلىپ ، پىرئامنىڭ قىزى لائودىكىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ھېلېنغا :

— سىزنىڭ ئىككى ئېرىڭىز دۇئېل ئارقىلىق سىزنىڭ كىمگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىڭىزنى بەلگىلىمەكچى بولۇۋاتىدۇ ، — دېدى .

تەڭرىچە شۇنداق دەپ كۆزدىن غايىب بولدى . تەڭرىچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، ھېلېننىڭ كۆڭلى بۇرۇنقى ئېرىگە ، ئۆز يۇرتى ۋە دوستلىرىغا بولغان سېغىنىش بىلەن تولۇپ تاشقاندى . ئۇ دەرھال كۈمۈش رەڭ چۈمبەل تارتىۋېلىپ كۆز ياشلىرىنى يوشۇردى ۋە ئاتىرا ، كىلىمېني دېگەن كېنىزەكلىرىنى ئېلىپ سايكا دەرۋازىسىغا كەلدى .

پادىشاھ پىرئام ھەم ئەڭ پاراسەتلىك ئاقساقاللار شۇ يەردە تۇرۇشاتتى . ھېلېن ئاگامېمنون ، ئودىسسوس ، ئەيئاس ، ئىدومېنوس قاتارلىق پالۋانلارنى بىر - بىرلەپ پادىشاھقا كۆرسەتتى . پادىشاھ ئۇلارنى ئارقا - ئارقىدىن ماختاپ كەتتى . ئۇلار پاراڭلىشىۋاتاتتى . قۇربانلىق ئالغىلى كەتكەنلەر قايتىپ كېلىپ پادىشاھنى پارىس بىلەن

مېنېلائوسنىڭ دۈئېلىغا گۇۋاھچى بولۇشقا تەكلىپ قىلدى . بۇۋاي ئىككى تەرەپنىڭ سېپى ئالدىغا كېلىپ ئاگامېمنون بىلەن بىللە قۇر-بانلىق مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى . ئاندىن ھارۋىغا چۈشۈپ كېتىپ قالدى . ئۇلار پارىسنىڭ دۈئېلغا چۈشكىنىنى كۆرۈشكە چىدى-مىدى . ھېكتور بىلەن ئودىسسوس دۈئېلنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچىدى . دۇبۇلغىنى چايقىۋىدى ، پارىسنىڭ ئىسمى چىقىپ قالدى .

ئىككى پالۋان ساۋۇتلىرىنى چىڭ تارتىشىپ ، دادىل قەدەملەر بىلەن سەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ئۇلار كۆكرەك ساۋۇتنى تارتىپ ، دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ ، نەيزە تۇتقان ھالدا تۇرۇشاتتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى . ئىككىسى مە-لۇم ئارىلىقتا بىر - بىرىگە ئۇدۇل تۇرۇپ كۆرەڭلىك بىلەن نەيزىلىرى-نى ئېگىز كۆتۈرۈشتى . ئالدى بىلەن پارىس نەيزىسىنى ئاتتى . نەيزە مېنېلائوسنىڭ قالقىنىغا تېگىپ ، ئۇچى خۇددى پولاتقا تەگكەندەك قايرىلىپ كەتتى . ئەمدىكى نۆۋەت مېنېلائوسقا كەلدى . ئاتقان نەيزە پارىسنىڭ قالقىنىدىن ئۆتۈپ ، كۆكرەك ساۋۇتنى تېشىپ ھەم جىلىت-كىسىنى تېشىۋەتتى . ھېنېلائوس يەنە زۇلپىقارىنى سۇغۇرۇپ ، پارىس-نىڭ دۇبۇلغىسىنى چاپقانىدى ، زۇلپىقار ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە چۈشتى . قاتتىق غەزەپلەنگەن مېنېلائوس پارىسنى سۆرەپ يۇنان قو-شۇنلىرى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى . ناۋادا ئافرودىت يوشۇرۇن ياردەم قىلمىغان بولسا ، پارىس بوغۇلۇپ ئۆلگەن بولاتتى . مۇھەببەت تەڭرى-سى قويۇق تۇماننىڭ دالدىسىدا پارىسنى شەھەرگە ئېلىپ كەتتى ۋە ھېلېن بىلەن كۆرۈشتۈردى . ھېلېن پارىسنى يارىماس دەپ ئەيىبلىگەن بولسىمۇ ، يەنىلا ئۇنى كەچۈردى . ئۆزى ئۇچۇن دۈئېلغا چىققان ئېرى-گە قاراپ ، ئۇنى سۆيۈپ قويدى .

جەڭگاھتا مېنېلائوس قولىدىكى دۇبۇلغىنى غەزەپ بىلەن بىر ياققا پىرقىرىتىپ تاشلاپ ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ پارىسنى ئىزدىدى . ئۇ-نىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . تىروياليقلارمۇ پارىسنى يوشۇرۇپ قويمىغانىدى . چۈنكى ، ئۇلار ئۆزلىرىگە تۇگىمەس - پۈت-مەس بالا - قازا ئەكەلگەن بۇ ئادەمگە بەك ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى .





ئاخىر ئاگامېمنون ئۈنلۈك ئاۋازدا :

— روشەن بولدىكى ، مېنېلائوس يەڭدى . تىرويالىقلار ھېلېن ۋە ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى قايتۇرۇپ بەرسۇن ، بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە سېلىق تۆلەيدىغان بولسۇن ، — دەپ جاكارلىدى .

يۇنانلىقلار ئالقىش ياڭراتتى . تىرويالىقلار ئۈندىمەستىن شۈك تۇرۇشتى . بۇ چاغدا ئولىمپىس تېغىدا تەڭرىلەر تىرويا شەھىرىنى ۋەيران قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى .

ئافېنا بۇيرۇقىقا بىنائەن لەشكەرلەر ئارىسىغا كېلىپ تەكەببۇر پانداروسنى تاپتى . ئۇنى خۇدىنى بىلەلمەي قالغان مېنېلائوسقا قارد-تىپ ئوقيادىن ئوق ئۈزۈشكە قۇتراتتى . بۇ ئوق ئىككى تەرەپ ئارىسى-دىكى ۋەدىنى بۇزۇۋەتتى ھەم تىرويالىقلارغا ئاجايىپ زور ئاپەت ئېلىپ كەلدى . ئافېنا ئوقنى باشلاپ بېرىپ مېنېلائوسنىڭ كەمىرىگە تەگ-كۈزدى . ئوق ئۇنىڭ تېرىسىنى جىجىۋەتتى . جاراھەتتىن قان توختى-ماي ئېقىشقا باشلىدى . ئاگامېمنون ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئالاقزادە بولۇپ ، ئۇنى چۆرىدەپ تۇرۇشتى . مېنېلائوس ئۆزىچە چوڭ ئىش يوق دەپ بىلەتتى . ئاكىسىغا تەسەللى بەردى . تېۋىپ كېلىپ جاراھەتكە دورا چاپلاپ قويدى .

ئىككى تەرەپ تۇغ - ئەلەم ۋە بۇرغىلىرىنى قايتىدىن راسلاپ ، يېڭىباشتىن جەڭگە ئاتلاندى . ئاگامېمنون قوشۇنلارنى ئارىلاپ باتۇر لەشكەرلىرىنى تەقدىرلىدى . قورقۇنچاق لەشكەرلەرنى ئەيىبلىدى . توپ - توپ لەشكەرلەر جەڭ مەيدانىغا قاراپ ئاتلاندى ، ھامىي تەڭرىلەر باشلىرى ئۈستىدە ئۇلارنى جەڭگە چاقىراتتى . جەڭ باشلىنىپ كەتتى . نەيزە - قالقانلار بىر - بىرىگە تېگىشىپ ، ئۆزۈن نەيزىلەر بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ، ھەممە يەردە لەشكەرلەرنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بەزىلىرى تەنتەنە قىلىشتى ، بەزىلىرى نالە قىلات-تى . ئىككى تەرەپتىن بىر قىسىم پالۋانلار يىقىلغان پېتى ئورنىدىن تۇرالمىدى ، لەشكەرلەر چىلبۆرىلەردەك بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىش-ماقتا . جەڭ داۋام قىلماقتا . ئەيئاس بىلەن ئودىسسوس بىرلىكتە جەڭ قىلدى . ئودىسسوس پىرىئامنىڭ نىكاھسىز تاپقان بالىسى دېموفوئون-

ـنى نەيزىلەپ ئۆلتۈردى . شۇنىڭ بىلەن تىرويالىقلار ئازراق چېكىنـ ـدى ، ئاپوللو ناھايىتى غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ كەتتى . ئۇ :

— يۇنانلىقلارنىڭ ئەڭ باتۇرى ئاكىللېس جەڭگە قاتناشمىدى . تىرويالىقلار سەپنى تاشلاپ قاچماڭلار ! — دېدى .

يەنە بىر تەرەپتە ئافېنا يۇنانلىقلارنى باتۇرلارچە كۆرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈۋاتاتتى . دىئومېدېسقا كەم ئۇچرايدىغان قۇدرەتلىك كۈچ ۋە جاسارەت ئاتا قىلىۋاتاتتى . ئافېنا ئۇنىڭ دۇبۇلغا - ساۋۇتىنى پولاتتىن قاتتىق ، نەيزىسىنى ئالماستىن ئۆتكۈر قىلىۋەتتى . دىئومېـ ـدېس دۈشمەننىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كىرىپ كەتتى . ئۇ كەينى - كەينىدىن تىرويالىق ئىككى پالۋاننىڭ جېنىنى ئالدى . بۇ چاغدا ئافېنا ئۇنىڭ ئىنىسى — ئۇرۇش تەڭرىسى ئارېسنىڭ قولىنى تۇتۇپ :

— بىز ھەر ئىككى تەرەپنى ۋاقتىنچە قويۇپ بېرەيلى . ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش قىلىۋەرسۇن ، ئاتىمىز يېڭىش - يېڭىلىشنى قانداق بەلگىلەيدىكىن ! — دېدى .

ئۇرۇش تەڭرىسى بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولـ ـدى . ئىككىسى بىللە جەڭگاھتىن چىقىپ كەتتى . دىئومېدېس يەنىلا ئافېنا بەرگەن كۈچ - قۇۋۋەتكە تايىنىپ داۋاملىق جەڭ قىلىۋاتاتتى .

يۇنانلىقلار دۈشمەننى قاتتىق بېسىمغا ئۇچراتتى . تالاي تىرويا- لىقلار قان ئىچىدە ياتاتتى . دىئومېدېس ئوڭ - سول تەرەپتىن چاپـ چاپ قىلىپ كېلىۋاتاتتى . پانداروس ئوقيادىن ئۇنىڭغا دەللەپ ئوق ئۈزدى . ئوق دىئومېدېسنىڭ مۈرىسىگە تېگىپ شۇرقىراپ ئاققان قان پۈتۈن ساۋۇتنى قىپقىزىل بويىۋەتتى . پاندوراس تەنتەنە قىلىپ سەپـ ـداشلىرىنى ئىلگىرىلەشكە ئۈندىدى . ئۇ دىئومېدېس ئۆلىدۇ دەپ ئويلىغانىدى .

— مەن دىئومېدېسقا ئوق تەگكۈزدۈم ، ئۇ دەرھال يىقىلدى ! — دېدى ئۇ .

دىئومېدېسنىڭ جاراھىتى ھاياتىغا دەخلى يەتكۈزگۈدەك ھالەتتە ئەمەس ئىدى . ئۇ ئافېناغا ئۆزىنى يارىلاندۇرغان ئادەمنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا ئىلتىجا قىلدى .

ئافىنا شۇئان ئۇنىڭ جاراھىتىنى ساقايتىپ ، پۇت - قولىغا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلدى ، ۋە :

— سەن تەڭرىلەرگە قارشىلىق قىلمىغىن . ناۋادا ئالدىڭغا ئافرودىت كېلىپ قالسا ، ئۇنىڭغا نەيزە ئۇر ، — دەپ تاپىلىدى .

تەڭرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن دىئومېدېس تېخىمۇ كۈچ - قۇدرەتكە تولۇپ بىرنەچچە دۈشمەننى ئارقا - ئارقىدىن يەر چىشلەتتى .

ئانېئاس دىئومېدېسنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ ، پانداروسنىڭ يېنىغا كەلدى . پانداروس ئوقيادىن ئاتقان ئوقلىرىنىڭ بىكارغا كېتىۋاتقانلىقىدىن پەرىشان بولۇپ تۇراتتى . ئانېئاس ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى ، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە بىر جەڭ ھارۋىسىغا چىقىپ دىئومېدېسنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىشقا ئىلھاملاندۇردى . پانداروس ئاتقان نەيزە دىئومېدېسنىڭ ساۋۇتىغا تېگىپ ئارقىسىغا قاڭقىپ كەتتى . دىئومېدېس ئاتقان نەيزە پانداروسنىڭ يۈزىگە تېگىپ ، چىش ۋە تىلىنى تېشىپ ئېڭىكى ئاستىدىن چىقتى . ئۇ ھارۋىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئازاب ئىچىدە جان تالاشتى . ئانېئاس ھارۋىدىن چۈشۈپ دوستىنىڭ جەسىتىنى قوغداپ تۇردى . دىئومېدېس يوغان بىر تاشنى ئۇنىڭ پۇتىغا ئاتتى . تاش ئۇنىڭ پۇتىنى يانجىۋەتتى . تومۇرىنى ئۈزۈۋەتتى . ئۇ يەرگە يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى . ئانىسى ئۇنى قۇتقۇزۇپ جەڭگاھتىن ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى . دىئومېدېسنىڭ كۆزلىرى ئۆتكۈر بولغاچقا ، ئافرودىتنى كۆرۈپ قالدى - دە ، دىئومېدېس ئاتقان نەيزىدىن قولى يارىلانغان ئافرودىت ئانېئاسنى يەرگە قويۇپ قويدى .

يارىلانغان تەڭرىچە داد - پەرياد كۆتۈرۈپ ئاكىسى ئارېسنىڭ قېشىغا كەلدى - دە ، ئۆزىنى جەڭ ھارۋىسىدا ئولىمپىس تېغىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ، دىئومېدېسنىڭ ئۈستىدىن ئاتىسى زېۋسقا دادلاپ بېرىشنى ئۆتۈندى .

— دىئومېدېس قولۇمنى يارىلاندۇردى . ئۇ ئاتىمىز زېۋسقىمۇ زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشى مۇمكىن ! — دېدى .

ئافرودىت زېۋس بىلەن كۆرۈشتى ، ئاتىسى كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا :

— مەن بۇرۇنلا دېگەن، سېنىڭ جەڭگە ئارىلىشىشىڭ مۇۋاپىق ئەمەس! سېنىڭ ئىشىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئىشىنى باشقۇرۇش. جەڭ ئىشلىرىغا ئاكاڭ رىياسەتچىلىك قىلسۇن! — دېدى.

بىر چەتتە تۇرغان ھېرا بىلەن ئافېنا ئۇنى زەھەرخەندىلىك بىلەن مازاق قىلدى. ئادەملەر ئارىسىدىكى جەڭ مەيدانىدا، دىئومېدېس ئانې-ئاسقا ئۈچ قېتىم ئەجەللىك زەربە بەردى. ئۈچلا قېتىمدا ئاپوللو يېتىپ كېلىپ يارىلانغۇچىنى ئالتۇن قالقىنى بىلەن قوغداپ قالدى. دىئومېدېس تۆتىنچى قېتىم يەنە ئېتىلىپ كەلگەندە، ئاپوللو ئۇنى تەڭرىلەر قارشىلاشماسلىقى ئاگاھلاندۇردى. ئۇ شۇندىلا دۇغدىيىپ كېتىپ قالدى. ئاپوللو ئانېئاسنى يارىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئىبا-دەتخانىغا ئېلىپ ماڭدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇرۇش تەڭرىسى لەشكەرلەرگە ئارىلى-شىپ تىروياليق شاھزادىلەرنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەردى. ئۇرۇش ئوتلىرى قايتىدىن لاۋۇلداپ كەتتى. ئاپوللو ئانېئاسنىڭ جاراھىتىنى ساقايتىپ، ساغلام ھالەتتە ئۆز قوشۇنىغا قايتۇردى. تىرويا قوشۇنى روھلىنىپ كېتىشتى.

يۇنان قوشۇنى تەرەپتە ئاگامېمنون تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈپ، لەشكەرلەرنىڭ غەلىبە قازىنىش ئىشەنچىسىگە مەدەت بەردى. ئۇ ئۆزى سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، تىرويالىقلارنىڭ ئاۋانگارت پالۋىنى دېيوكو-فوننى نەيزىلەپ ئۆلتۈردى. ئىككى تەرەپ گىرەلەشمە جەڭگە چۈشتى. ھەر ئىككىلا تەرەپتە ئۆلۈش - يارىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلدى.

ھېكتور ئۇرۇش تەڭرىسىنىڭ ھىمايىسىدە، تىروياليق ئەڭ باتۇر لەشكەرلەرنى باشلاپ كەلكۈندەك يوپۇرۇلۇپ كەلدى. دىئومېدېس قورقىنىدىن ئالدىراش چېكىندى. زېۋسنىڭ ئوغلى سارپېدون ھاكا-ۋۇر تېلېفولېموسنى ئۆلتۈرۈپ، پۇتىنى يارىلاندۇرۇۋالدى. ئۇ شۇ ھامان قۇتقۇزۇۋېلىندى. ئارېس بىلەن ھېكتور شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ يۇنانلىقلارنى ئارقىمۇئارقا چېكىندۈردى. ھېرا ئولېمپىس تېغىدا تۇرۇپ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۆزى-نىڭ جەڭ ھارۋىسىنى تەييارلاشقا بۇيرۇدى. ئۇنىڭ جەڭ ھارۋىسى

ناھايىتى كۆركەم ئىدى . گىرۋەكلىرىگە ئالتۇن تۇتۇلغان ، ھارۋا ئوقى كۇمۇشتىن ئىدى . ھارۋىغا ئىككى دۇلدۇل قوشۇلغانىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئافىنامۇ ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيىپ ، نەيزە - قالقان ئېلىپ ئوقىغا ئالتۇن زەنجىر باغلانغان كۇمۇش ھارۋىسىغا چىقتى . ئىككى ئۇلۇغ ئايال ھارۋىسىنى ئۆزى ھەيدەپ ، قامچىلىرىنى ئوينى-تىپ ، يۇنانلىقلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تاغدىن گۈلدۈرلەپ چۈشتى .

ئۇلار جەڭگاھقا كەلدى . ھېرا تىللاپ يۈرۈپ يۇنانلىقلارنىڭ جا-سارىتىنى ئۇرغۇتتى . ئافىنا دىئومېدېسنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇ يارى-سىنى تېڭىۋاتاتتى . ۋۇجۇدىدا ماغدۇر يوق ، چىپ - چىپ تەرلەپ كەتكەنىدى . ئافىنا ئۇنى ئاتىسى تىدوروستەك چەبدەس ھەم قەيسەر ئەمەس دەپ ئەيىبلىدى . دىئومېدېس ئۆزىنى ئاقلاپ ئەڭ كۈچلۈك ئۇرۇش تەڭرىسىنىڭ ئۇنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغانلىقىنى دېدى . ئافىنا :

— ھازىر مەن سەن بىلەن بىللە ، ئۇرۇش تەڭرىسىدىن قورقما . ئۇرۇش تەڭرىسىنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بارغىن ! — دېدى .

ئافىنا ھارۋىكەش ئورنىدا ھارۋىنى ھەيدىدى . قېلىن تۇمان ئى-چىگە يوشۇرۇنغان تەڭرىچە بىلەن باتۇر دىئومېدېس ھارۋىسىنى ئۇ-رۇش تەڭرىسىگە توغرىلاپ قۇيۇندەك ھەيدەپ كەلدى .

ئۇرۇش تەڭرىسى ئارېس ئۆز قولىدا ئۆلگەن بىر تىرويالىق پالۋاننىڭ ساۋۇتىنى سالدۇرۇۋالماقتا ئىدى . ئۇ بىرسىنىڭ ئۆزىگە قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال نەيزىسىنى قولىغا ئالدى . ئافىنا كۆزگە كۆرۈنمەس قولى بىلەن ئۇنىڭ نەيزىسىنى باشقا بىر ياققا بۇرىۋەتتى ۋە دىئومېدېسنىڭ نەيزىسىنى ئارېسنىڭ قورسىقىغا تىقىۋەتتى . جەڭگاھ ئاسمىنىدا گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىدەك بىر ئاۋاز ياڭرىدى . ئارېس جەڭ ھارۋىسىغا چۈشۈپ ئاسمانغا چىقىپ ، يارىسىنى ئاتىسى زېۋسقا كۆرسەتتى . زېۋس ئۆز ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلغان-لىقى ئۈچۈن ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىدى . باشقا تەڭرىلەرمۇ ئاسمانغا چىقىپ كېتىشتى . يۇنانلىقلار بىلەن تىرويالىقلار ئۆزئارا جەڭ قى-لىشماقتا ئىدى .

ئۇرۇش تەڭرىسىنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلغان تىرويا قوشۇنلىرى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى . بىرقانچىلىغان باتۇرلار ئۆلدى . ياش ئادراستوسنى مېنېلائوس تىرىك تۇتۇۋالدى . ئۇ نۇرغۇن ئالتۇن ۋەدە قىلىپ ، ئۇنىڭدىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلىدى . ئۇ :

بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن . ئاتام توپلىغان نۇرغۇن مىس بىلەن ئالتۇنغا ئىگە بولىسەن ! — دېدى . مېنېلائوس ئۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ ماقۇل بولۇشقا تەييار تۇرغاندا ، ئاگامېمنون كېلىپ دۈشمەنگە يۇمشاقلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلىدى ۋە :

— تىرويالىقلا بولىدىكەن ، مەيلى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا سۈت ئېمىۋاتقان نارەسىدە بالا بولسىمۇ ، بىزنىڭ ئىنتىقام ئېلىشىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ، — دېدى - دە ، ئەسىرنى نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى .

تىرويالىقلاردىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى ھەم يارىلاندى . ئۇلار ئاستا - ئاستا شەھەرگە قاراپ قاچتى . ھۆكۈما ھېلىنوس ھېكتورغا ئانىسى ھېكابانىڭ شەھەردىكى ئېسىلزادە ئاياللارنى يىغىپ ئافېناغا ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزۈشىنى ، ئافېنانىڭ تىرويادىكى ئاياللار ۋە بالىلارغا رەھىم قىلىپ ، ئۇلارنىڭ قورقۇنچاق دۈشمەنگە كۆرسىتىۋاتقان قارشىلىقىغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىشنى ئېيتتى .

ھېكتور لەشكەرلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرگەچ ، شەھەرگە قايتتى . جەڭگاھتا بېللېروفوننىڭ نەۋرىسى گىلاكوس دىئومېدېس يۈزمۇيۈز ئېلىشىشقا تەييارلاندى . دىئومېدېسنىڭ ئادەم قىياپەتلىك تەڭرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالغۇسى يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ رەقىبىنىڭ نەسەبىنى سۈرۈشتە قىلدى . گىلاكوس دەپ بولغاندىن كېيىن ، دىئومېدېس خۇشال بولۇپ :

— ئەسلىدە بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز دوستانە ئۆتكەن ، سېنىڭ بوۋاڭ مېنىڭ بوۋام ئوئېنېئوسنىڭ ئوردىسىدا يىگىرمە نەچچە كۈن تۇرۇپتىكەن . ئۇلار ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشىپ خوشلاشقان ئىكەندۇق . سېنىڭ بوۋاڭ سوۋغا قىلغان ئالتۇن قەدەھنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن . ئىككىمىز جەڭگاھتا بىر - بىرىمىز بىلەن

تۇتۇشۇپ قالمايلى ! — دېدى .

ئۇلار جەڭ هارۋىلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، بىر - بىرى بىلەن قول ئېلىشتى ۋە ساۋۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇشتى . زېۋس گىلاكوسنى دۆت قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ ئالتۇن ساۋۇتنى دىئومېدېسنىڭ مىس ساۋۇتىغا تېگىشتى . بۇ يۈز ئۆكۈزنى توققۇز ئۆكۈزگە تېگىشكەندەك بىر ئىش ئىدى .

هېكتور پادىشاھ ئوردىسىغا كەلدى . خانىشقا هېكتورنىڭ هۆكمىنى يەتكۈزدى . خانىش ھەرىمىدىن ئەڭ ئېسىل يېپەك توننى نەزىرلىك قىلىش ئۈچۈن ئالدى . ئۇنى پارس ئۇزۇن سەپەردە يۈرۈپ ، سىدون دېگەن يەردىن ئۆتكەندە نۇرغۇن ئالتۇنغا سېتىۋالغانىدى . خانىش ئېسىلزادە ئاياللارنى باشلاپ ئافېنانىڭ ئىبادەتخانىسىغا باردى . زېۋسنىڭ قىزىنىڭ شەھەردىكى ئاياللار بىلەن باللارغا رەھىم قىلىشىنى ، باتۇر دىئومېدېسنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان پالۋانلىرىغا باشپاناھ بولۇشىنى تىلىدى . شۇنداق قىلسا ئافېناغا ئاتاپ ئون ئىككى نورغاچ تايانچا نەزىر قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى . ئەپسۇسكى ، ئافېنا ئۇلار تەرەپتە تۇرمىدى .

هېكتور پارسنىڭ ئوردىسىغا باردى . پارس كامالەكنى ياساۋاتاتتى . هېلېن دېدەكلىرىنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتلىرىنى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى . هېكتور ئاچچىقىدا ئىنىسىنى ئەيىبلەپ :

— سېنىڭ كاساپىتىڭدىن ئادەملەر شىددەتلىك جەڭ قىلىۋاتىدۇ ، سەن بۇ يەرگە سولىنىۋېلىپ راھەت كۆرۈۋېتىپسەن ! — دېدى .

— ئاكا ، مېنى ئەيىبلىمە ! مەن قايغۇ - ھەسرەتتە ئازراق ئىچ پۇشۇقى قىلىۋاتىمەن . هېلېن مېنى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ جەڭ قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇۋاتىدۇ . مەن جەڭگە بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن . مەن ساۋۇتۇمنى كىيىپ چىقاي ، بىللە ماڭايلى ، — دەپ جاۋاب بەردى ئاكىسىغا پارس .

— مەن سىلەرگە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدىم ، — دېدى هېلېن تەكەللۇپ بىلەن ، — مەن پارس بىلەن قىرغاققا چىقىشتىن ئىلگىرىلا دېڭىز دولقۇنىغا يەم بولۇپ كېتىشكە رازى بولۇپ كەلگەنىدىم . بى-

ـراق ، بولار ئىش بولۇپ بولدى ، ئېرىمدە ئازراقمۇ جىگەر يوق ئىدـ
كەن . ئۇنى تېخى بايىلا ئەيىبلىگەنىدىم ، ئاكا ، سىز جاپا چەكتىڭىز ،
بىردەم ئارام ئېلىڭ .

— ياق ، ھېلېن ، — دېدى ھېكتور ، — مەن ئارام ئالسام بولمايدۇ . مەن تىرويالىقلارنى قۇتقۇزۇشقا شۇ قەدەر تەقەززا . سەن پارىسنى مەن بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىشقا ئىلھاملاندۇر ! مەن خوتۇن ـ بالىلىرىمنى كۆرۈپ چىقاي . پارىس بىردەم تۇرۇپ مەن بىلەن ئۇچراشسۇن .

ھېكتور سارىيىغا بېرىپ خوتۇن ـ بالىلىرىنى تاپالمىدى . خىزمەتكار ئۇنىڭغا خوتۇنىنىڭ تىرويالىقلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇرۇشنى كۆرگىلى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى . ھېكتور شۇھامان سكايا تەرەپتىكى سېپىلغا قاراپ چاپتى . ئۇ قوۋۇق ئالدىغا كەلگەندە ، چىرايلىق خوتۇنى ئاندروماكې دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى . ئايال خىزمەتكار قۇچىقىدا بالىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى . ھېكتور كۈلۈپ تۇرۇپ ئوغلىنى ئەركىلەتتى . خوتۇنىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى . ئۇ ھېكتورنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ :

— سەن باتۇرلۇقۇڭ بىلەن قۇربان بولۇپ كېتىشىڭ مۇمكىن . خوتۇنۇڭ بىلەن نارەسىدە ئوغلۇڭغا ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ ؟ مېنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقىنىم يوق . ھەممىسىنى ئاكىللېس ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئوغلۇم يېتىم ، مەن تۇل بولۇپ قالماي ! ئاۋۇ تەرەپتىكى كىچىك تاغنى نۇقتىلىق ھىمايە قىل ، دۈشمەن شۇ يەرگە ئاسانلا ھۇجۇم قىلىپ كىرەلەيدۇ . ناۋادا سەن بەختسىزلىككە ئۇچراپ قالساڭ ، مەنمۇ ئۆلۈپ كېتىمەن . بالىلىرىڭغا رەھىم قىل ! — دېدى . ئاندروماكې ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى . ھېكتور :

— ئەگەر مەن جەڭ قىلمىسام قورقۇنچاقلاردىن بولۇپ قالىمەن ! تىرويالىقلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈم تۆكۈلۈپ كەتسە بولمايدۇ . مەندىكى جاسارەت مېنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشىمغا يول قويمايدۇ . سېنىڭ ھەسرىتىڭنى مەن بىلىمەن . مەن سېرىق تۇپراق تېگىگە كىرىپ كېـ

تىشكە رازى ، سېنىڭ بولاپ كېتىلىۋاتقان چېغىڭدىكى دەردلىك ئاۋازىڭنى ئاڭلىغۇم يوق ! — دېدى .

ئۇ شۇنداق دەپ ئوغلىنى قۇچاقلىدى . بالا ئۇنىڭ دۇبۇلغا - ساۋۇتىنى كۆرۈپ چۆچۈپ ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇردى . ھېكتور دۇبۇلغىسىنى ئېلىپ يەرگە قويۇپ ، بالىسىنى سۆيدى . قولتۇقىدىن كۆتۈرۈپ ئىرغاڭلاتتى . بالىسىنىڭ كەلگۈسىدە سەركەردە بولۇپ ، ئاتىسىنى بېسىپ چۈشۈشى ئۈچۈن تەڭرىگە ئىبادەت قىلدى ۋە خوتۇنى بىلەن خوشلىشىپ ، قەدەملىرىنى چوڭ ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى .

پارس دەرۋەقە كۆپ ھايال بولمىدى . ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ئۇچرىشىپ بىرلىكتە جەڭگاھقا قاراپ ماڭدى . ئافېنا ئاسماندا تۇرۇپ بۇ مەنزىرىنى كۆردى . ئۇ تىرويالىقلارغا ھەمدەمدە بولۇۋاتقان ئاپوللو بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ھەل قىلغۇچ جەڭنى بوگۈن قىلماسلىقنى قارار قىلىشتى . ھېكتور يۇنانلىقلارنى يەكمۇيەك جەڭگە ئۇندەيدىغان بولدى ، شۇنىڭدا بۇ قېتىملىق جەڭگە خاتىمە بېرىلەتتى .

ھۆكۈما ھېلىنوس ئىككى تەڭرىنىڭ قىلىشقان گېپىنى ئاڭلاپ ، ھېكتورنىڭ يېنىغا ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى - دە ، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ يەكمۇيەك جەڭ قىلىشى كېرەكلىكىنى ، ھېچقانداق خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى . ھېكتور ھۆكۈمانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، نەيزىسىنى توغرىسىغا تۇتۇپ ، ئىككى قوشۇننىڭ ئالدىغا چىقىپ توختىدى . ئافېنا بىلەن ئاپوللومۇ ئىككى قۇشقا ئايلىنىپ ، دەرەخ شېخىغا قونۇۋېلىپ ، بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلىشتى . ھېكتور سۆزلىدى . ئۇ سۆزىدە ئۆزىنىڭ يەكمۇيەك جەڭگە چىقىدىغانلىقىنى ، يېڭىلگەن تەرەپنىڭ جەسىتى ۋەتەنداشلىرىغا قايتۇرۇلىدىغانلىقى ، يەڭگۈچى تەرەپ يېڭىلگۈچى تەرەپنىڭ ساۋۇتىنى ئولجا ئورنىدا ئېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇ :

— تىرويالىقلار ۋە دانائوسلار ! زېۋس بىز ئىككى تەرەپنىڭ يېقىندا تۈزۈشكەن كېلىشىمىمىزنى ياقتۇرمىدى . شۇڭا ، بىز ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك ! — دېدى .

ئافېنالىقلار ھېكتورنىڭ تەكلىپىگە سۈكۈت قىلىشتى . خىرىسنى

قوبۇل قىلىش خەتەرلىك ئىدى . رەت قىلىش بولسا نومۇسلۇق ئىش ئىدى . ئاخىر مېنېلائۇس ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەم ئۆز شېرىكىنى ئەيىبلەپ :
— سىلەر نېمىدېگەن قورقۇنچاق . يەكمۇيەك ئېلىشىشقا مانا مەن چىقاي . ھەممە ئاقىۋەتنى تەڭرى ئۆزى بەلگىلىسۇن ! — دېدى .
ئۇ شۇنداق دەپ ساۋۇتنى چىڭىتىپ تارتتى . ئۇ دۇئېلغا تەييارلاندى . باشقا شاھزادىلەر ئۇنى تۇتۇۋالدى . ئاگامېمنون :
— ئىنىم ، ساراڭ بولدۇڭمۇ ؟ ئۆزۈڭدىن كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن دۇئېلغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلامسەن ! بۇنىڭغا كەلگەندە ئاكىلىېسمۇ ئويلىنىپ ئىش قىلىدۇ ! — دېدى .
بۇ گەپ بىلەن مېنېلائۇسنىڭ ئىرادىسى تەۋرىنىپ قالدى . قوشۇن ئىچىدىكى ئەڭ پاراسەتلىك بوۋاي نېستور قوشۇندىكىلەرگە ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدا دۇئېلغا چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى .
— ئەينى يىللاردىكى كۈچ - قۇۋۋىتىم بولغىنىدا ، — دېدى ئۇ ، — ئۇزاق ئۆتمەيلا ، ھېكتور ئۈچۈن بىر رەقىب مەيدانغا چىققان بولاتتى .
بوۋاينىڭ ئەيىبلەش تۇسىدىكى گېپى ئاياغلىشىشى بىلەنلا ، توققۇز شاھزادە سەكرەپ چىقىپ ، دۇئېلغا چىقىشقا رازىمەنلىك بىلدۈرۈشتى .
چەك تاشلاندى . دۇئېلغا چىقىش شەرىپى ئەيئاسقا مەنسۇپ بولدى . ئەيئاس ساۋۇتنى چىڭىتىپ ، چوڭ قەدەم تاشلاپ جەڭگاھقا كىردى . ئۇ گويا ئۇرۇش تەڭرىسىدەك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ جىددىي چىرايىدا سۇس تەبەسسۇم ئەكس ئەتكەندى . ئۇ ئۇزۇن ھەم ئېغىر نەيزىسىنى ئوينىتىپ چاغدا ، پۇتكۈل تىرويالىقلارنىڭ ، جۈملىدىن ھېكتورنىڭمۇ يۈرىكى دۈكۈلدەپ كەتتى . ئەيئاس مىس ۋە يەتتە قەۋەت كالا تېرىسىدىن ياسالغان چوڭ قالقان بىلەن ئۆزىنى دالدا قىلىپ ، ھەيۋە قىلغان ھالدا :
— ھېكتور ، پېلوسنىڭ شىر يۈرەك ئوغلى ئاكىللېستىن باشقا ،

بىز ئافىنالىقلارنىڭ ئارىسىدا قەھرىمان تولا! ئەمدى باشلايلى! — دېدى.

— تېلامونىنىڭ ئوغلى، — دېدى ھېكتور جاۋابەن، — ماڭا ھەيۋە قىلىپ كەتمە. مەن كىچىك بالا ئەمەس. نۇرغۇن قېتىملىق ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگىمەن. ئەمىسە نەيزەمگە قارا!

ھېكتورنىڭ ئاتقان نەيزىسى ئەيئاسنىڭ قالقىنىنى تېشىپ، 6-قەۋىتىدىن ئۆتۈپ، يەتتىنچى قەۋىتىدە توختاپ قالدى. ئەيئاس نەيزىسىنى ئېتىۋىدى، نەيزە ھېكتورنىڭ قالقىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ كۆكرەك ساۋۇتىنى بۆسۈۋەتتى. ھېكتور ئۆزىنى چەتكە ئالمىغان بولسا، نەيزە ئۇنىڭ قورسىقىنى تېشىۋەتكەن بولاتتى. ئىككىيلەن نەيزە سانجىشقا باشلىدى، ئۇلار خۇددى غەزەپلەنگەن قاۋانلاردەك تېرىكىشىپ كېتىشتى. ھېكتور ئەيئاسنىڭ قالقىنىغا چەللەپ قاق ئوتتۇرىسىدىن سانجىۋىدى، نەيزىنىڭ ئۇچى سۇنۇپ كەتتى. ئەيئاسنىڭ نەيزىسى ھېكتورنىڭ قالقىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بوينىنى زەخىملەندۈردى. شۇ ھامان جاراھەت ئورنىدىن قان بۇلدۇقلاپ ئېقىشقا باشلىدى. ھېكتور كەينىگە چېكىنىپ، يەردىن يوغان بىر تاشنى ئېلىپ ئەيئاسقا ئاتقانىدى، تاش ئەيئاسنىڭ قالقىنىغا تېگىپ، قاتتىق داڭىلداپ كەتتى. ئەيئاس تېخىمۇ يوغان بىر تاشنى ئېلىپ كۈچىنىڭ بارىچە ھېكتورغا ئاتقانىدى، تاش رەقىبىنىڭ قالقىنىنى ئويۇۋەتتى. ھېكتورنىڭ تىزى يارىلىنىپ، ئۆزى ئوڭدىسىغا چۈشتى. ئۇنىڭ يېنىدا باشقىلارغا كۆرۈنمەي تۇرغان ئاپوللو ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ھەر ئىككىسى شەمشەرلىرىنى تۇتۇشۇپ بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشتى. يېڭىش - يېڭىلىش ھەل بولىدىغان چاغدا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەلچىلىرى سەكرەپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئۇلارنى دۇئېلدىن توختىتىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. ئىككىسى ئۆز-ئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشىپ، دوستانە ئايرىلىشتى. دۇئېل كېيىن يەنە داۋاملىشىدىغان بولدى.

تىرويالىقلار يول باشچىسىنىڭ تىرىك قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەنتەنە قىلىشتى. ئارگوس شاھزادىلىرى ئەمرلەشكەر ئاگامېمنوننىڭ

بارگاھىغا يىغىلىپ ، بىر تورپاق سوپۇپ ئەيئاسىنىڭ غەلىبىسىنى قۇت-لۇقلاشتى . نېستور ئەتە ئىككى تەرەپ جەڭ توختىتىش ، جەڭ مەيدا-نىدا قۇربان بولغۇچىنى كۆيدۇرۇپ ، جەسەت كۈلىنى ۋەتەنگە ئېلىپ كېتىش توغرۇلۇق تەكلىپ بەردى . ئۇنىڭ تەكلىپىنى ھەممىسى ما-قۇل كۆرۈشتى .

ترويا شەھىرىدە ترويالىقلار يىغىلىپ كېڭەش قىلىشىۋاتاتتى . جەڭنىڭ ئاقىۋىتىدىن ھەممىسى ئۈمىدسىزلىنەتتى . دانىشمەن ئانتې-نور ھېلېن بىلەن ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى قايتۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتتى . بۇ تەكلىپ پارىسنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى . ئۇ ئۆزى-نىڭ بۇلاپ كەلگەن بايلىقلارنى ھەسسىلەپ قايتۇرۇشقا رازى ئىكەنلى-كىنى ئېيتتى . ئاخىر پادىشاھ پىرئام ئەتە ئەلچى ئەۋەتىپ يۇنانلىقلا-رغا پارس ئوتتۇرىغا قويغان كېلىشىم شەرتلىرىنى يەتكۈزۇش ، جەڭنى توختىتىپ جەسەتلەرنى كۆيدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى . ئۇ :

— دوستلىرىم ، بىز بۈگۈنچە باشقا تەدبىر قوللانماي تۇرايلى . لەشكەرلىرىمىز تاماقلانسۇن ھەم خاتىرجەم ئۇخلىسۇن ، ئەتە ۋەزىيەت-نىڭ تەرەققىياتىغا قارايلى ! — دېدى .

ئەتىسى يۇنان قەھرىمانلىرى قارشى تەرەپنىڭ تەلىپىنى ئاڭلى-دى . دىئومېدېس ياۋنىڭ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى سەزدى .

— يۇرتداشلار ، — دېدى ئۇ ، — بايلىق توغرىسىدا ئويلىنىۋەر-مەيلى . مۇشۇ قېتىملىق يۇرۇش مەقسىتىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى . ئۇلار بىزگە ھېلېننى قوشۇپ قايتۇرغاندىمۇ ، ئۇلارغا ھەرگىز ماقۇل دېمەيلى !

ئەلچى شەھەرگە قايتىپ سۆھبەت نەتىجىسىنى پادىشاھ پىرئامغا مەلۇم قىلدى ، ترويا شەھىرى ھەرىكەتكە كەلدى . بەزىلەر جەسەتلەر-نى توشۇشتى ، بەزىلەر جەسەتلەرنى كۆيدۇرۇش ئۈچۈن تاغ باغرى-دىكى دەل - دەرەخلەرنى كېسىشتى . تاڭ قۇياشى نۇرىدا رەقىبلەر تىنچ - ئامان ئۇچرىشىپ يۇرۇشەتتى . ھەرقايسىسى ئۆز ئېلىنىڭ جەسەتلىرىنى ئىزدىشەتتى . ئۆلگەنلەرنىڭ ساۋۇتلىرى ئۇلجا قاتارىدا ئېلىپ كېتىلگەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قانغا بويالغانلىقتىن ، قايسىسى

ئۆزى تەرەپنىڭ، قايسىسى دۈشمەن تەرەپنىڭ جەسىتى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش تەس ئىدى. تىروياللىقلار جەسەتلەردىكى قانلارنى يۇيۇپ تازىلاشتى. يىغلاپ ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلاردىن ئۆلگەنلەر يۇنانلىقلاردىن كۆپ ئىدى.

يۇنانلىقلار ئۆزىگە تەۋە جەسەتلەرنى يۆتكەپ بولغۇچە، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ياسون ئەلىنوس ئارىلىدىن يۈك كېمىسى ئارقىلىق نەچچە مىڭ كۈپ ئېسىل هاراق كەلتۈردى. يۇنانلىقلار دوستى ياسوننىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىپ، كاتتا داستىخان سېلىپ، ئۆلگەنلەر ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىشتى. شۇ كۈنى كەچتە تىروياللىقلارمۇ قانغۇچە هاراق ئىچىشتى. ئۇلار جىسمانىي ۋە روهىي جەهەتتىن ئەسلىگە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن زېۋس ئاسماندا چاقماق چاقتۇرۇپ، ئۇلارغا يېڭى ئاپەتتىن بېشارەت بەردى. كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلى تەشۋىشلىك ئىدى. قورققىنىدىن هاراقنى ئالدى بىلەن زېۋسنىڭ يولىدا تائەت قىلىپ يەرگە چېچىپ، ئاندىن لېۋىنى تەگكۈزۈشەتتى.

ياسىن سىيىت
ئارچىن



# تىرويا ھەققىدە ھېكايە (3)

## تىرويالىقلارنىڭ غەلىبىسى

ئەتىسى ئەتىگەندە زېۋس تەڭرى ۋە تەڭرىچىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئۇلارغا:

— بۈگۈن كىمدىكىم ئۇرۇش توختاتقان ئىككى تەرەپكە ياردەم بېرىدىكەن، مەن شۇنى تائىرلوستىكى تۇۋسىز ھاڭغا تاشلىۋېتىمەن. مۇقەددەس ئولىمپىس نۇرىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قىلىۋېتىمەن. ئىشەنمىسەڭلار، شۇنداق قىلىپ كۆرۈپ بېقىڭلار! — دېدى.

تەڭرى ۋە تەڭرىچىلەر زېۋسنىڭ غەزەپلىك سۆزلىرىدىن قورقۇپ كېتىشتى. زېۋس ئۆزىنىڭ گۈلدۈرماما چىقىرىدىغان ئالتۇن ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئىدى تېغىغا قاراپ كەتتى. ئۇ يەردە ئۆزىگە ئاتاپ نەزىر قىلىندىغان مۇقەددەس ئورمان ۋە مېھراب بار ئىدى. ئۇ تاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئىنتايىن ھەيۋەتلىك تىرويا شەھىرى ۋە ئارگوسلارنىڭ قارارگاھىغا نەزەر سالماقتا ئىدى.

ئىككى تەرەپتىكىلەر ساۋۇتلىرىنى چىڭىتىشىپ تۇراتتى. تىرويالىقلارنىڭ ئادەم سانى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلاتتى. كۆپ ئۆتمەستىن، شەھەر قوۋۇقى يوغان ئېچىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى گىرەلەشمە جەڭگە چۈشۈپ كەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ غەلىبە ياكى مەغلۇبىيىتى بىرتەرەپ بولمىدى. چۈشتە زېۋس ئەجەل فىشكىسىنى ئالتۇن مىزاننىڭ ئىككى

ئۇچىغا سېلىپ ئاسماندا تارتقانىدى ، يۇنانلىقلار تەرەپ روشەنلا پەسلەپ كەتتى .

زېۋس شۇئان چاقماق ۋە گۈلدۈرماما ئاۋازى ئارقىلىق يۇنانلىقلارنىڭ تەقدىرىدىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن ئۇلارغا بېشارەت بەردى . بۇ شۇم بېشارەتتىن يۇنانلىقلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ باتۇر ئاگامېمنون بىلەن ئەيئاسمۇ قورقۇپ لاغىلداپ تىترەپ كېتىشتى . پەقەت ياشقا چوڭ نېستورلا ئالدىنقى سەپتە داۋاملىق جەڭ قىلماقتا ئىدى . ئۇنىڭ ئېتىنى پارىس يارىلاندۇرۇپ قويىدى ، ئۇ باشقا بىر ئاتنى مىنمەكچى بولۇپ تۇراتتى . شۇ ئەسنادا ھېكتور ئۇنى قوغلاپ يېنىغا كېلىپ قالدى . دىئومېدېس ياردەمگە ئۇلگۈرۈپ كەلدى - دە ، بوۋاينى كۆتۈرۈپ ھارۋىسىغا سالدى ، ئۇ نەيزىسىنى ھېكتورغا قارىتىپ ئاتتى ، نەيزە ھېكتورنىڭ ھارۋىكىشىنىڭ جېنىنى ئالدى . ھېكتور ھارۋىكەش ئۇچۇن قايغۇردى . ئۇ ھارۋىكەشنى ئالماشتۇرۇپ ياۋغا ئېتىلدى .

زېۋس ھېكتورنىڭ بالدۇر ئۆلۈپ كېتىشىنى خالىمايتتى . شۇڭا ، دىئومېدېسنىڭ ھارۋىسى يېقىنلاشقاندا ، زېۋس چاقماق چاقتۇرۇپ ، ھاۋانى گۈلدۈرلەتتى ۋە ئۇنىڭغا بۈگۈن دۈشمەننى بويسۇندۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى . نېستور چۆچۈپ كەتكەن ھالدا :

— دىئومېدېس ، قېچىپ كەتكىن . زېۋس بۈگۈن دۈشمىنىڭنى بويسۇندۇرۇشقا نارازى ئىكەنلىكىنى بايقىمايۋاتامسەن ؟ — دېدى .

دىئومېدېس ئىككىلىنىپ قالدى ، نېستور ھارۋىنى كەينىگە ياندۇرۇپ ماڭدى . ھېكتور كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ :

— ھەي ، تىدوروسىنىڭ ئوغلى ، ئارگوسلار مەيلى قانداق سورۇندا بولسۇن سېنى ھۆرمەتلەپ كەلگەنىدى . لېكىن ، مەن بىلەن ئېلىشىشقا پېتىنالمىدىڭ . قورقۇپ كەتكەن ئوخشايسەن ! — دەپ مەسخىرە قىلدى .

دىئومېدېس ئارىسالدى بولۇپ قالدى . ئۇ زادى كەينىگە بۇرۇلۇپ جەڭگاھقا قايتىپ ، ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان ھېكتورنىڭ ئالدىغا بېرىش - بارماسلىق توغرىسىدا ئويلىنىۋاتاتتى . بىراق ، زېۋس ئېدى

تېغىدا تۇرۇپ قايتا ـ قايتا ھاۋا گۇلدۇرلىتىپ ، چاقماق چاقتۇردى .
يەر ـ زېمىن لەرزىگە كەلدى . شۇ سەۋەبتىن دىئومېدېس داۋاملىق
قاچتى .

ئاسماندا تۇرۇپ بۇ ھالنى كۆرگەن ھېرانىڭ رەڭگىرويى ئۆچتى .
ئۇ يۇنانلىقلارغا ياردەم بېرىشكە پوسېيدوننى رىغبەتلەندۈرگەن بولسى-
مۇ ، لېكىن ئەمەلگە ئاشمىدى . ھېرا ئاگامېمنوننى قايتىدىن روھلان-
دۇرۇپ ، لەشكەرلەرنى قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەشكىللىدى . ئاگا-
مېمون ئودىسسوسنىڭ كېمىسىگە بېرىپ لەشكەرلەرنى جان تىكىپ
قارشىلىق كۆرسىتىشكە چاقىردى . بولمىسا ھېكتور قارارگاھقا ھۇ-
جۇم قىلىپ كىرىپ ، كېمىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولاتتى .

ئاگامېمنون يىغلاپ تۇرۇپ زېۋىسقا يالۋۇردى ، زېۋسنىڭ ئۇنىڭ-
غا ئىچى ئاغرىدى ـ دە ، بىر بۈركۈتنى ئەۋەتتى . بۇ بۈركۈت كىچىك
بىر بۇغىنى زېۋس ئۈچۈن ياسالغان مېھرابقا تاشلىدى . يۇنانلىقلار
بۇ بېشارەتنى كۆرۈپ روھلاندى . توققۇز باتۇر خەندەكتىن سەكرەپ
چىقىپ ، دۈشمەنلىرىگە تاشلاندى . توكلوس ئەيئاسنىڭ يوغان قالقىنى-
نىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ ، تىرويالىقلاردىن سەككىز ئادەمنى ئېتىپ
يىقىتىپ ، ئاندىن ھېكتورنى قارىغا ئالدى . ئەمما ، ئاپوللو ئۇنىڭ
ئاتقان ئوقىنى قايدۇرۇۋەتتى . ھېكتور ئۆلمەي ئۇنىڭ يېنىدىكى ئادەم
ئۆلدى . بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ھېكتور ئەسەبىيلەرچە توكلوس-
قا تاشلاندى . ئۇ يوغان تاش بىلەن توكلوسنىڭ بېلىگە ئۇردى .
توكلوس پالەچ بولۇپ قالدى . ئۇ جەڭگاھتىن ئېلىپ كېتىلدى .

زېۋسنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ھېكتورنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تى-
قىلدى . ئۇ ئارگوسلۇقلارنى ئەسەبىيلەرچە قوغلاپ نەيزىسى يەتكەنلا
ئادەمنى ئۆلتۈردى . تىرويالىقلار خۇددى يولۋاستەك دۈشمەننى ئەرەخ-
تەن ـ پەرەختەن قىلىۋەتتى . يۇنانلىقلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى .
ئازابلانغان ھالدا ئۆز تەڭرىسىگە ئىبادەت قىلىشتى . ھېرا ئۇلارنىڭ
ئىبادىتىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئىچى ئاغرىغان ھالدا ، ئافېنانى زېۋس-
نىڭ قېشىغا ئەۋەتتى . زېۋس قىلچە ئىككىلەنمەي تاكى ئاكىللېس
كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققانغا قەدەر تىرويالىقلارنىڭ غەلىبە

قازىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . تەقدىر تەڭرىچىسى-نىڭ قارارى شۇنداق ئىدى .

گۇگۇم ۋاقتىدا كېمىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى جەڭ بارا - بارا جىمىقىپ قالدى . تىرويالىقلار ئەتىسى تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش قارارىغا كېلىشتى . ئۇلار شۇ كۈنى كەچتە ئوتلاقتا بارگاھ قۇرۇپ نۆۋەتلىشىپ تاماقلىنىشتى . ھېكتورنىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچلۈك ئىدى . ئۇ :

— ئەتە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ، ئۇلارنىڭ كېمىلىرىگە تېگىش قىلىمىز . مەن ئۆز قولۇم بىلەن دىئومېدېسنىڭ ساۋۇتىنى سىيرىپ ئېلىپ ئولجا قىلىمەن ! — دېدى .

يۇنانلىقلارنىڭ بارگاھىدا شاھزادىلەر كېڭەش قىلىشتى . ئاگامېمنون روھى چۈشكەن ھالدا كېمىلەرگە چۈشۈپ ئېلىگە قايتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى . دىئومېدېس بىلەن نېستور بۇ تەكلىپكە قەتئىي قارشى چىقتى . ئەقىللىك بوۋاي نېستور ئاكىللېسنىڭ غەزىپىنى پەسەيتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى .

ئاگامېمنون ئاكىللېسنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە ئۆچمەنلىك قىلماسلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا زور مىقداردا ئالتۇن ۋە مال - مۈلۈك ، گۈزەل بىرىسېئىسنى تۆلەم ئورنىدا بېرىدىغانغا ، قىزىنى چېتىپ قويىدىغانغا ، يەتتە شەھەرنى قىز مېلى ئورنىدا تەقدىم قىلىدىغانغا ماقۇل بولدى ۋە ئاداۋەت تۇتماسلىقنى تەلەپ قىلدى .

— مەن بىرىسېئىسنى ئۇنىڭ ئۆيىدىن بۇلاپ ئالغان بولسامۇ ، قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقىنىم يوق . بۇ توغرىدا تەڭرىنىڭ ئالدىدا قەسەم ئىچەلەيمەن ، — دېدى ئۇ يەنە .

— ماقۇل ، — دېدى نېستور ، — ئاكىللېسقا ۋەدە قىلغان بۇ سوۋغىلىرىڭ ئاز ئەمەس . بىز دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى بېجىرەيلى ، فونىكس باشلاپ بارسۇن . ئۇنىڭدىن قالسا ئەيئاس ، ئودىسسوس ، ھۇدەيچى ھودموس ۋە ئورىباتېسمۇ بىللە بارسۇن .

بەش ئەلچى ئاكىللېسنىڭ بارگاھىغا كەلدى . ئاكىللېس نەپىس ئىشلەنگەن چىلتار چېلىپ ئولتۇراتتى . يېنىدا باتروكلوس بار ئىدى .

ئاكىللېس ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەم مول داستىخان سالدى . ئۇ :

— سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭلاردا جەزمەن بىر تەلىپىڭلار بار . قېنى ئېيتىڭلار ! — دېدى .

ئەلچىلەر ئاگامېمنوننىڭ يارىشىپ قېلىش توغرىسىدىكى تەلىپىـ نى ، يۇنانلىقلارنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەمدە بولۇش ئۈمىدىنى دېيىدى ، تەگرىچىنىڭ بۇ ئوغلى ئىككىلەنمەستىن ، «ياق» دېدى . ئۇ ئاچ كۆز ئاگامېمنونغا ئاچىيىپ ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇلار ھەرقانـ چە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ، ئاكىللېس قارارىدىن پەقەت يانمىدى . فونىكس ئاكىللېسنىڭ مۇئەللىمى ئىدى . ئۇنىڭ گەپلىرىمۇ كار قىلمىدى . ئەيئاس ئورنىدىن تۇرۇپ :

— بىز قايتايلى ، بۇ تاش يۈرەك ئادەم بىلەن ياراشقىلى بولمايدىـ كەن ، چۈنكى ئۇ دوستلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن ! — دېدى .

ئودىسسوس ئۈستەلدىن تۇرۇپ ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ئاكىلـ لېسنىڭ بارگاھىدىن ئايرىلدى .

ئودىسسوس قايتىپ كېلىپ ئاكىللېسنىڭ پوزىتسىيەسىنى يەتـ كۈزدى . ئاگامېمنون ۋە باشقا شاھزادىلەر جىم بولۇشۇپ كەتتى . تاڭ ئېتىشقا خېلى ۋاقىت بار ئىدى . ئاگامېمنوننىڭ ئىككى ئىنىسى كېچىچە ئۇخلىماي ھەرقايسى قارارگاھلارنى چارلىدى . دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز تېگىش قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، تېخىچە ئۇخلاۋاتقان شاھزادىلەرنى ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزدى . ئاگامېمنون نېستورنىڭ قېـ شىغا باردى . بۇ بوۋاي :

— ناۋادا بىرەر قەھرىماننى دۈشمەن قارارگاھىغا خۇپىيانە ئەۋەتـ كەن بولساق ، تىرويالىقلار ئەتە يەنە جەڭگە چىقامدۇ ياكى نۇسرەت قازىنىپ شەھەرگە قايتامدۇ ، بىلىپ كەلگەن بولاتتى ، — دېدى . بۇ خەتەرلىك ۋەزىپىنى دىئومېدېس ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئۆزى بىلەن يەنە بىرەيلەننىڭ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى . بىللە بېرىشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىدىن دىئومېدېس ئودىسسوسنى تالـ

لىۋالدى . چۈنكى ، ئودىسسوس باتۇر ئىدى . ناھايىتى تېزلا ئامال
تېپىپ خەتەردىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيتتى . ئىككىسى ساۋۇتلىرىنى چە-
ڭگىتىپ ، ئادەتتىكى لەشكەرلەرنىڭ كىيىمىنى كىيىشىپ ، قالايمىقان
ياتقان جەسەتلەرنى ۋە قورال - ياراغلارنى دەسسەپ تىرويالىقلارنىڭ
قارارگاھىغا قاراپ يولغا چىقىشتى . توساتتىن بىر سىنىڭ ئاياغ تىۋى-
شى ئاڭلاندى . ئىككىسى جەسەتلەرنىڭ ئارىسىغا مۆكۈۋېلىشتى . ئەس-
لىدە ھېكتورمۇ مۇشۇ مەقسەتتە ئەتراپنى چارلاپ كېلىشكە ئادەم
ئەۋەتكەنىدى . ئىككىسى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ سوراق قىلدى . سوراق ئار-
قىلىق ئىككىيلەن تىرويالىقلارنىڭ پىلانىدىن ، مۇھاپىزەتچى قوشۇن-
لارنىڭ ئازلىقىدىن ، ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنىڭ پوست قويمىغانلىقى-
دىن خەۋەر تاپتى .
دىئومېدېس قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېي-
يىن ، بۇ قورقۇنچاق ئايغاقچىنىڭ كاللىسىنى ئالدى . ئاندىن ساۋۇتى-
نى سالدۇرۇپ نەيزىسى بىلەن دەرەخكە ئېسىپ ، قايتىش يولىغا بەلگە
قىلىپ قويدى . ئىككى باتۇر ئالغا ئىلگىرىلەپ مېڭىپ ، ئۇزاق ئۆتمەي
تىرويالىقلارنىڭ قارارگاھى ئالدىغا كەلدى . تىراكلارنىڭ قوشۇنى قاتا-
تىق ئۇيقۇدا ئىدى . قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پادىشاھى ئۇخلاپ ياتات-
تى . دىئومېدېس قوي پادىسىغا كىرىپ قالغان شىردەك شەمشىرىنى
چىقىرىپ چاپ - چاپ قىلىشقا باشلىدى . پەقەت جان تالىشىۋاتقان
ئىڭراشلارلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئودىسسوس جەسەتلەرنى يۆتكەپ يول
ئاچتى . دىئومېدېس تىراكلاردىن 12 ئادەمنى ئۆلتۈردى . ئۇنىڭ قو-
لىدا ئۆلگەن 13 - كىشى پادىشاھ بولدى . ئۇ قارا باسقاندەك ئىڭرايت-
تى . كاللىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى .
بۇ چاغدا ئودىسسوس ئۇرۇش ھارۋىسىدىن ئاتنى يېشىپ ، ھەمرا-
ھىنى تېز قېچىشقا چاقىردى . ئىككىسى ئاتلىرىنى قامچىلاپ ئۇچقان-
دەك يۈرۈپ يۇنانلىقلارنىڭ قارارگاھىغا يېتىپ كەلدى . تىرويالىقلار-
نىڭ ھامىيسى تەڭرى ئاپوللو ئافېنانىڭ دىئومېدېس بىلەن بىللە
يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى . ئۇ ئاسماندىن تىرويالىق
قوشۇنلارنىڭ ئارىسىغا چۈشتى . تىرويالىقلار چۆچۈپ ئويغىنىپ قارى-

سا ، پادىشاھنىڭ ئىتى يوق تۇرغان ، كىشىلەر قان ئىچىدە ئىڭرىشىپ
ياتقان ، بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ ئۇلارنى سۇر بېسىپ كەتتى .

ئەتىسى ئاگامېمنون ھەيۋەتلىك ساۋۇتنى كىيدى . قولىغا مىس
ئۇچلۇق نەيزىسىنى ئېلىپ ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ جەڭگاھقا قاراپ
شىددەت بىلەن يول ئالدى . ھېكتور لەشكەرلىرى بىلەن بىر دۆڭلۈك-
نىڭ كەينىدە سەپ تۈزۈپ تۇراتتى . ئىككى قوشۇن ئۇچراشتى .
گىرەلەشمە جەڭ باشلىنىپ كەتتى . يۇنانلىقلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلى-
دى . ئاگامېمنون تاغدىن چۈشكەن يولۋاستەك ئالدىدا ئىككى شاھزادى-
نى ئۆلتۈردى ، ئاندىن پارستىن پارا ئالغان ھەم ھېلېننى قايتۇرۇشقا
قارشى چىققان ئانتىماكوسنىڭ ئىككى بالىسىنى جېنىدىن جۇدا قىلى-
دى . يۇنانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمرلەشكىرىنىڭ باشچىلىقىدا دۈشمەن
سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىردى . تىرويالىقلار شەھەر قوۋۇقىغا ئانچە
يىراق بولمىغان يەرگىچە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى . بىرئازدىن
كېيىن ، ھېكتور ئۆزى بىللە قېچىۋاتقان لەشكەرلەرنى توختات-
تى . زېۋس تەڭرى ئەۋەتىپ ھېكتورغا توختىماي ئىلگىرىلەپ كېلى-
ۋاتقان ئاگامېمنون بىلەن تۇتۇشۇپ قالماسلىق ، ئاگامېمنون يارىلان-
غاندىن كېيىن ، ئۇنى قوغداپ غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقا-
نىدى . شۇنىڭ بىلەن ھېكتور لەشكەرلىرىنى ھۇجۇم قىلىشقا ئىلھام-
لاندۇردى ۋە ئاگامېمنوندىن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى .

ئاگامېمنون داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ ئانتىنورنىڭ ئوغلى ئى-
فىداماس بىلەن ئۇچراشتى . ئۇنى تېلاكس دېگەن جايدا ئانا جەمەت
بوۋىسى ئۆستۈرۈپ چوڭ قىلغانىدى . ئۇ يېڭىلا توي قىلىپ جەڭگە
قاتناشقانىدى . ئىفىداماسنىڭ نەيزىسى دۈشمىنىنىڭ كۈمۈش كەمىرى-
گە تېگىپ سۇنۇپ كەتتى . ئاگامېمنوننىڭ نەيزىسمۇ ئۇنىڭغا تەگمى-
دى . لېكىن ، چەبدەس بۇ يۇنانلىق ئەمرلەشكەر قارشى تەرەپنىڭ
نەيزىسىنى تۇتۇۋېلىپ ، شەمشەر بىلەن بوينىغا چاپتى . شۇنىڭ بىلەن
ياش ئىفىداماس خوتۇنىدىن جۇدا بولۇپ ، مىللىتى ئۈچۈن ھاياتىنى
قۇربان قىلدى .

ئىفىداماسنىڭ ئاكىسى كائون بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ قالدى ـ دە ،

كۆڭلى غەزەپ ـ نەپرەتكە تولدى . ئۇ ئاگامېمنوننىڭ يان تەرىپىگە ئاستا ئۆتۈپ ، دىققەت قىلمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ بىلىكىگە نەيزە سانجىدى . ئىنىسىنىڭ جەسىتىنى سۆرەپ ماڭغان چاغدا ، ئۇ ئاگامېمنوننىڭ سانجىغان نەيزىسىدە ، ئىنىسىنىڭ جەسىتى ئۈستىگە يىقىلىپ ئۆلدى . ئاگامېمنون جەڭ قىلىۋەردى . بىلىكىدىن شۇرقىراپ قان ئاقاتتى . ئۇ ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي جەڭگاھتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى . ئۇ دەرھال ھارۋىسىغا چىقتى . ئۇلاقچىسىگە ھارۋىنى كېمىگە قاراپ ھەيدەشنى بۇيرۇدى . ھارۋا چاڭ-توزان ئىچىدە ئارگوسلۇقلارنىڭ قارارگاھىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى .

ھېكتور تەڭرى بەرگەن بېشارەت ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ :

— باتۇرلارچە كۈرەش قىلايلى ! ئارگوسلۇقلارنى تېز قورشايلى ! ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن جەڭگاھتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ قوشۇنى ئارىسىغا بۆسۈپ كىرەيلى ، بىزنى زېۋس ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ ، — دېدى .

ھېكتور بىر ياقتىن ۋارقىراپ ، بىر ياقتىن ئۆزى ئالدىدا ھۇجۇمغا ئۆتتى . بىردەمنىڭ ئىچىدە يۇنان شاھزادىلىرىدىن توققۇزى ۋە نۇرغۇن لەشكەرلەر ئۆلتۈرۈلدى . كەسكىن جەڭدە ، دىئومېدېس ھېكتورنىڭ دۇبۇلغىسىغا نەيزە ئاتتى . نەيزە تەگمىگەن بولسىمۇ ، ھېكتور ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولۇپ يىقىلىپ چۈشتى . ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى . ئۇ لەشكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ناھايىتى تېزلا قېچىپ قۇتۇلدى . دىئومېدېس بىر تىروياللىق لەشكەرنى يىقىتىپ ، ساۋۇتىنى ئېلىۋالماقچى بولغانىدى ، يېقىن يەردىكى ئىدوسنىڭ قەبرىسى كەينىدە تۇرغان پارىس قەبرە تاختىسىغا چاپلىشىپ تۇرۇپ ، پەيتىنى غەنىمەت بىلىپ ، دىئومېدېسنىڭ ئوڭ پۇتىغا قارىتىپ ئوقيادىن ئوق ئۈزدى . دىئومېدېس خۇددى مىخلىنىپ قالغاندەك تۇرۇپ قالدى .

دىئومېدېس ئاخىر پارىسنى بايقىدى . ئۇ توۋلاپ تۇرۇپ :

— سەن ئىكەنسەن - دە ، خوتۇنلارنىڭ مەستانىسى ! كۆپكۆندۈزدە
مەن بىلەن جەڭ قىلماي ، ئارقامدىن ئوق ئېتىپ پۇتۇمنى يارىلاندۇر-
دۇڭ . بۇ كىچىككىنە جاراھەت مېنىڭ داۋاملىق جەڭ قىلىشىمنى
توسۇيالمايدۇ ! — دېدى .

بۇ چاغدا ئودىسسوس يېتىپ كەلدى . ئۇ دىئومېدېسنى گەۋدىسى
بىلەن توسۇپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ پۇتىدىن يا ئوقىنى سۇغۇرۇپ ئالدى .
يارا قاتتىق ئاغرىغان بولسىمۇ ، دىئومېدېس يەنىلا چىدىدى . ئاخىر
ھارۋىغا چىقىپ ستېنېلوسنىڭ ياردىمىدە كېمىگە قايتتى . دۈشمەن
سېپىدە ئودىسسوس يالغۇز ئۆزى قالغانىدى . دۈشمەنلىرى بىلەن ئې-
لىشتى . تىرويالىقلار قاپساپ كېلىۋاتاتتى . بىر تىرويالىقنىڭ نەيزى-
سى ئۇنىڭ قالقىنىنى تېشىۋەتتى . ئۇنىڭ قوۋۇرغىسى زەخىملەندى .
ئودىسسوس قوۋۇرغىسىغا سانجىقلىق تۇرغان نەيزىنى سۇغۇرۇپ چى-
قىرىۋالدى . ساۋۇتى شۇئان قىپقىزىل قانغا بويالدى . ئۇ جەڭ قىلغاچ
چېكىندى ھەم ياردەم سوراپ ۋارقىرىدى .

مېنېلائوس ئودىسسوسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېنىدا تۇرغان
ئەيئاسقا :

— ئودىسسوسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم . بېرىپ ئۇنى قۇتقۇ-
زايلى ! — دېدى - دە ، ئىككىسى جەڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ جەڭگاھقا
بۆسۈپ كىردى . مېنېلائوس ئودىسسوسنى جەڭ ھارۋىسىغا چىقىرىۋال-
دى . ئەيئاس دۈشمەن سېپىگە ئېتىلدى .

جەڭگاھنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدە ھېكتور ھە دەپ دىئومېدېس-
نىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى قىرغىن قىلىۋاتاتتى . پارىس ئاتقان ئۈچ
ئىلمەكلىك ئوق داڭلىق تېۋىپ ماكائوننى يىقىتتى . ئىدىئومېنوس
تىت - تىت بولغان ھالدا نېستورنى ھارۋىدا بېرىپ تېۋىپنى قۇتقۇ-
زۇشقا چاقىردى . چۈنكى ، يارىدارلارنى داۋالايدىغان بىر تېۋىپ مىڭ
كىشىگە باراۋەر كېلەتتى . ھېكتور دىققىتىنى جەڭگاھنىڭ ئوڭ قانى-
تىغا بۇرىدى . ئەيئاسنىڭ چاپ - چاپ قىلىشى بىلەن ئوڭ قاناتتا
مالىمانچىلىق بولۇۋاتاتتى . ئەيئاس ھېكتورنى كۆرۈپ قالقىنىنى مۈ-
رىسىگە ئېلىپ ، كېمىلەرنى قوغداش ئۈچۈن سەپتىن چىقىپ كەتتى .

تىرويالىقلار كەينىدىن ئۇنىڭغا نەيزىلەرنى ئاتتى . ئۇ كەينىگە بۇرۇ-لۇپ قارىغاندا ، ھەممىسى قورقۇپ ئارقىغا داجىيتتى . باتۇر ئورىپلوس ئەيئاسقا ياردەمگە كەلدى . ئەيئاسنىڭ قورسىقى يارىلانغانىدى . ئۇ تىرويالىق ئابىسائوننى نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈپ ، ئۆلگۈچىنىڭ ساۋۇتىنى سالدۇرۇۋاتقاندا ، پارىس ئۇنىڭ سول پۇتىغا ئوقيا ئاتتى . دوستلىرى ئۇنى قوغداپ قارارگاھقا ئېلىپ كەتتى .

نېستور يارىلانغان ماكائوننى ئېتىغا مىندۈرۈپ ئاكىللېسنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ ئۆتتى . ئۇ ئۆز يۇرتداشلىرىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان تىرويالىقلارغا قاراپ ئولتۇراتتى . ئۇ ئۆزى قىلغان سۆزلەرنىڭ دوست-لىرىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان يامانلىق ئالامىتىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلى-قىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدى . ئۇ نېستوردىن جەڭگاھتىن كەلگەن كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلىپ كېلىشكە پاتروكلوسنى ئەۋەتتى . يۇناد-لىقلار كېمىلىرىنى خەندەك كولاش ، قورۇق تام سېلىش بىلەن قوغ-داپ كەلگەنىدى . جەڭ قارارگاھ ئەتراپىغا قىستاپ كەلمەكتە ئىدى . يۇنانلىقلار كېمىلەرنىڭ قېشىغا توپلىنىۋالغانىدى . ھېكتور قوشۇنلى-رىنى باشلاپ خەندەك تۆۋىگە كەلدى . ئاتلار ماڭماي تۇرۇۋالدى . خەندەك كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىدى ، ياغاچ قوزۇقلار سانجىلغانىدى . پەقەت پىيادە لەشكەرلەرلا قارامىلىق بىلەن ئۆتەلىشى مۇمكىن ئىدى . پولىداماس جەڭ ھارۋىلىرىنى خەندەك تۆۋىدە توختىتىپ قويۇش ، كۆپچىلىك پىيادە ئۆتۈپ قورۇق تامدىن بۆسۈپ كىرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ھېكتورغا بۇ پىلان ياقتى . شۇنىڭ بىلەن قوشۇنلار بەش ئەترەتكە بۆلۈنۈپ ، ئايرىم - ئايرىم ھۇجۇم قىلىش بەلگىلەندى .

بىرىنچى ئەترەتكە ھېكتور بىلەن پولىداماس باش بولدى . ئۇلار ھۇجۇم قىلىدىغان نىشان ئالدى تەرەپ ئىدى . ئاسىئوس ھارۋىدىن چۈشۈشنى خالىمىدى . ئۇ ھارۋىسىنى سول تەرەپتىكى چىغىر يولغا بۇرىدى . ئۇ جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن ئاتلارنىڭ ئۆتۈشىگە قالدۇرۇلغان يول ئىدى . ئۇ دەرۋازىنىڭ ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى . ئۇ يەردە گويا دۇب دەرىخىدەك ئېگىز ئىككى قاراۋۇل كېچىكىپ قالغان لەشكەرلەرنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى . ئاسىئوس جەڭ ھارۋىسىنى

ھەيدەپ دەرۋازىغا ھۇجۇم قىلدى. كەينىدىن تىرويالىقلار يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. تىرويالىقلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھېلىقى ئىككى قاراۋۇل ئۇلارغا شىددەت بىلەن ئېتىلدى. قورغان ئىچىدىن يامغۇردەك تاش چۈشكىلى تۇردى. تىرويالىقلاردىن كۆپ ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. باشقا يەرلەردە ھەرقايسى ئەترەتلەر خەندەكتىن ئۆتۈپ دەرۋازىغا ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى.

تىرويا قوشۇنلىرى ئىچىدە ئەڭ خىل سانىلىدىغان قوشۇن ھېكتورنىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇن ئىدى. بۇ قوشۇن ئارىسالدى بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، ئۇلار بىر پېشكەللىكنىڭ بېشارىتىنى كۆرگەنىدى. بىر يىلاننى چاڭگاللىۋالغان بۈركۈت قوشۇنىنىڭ سول تەرىپىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، يىلان بۈركۈتنى چاقتى، بۈركۈت ئاغرىققا چىدىماي يىلاننى تاشلىۋەتتى. يىلان تىرويا قوشۇنلىرىنىڭ ئارىسىغا چۈشتى. ئۇلار يەردە جان تالىشىۋاتقان يىلانغا قاراپ قورقۇشتى. پولىداماس ھېكتورغا ئىلگىرىلەشتىن توختاش توغرۇلۇق مەسلىھەت بەردى. ئۇلار جەزمەن ئاشۇ بۈركۈتكە ئوخشاش قولغا چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان ئولجىنى ئېلىپ كېتەلمەيتتى. ھېكتور پولىداماسنى ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ قىلمىدى دەپ مازاق قىلدى-دە، چوڭ قەدەم تاشلاپ ئىلگىرىلەپ كېتىپ قالدى. ئۇ لەشكەرلىرىنىڭ قورۇق تامغا ھۇجۇم قىلىشىغا باشچىلىق قىلدى.

يۇنانلىقلارنىڭ ئەھۋالى گەرچە خەتەرلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار چېكىنمىدى. يۇنانلىقلار تام ئۈستىدە قەتئىي تۇرۇپ تاش ئېتىپ، نەيزە تاشلاپ ياۋنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇردى. زېۋسنىڭ ئوغلى سارپېدون قالقىنىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خۇددى ئاچ قالغان شىردەك دوستى گىلاكوس بىلەن بىللە ئالغا قاراپ ئېتىلدى.

تام ئۈستىدىكى يۇنان قوشۇنلىرى دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ كەلكۈندەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەيئاس بىلەن توكروسنى چاقىرىپ كەلدى. سارپېدوننىڭ دوستى ئېپكىلىس تامغا يامىشىپ چىقىۋاتاتتى. ئەيئاس يوغان بىر پارچە تاشنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېتىپ كاللىسىنى مىجىۋەتتى، ئېپكىلىس تامدىن يىقىلىپ

چۈشتى . توكروس گىلاكوسنىڭ بىلىكىنى نەيزە سانجىپ يارىلاندۇ-
رۇپ قويدى . ئۇ ئاستا چېكىندى . سارپېدون تامغا يامىشىپ چىقىپ ،
تامنى قوغداۋاتقان لەشكەرلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتى ھەم تامنى
كۆچىنىڭ بارچە لىڭشىتىپ يوچۇق ئاچماقچى بولدى . لېكىن ، ئۇ
ئەيئاسنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى . ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە توسۇپ
زەربە بېرىشمەكتە ئىدى . قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى .

جەڭ ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى . ئاخىر زېۋس ھېكتورنى ئۇس-
تۇنلۇككە ئىگە قىلدى . ئۇ بارگاھنىڭ ئالدىغا كەلدى . ھېكتور ئادەت-
تىن تاشقىرى كۈچ بىلەن تاشنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ ، دەرۋازىغا
ئۇرغانىدى ، تاقاق سۇنۇپ ، بارگاھ دەرۋازىسى ئېچىلىپ كەتتى . تاش-
مۇ دەرۋازىنىڭ ئىچىگە چۈشتى . تىرويا قوشۇنلىرى بارگاھقا يوپۇرۇ-
لۇپ كىرىشتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىرقانچە يۈز جەڭچى
قورۇق تامغا چىقىپ بولغانىدى . ھېكتور ۋالىلداپ تۇرغان ئىككى تال
نەيزىسىنى ئوينىتىپ دۈشمەنگە چاقماقتەك ئېتىلدى . ئۇنىڭ تۇرقى-
دىن كىشى ئەيمىنەتتى . يۇنانلىقلار كېمە تەرەپكە قېچىشتى .

زېۋس تىرويالىقلارنى غەلىبىگە ئىگە قىلغاندىن كېيىن ، باشقا
جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ماڭدى . مۇشۇ پەيتتە پۈتى كۆيگەن
توخۇدەك بولۇپ كەتكەن پوسېيدون جەڭ ھارۋىسىغا چىقىپ ، ئوردى-
دىن ئالدىراش ئاتلىنىپ يۇنانلىقلارنىڭ كېمىلىرى بار يەرگە يېتىپ
كەلدى . بۇ چاغدا تىرويالىقلار ھېكتورنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ يۇنان-
لىقلارنىڭ كېمىلىرىنى ئىشغال قىلىش ئالدىدا تۇراتتى .

پوسېيدون بېشارەتچى كالكاسنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ، ئەي-
ئاسنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇداپىئەدە تۇرۇشقا مەدەتلەندۈر-
دى . ئۇ ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك ھاسىسىنى ئەيئاسقا سەل - پەل تەگكۈ-
زۈپ قويۇۋىدى ، ئۇنىڭ روھى تېتىكلىشىپ ، ئۆزى كۈچلىنىپ كەت-
كەندەك بولۇپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىدىن ئۇچقاندەك كېتىپ
قالغان ئادەمنىڭ تەگرى ئىكەنلىكىنى بىلدى . پوسېيدون كېمىلەرنىڭ
ئەتراپىدا ھارغىن ۋە تەرتىپسىز ھالەتتە تۇرغان باتۇرلارنى روھلاندۇر-
دى . ئۇلار قوشۇنلىرىنى تەشكىللەپ ، تىرويالىقلارنى بىمالال كۈتۈپ

تۇرۇشتى . ئۇلار نەيزىلىرىنى تۇتۇپ سانجاق تۇرۇشاتتى ، قالقان ۋە دۇبۇلغىلار بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ، دۇبۇلغىلارنىڭ پەيلىرى بىر - بىرىگە تېگىپ تۇراتتى .

ھېكتور تىرويالىقلارنى باشلاپ ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ، تاغۇ - تاشلارنى يېرىۋەتكۈدەك جاسارەتتە بېسىپ كەلمەكتە ئىدى . پىرىئام- نىڭ باتۇر ئوغلى بىيفوبوس قالقىنىنىڭ ھىمايىسىدە جەسۇر قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەيتتى . مېرىئونېس ئۇنىڭغا قارىتىپ نەيزە ئاتتى . نەيزىسى قالقانغا تېگىپ سۇنۇپ كەتتى . بۇ يۇنانلىق قەھرىمان بارگاھ- قا بېرىپ تېخىمۇ قاتتىق نەيزىسىنى ئېلىپ كەلدى . شىددەتلىك جەڭ داۋام قىلماقتا . يەر - جاھاننى شاۋقۇن - سۈرەن باسقانىدى . توكروس مېنتورنىڭ ئوغلى ئىمبىرىئوسنىڭ قۇلاق تۈۋىگە نەيزە ئۇرغانىدى ، ئۇ شۇ يەردىلا يىقىلدى . ھېكتور بۇ جەسەتنى توكروس بىلەن تالىشىپ قالدى . ئۇ پوسېيدوننىڭ نەۋرىسى ئانفىماكوسنى ئۆلتۈردى . ئۇ ئېگىد- شىپ تۇرۇپ ئۆلگۈچىنىڭ دۇبۇلغىسىنى ئېلىۋاتقان چاغدا ، ئەيئاس- نىڭ نەيزىسى ئۇنىڭ قالقىنى ئۇستىگە سانجىلدى . ئۇ ئامالسىز سەل كەينىگە چېكىندى . شۇ ئەسنادا مېرىيونېس بىلەن ستكوس ئىككىسى بىرلىشىپ ئانفىماكوس بىلەن ئىمبىرىئوسنىڭ جەسىتىنى بۇلاپ ئې- لىپ كېتىشتى .

پوسېيدون نەۋرىسىنىڭ ئۆلۈمىگە ئىنتايىن غەزەپلەندى . ئۇ شۇ ھامان بارگاھقا بېرىپ ، ئىدومېنوسنىڭ يارىلانغان بىر دوستىنى يۆ- دەپ تېۋىپقا داۋالىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ بۇ باتۇرنى پادىشاھ ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارىچە جەڭ قىلىشقا قۇتراتتى . ئىدومېنوس ناھايىتى ئۆتكۈر بىر قورالنى ئېلىپ چاقماق تېزلىكىدە بارگاھتىن ئېتىلىپ چىقتى .

ئۇ ئىشىك تۈۋىدە يېڭى نەيزە ئالغىلى بارگاھقا كەلگەن مېرىئو- نېسقا يولۇقۇپ قالدى . نەيزىلەردىن بىرەرنى تاللىۋېلىش ئۈچۈن ئۇ مېرىئونېسنى ئۆيىگە باشلىدى ، ئاندىن ئىككىسى بىللە جەڭگاھقا قا- راپ مېڭىشتى . ئىدومېنوس گەرچە چېچىغا ئاق كىرگەن بولسىمۇ ، باتۇرلۇقتا ياشلاردىن قېلىشمايتتى . ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ لەشكەرلەر-

نىڭ كۆرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرەتتى . ئۇ نەيزىلەپ ئۆلتۈرگەن بىرىنچى دۈشمەن ئوترىئونوس ئىدى . ئىدومېنوس مازاق قىلغاچ جەسەتنى پۇتىدىن سۆرەپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى . ئاسىئوس جەڭ ھارۋىسىغا چىقىپ ئۆلگۈچى ئۇچۇن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە يېتىپ كەلدى . ئەمما ، ئىدومېنوس چاققانلىق قىلدى ، ئاسىئوس نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ ئاتماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا ، ئىدومېنوسنىڭ نەيزىسى ئۇنىڭ كانىيىغا كېلىپ قادىلىپ پاتىقىدىن چىقىپ كەتتى . دوستى ئاسىئوس ئۇچۇن ئىنتىقام ئالماقچى بولۇپ دېيفوبوس كەلدى . ئۇنىڭ ئاتقان نەيزىسى ئىدومېنوسقا تەگمەي ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان شاھزادە ھىپسېنورنىڭ كۆكرىكىگە سانجىلدى .

— ئاسىئوس ، — دەپ ۋارقىرىدى دېيفوبوس ، — مەن سېنىڭ ئەنتىقىنى ئېلىپ بەردىم .

ئىدومېنوس بۇ ياش قەھرىمانغا قورقۇمسىز قاراپ تۇراتتى . ئۇ تىرويالىق بىر باتۇرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ۋارقىراپ تۇرۇپ :

— ئۇچكە بىرنى تېگىشەي ، قانداق ؟ — دېدى دېيفوبوسقا .

دېيفوبوس تەۋەككۇل قىلىپ يەكمۇيەك ئېلىشىش كېرەكمۇ ياكى بىرەر تىرويالىق باتۇرنى ھەمدەمگە چاقىرىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بىردەم ئويلىنىپ ، ھەدىسىنىڭ ئېرى ئانېئاسنى ياردەمگە چاقىردى . ئىدومېنوسمۇ يېقىن ئەتراپتىكى دوستلىرىنى چاقىرىپ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان ئانېئاسقا بىرلىكتە تاقابىل تۇرماقچى بولدى .

ئىككى تەرەپ گىرەلەشمە جەڭگە چۈشۈپ كېتىشتى . ھەر ئىككىلا تەرەپتە ئۆلۈم - يېتىم كۆرۈلدى . تىرويالىقلارغا تالاپەت كۆپرەك بولدى . مېرىئونېس دېيفوبوسنى يارىلاندۇردى . دېيفوبوس جەڭگاھتىن چېكىندى . پولىداماسنىڭ تەكلىپى بويىچە ، ھېكتور قالغان تىرويالىق سەركەردە - سەرۋازلارغا باشچىلىق قىلىپ كېمىلەرگە خۇددى بوراندەك تېگىش قىلدى . ھېكتور سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئىدى . ئارگوسلۇقلار ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالمىدى ھەم چېكىنمىدى . ھېكتور ئەيئاسنىڭ ئۆزىنى جەڭگە چاقىرغانلىقىغا پەرۋا قىلمىدى .

شۇ چاغدا يۇنانلىقلارنىڭ كېمىسىدە ئولتۇرغان نېستور ماكائوننى

باشقا بىرەيلەنگە تاپشۇرۇپ قويۇپ ، جەڭ ئەھۋالىنى كۆزەتكىلى سىرت-
قا چىقىپ ، جەڭ ئەھۋالىنىڭ يامان تەرەپكە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلى-
قىنى كۆردى . ئۇ ئەمرلەشكەر بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى خىيال قى-
لىپ تۇرۇشىغا ، ئاگامېمنون ، ئودىسسوس ۋە دىئومېدېسلار نەيزىلى-
رىگە تايىنىشىپ كەلدى . ئۇلار يۇنانلىقلارنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە پا-
راڭلىشىپ كېلىۋاتاتتى . پاراڭلاردىن تەشۋىش ئەكس ئېتەتتى . نېس-
تور ئۇلارنىڭ يارىلانغانلىقىنى بايقىدى . ئاگامېمنون كېمىلەرنى سۇغا
چۈشۈرۈپ ، قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن قېچىپ كېتىش تەكلىپىنى يەنە
ئوتتۇرىغا قويدى . ئودىسسوس بۇ گەپنى ئاڭلاپ مازاق قىلغاندەك
كۈلۈپ قويدى ۋە شۇنداق بولسا يۇنان قوشۇنىنىڭ كۈرەش ئىرادىسى-
نىڭ بوشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ، ھالاكەتلىك ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىش
مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى .

ئودىسسوس ئۆزلىرىنىڭ جەڭگاھقا بېرىپ لەشكەرلەرنى ئىلھام-
لاندۇرۇشىنى توغرا تاپقانىدى . ئۇ :

— بىز ئالدىنقى سەپكە بارايلى ، بىز شۇندىلا ھەقىقىي يول
باشچىلارغا ئوخشايمىز ! — دېدى .

بۇ گەپ پوسېيدونغا ياراپ كەتتى . ئۇ پېشقەدەم بىر جەڭچى
سىياقىغا كىرىپ ، بۇ بىرقانچە باتۇرنى مەدەتلەندۈردى ، ئاندىن يەنە
جەڭگاھقا بېرىپ چۇقان سالدى .

ھېرا ئولىمپىس تېغىدا دېڭىز تەڭرىسىنىڭ يۇنانلىقلارغا ياردەم
بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى . ئۇ تىت - تىت بولۇپ ئۆزى ھەرىكەت
قىلماقچى بولدى . ئۇ ھېپىستوسنىڭ ئۆزى ئۈچۈن سالغان ھېلىقى
مەخپىي ھۇجرىغا كېلىپ ، يۇيۇنۇپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىدى ، ئا-
دەتتىكى چاغلاردىكىدىنمۇ چىرايلىق ياساندى . ئاندىن مۇھەببەت تەڭ-
رىچىسى ئافرودىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان
ئاتا- ئانىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش توغرىسىدا يالغان - ياۋىداق
گەپلەرنى قىلىپ ، مۇھەببەت تەڭرىچىسىنىڭ كىشىنى قايمۇقتۇرىدى-
غان ۋە ئازدۇرىدىغان كىمخاب كەمىرىنى ئالداپ ئېلىۋالدى . ئۇ كىم-
خاب كەمەرنى قويىنىغا تىقىپ ، يىراقتىكى لېمنوس ئارىلىغا — ئەجەل

نەگرىسىنىڭ ئوغلى — ئۆيقۇ تەگرىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭدىن زېۋسنى ئۇخلىتىپ قويۇشنى ئۆتۈندى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇيقۇ تەگرىسى بەك قورقۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ھېرانىڭ بۇيرۇقى بىلەن زېۋسنى بىر قېتىم ئۇخلىتىپ قويغانىدى. نەتىجىدە زېۋس ئۇنى قوغلاپ ئاللا-توۋسىنى چىقىرىۋەتكەنىدى. ئۇ ئاخىر تۈن تەگرىسىنىڭ قوينىغا كىرىۋېلىپ ئامان قالغانىدى. ھېرا ئۇنىڭغا بىر-بىرىدىن چىرايلىق ئۈچ تەگرىچىنىڭ بىرسىنى خوتۇنلۇققا بېرىشكە ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيقۇ تەگرىسى ئەيۋەشكە كەلدى.

ھېرا تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ، ئەۋرىشىمدەك تولغىنىپ ئىدى تېغىغا كەلدى. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا، زېۋسنىڭ قەلبىدە قىزغىن ئىشتىياق قوزغالدى-دە، تىرويالىقلارنىڭ جەڭ ئىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويدى. زېۋس ھېراغا:

— ئىككى چوڭ مىللەتنىڭ ئۇرۇشنى تاماشا قىلغاچ كۆڭۈل ئاچايلى، — دېدى.

ھېرا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇمىدسىزلەندى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئايدەك جامالى ۋە مۇھەببەت تەگرىچىسىنىڭ كىمخاب كەمىرىمۇ، زېۋسنىڭ تۆۋەندىكى تۈزلەڭلىكتە بولۇۋاتقان جەڭنى ۋە ئاكىيالىقلارغا بولغان ئاچچىقىنى ئۇنتۇلدۇرالىشىغا كۆزى يەتمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زېۋسنى قۇچاقلىدى. كۆزگە كۆرۈنمەس ئۇيقۇ تەگرىسىگە كۆز ئىشارىتى قىلدى. زېۋس بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالدى.

ھېرا دەرھال ئۇيقۇ تەگرىسنى ئەلچى قىلىپ پوسېيدوننىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئۇ پوسېيدونغا:

— پىلانىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ھەم ئارگوسلۇقلارنى شان-شەرەپكە ئېرىشتۈرىدىغان ئەڭ ياخشى پەيت يېتىپ كەلدى. چۈنكى، مەن ھىيلە ئىشلىتىپ زېۋسنى ئىدى تېغىنىڭ چوققىسىدا ئۇخلىتىپ قويدۇم، — دېدى.

پوسېيدون ئارگوس پالۋىنى قىياپىتىگە كىرىپ ئالدىنقى سەپكە باردى ۋە ئۈنلۈك ۋارقىراپ:

— بىز ھېكتورنى مۇشۇنداق ئوڭايلا غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپ

قويامدۇق ؟ ئۇنىڭ كېمىلىرىمىزنى بويسۇندۇرۇشىغا ھەم ئاجايىپ شان ـ شەۋكەت قازىنىشىغا رازى بولامدۇق ؟ ياق ! ھەممىمىز بىردەك ئالغا ئىلگىرىلەيلى ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەيلى ! — دېدى .

دېڭىز تەڭرىسى يالىلداپ تۇرغان ئۆتكۈر زۇلپىقارىنى تۇتۇپ ئەڭ ئالدىدا يول ئېچىپ ماڭدى . ئۇنىڭ ئالدىدىكى دۈشمەنلەر پىتىراپ مەغلۇپ بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېڭىز دولقۇنلىرى خۇددى يۇنانلىقلارغا ھەمدەمدە بولۇۋاتقاندەك ،قايناپ ئۆركەشلەيتتى . يۇنانلىق-لار روھلىنىپ كەتتى ، شاھزادىلەر جەڭگە باشچىلىق قىلدى ھەم قورال ـ ياراغ تارقاتتى . لەشكەرلەر باتۇرلۇق بىلەن جەڭگە ئاتلاندى .

ھېكتور قىلچە قورقۇپ قالمىدى . ئۇ ئالدى بىلەن ئەيئاسنى نىشانلاپ نەيزە ئاتتى . نەيزىنى قارشى تەرەپ قالقىنى بىلەن توسۇپ قالدى . دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ، ئەيئاس ھېكتورغا قارىتىپ يوغان بىر تاشنى ئاتقانىدى ، ھېكتور يىقىلدى . دۈبۈلغا بىلەن قالقىنى تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى . يۇنانلىقلار ئالقىش ياڭرىتىپ ۋارقىراشتى ھەم ھېكتورنى سۆرەپ ئېلىپ كېتىش ئارزۇسىدا بولۇشتى . لېكىن ، تىروياننىڭ ئەڭ داڭلىق پالۋانلىرى تەڭلا يېتىپ كېلىپ ، ئۇنى قۇتۇل-دۇرۇۋالدى ھەم يۆلەپ شەھەرگە ئېلىپ كېتىشتى . تىرويالىقلار يول باشچىسىدىن ئايرىلىپ مەغلۇپ بولۇپ ، قاشا تام ئەتراپىدىن چېكى-نىپ ، جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاندىن توختىدى .

زېۋس ئويغىنىپ ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ پەستىكى مەنزىرىگە نەزەر سالدى . تىرويالىقلار راسا قېچىۋاتقان ، يۇنانلىقلار چاپ ـ چاپ قىلىۋاتقانىدى . ئادەملەر ھېكتورنى ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ يەرگە قوي-دى . ئۇ تولا قان تۈكۈرۈپ ھوشىدىن كەتكەنىدى . بۇ باتۇرغا زېۋس-نىڭ رەھمى كەلدى ـ دە ، غەزەپلەنگەن ھالدا ھېرانى ئەيىبلەپ كەت-تى . ئۇ ھېراغا ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ ئاسمانغا مۇئەللەق ئېسىپ قويىدىغانلىقىنى دەپ تەھدىت سالدى . ھىيلىگەر ھېرا بۇ پوسېيدوننىڭ قارارى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئاقلىدى .

— ئاسمان ـ زېمىن بىلەن دەريالار شاھىت بولسۇنكى ، مەن ئۇنى ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ھۆكۈمرانى زېۋسنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت

قىلىشقا دەۋەت قىلغانىدىم ! — دېدى ئۇ .

بۇ چاغدا ھېرانىڭ قويىنىدىكى ئافرودىتىنىڭ كىمخاب كەمىرى تەسىر كۆرسىتىۋاتاتتى . زېۋسنىڭ چىرايى مۇلايىملاشتى . ئۇ ھېرانى مۇقەددەس تاغقا بېرىپ ، پوسېيدوننى قايتۇرۇۋېتىشكە ئىرىسنى ئەۋەتىشنى ، ھېكتورنى ئاپوللونىڭ داۋالىشىنى ، ئۇنىڭغا يېڭىدىن كۈچ-غەيرەت قوشۇشنى ئېيتتى .

ھېرانىڭ زېۋسنىڭ ئەمرى بويىچە تەڭرىلەر يىغىلىدىغان ئولىمپىستىكى چوڭ زالغا كەلدى ۋە زېۋسنىڭ ئەمرىنى ئۇلارغا يەتكۈزدى . ئىرىس بوراندەك ئۇچۇپ جەڭ مەيدانىغا كەتتى . زېۋسنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ پوسېيدون قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ ئاچايىپ خاپا بولدى .

— بۇ ئاكا بولغۇچىنىڭ قېرىنداشلىق سۆزى ئەمەس ، — دېدى پوسېيدون كەيپى ئۇچۇپ ، — ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم . خاھىشىمنى ئۆزگەرتىشكە نېمىدەپ قىستايدىكەن ؟ چەك تاشلاپ ھوقۇق بۆلۈشكەن چېغىمىزدا ، ماڭا دېڭىز - ئوكيانلارنى باشقۇرۇش بۆلۈنگەن . زېۋس ئاسماننى باشقۇرىدىغان بولغان . بىراق ، زېمىن مۇقەددەس ئولىمپىستىكى ھەممىگە تەڭ ئورتاق . ئىرىس :

— مۇشۇ گەپلىرىڭنى زېۋسقا ئەينەن مەلۇم قىلايمۇ ؟ — دېدى .

پوسېيدون بېشىنى سىلىپ بىردەم ئويلىنىپ كېتىپ ، ئاندىن :

— ئەمىسە ياخشى . مەن كېتەي ، ناۋادا زېۋس ترويانىڭ قولىدىن كېتىشىگە توسالغۇ بولسا ، مەن ئۇنىڭغا قارشى چىقىمەن ، — دېدى - دە ، دېڭىزغا چۆكۈپ كەتتى .

ئاپوللو ھېكتورنىڭ يېنىغا كەلدى . يۇنان قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈشكە ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولدى . ھېكتور تەڭرىنىڭ ۋەدىسىنى ئاڭلاپ شۇئان ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى . خۇددى يەمگە تويۇنۇپ شاشلىق بىلەن چۇلۇۋۇرنى ئۈزۈۋەتكەن تۇلپاردەك جەڭ ھارۋىسىغا سەكرەپ چىقىپ دۈشمەنلەرگە تاشلاندى . يۇنانلىقلار ھېكتورنىڭ ساق - سالامەت ھالدا باتۇرلۇق بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ھەممىسى قوغلاشتىن توختاپ ھەيكەلدەك تۇرۇپ قېلىشتى . ناھايىتى روشەنكى ، ھېكتورغا تەڭرى ياردەم بەر-

گەندى. سۆزمەن توكاس ئۈنلۈك ئاۋازدا شاھزادىلەرگە مۇنداق تەكلىپ بەردى:

— سىلەر ئەڭ ياخشىسى قوشۇننى كېمىلەرگە قايتىشقا بۇيرۇق بېرىڭلار. بىزدىكى ئەڭ باتۇر ئادەملەر بۇ يەردە قالسۇن.

يۇنانلىق پالۋانلار ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. باتۇر لەشكەرلەر ئەيئاس، مېرىيونېس، ئىدومېنوس ۋە توكروسلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشتى. قالغانلار جەڭ ھارۋىلىرىغا چىقىپ كېمىلەرگە چېكىندى.

تىرويالىقلار ھۇجۇمغا ئۆتتى. ھېكتورنىڭ يېنىدا ئۆزىنى بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا ئالغان ئاپوللو قورال تۇتۇپ تۇراتتى. ئىككىلا تەرەپتە نەيزە ئېتىش باشلاندى. ئاپوللو تىرويالىقلارنىڭ ئاتقان نەيزىلىرىنى بىكارغا كەتكۈزۈۋەتمىدى. ئۇ بۇلۇت ئارىسىدا تۇرۇپ دەھشەتلىك ۋارقىرىغاندا، يۇنانلىقلار قورقۇپ، ئۆزىنى قانداق قوغداشنى بىلمەي قېلىشتى. ھېكتور ئالدى بىلەن پوئوتىيالىقلارنىڭ باشلىقى تىكېئوسنى ئۆلتۈردى. ئانىئاس ئافېنالىق ئىياسوسنى ۋە ئەيئاسنىڭ ئىنىسى مېدوننى ئۆلتۈردى. مېكېستوس پولىداماسنىڭ قولىدا جان بەردى. پارس نەيزىسىنى ئاتتى. نەيزە ئېكوسنىڭ دۈمبىسىدىن كىرىپ مەيدىسىدىن چىقتى. تىرويالىقلار ئۆلگەنلەرنىڭ ساۋۇتلىرىنى سالدۇرۇۋاتقاندا، يۇنانلىقلار خەندەكلەرگە قاراپ قېچىشتى. ھېكتور لەشكەرلىرىگە:

— قانغا بويالغان ساۋۇتلارنى تاشلاڭلار، كېمىلەرگە ئوت قويۇۋېتىپ قايتىپ كېلىپ ئالساڭلارمۇ كېچىكمەيسىلەر! — دەپ ۋارقىرىدى.

ھېكتور ۋارقىرىغان پېتى جەڭ ھارۋىسىنى خەندەك تەرەپكە ھەيدىدى. تىرويالىق پالۋانلار ھارۋىلىرىغا چۈشۈپ ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى.

ئاپوللو خەندەكنىڭ چوقچايغان گىرۋىكىنى دەسسەپ تۈزلىۋەتتى، ئاندىن ئۇلارغا ھارۋىلىرىنىڭ بىخەتەر ئۆتۈشى ئۈچۈن كۆۋرۈك بىنا قىلىپ بەردى. ئۇ ئالتۇن قالقىنىنى ئوينىتىپ، يۇنانلىقلارنىڭ

قورۇق تېمىنى خۇددى دېڭىز بويىدا ئۇسساۋاتقان باللار ئۆزلىرى ياسىغان قۇم قورغانلىرىنى ئۆزلىرى بۇزۇۋەتكەندەك ۋەيران قىلىۋەت- تى . قورشاۋسىز هالەتتە قالغان كېمىلەر تىروياللىقلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى . تىروياللىقلار جەڭ هارۋىلىرى بىلەن قورۇق تامدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتى . يۇنانلىقلار تىروياللىقلارنىڭ كۈچلۈك هۇجۇمى ئالدىدا تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى . ئۇلار هودۇقۇپ كەتكەن هالدا دۇئا- تىلاۋەت قىلغاچ ، كېمىلەرگە چىقىشتى ۋە كېمىگە چىقىۋېلىپ قارشى- لىق كۆرسەتتى .

تالادىكى قىر - چاپ ئاۋازلىرىدىن ئاسمان لەرزىگە كەلگەندى . پاتروكلوس يارىلانغان ئورىپلوسنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى . تىروياللىقلارنىڭ قورۇق تامنى بۇزۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىختى- يارسىز يوتىسىغا پاققىدە قىلىپ بىرنى ئۇرۇپ :

— مەن ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەم بولمايدۇ ! مەن بېرىپ ئاكىللېسنى قايىل قىلاي ، دۈشمەنلەر قىستاپ كېلىپ قالدى ! — دېدى - دە ، ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى .

كېمىلەرنى تالىشىش جېڭى داۋام قىلىۋاتاتتى . ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا تالاپەت تارتتى . ئەيئاس بىلەن هېكتور بىر - بىرىنى چې- كىندۈرەلمىدى . توكلوروس ئاكىسىغا ياردەم قىلىپ ، هېكتورغا قا- رىتىپ ئوقياسىدىن ئوق ئۈزدى . لېكىن ، زېۋس ئوقنى سۇندۇرۇپ بىر ياققا چۆرۈۋەتتى . توكلوروس نائىلاج دۇبۇلغىسىنى كىيدى . بۇ چاغدا ئەيئاس توكلوروسقا ئوقيانى تاشلاپ ، نەيزە بىلەن جەڭگە ئاتلى- نىشنى ئېيتتى .

هېكتور بۇ ئەهۋالنى كۆرۈپ لەشكەرلىرىگە :

— باتۇرلارچە ئالغا بېسىڭلار ! — دېدى چاقىرىق قىلىپ ، — تەڭرى بىزنى قوغدايدۇ ، تەڭرى ئارگوسلۇقلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ باتۇر پالۋاننىڭ كىرىچىنى سۇندۇرۇۋەتتى . تەڭرى بىز تەرەپتە تۇرى- دۇ . غەلىبە ئالدىمىزدا !

يۇنانلىقلار تەرەپتە ئەيئاس ئۆز لەشكەرلىرىگە ئىلھام بېرىپ :

— كېمىلەر كۆيۈپ تۈگىسە ، بىزگە ئۆلۈمنى كۈتمەكتىن باشقا

ئامال يوق ! كىم پايانسىز دېڭىزدىن ئاتلاپ يۇرتىغا كېتەلەيدۇ ؟ جەز-مەن كېمىلەرنى ساقلاپ قالايلى ، بىزگە بۇنىڭدىن باشقا تاللاشمۇ يوق . تەڭرىنىڭ ھىمايىسىدە تۇرۇۋاتقان قەدىرسىز كىشىلەردىن قورقۇپ كەتمەيلى ! — دېدى ۋە بىر دۈشمەننى نەيزىلەپ ئۆلتۈردى . ھېكتورمۇ ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر ئادەمنى ئۆلتۈردى . ئەيئاس ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى قالغان ۋە نەيزىلەردىن مۇستەھكەم بىر قورۇق تام ھاسىل قىلىپ كېمىلىرىنى ساقلاشتى .

مېنېلائوس نېتىئورنىڭ ئوغلى ئانتىلوكوسنى دۈشمەن سېپىگە قاراپ ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈردى . ئۇ تىروياللىق بىر باتۇرنى يەر چىشلەتتى . دۈشمەننىڭ جەسىتىنى سۆرەپ ئېلىپ كېتەي دەپ تۇرۇ-شىغا ، ھېكتور ئۇنىڭغا تاشلاندى . ئۇ ئارقىسىدىن ئوۋچى قوغلاپ كېلىۋاتقان ياۋايى ھايۋاندەك يۈگۈرۈپ قوشۇنى يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرى-ۋالدى ، خەتەرسىز يەرگە كېلىۋېلىپ كەينىگە قاراشقا جۈرئەت قىلا-دى . تىرويالىقلار كېمىلەرگە قاراپ غەزەپلەنگەن شىردەك ھۇجۇم قىلىشتى . زېۋس ھېكتورغا تەڭداشسىز كۈچ - قۇۋۋەت ۋە سۈر - سالاپەت ئاتا قىلغانىدى . قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىدىن دەھشەتلىك نۇر چاقنايتتى ، دۇبۇلغىسىدىكى پەيلەر شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ دۈشمەنلەر سانجاق - سانجاق تۇرۇپ كەتكەن جايغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىش ئويىدا ئىدى . لېكىن ، يۇنان-لىقلار بىر ئادەمدەك ئىتتىپاقلىشىپ ، مۇستەھكەم سېپىل بىنا قىلغا-نىدى . ھېكتورنىڭ ئۇزاققىچە جان تىكىپ ئېلىشىشى مۇۋەپپەقىيەت-لىك بولمىدى . ئاخىر ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ دۈشمەنلەر ئۈستىگە قوترىغان دولقۇندەك تاشلاندى . يۇنانلىقلار شۇندىلا قورقۇپ چېكىن-دى . لېكىن ، سەپ بۇزۇلمىدى .

ئەڭ ئالدىدىكى كېمىدە تۇرغان نېستور ۋارقىراپ - جارقىراپ لەشكەرلىرىدە نومۇس تۇيغۇسىنى ئويغاتتى ھەم ئۇلارنى ئىتتىپاقلاش-تۇردى . ئەيئاسمۇ چەبدەس ئاتۋازدەك ئۇ كېمىدىن بۇ كېمىگە سەكرەپ ئۆتۈپ ، دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن قېرىنداشلىرىغا مەدەت بەرمەكتە ئىدى . ھېكتورمۇ ھاۋادا پەرۋاز قىلغان قىران بۈركۈتتەك بىر كېمىگە

قاراپ ئېتىلدى. زېۋس ئۇنى ئارقىدىن ئىتتىرىپ تۇردى. لەشكەرلىرى گۇرۇلدەپ كەينىدىن ماڭدى. كېمىلەرنى تالىشىش جېڭى باشلىنىپ كەتتى. يۇنانلىقلار قەتئىي چېكىنمىدى، ترويالىقلار ئالدى بىلەن دۈشمەن كېمىسىگە ئوت قويۇشقا ئىنتىلەتتى.

جەڭ بىر كېمىنىڭ ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى. لەشكەرلەر گىرەلىشىپ كەتتى. ئۇلار جەڭ پالتىسى ۋە ئۆتكۈر شەمشەرلەر بىلەن بىر-بىرىنى قىرغىن قىلىشتى. قورال - ياراغلار ھاۋادا ئۇچاتتى. قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى. ھېكتور كېمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىنى ئىگىلىدى. ئۇ ۋارقىراپ:

— زېۋس بىزنى بۈگۈنكى قىساس ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويمايلى! ئوتۇن ئېلىپ كېلىڭلار! — دېدى.

ئەيئاسمۇ ھېكتورنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ سەل كەينىگە داجىپ ئوتۇن كۆتۈرۈپ كېمىگە يېقىنلاشقان ترويالىقلارنى نەيزە بىلەن توسۇيتتى.

— بىزنىڭ قېچىپ كىرىۋالىدىغان شەھىرىمىز يوق، — دەيتتى ئۇ گۇلدۇرمامىدەك ئاۋازى بىلەن، — بىزنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىمىز ئىككى بىلىكىمىزنىڭ كۈچىگە باغلىق! باتۇر ئەزىمەتلەردىن بولايلى!

ئەيئاس چۇقان كۆتۈرۈپ كېمىنى قوغداۋاتقان چاغدا، پاتروكلوس يىغلىغان ھالدا ئاكىللېسنىڭ بارگاھىغا كىردى. ئۇ يۇنانلىقلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكتىن پەرىشان بولغانىدى ۋە ئاكىللېسنىڭ باغرىنىڭ قىيا تاشتەك قاتتىقلىقىنى ئەيىبلەپ، ساۋۇتىنى ئۆزىگە بېرىشنى، ترويالىقلارنىڭ ئۆزىنى ئاكىللېس دەپ بىلىپ قالسا، چېكىنىشى مۇمكىنلىكىنى دېدى. ئاكىللېس دوستىنىڭ سۆزىدىن قىلچە تەسىرلەنمىدى، ئۇ سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ ئولجىلىرىمنى جۈرئەت قىلىپ بۇلا دەپ ھېلىقى ئەمرلەشكەرگە كىم ئۆگەتتى؟ لېكىن، مېنىڭ مەڭگۈ ئۆچ - ئاداۋەت تۇتقۇم يوق. مەن باشتىلا مۇنداق قارارغا كەلگەن، دۈشمەن قوشۇنى مېنىڭ كېمەم بار يەرگە قىستاپ كەلگەندە، مەن ئۆتكەن ئىشلارنى

ئۆلتۈرۈپ كېتىمەن ، — دېدى .
ئاكىللېس پاتروكلوسنىڭ ئۆزىنىڭ ساۋۇتىنى كىيىپ ، لەشكەر-لىرىنى باشلاپ جەڭگە قاتنىشىشىغا ماقۇل بولدى .
— بىراق ، — دېدى ئۇ يەنە ، — دۈشمەنلەر ھەيدىۋېتىلگەندىن كېيىن دەرھال قايتىڭلار . يادىڭدا بولسۇن ، ھېكتور بىلەن ھەرگىز تۇتۇشۇپ قالما . تىرويانى ئىككىمىز بىللە بويسۇندۇرىمىز !
ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ تۇرغاندا ، ئەيئاس بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىۋاتاتتى . ئۇ كالىدەك ھاسىرايتتى . چوڭ قالقان كۆتۈرۈپ مۈرد-سى ئۇيۇشۇپ ، بەدەنلىرى تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ مىس نەيزىسىنىڭ ئۇچىنى ھېكتور شەمشەر بىلەن كېسىپ تاشلىغانىدى . ئۇ تەڭرى ئىرادىسىگە قارشىلىق قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدى . ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كەينىگە چېكىندى . ھېكتور ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلە-رى مەشئەلدىن بىرنى كېمىگە تاشلىدى ، كېمىنىڭ قۇيرۇقىنى لاۋۇل-دىغان ئوت يالقۇنى قاپلىدى . چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆرگەن ئاكىللېسنىڭ يۈرىكى ئاغرىپ كەتتى . ئۇ پاتروكلوسقا :
— دەرھال بېرىپ ياۋنى ھەيدەپ چۇشۇرۇۋەت ، مەن لەشكەرلەر-نى ئۆزۈم يىغىمەن ! — دېدى .
پاتروكلوس خۇشال بولۇپ ، ئۇچقاندەك بېرىپ ئاكىللېسنىڭ ساۋۇتىنى كىيدى ، دۇلدۇل قوشۇلغان جەڭ ھارۋىسىغا چىقتى . لې-كىن ، ئاكىللېسنىڭ چوڭ نەيزىسىنى جايىدىن قوزغىتالمىدى . شۇ-نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاكىللېس مىرونېسلىق جەڭچىلىرىنى يىغدى .
ئۇلار يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ، تەڭرىنىڭ ئوغلى ئاكىللېس لەشكەرلىرىگە :
— تەڭدىشى يوق لەشكەرلىرىم ، سىلەر ئىلگىرى سىلەرنى جەڭگە قاتناشتۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئەيىبلەپ كەلگەنىدىڭلار ، جەڭ قى-لىدىغان پەيت ئەمدى يېتىپ كەلدى . يۈرىكىڭلار قانغۇدەك جەڭ قىلىۋېلىڭلار ! — دېدى - دە ، بارگاھىدىن نەپىس بىر قەدەھنى ئاچىقتى ، بۇ قەدەھتە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم مەي ئىچمىگەنىدى . ئۇ بېلىق كۆزى قىلىپ شاراب قۇيۇلغان قەدەھنى قولىغا ئېلىپ ، يۇناد-

لىقلارنىڭ غەلىبىسى ، دوستلىرىنىڭ ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ، زېۋسقا سېغىنىپ يەرگە شاراب چاچتى .

پاتروكلوس لەشكەرلىرىنى باشلاپ جەڭگاھقا يېتىپ كەلدى . تىروياليقلار ئاكىللېس كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ قورقۇشۇپ قېچىش يولى ئىزدەشكە باشلىدى . ئۇلارنىڭ سەپلىرى بۇزۇلدى . پاتروكلوس شۇ پۇرسەتتە ياۋدىن بىرنەچچىنى ئۆلتۈرۈپ ، كېمىدىكى ئوتنى ئۆچۈ-رۈۋالدى ، كېمىنىڭ يېرىمى كۆيگەنىدى . تىروياليقلارغا قوغلاپ زەربە بېرىش نۆۋىتى ئەمدى يۇنانلىقلارغا كەلگەنىدى .

كۆپ ئۆتمەستىن تىروياليقلار سېپىنى قايتىدىن تەرتىپكە سال-دى . ئىككى تەرەپ كېمە ئەتراپىدا كەسكىن ئېلىشىپ كەتتى . چاپ-چاپ باشلاندى . پاتروكلوس ئارېلىكوسنىڭ يوتىسىغا نەيزە ئۇردى . مېنېلائوس تونئاسنىڭ مەيدىسىگە نەيزە سانجىدى . زېۋس يۇنانلىقلارنى قوللىدى . تىروياليقلار بىرنەچچە باتۇرلىرىدىن ئايرىلدى .

ئەيئاس پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھېكتورغا زەربە بەرمەكچى بولدى ، ئەمما قارشى تەرەپنىڭ جەڭ قىلىش تەجرىبىسى مول بولغانلىقتىن ، نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمنى قالقىنى بىلەن توسۇپ قالدى . ئاتقان ئوق ، نەيزىلەر پەقەت ئۇنىڭ كالا تېرىسىدىن ياسالغان قالقىنىغىلا تېگەتتى . ھېكتور غەلىبىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولمايدىغانلىقىنى كۆ-رۈپ ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ، خەندەكتىن ئۆتۈپ كەتتى . لەشكەر-لىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شەھەرگە قاراپ قېچىشتى . پاتروكلوس چۇ-قان كۆتۈرۈپ كەينىدىن قوغلىدى . زېۋسنىڭ ئوغلى سارپېدون بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىندى . ئۆز قوشۇننى توختىتىپ قالدى ۋە ئۆزى قورال - ياراغلىرى بىلەن ھارۋىدىن چۈشۈپ پاتروكلوسقا تاشلاندى . پاتروكلوسمۇ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى . ئىككىيلەن بىر-بىرىگە بۆركۈتتەك ئېتىلىپ ، شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشتى .

زېۋس ئولىمپىستا ئوغلى سارپېدونغا خەيرخاھلىق قىلغان ھالدا قاراپ تۇراتتى . ھېرا بولسا سارپېدوننى مازاق قىلىپ :

— سەن ئاللىقاچان بېشىنى يەيدىغان ئاددىي ئادەمنى قوغداپ قالماقچىمۇسەن ؟ تەقدىر تەڭرىچىسى قانداق نەتىجىگە ئېرىشىدۇ ؟ ئۇ

جەڭدە ئۆلسۇن، ئۇنى خەلقى دەپنە قىلسۇن، — دېدى. زېۋس ئۆزىنىڭ چىشىغا تېگىدىغان بۇ تەڭرىچىگە پەرۋا قىلمىدى. لېكىن، كۆزىدىن بىر تامچە ياش ئاقتى.

بۇ چاغدا ئىككى پالۋان بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. پاتروكلوس ئالدى بىلەن سارپېدوننىڭ سەپدىشى تىراسىدېموسقا نەيزە ئاتتى. سارپېدون نەيزە ئېتىپ پاتروكلوسنىڭ تېبەيدىن بولاپ كەلگەن ئارغىمىقىنى ئۆلتۈردى. ئات يىقىلىپ قاتتىق خارقىرىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى دۇلدۇلمۇ ئۈركۈپ كەتتى. سارپېدون ئاتقان ئىككىنچى نەيزىمۇ نىشانغا تەگمىدى. پاتروكلوس ئۇنىڭ قورسىقىغا نەيزە تىقىۋەتتى. ئۇ خۇددى تاغدىن يىقىلغان قارىغايدەك يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ چىشىنى چىشلەپ، قانغا بويالغان لاينى مىجىقلاپ تۇرۇپ، ئاخىرقى نەپسىدە دوستى گىلاكوسنى چاقىرىپ، جەسىتىنى قالدۇرماي ئېلىپ كېتىشنى تاپىلاپ جان ئۈزدى. گىلاكوس قورۇق تامنى تالىشىش جېڭىدە توكلوسنىڭ ئاتقان ئوقىدا يارىلانغاچقا، جەڭگە قاتنىشالمايتتى. ئاپوللو سارپېدوننىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلاپ، گىلاكوسنىڭ جاراھىتىنى ساقايتىپ قويدى. ئۇ چوڭ قەدەملەر بىلەن تىرويا قوشۇنلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئانىئاس قاتارلىق باتۇرلارنى چاقىرىپ سارپېدوننىڭ جەسىتىنى قوغداشقا ئاتلاندى.

شاھزادىلەر ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمان ئىتتىپاقدىشى سارپېدوننىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇردى. ئۇ گەرچە غەيرىي مىللەت بولسىمۇ، تىرويانى قوغداش جېڭىدە ئاساسەن سەركەردە بولغانىدى. ئۇلار قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ ئارگوسلۇقلارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. پاتروكلوسمۇ سارپېدوننىڭ جەسىتىنى تالىشىشقا لەشكەرلىرىنى ئىلھاملاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن تىرويالىقلارنىڭ جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق قىلىشىغا ئۇچرىدى. گىرەلەشمە جەڭ باشلاندى. جەسەت قان ۋە لايغا مىلىنىپ كەتتى. زېۋس بۇ جەڭنى پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارى بىلەن كۆزىتىپ تۇردى. پاتروكلوسنى ۋاقتىنچە غەلىبىگە ئىگە قىلىش قارارىغا كەلدى.

دانائوسلار سارپېدوننىڭ ساۋۇتىنى سالدۇرۇۋالدى - دە، پاتروك-

لوسقا بەردى . زېۋس ئاپوللونى تاغدىن چۈشۈردى ۋە ئۇنىڭغا جەسەت-
نى مۇرىسىگە ئېلىپ سىكىلماندىر دەرياسى بويىغا ئاپىرىپ ، شۇ يەردە
پاكىز سۇ بىلەن يۇيۇپ ئەجەل تەڭرىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ، جە-
سەتىنى ئەجەل تەڭرىسى يۇرتى لىكاياغا ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى
دېدى .

ھېكتور شەھەرگە قېچىپ كىرگەندىن كېيىن ، جەڭگاھقا قايتىش
ياكى لەشكەرلىرىنى بۇيرۇق بىلەن چېكىندۇرۇش ئۈستىدە ئىككىلە-
نىپ قالدى . ئاپوللو ھېكتورنىڭ ئانىسىنىڭ ئىنىسى قىياپىتىگە
كىرىپ ، ئۇنى پاتروكلوسقا ھۇجۇم قىلىشقا مەدەتلەندۈردى . ئۆزىنىڭ
ھىمايىسىدە ئۇنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى دېدى . ھېكتور تەڭرىنىڭ
ئۆزىنى ھىمايە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى - دە ، غەلىبىگە بولغان
ئىشەنچىسى كۈچەيدى .

شۇنىڭ بىلەن ھېكتور ئاكىللېسنىڭ دوستىغا تاشلاندى . بىراق ،
ھارۋىكەشنىڭ پېشانىسىگە قارشى تەرەپ ئاتقان تاش تېگىپ ھارۋىكەش
يىقىلدى . ھېكتور قارشى تەرەپ بىلەن جەسەتنى تالىشىپ كەتتى .
ئاخىر غەلىبە يۇنانلىقلارغا مەنسۇپ بولدى . پاتروكلوس تېخىمۇ ۋەھ-
شىيلىشىپ يىگىرمە ترويالىقنى ئۆلتۈردى . دەل مۇشۇ چاغدا ئەجەل
تەڭرىسىمۇ پاتروكلوسنىڭ يېنىغا كەلدى . ئاپوللو ئۆزى جەڭگە چىققا-
نىدى . ئاپوللو بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغانىدى . پاتروك-
لوس ئاپوللونى كۆرەلمەيتتى . ئاپوللو ئۇنىڭ دۈمبىسىگە بىرنى ئۇ-
رۇپ قويۇۋىدى ، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ، ھېچنى-
مىنى كۆرەلمىدى . ئاپوللو يەنە پاتروكلوسنىڭ دۈبۈلغىسىغا ئۇرۇپ ،
نەيزىسىنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى . ئاندىن كۆكرەك ساۋۇتىنى بوشى-
تىپ ، روھىنى بىخۇدلاشتۇرۇۋەتتى . ئۇ قىمىر قىلالماي قالدى .
مۇشۇ چاغدا باتۇر ئوفوربوس پاتروكلوسنىڭ دۈمبىسىگە نەيزە سانجى-
دى ھەم سەپكە قايتىپ كەلدى .

ھېكتور بېرىپ بۇ قەھرىماننىڭ قورسىقىغا نەيزە سانجىدى .
نەيزىنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن چىقتى . ھېكتور ۋارقىراپ
تۇرۇپ :

— مەن قۇل بولىدىغان كۈننى يەنە كېچىكتۈردۈم ! جەستىمنىڭ قۇشلارغا يەم بولسۇن ! — دېدى .

— تەڭرىلەر سېنى كۈچ سەرپ قىلدۇرمايلا غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپ قويدى . بولمىسا سېنىڭدەك يىگىرمە ئادەمگە تېتىيتتىم ! — دېدى پاتروكلوس ئۆلۈم ئالدىدا .

ئۇنىڭ هالى پەسلەپ كەتتى . ئۇ ئاۋازىنى ئاران چىقىرىپ يەنە :

— مەن بىلىمەن ، ئاپوللو مېنىڭ جېنىمنى ئالدى . مەن ساڭا بېشارەت بېرىپ قويايكى ، سېنىڭ ۋەيران بولىدىغان كۈنلىرىڭ ئۇزاق قالمىدى…… كىمنىڭ قولىدا جان بېرىشىڭ ماڭا مەلۇم !— دېدى-دە ، شۇ هامان يۈرىكى سوقۇشتىن توختىدى . هېكتور :

— پاتروكلوس ، ئاڭلاپ تۇر ، مەن ئاكىللېسنى نەيزىلەپ ئۆلتۈرىمەن ! — دەپ چۇقان سالدى .

ئۇ شۇنداق دەپ مىس نەيزىسىنى پاتروكلوسنىڭ جەستىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ، ئاكىللېسنىڭ هارۋىكەشىنى قوغلاپ يۈرۈپ كەتتى . لېكىن ، دۇلدۇلى ئۇنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى .

ئۇنىڭدىن كېيىن تىرويالىق ئوفوربوس بىلەن مېنېلائوس ئارىسىدا پاتروكلوسنىڭ جەستىنى تالىشىش جېڭى باشلىنىپ كەتتى . مېنېلائوس نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ ياۋنىڭ بوغۇزىغا سانجىغانىدى ، نەيزە ئۇنىڭ بوينىدىن تېشىپ چىقتى . ئۇنىڭ قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرى قانغا بويىلىپ كەتتى . ئۇنىڭ قورال - ياراغلىرىمۇ شاراق - شۇرۇق قىلىپ يەرگە چېچىلىپ كەتتى . مېنېلائوس ئۇنىڭ كۆركەم ساۋۇتىنى سالدۇرۇۋالماقچى بولغانىدى ، بۇنى كۆرگەن هېكتور دۇلدۇلنى قوغلاشتىن ۋاز كېچىپ ، سەپدىشىنىڭ جەستىنى قوغداشقا ماڭدى . مېنېلائوس ياۋغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ ، جەسەت بىلەن ساۋۇتنى تاشلاپ ئارقىغا چېكىندى . ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ پات - پات كەينىگە قاراپ قوياتتى ياكى ئەيئاسنى ئىزدەيتتى . مېنېلائوس ئەيئاسنى كەسكىن جەڭ ئىچىدىن تاپتى . ئەيئاس بىلەن بىللە بېرىپ ، پاتروكلوسنىڭ جەستىنى تارتىۋالماقچى بولدى . ئۇلار جەسەت تۇرغان يەرگە يېقىن كەلگەن چاغدا ، هېكتور ئۆلگۈچىنىڭ ساۋۇتىنى سالدۇرۇۋې-

لىپ، ساۋۇتنى تىروياغا ئېلىپ كېتىپ شەرەپلىك خاتىرە قىلىش ئۈچۈن لەشكەرلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىۋاتاتتى.

ھېكتور ئەيئاسنى كۆرۈپلا، قولىدىكى جەسەتنى تاشلاپ جەڭ ھارۋىسىغا چىقتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى گىلاۋكوسقا ياقمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جەڭدىن چېكىنىدىغانلىقىنى دەپ ھېكتورغا تەھدىت سالدى. چۈنكى، ئۇ پاتروكلوسنىڭ جەسىتىنى سارپېدوننىڭ جەسىتىگە تېگىشمەكچىدى. سارپېدوننىڭ جەسىتىنى ئاپوللونىڭ ئارگوسلۇقلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالىدىغانلىقىنى گىلاۋكوس بىلمەيتتى. گىلاۋكوس ۋارقىراپ - جارقىراپ ھېكتورنى رەنجىتىپ قويدى. ھېكتور ئۇنى ئەخمەق قاتارىدا كۆردى ۋە:

— مېنى قورقۇنچاق كۆرۈپ قالدىڭ. ئەمەلىيەتتە، مەن سەپتىن باش تارتقان ئادەم ئەمەس. سەن زېۋسنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلالامسەن؟ سەن تەڭرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن غالىب كېلەلەمسەن؟ — دېدى.

ھېكتور شۇنداق دەپ بولۇپ، ساۋۇتنى شەھەرگە ئېلىپ ماڭغان لەشكەرگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ھارۋىلىق يولغا چىقتى. ھېكتور ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ ئاكىللېسنىڭ ساۋۇتىنى ئالماشتۇرۇپ كىيدى. ئۇنى تەڭرى تېتىسقا تويلۇق سوۋغا سۈپىتىدە بەرگەنىدى. ئانىسى ئوغلىغا قالدۇرغانىدى. زېۋس ئاسماندا تۇرۇپ ھېكتورنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە: «ھەي بىچارە ئىنسان! سەن ئەڭ باتۇر دوستۇڭنى ئۆلتۈردۇڭ، ئەمدى ئايالىڭ سېنى كۆرەلمەيدۇ» دېدى.

پاتروكلوسنىڭ جەسىتىنى تالىشىش جېڭى قايتىدىن باشلاندى. ھېكتورنىڭ ئەلپازى شۇنچىلىك دەھشەتلىك ئىدى. ئەيئاس بىلەن مېنېلائوس نائىلاج ۋارقىراپ تۇرۇپ ھەمدەمگە ئادەم چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن ئىدومېنېئوس ۋە ئۇنىڭ سەپدىشى مېرئونېس ۋە سان - ساناقسىز لەشكەرلەر كېلىشتى. جەسەت ئەتراپىغا يىغىلغانلار قالقانلىرى بىلەن جەسەتنى قاتمۇقات قوغداپ تۇراتتى. تىرويالىقلارنىڭ ھۇجۇمى كار قىلمىدى. ئۇلار سەل - پەل كەينىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن، ئاپوللو كۈچلۈك ئەيئاسنى مەيدانغا باشلاپ

كىردى . قاتتىق ئاۋاز بىلەن تىرويالىقلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ ، ئۇلارنى قايتا ھۇجۇم قوزغاشقا رىغبەتلەندۇردى .

بۇ ياقتا جەڭ داۋام قىلىۋاتاتتى . ئۇ ياقتا ئاكىللېسنىڭ دۇلدۇل-لىرى ھارۋىكەشنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن ھەسرەت چېكىپ يىغلى-غان پېتى باشلىرىنى سېلىشىپ قىمىر قىلماي تۇراتتى . ئاتلارنىڭ ياپلىرىنى توپا - چاڭ باسقان ، كۆزلىرىدىن مونچاقتەك ياش ئېقىپ تۇراتتى . زېۋسنىڭ ئاتلارغا بەك ئىچى ئاغرىدى . بۇ ئىككى دۇلدۇلغا قايتىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلدى . دۇلدۇللار شۇ ھامان روھلىنىپ ئىككى تەرەپ جەسەت تالىشىۋاتقان مەيدانغا ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى . بىراق ، ھارۋىكەش ئوتىمېدون دۈشمەنلەرگە نەيزە ئاتالماي ، يا ئالدىغا ياكى كەينىگە مېڭىشنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ قالغان چاغدا ، ماھىر ھارۋىكەش ئالكمېدوننى كۆرۈپ قالدى - دە ، ئورنىنى شۇنىڭغا بەر-دى . بۇ ئىش ھېكتورنىڭ دىققىتىنى تارتتى . ئۇ ئانېئاس بىلەن بىرلىكتە قولغا ئاسان كەلمەيدىغان بۇ ئولجىنى تارتىۋېلىشنى خىيال قىلدى .

ئوتىمېدون زېۋسقا ئىبادەت قىلدى . زېۋس ئۇنىڭغا غايەت زور كۈچ ئاتا قىلدى . ئۇ ئەيئاس بىلەن مېنېلائوسنى ئۆزىگە ھىمايە قىلىشقا چاقىرىپ ، تىرويالىقلارنىڭ بىر باتۇرىغا نەيزە سانجىپ ، ئۇنىڭ قورسىقىدىن تېشىپ ئۆتكۈزىۋەتتى . كەسكىن ئېلىشىشتا ، ھېكتور ئوتىمېدونغا نەيزە ئاتقانىدى ، نەيزە ئۇنىڭ بېشىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ يەرگە قادىلىپ قالدى . ئىككىسى شەمشەرۋازلىق قىلىشقا تەي-يارلاندى . ئەيئاس تىرويالىقلارنى توستى . تىرويالىقلار پاتروكلوس-نىڭ جەستى تۇرغان يەرگە كېتىشتى .

زېۋس مېنېلائوسقا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىشقا ئافېنانى ئەۋەت-تى . ئۇ قېچىپ كېتىۋاتقان بىر تىرويالىق باتۇرنىڭ قورسىقىنى نەيزە سانجىپ يېرىۋەتتى . ئاپوللو ھېكتورنى دەي - دەيگە سېلىپ :

— دۈشمەن سېپىدىكى ئەڭ قورقۇنچاق مېنېلائوس سېنى چې-كىندۈرۈۋەتتىمۇ ؟ سەن پاتروكلوسنىڭ جەستىدىن ۋاز كېچەم-سەن ؟ — دېدى .

ئاپوللوننىڭ تەنە گەپلىرىدىن ھېكتور نومۇس ھېس قىلدى . ئۇ قايتىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى . ئۇنىڭ مىس ساۋۇتى پارقىراپ جۇلا چېچىپ تۇراتتى . زېۋۇس ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم نۇسرەت ئاتا قىلدى . يۇنانلىقلار ئارقا - ئارقىدىن قېچىشقا باشلىدى ، ھەتتا باتۇر ئىدومېنېئۇسمۇ ھارۋىغا چىقىپ ئاتنى كېمىلەر تەرەپكە ھەيدەپ قاچتى .

ئەيئاس قارشىلىق قىلغاچ ، مېنېلائوسنى نېستورنىڭ ئوغلى ئانتىلوكوسنى تېپىشقا بۇيرۇدى . پاتروكلوسنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئانتىلوكوس ئاكىللېسقا يەتكۈزسە ، ئاكىللېس دوستانىلىق يۈزىسىدىن جەڭگە چىققان ، پاتروكلوسنىڭ جەسىتىنى ھېكتورنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان بولاتتى . مېنېلائوس ئورمانغا مۆكۈۋالغان توشقاننى ئىزدىگەن بۈركۈتتەك ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئەتراپنى ئىزدىدى . ئۇ جەڭگاھنىڭ باشقا بىر تەرىپىدە تۇرغان ئانتىكولوسنى تاپتى . ئۇ پاتروكلوسنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەرسىز ئىدى . مېنېلائوس ئۇنىڭغا :

— پاتروكلوس قازا تاپتى ، بۇ ئىشنى دەرھال ئاكىللېسقا خەۋەر قىل ! — دېدى .

مېنېلائوس ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ بولۇپ ، جەسەت تۇرغان يەرگە كېلىپ ، ئەيئاس بىلەن جەسەتنى مورىسىگە ئېلىپ قارارگاھقا قاراپ ماڭدى . تىرويالىقلار چۇقان كۆتۈرۈشۈپ كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئەيئاس كەينىگە بۇرۇلۇپ ھۇرپىيىپ قارىغان ھامان ، ئۇلارنىڭ قورقۇپ چىرايلىرى تاتىرىپ كېتىشەتتى . يۇنانلىقلار يەنە خەندەككە چېكىندى . نەيزە - قالقانلار ھەممە يەردە تاشلىنىپ ياتاتتى .

ئانتىلوكوس قارارگاھقا ئۇچقاندەك يېتىپ باردى . ئاكىللېس كېمىلەرنىڭ ئالدىدا قانداقتۇر بىر ئىش ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى . شۇم خەۋەر ئېلىپ كېلىنگەنلىكتىن ، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش يۈزىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى . ئۇ يىراقتىنلا ۋارقىراپ :

— مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈز بەرمەسلىكىنى ئارزۇ قىلاتتىم ! پاتروكلوس قازا تاپتى ! ئۇنىڭ يالىڭاچ جەسىتى تالاش - تارتىشتا قالدى ! — دېدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاكىللېسنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەت-

تى . ئۇ يەردىن توپىنى ئېلىپ يۈزىگە ، كىيىملىرىگە چاچتى . ئۇ بۇلاپ كەلگەن ئايال قۇللار ئۇن سېلىپ يىغلاپ كېتىشتى . ئانتىلو- كوس يىغلىغان پېتى ئاكىللېسنىڭ خاپىچىلىقتا شەمشىرىنى سۇغۇ- رۇپ ئۆزىنى بوغۇزلىۋېلىشىدىن قورقۇپ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇ- ۋالدى .

ئاكىللېس شۇنچىلىك ھەسرەتلىك يىغلىدىكى ، چوڭقۇر دېڭىز ئاستىدا ئولتۇرغان ئانىسىمۇ ئۇنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىدى . ئۇنىڭ ئاچا - سىڭىللىرى دېڭىز يۈزىگە چىقىپ بەختسىز قېرىندىشىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى . ئانىسى :

— نېمىشقا يىغلايسەن ؟ بالام ، ھەممە ئىشلىرىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەسمىدى ؟ يۇنانلىقلار سەندىن ياردەم سورىغان ئەمەسمىدى ؟ — دېدى ئۇنىڭغا .

— بۇلارنىڭ ھەممىسى قانچىلىك ئىشلار ئىدى دەيسەن ! مەن پاتروكلوستىن ئايرىلـغۇچە كۆز قارىچۇقۇمـدىن ئايرىلىشقا رازى ئىدىم ، — دېدى ئاكىللېس ھەسرەت بىلەن ئاھ ئۇرۇپ ، — مەن چوقۇم قىساس ئالىمەن ، ھېكتورنى جەزمەن ئۆلتۈرىمەن . مېنىڭ ۋىجدانىم بۇنىڭدىن باشقا تاللاشنى خالىمايدۇ . بولمىسا مەن مەڭگۈ يۇرتۇمغا قايتمايمەن .

تېتىس كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ :

— قەدىرلىك ئوغلۇم ، ھېكتور ئۆلسە سېنىڭمۇ ياش ھاياتىڭ تۈگەيدۇ . ھېكتور ئۆلگەندىن كېيىن سەنمۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن ئايرىلىسەن . بۇ تەقدىر تەڭرىچىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ، — دېدى .

ئاكىللېس دەر غەزەپ بولۇپ مۇنداق جاۋاب بەردى :

— ئۆلتۈرۈلگەن دوستۇم ئۈچۈن قىساس ئېلىشىمغا يول قويۇل- مايدىكەن ، مەن مۇشۇ تاپتا ئۆلۈشكە رازى . ھېلىمۇ يەتكۈچە ئارام ئالدىم . غەزەپ دېگەن بۇ نەرسە باشتا ئادەمگە شېرىن تۇيۇلىدىكەن . ئاخىر بېرىپ قىرتاق نەرسىگە ئايلىنىدىكەن ! ئۆتكەن ئىشلارغا سالا- ۋات . مەن بېرىپ ھېكتورنى ئۆلتۈرىمەن ، قەدىردان ئانا ، مېنى توسما .

ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئانا توغرا تاپتى . تەقدىرنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئانىسى ئەتە ئۇنىڭغا ھېفىستوس ياسىغان ساۋۇت ۋە قورال - ياراغ ئەكېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى . يېڭى قورال-ياراغ قولىغا تەگمەستىن تۇرۇپ جەڭگە چىقماسلىقنى تاپىلىدى . ئاندىن ئانا ئولىمپىسقا ئۇچۇپ كەتتى .

جەڭگاھتا ترويالىقلار توختىماي ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ غەرىزى پاتروكلوسنىڭ جەسىتىنى بۇلاپ كېتىش ئىدى . ھېكتور ئۈچىنچى قېتىم جەسەتنى پۇتىدىن تارتتى . لېكىن ، ئەيئاس ئۇنى چېكىندۇردى . ئۇ بىر چەتكە چىقىپ بىردەم تۇرۇۋېلىپ ئاندىن ، «ئەمدى ھەرگىز چېكىنمەيمەن» دەپ ۋارقىرىدى . ئەڭ ئاخىرىدا ، ئىرىس ھېرانىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭرىلەرگە ئۇقتۇرماي ئاكىللېسقا قورالسىز ئەھۋالدا ، خەندەكتە تۇرۇپ ترويالىقلارنى قورقۇتۇپ بولسىمۇ توختىتىپ قويغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى . چۈنكى ، يۇنانلىقلار بەك چارچاپ كەتكەنىدى . شۇنداق بولسا ، ئۇلار ئارام ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولاتتى . ئاكىللېس تەڭرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە قۇلاق سالدى . ئافېنا قالقانىنى ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئېسىپ قويدى . چىرايىغا نۇرانە ھۆسن ئاتا قىلدى . ئۇ چوڭ قەدەملەر بىلەن مېڭىپ خەندەكنىڭ چېتىگە كەلدى . ئۈچ قېتىم نەرە تارتتى . ئۇنىڭ نەرىسىگە ئافېنامۇ قوشۇلدى .

ترويالىقلار ئاكىللېسنى كۆرۈپ پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى . يۇنانلىقلار پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ، پاتروكلوسنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كەتتى . ئاكىللېس جەسەتنى سىلاپ قاتتىق يىغلىدى . دەھشەتلىك جەڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ دەم ئېلىشتى . ترويالىقلار ئاتلىرىنى ھارۋىدىن چىقىرىشىپ تېخى غىزالانماي تۇرۇپ ، توپلىشىپ كېڭەشتى . ئۇلار يېرىم ئايلانما دائىرە بولۇپ ئۆرە تۇرۇشاتتى ، ئولتۇرۇشقا ھېچكىم پېتىنالمىدى . چۈنكى ، ئۇلار ئاكىللېسنىڭ يەنە بىر قېتىم پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىشەتتى .

دانىشمەن پولىداماس كۆپچىلىككە كېچە قاراڭغۇلىقىدىن پايدىلىنىپ ، شەھەرگە چېكىنىشنى ، شۇ يەردە ئارام ئېلىشنى ، ئەتە شەھەر

سېپىلىنىڭ مۇستەھكەم ۋە پۇختىلىقىغا تايىنىپ ياۋغا قاتتىق زەربە بېرىشنى، ئاكىللېسنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماسلىقنى ئېيتتى. ئۇنىڭ گېپى ھېكتورنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلاندى. ئۇ زېۋس بىز تەرەپتە دەپ ئويلاپ، ئاخىرغىچە جەڭ قىلىشنى تەكىتلىدى. ھېكتورنىڭ خاتا گەپلىرى لەشكەرلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. كۈچلۈك ئالمان - تالمان تاماق يېيىشتى.

يۇنانلىقلار تۈنبويى پاتروكلوس ئۈچۈن مۇسىبەت ئۆتكۈزۈشتى. ئاكىللېس ھېكتورنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ، پاتروكلوسنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزمەسلىك توغرىسىدا قەسەم قىلدى. تىرويالىق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ باللىرىدىن ئون ئىككى نەپىرىنى پاتروكلوسنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا نەزىر قىلىدىغان بولدى.

تېتىس بۇ چاغدا ئوت تەڭرىسى ھېفىستوسنىڭ سەلتەنەتلىك مىس ئوردىسىغا كەلدى. ئۇ ئۈچ پۇتلۇق، ھەربىر پۇتىغا چاق ئورنىتىلغان، ئولىمپىسنىڭ كېڭەش زالىغا بارالايدىغان ھەم ئۆزلۈكىدىن قايتىپ كېلەلەيدىغان خاسىيەتلىك داڭقان ياساۋاتاتتى. بۇ سايمان نەپىسلىكى بىلەن ھەرقانداق ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. ھېفىستوسنىڭ ئايالى ئۈچ نەپەر شاپائەت تەڭرىسىنىڭ بىرى بولغان كارسېس تېتىسنى كۆمۈش كۇرسىغا ئولتۇرغۇزدى ھەم ئاياغ قويىدىغان كىچىك ئورۇندۇقنى پۇتىغا قويۇپ بەردى ۋە ئۇنىڭغا:

— ھېفىستوس ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇنى دەرھال چاقىرىپ كېلەي، — دېدى - دە، ئېرىنى چاقىرغىلى ماڭدى. ھېفىستوس دېڭىز تەڭرىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ:

— ئۇ مېنىڭ شاپائەتچىم. مەن تۇغۇلغاندا سىڭارئاياغ تۇغۇلغان. شۇڭا، ئانام مېنى تاشلىۋەتكەن. تېتىس بىلەن ئورىنومې مېنى غاردا توققۇز يىل باققان. ئۇنى ياخشى كۈتكىن. مەن ئىش سايمانلىرىمنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ باراي، — دېدى.

ئوت تەڭرىسى گەپ قىلىۋېتىپ، شامال ساندۇقىنى ئوچاقتىن تارتىۋېتىپ، ئاقساقلىغان پېتى نەپىس جابدۇقلىرىنى كۆمۈش ساندۇققا سالدى - دە، ساندۇقنى قۇلۇپلىدى. بەدىنىدىكى تەرلەرنى

سۇرتۇپ ، كىيىملىرىنى يەڭگۇشلىدى .

ئالتۇندىن قۇيۇپ ياسالغان ، پىكىر قىلالايدىغان ھەم ئاۋاز چىقىرالايدىغان چىرايلىق ئىككى ئايال چاكار ھېفىستوسنى يۆلەپ تېتىسنىڭ قېشىغا ئەكىرىپ قويۇشتى . ئۇ تەڭرىچىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ :

— قەدىرلىك تەڭرىچە ، خىزمىتىڭىزدە بولىمەن ، — دېدى .

دېڭىز تەڭرىچىسى ھېفىستوسنىڭ ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئاكىللېس ئۇچۇن بىر دانە دۇبۇلغا ، بىر دانە قالقان ، بىر دانە كۆكرەك ساۋۇتى ۋە پاقالچاق ساۋۇتى ياساپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ، چۈنكى پېلوس ئىشلەتكەن ساۋۇتنى جەڭگاھتا ھېكتور بۇلاپ كەتكەنىدى .

— قەدىرلىك تەڭرىچە ، — دېدى ئۇ ، — خاتىرجەم بولۇڭ ، كىچىك ئىشلارغا پەرىشان بولماڭ . مەن ئوغلىڭىزغا دۇنيادىكى ئەڭ كۆركەم ھەم ئەڭ پۇختا ساۋۇت ياساپ بېرىمەن . ئوغلىڭىزنى پالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغان بولسام ، ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى .

ئۇ ئىشنى باشلىۋەتتى . يىگىرمە شامال ساندۇقى ئىشقا كىرىشىپ كەتتى . ھېفىستوس ئوڭ قولىدا بولقا ، سول قولىدا قىسقۇچ تۇتۇپ ، ناھايىتى تېزلا ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان ھەم نەپىس نەقىشلەنگەن ساۋۇتنى پۈتكۈزدى . تېتىس قولى گۈل بۇ تەڭرىگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىپ ، ساۋۇتنى ئېلىپ ئوغلىنىڭ بارگاھىغا قاراپ ئۇچتى . تاڭ نۇرلىرى پاتروكلوسنىڭ جەسىتىگە چۈشكەنىدى . ئاكىللېس جەسەتنى ساقلاپ يىغلاپ ئولتۇراتتى . تېتىس دۇبۇلغا - ساۋۇتلارنى جاراقشىتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى . ئاكىللېس ئاجايىپ كۆركەم ياسالغان ساۋۇتنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئۇچقۇنى چاقناپ كەتتى ، ساۋۇتنى چىڭ تارتىپ باغلاپ جەسەت ساقلاۋاتقانلارغا :

— مەن جەڭگە ماڭدىم ، دىققەت قىلىڭلار . چىۋىن قونۇپ سەپدىشىمىزنىڭ گۈزەل تېنىنى بۇلغىۋەتمىسۇن ، — دېدى .

— بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرغىن ، — دېدى ئانىسى .

تېتىس پاتروكلوسنىڭ قىيا ئېچىقلىق تۇرغان ئاغزىغا پۇراقلىق مەلھەم ۋە ئېسىل شاراب قۇيدى. تەگرىچىنىڭ پۇراقلىق مەلھىمى بىلەن ئۇ خۇددى تىرىك ئادەمدەك بولۇپ قالدى.

ئاكىللېس يۇنانلىقلارنى يىغىلىشقا چاقىردى. ماڭالايدىغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كېلىشتى. يارىلانغان دىئومېدېس، ئودىسسوس، ئاگامېمنون قاتارلىقلارمۇ نەيزىلەرگە تايانغان ھالدا ئاقساقلىغىنىچە يېتىپ كېلىشتى. بۇ يىغىلىشقا كېمىدىن چۈشمىگەن رولچىلارمۇ قاتناشتى. ئۇلار جەڭدە ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى نامايان قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئادەملەرنىڭ تولۇق يىغىلغانلىقىنى كۆرگەن ئاكىللېس مۇنداق جاكارلىدى:

— مەن ئەمدى قېرىنداشلىرىمىنىڭ قۇربان بولۇشىغا قاراپ تۇرالمايمەن! غەزەپ - نەپرىتىم بېسىلدى. ئەمدى جەڭگە كىرەيلى! تىرويالىقلار بىزنى بويسۇندۇرۇشقا تەشنا بولۇۋاتامدۇ - يوق، كۆرۈپ باقايلى!

ئاكىللېسنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا ياڭرىغان ئالقىش سادالىرى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك پۈتكۈل قارارگاھنى بېسىپ كەتتى.

ئاگامېمنون كۆپچىلىكنى تىنچلىنىشقا چاقىردى ۋە ئۆزىنىڭ ئاكىللېسقا ھېلىقى كۈنى يۈز بەرگەن ئىش توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى، شۇ كۈنى ئۇنى زېۋس بىلەن قىساس تەڭرىسى ئازدۇرۇۋەتكەنلىكىنى، بۈگۈن ئاكىللېسقا تۆلەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— تۆلەم بېرىش - بەرمەسلىكنى ئۆزۈڭ بەلگىلە. مەن شۇ تاپتا جەڭ قىلىشقا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىمەن، — دېدى ئاكىللېس، — مەن ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا تەقەززا.

ئودىسسوس ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ ئاچ قورساق جەڭگە چىقىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئالدى بىلەن قورساقنى ئوبدان تويدۇرۇش، ئاگامېمنوننىڭ سوۋغىلىرىنى كۆرۈش، ئاندىن ئىككىسىنىڭ يارىشىپ قالغانلىقى، ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ مەڭگۈ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن، تەڭرىلەرگە نەزىر قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

— ئىختىيارىڭچە بولسۇن ، — دېدى ئاكىللېس ، — ئۆلتۈرۈلگەن دوستۇم تېخى ئۆيۈمدە ياتىدۇ ، بۇ ئەھۋالدا گېلىمدىن غىزا ئۆتمەيدۇ . مەن قىرغىنچىلىق قىلىپ قان تۆكۈشكە ۋە جان تالىشىۋاتقانلارنىڭ نالە - پەريادلىرىنى ئاڭلاشقا تەشنا ، لەشكەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن قەدىردان دوستۇمنىڭ قىساسىنى ئېلىشتىن قەتئىي تەۋرەنمەيمەن !

ئودىسسوس ئاكىللېسقا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېدى :

— ئاچ قورساق تۇرۇپ ئۆلگەنلەرگە تەزىيە بىلدۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ! تويغۇدەك تاماق يەپ ، كۈچ - قۇۋۋەتنى تولۇقلاپ دۈشمەننى تېخىمۇ كۆپ ئۆلتۈرۈش ئۆلگۈچىگە قىلىنغان ئەڭ ياخشى سوۋغا ! بىر ئادەم ئۆلگەن بولسا ، بىز ئۇنى دەپنە قىلىمىز . لېكىن ، ھايات قالغانلار ئوزۇقلىنىش ئارقىلىق ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك !

ئودىسسوس گەپ قىلىۋاتقان چاغدا ، ئاگامېمنون مول سوۋغىلارنى ئېلىپ كەلدى . گۈزەل بىرىسېئىس ئۆز غوجايىنىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ، پاتروكلوسنىڭ جەسىتىنى كۆردى ۋە كۆكسىگە مۇشتلاپ ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى . يىغلاپ تۇرۇپ پاتروكلوسنىڭ رەھىمدىل ئىكەنلىكىنى ، ئۆزىنىڭ بەختسىز تەقدىرىگە ئۇنىڭ ئىچىنىپ يىغلىغانلىقىنى بايان قىلدى . ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى ، يېنىدا تۇرغانلار بەكمۇ تەسىرلەندى .

ئاكىللېس تاماق يېمىدى ، ھېچكىمگىمۇ پەرۋا قىلمىدى . ئۇ ئۆز-ئۆزىگە : «ھەر قېتىم جەڭ ئالدىدا ، ئەتىگەنلىك تامىقىمنى ئۆيۈمگە ئەكىرىپ بېرەتتىڭ . ئەمدى ھەرقانداق مەززىلىك غىزامۇ روھىمنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ . مېنى ئازابلايدىغان بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىش يوق . ئەگەر مەن مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ كەتسەم ، سېنى ئوغلۇمنى باشلاپ كېلىپ ئولجىلىرىمنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم . لېكىن ، سەن ئالدىمدا كېتىپ قالدىڭ . ئاتامنىڭ ھايات ياكى ھايات ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن . ئۇ ھايات بولسا مېنىڭ غېمىمنى قىلىپ تەشۋىش ئىلكىدە قالغان بولاتتى» دەيتتى .

ئۇنىڭ گېپى باشقىلاردا يۇرتقا بولغان سېغىنىشنى قوزغىدى . كۆپچىلىك خورسىنىپ كېتىشتى .

زېۋس ئېڭىشىپ قاراپ زېمىندا تۇرغان قايغۇلۇق كىشىلەرگە خەيرخاھلىق قىلدى ، ئۇ ئافېناغا :

— قىزىم ، سەن بۇ ئالىيجاناب قەھرىمانغا كۆڭۈل بۆل . ئۇ ئاغزىغا بىر تال گىياھ سالمىسا خەتەرلىك ! — دېدى .

زېۋس ئافېنانى قورسىقى ئېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاكىللېس-نىڭ مەيدىسىگە ئېسىل شاراب بىلەن پۇراقلىق مەلھەم سۈركەپ قويۇشقا بۇيرۇدى .

يۇنانلىقلار تۈزلەڭلىككە كەلگۈندەك باستۇرۇپ كېلىشتى . سا-ۋۇتلاردىن سېپىل ، نەيزىلەردىن ئورمان ھاسىل بولغانىدى . گۇپۇل-دەپ ماڭغان قەدەم ئاۋازلىرىدىن يەر - زېمىن لەرزىگە كەلگەنىدى . ئاكىللېس يىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋالغان ئاق تېرەكتىن ساپلانغان نەيزىسىنى قولىغا ئېلىپ ، جەڭ ھارۋىسىغا سەكرەپ چىقتى . ئوتمې-دون ھارۋىنىڭ ئالدىدىن ئورۇن ئالغانىدى . ئۇ بىر قولىدا قامچا ، يەنە بىر قولىدا ئېغىزدۇرۇق تۇتقانىدى . ئاكىللېس تۇلپارلىرىغا خىتاب قىلدى :

— بىز غەلىبە قىلغاندا ، بىزنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىڭلار . پاتروك-لوسنى جەڭ مەيدانىغا تاشلىۋەتكەندەك بىزنىمۇ جەڭگاھقا تاشلىۋەتمەڭلار !

گەپ قىلالايدىغان تۇلپارلار باشلىرىنى سىلكىپ قايغۇلۇق ھالدا :

— پاتروكلوسنىڭ مەغلۇبىيىتى بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىزدىن بول-غان ئەمەس . تەڭرىنىڭ ھۆكمى شۇنداق . لېكىن ، سېنىڭ ھالاكەت كۈنۈڭمۇ يېقىنلاشتى ! — دېدى .

بۇ چاغدا قىساس تەڭرىچىسى تۇلپارنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالدى .

— ئۆزۈمنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغىنىم ماڭا ئايان . شۇنداق-تىمۇ ، كۆپرەك تىروياللىقلارنى ئۆلتۈرۈپ ، ئاندىن قول ئۈزىمەن ! — دېدى - دە ، قاتتىق ۋارقىراپ ، تۇلپارلىرىنى ھەيدەپ ئالغا قاراپ كەتتى .

# تىروي ھەققىدە ھېكايە (4)

## قوۋۇق ئالدىدىكى ئېلىشىش

زېۋس تەڭرىلەرنى ئولىمپىس تېغىغا چاقىرتىپ يىغىن ئاچتى. چۈنكى، ئۇ تەقدىر تەڭرىچىسىنىڭ قارارىنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ھېكتور ئاكىللېسنىڭ ئالدىدا ئۆلۈشى كېرەك ئىدى. ئۇ:

— ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلەرنىڭ قارارى بويىچە قايسى تەرەپكە ياردەم بەرسەڭلار بولىدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىلەر بىر-بىرىگە دۈشمەن ئىككى تەرەپكە بۆلۈندى: تەڭرىلەر ئانىسى ھېرا، ئافېنا، پوسېيدون، ھېرمېس ۋە ھېسپتوسلار يۇنانلىقلارنىڭ كېمە-سىگە يېتىپ بېرىشتى؛ ئارېس، ئاپوللو، ئارتېمىس، ئافرودىت قاتارلىقلار تىرويالىقلارنىڭ سېپىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

ئافېنا يۇنانلىقلارغا قوماندانلىق قىلاتتى ھەم چۇقان كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. ئارېس سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ تىرويالىقلارنىڭ ئىرادىسىگە مەدەت بېرەتتى. ئاكىللېس سۇرلۇك قىياپەتتە يۇنانلىقلار سېپىدە كۆرۈندى. كىيىۋالغان ساۋۇتىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن تىرويالىقلارنىڭ قوشۇنى ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىشتى. جەڭنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش تەس ئىدى. تەڭرىلەر قاتناشقان بۇ كەسكىن جەڭدە ئاكىللېس پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھېكتوردىن قىساس ئېلىشنىلا ئويلايتتى. لېكىن، ئاپوللو ئانېئاسنى قۇترىتىپ، ئۇنى ئاجايىپ باتۇر قىلىۋەتتى. ھېرا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئافېنا بىلەن پوسېيدوننى

چاقىرتىپ كېلىپ ، ئۇلارنى ئاكىللېسقا ياردەم بېرىشكە ، ئۇنى بوگۇن تىروياىلىقلارنىڭ يارىلاندۇرۇپ قويۇشىدىن ساقلاشقا بۇيرۇدى . ھېرا :
— سىلەر بېرىپ ئاكىللېسقا ياردەم بېرىڭلار ، ئۇ ئۇلۇغ تەڭرىلەرنىڭ ئۆزىنى قوللاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسۇن ! — دېدى .
بىراق ، پوسېيدون بىز تەرەپتىكى تەڭرىلەر كۈچ جەھەتتە ئۈستۈن تۇرۇۋاتىدۇ ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئېگىزدە تۇرۇپ جەڭنى كۆزەتكەن تۈزۈك . ناۋادا ئارېس ياكى ئاپوللو ئاكىللېسنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلسا ، شۇ چاغدا قول سالساقمۇ كېچىكمەيمىز دەپ قارىدى .
دېڭىز تەڭرىسى جاۋاب كۈتۈپ تۇرماستىنلا باش بولۇپ بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇندى . باشقا تەڭرىلەرمۇ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى . تىروياىلىقلارنىڭ ھىمايىچى تەڭرىلىرى ئارېس ، ئاپوللو ، ئارتېمىس ۋە ئۇنىڭ ئانىسى لېتو ۋە دەريا تەڭرىسى سكاماندېروسلار ئانچە يىراق بولمىغان كىرىكورون تېغىغا يىغىلغانىدى . ھەر ئىككىلا تەرەپ ھەر ۋاقىت ئۇرۇش قىلىش تەييارلىقىدا ھوشيار تۇرۇشاتتى .
جەڭگاھتا ئانېئاس بىلەن ئاكىللېس سەپتىن ئېتىلىپ چىقتى . ئۇلار يۈزمۇيۈز تۇرۇشاتتى . ئاكىللېس توۋلاپ تۇرۇپ :
— ئەخمەق ، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ مېنىڭ پادشاھلىق ئورنۇمغا ئىگە بولماقچىمسەن ؟ پىرىئامنىڭ يېتەرلىك ئوغۇللىرى بار . ناۋادا مەن يېڭىلىشمىسەم ، لىرنىسوس شەھىرىنى بويسۇندۇرغان چېغىمدا مەن سېنى قوغلاپ سۈرۈپ - توقاي قىلىۋەتكەنمەن . ئۆز سېپىڭگە قايتىپ ، ئۆزۈڭگە بالا تېپىۋالما ! — دېدى .
— مېنى كىچىك بالىلارغا قوقاق سالىدىغان گەپلەر بىلەن قورقۇتما ! — دەپ رەددىيە بەردى ئانېئاس ، — سەن دېڭىز - ئوكيان تەڭرىچىسى تېتىسنىڭ ئوغلى بولساڭ ، مەن ئۆزۈمنى ئافرودىتىنىڭ ئوغلى ، زېۋسنىڭ نەۋرىسى دەپ يوغان سۆزلىسەم سۆزلەۋېرىمەن ! جەڭگاھتا بالىلارغا ئوخشاش گەپ سېتىپ تۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق . كىم نوچى ، كىم نوچى ئەمەس ، بۇنى قورال كۈچىمىز بەلگىلىسۇن !
ئانېئاس نەيزىسىنى ئاتتى . نەيزە ئاكىللېسنىڭ قالقىنىنىڭ ئىك-

كى قەۋەت تۆچ قاپلانغان سىرتقى قەۋىتىنىلا تېشىپ ئۆتۈپ ئالتۇن
قاپلانغان ئۇچىنچى قەۋىتىدە توختاپ قالدى . ئاكىللېس ئاتقان نەيزە
ئانېئاسنىڭ قالقىنىنىڭ قىرغىقىدىكى ئەڭ نېپىز قىسمىغا تېگىپ
يەرگە چۈشتى . ئانېئاس بۇ قېتىملىق خەتەردىن قورقۇپ تەرلەپ
كەتتى . ئۇ ئاجايىپ چوڭ بىر تاشنى ئېلىپ ئاكىللېسقا ئاتتى .
ئاكىللېسمۇ شەمشىرىنى كۆتۈرگىنىچە ۋارقىراپ ئېتىلىپ كەلدى .

ناۋادا پوسېيدون كۆرۈپ قالمىغان بولسا ، ھەر ئىككى تەرەپكە
تالاپەت يېتەتتى . ئانېئاسنىڭ پىرىئام جەمەتىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋەزى-
پىسى بارلىقىنى پوسېيدون بىلەتتى . ئۇ ئۆلۈپ كەتسە زېۋس چوقۇم
خاپا بولاتتى . شۇڭا ، پوسېيدون جەڭگاھقا ئۇچقاندەك بېرىپ ، ئاكىل-
لېسنىڭ كۆزىنى تۇمان بىلەن توستى . ئانېئاسنى تەگرى كۈچى بىلەن
بىخەتەر يەرگە چۆرۈۋەتتى ۋە ئۇنى ئاكىللېس ئۆلمىگۈچە ، ئالدىنقى
سەپتە جەڭ قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇردى . قويۇق تۇمان تارقالدى .
ئاكىللېس دۈشمەنىنىڭ يوقالغانلىقىنى بايقىدى . تەگرىنىڭ دۈشمىنىنى
قاچۇرۇۋەتكەنلىكىدىن ئەپسۇسلاندى .

ھېكتور لەشكەرلىرىنى باتۇرلارچە ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرۇ-
ۋاتاتتى . ئاپوللو پىچىرلاپ ھېكتورنى ئالدىراپ كەتمەسلىككە ئاگاھ-
لاندۇردى . ھېكتور ئۆز قوشۇنىغا قايتتى . لېكىن ، ئاكىللېس بوران-
دەك ئېتىلىپ كېلىپ ، تىرويالىقلارنىڭ بىرنەچچە چەبدەس قەھرىمان-
لىرىنىڭ جېنىنى ئالدى . پىرىئامنىڭ باشقا بىر ئوغلىنىمۇ يارىلان-
دۇردى . بۇ بالا تىزلىنىپ ، ئاغرىق ئازابىدىن قىينىلىپ غەلىتە
تۇۋلاپ كەتتى . ئىنىسىنىڭ زارلىنىپ يەردە ياتقانلىقىنى كۆرگەن
ھېكتور قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇۋېرىشكە چىدىمىدى . ئاكىل-
لېس ھېكتورنى كۆرۈپ ئالامەت خۇشال بولۇپ كەتتى - دە ، ئۇنىڭغا
قارىتىپ نەيزە ئاتتى . ئاپوللو پەيدا قىلغان قويۇق تۇمان ھېكتورنى
قورشىۋالغانلىقى ئۈچۈن ، ئاكىللېس ئاتقان نەيزە ئۈچ قېتىمدىلا بوشقا
كەتتى . ھېكتور ئاتقان نەيزىنىمۇ ئافېنا پۈۋلەپ باشقا يەرگە قاچقىتى-
ۋەتكەنىدى . ئاكىللېس تەگرىنىڭ پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپ ، ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، كەينىگە

ئۆرۈلۈپ نۇرغۇن تىرويالىقلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى . ھارۋىسىغا قې-تىلغان ئاتلار قالقان ۋە جەسەتلەرنى دەسسەپ كېتىۋاتاتتى . ھارۋا چاقلىرى قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى .

ئاكىللېسنىڭ غالجىرانە قىرغىنچىلىق قىلىشىدىن تىرويالىقلار ئارقا - ئارقىدىن قېچىشقا باشلىدى . ئۇلار شەھەرگە قاراپ قاچتى . يەنە بىر قىسمى ئېقىنى تېز سىكاماندىروس دەرياسى بويىغا كېلىپ ، ئۆزلىرىنى دەرياغا ئېتىشتى . دەريا ئادەم ۋە ئاتلار بىلەن جەڭ ھارۋى-لىرىغا تولغانىدى . دەريادا شاۋقۇن - سۈرەنلىك ئەكس سادا پەيدا بولدى . ئاكىللېس شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ ، ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرەتتى . دەريا بىردەمدىلا قىپقىزىل قانغا بويالدى . دولقۇنلار ئارىسىدا دەمبەدەم ئىڭراشلار ۋە نالە - زارلار كۆتۈرۈلەتتى . چاپ-چاپ قىلىپ قوللىرى ئۈزۈشۈپ قالغان تۇرۇقلۇق ئون ئىككى ئېسىل-زادە يىگىتنى تۇتۇۋېلىپ ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ يالاپ ئېلىپ كېتى-شىگە تاپشۇردى . ئۇ بۇ يىگىتلەرنى پاتروكلوسنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر قىلماقچى ئىدى .

ئاكىللېس يەنە دەرياغا ئېتىلىپ كىرگەندە ، پىرئامنىڭ ئوغلى لىكائون جان تالاشقىنىچە سۇدىن لەيلەپ چىقىپ قالدى . ئاكىللېس ئۇنى كۆرۈپ سەل ئىككىلىنىپ قالدى . ئۇ بۇ بالىنى ئىلگىرى تۇتۇ-ۋالغان ، يىراق بىر جايغا قۇل قىلىپ سېتىۋەتكەنىدى . ئۇ بۈگۈن يەنە پەيدا بولۇپ قالدى . ئاكىللېس مەن ئۆلتۈرگەن تىرويالىقلار قايتىدىن تىرىلىپ قىلىۋاتامدۇ - نېمە دەپ گۇمانلاندى . خىيالىنىڭ ئاخىرى چىقماي تۇرۇپلا لىكائون قىرغاققا ئۈمىلەپ چىقتى - دە ، ئاكىللېسنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرۇپ :

— ئۆتكەندە مەن سېنى يۈز كالىلىق قىلىپ قويغانىدىم ، بۇ قېتىم مېنىڭ ساڭا تۆلەيدىغان تۆلىمىم ئۇنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە باراۋەر بولىدۇ . مېنى ئۆلتۈرمە ! مەن ھېكتور بىلەن بىر ئانىدىن ئەمەس . ماڭا رەھىم قىل ! — دېدى .

— ھەي ئەخمەق ،— دېدى ئاكىللېس قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ،— پاتروكلوس ئۆلمىگەن بولسا ، مەن سېنى كەچۈرگەن بولاتتىم . ئەم-

ما ، هازىر ھەممە ئادەم ئۆلۈشى كېرەك ! ماڭا بۇنداق بىچارىلەرچە قاراۋەرمە ، مېنىڭدەك بەھەيۋەت ئەزىمەتلەرمۇ ھامان بىر كۈنى كىشىنىڭ قولىدا ئۆلىدۇ !

ھايات قېلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئىكائون قولىنى بوشىتىپ ، ئاكىللېسنىڭ ئۆزىنى بوغۇزلىشىغا بويىنىنى تۇتۇپ بەردى . ئاكىللېس جەسەتنى دەرياغا تاشلىۋەتتى ۋە :

— ئەمدى قاراپ باقايچۇ ، سەنلەر ھەممىشە نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىدىغان دەريا ساڭا جان كىرگۈزەمدۇ - يوق ؟ — دېدى دەريا تەڭرىسىنى مەسخىرە قىلىپ .

ئاكىللېسنىڭ بۇ گەپلىرى دەريا تەڭرىسى سىكاماندىروسنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى . بۇ دەريا تەڭرىسى تىروياىلىقلارنى قوللايتتى . ئۇ ئەمدىلا دەريادىن چىققان ئاسترو پەيئوسقا تولۇپ تاشقان غۇرۇر ۋە جاسارەت بېغىشلىدى . ئۇ پېلىئوسنىڭ ئوغلىنىڭ شەپقەتسىزلىكىگە غەزەپ - نەپرەت بىلەن قاراپ ، قورقماستىن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئاكىللېس :

— ماڭا قارشى تۇرۇشقا پېتىنىپ ئالدىمغا كەلگەن سەن كىم ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن . بۇ ياش يىگىت جاۋابەن :

— مەن پېلىگوننىڭ بالىسى بولىمەن . مەن بۇنىڭدىن ئون بىر كۈن ئىلگىرى پايئونىيەلىكلىرىم بىلەن تىروياىلىقلارغا ھەمدەمدە بولۇشقا كەلگەن . ئەمدى مېنىڭ نوچىقلىمنى كۆر ! — دېدى .

ئاستروپەيئوس ئاكىللېسقا نەيزە ئاتتى . نەيزە ئۇنىڭ بىلىكىنى يارىلاندۇردى . بىلىكىدىن قان بۇلدۇقلاپ ئاقتى . ئاكىللېسنىڭ ئاتقان نەيزىسى يەرگە سانجىلىپ قېلىپ نىشانغا تەگمىدى . ئاستروپەيئوس نەيزىنى ئۈچ قېتىم تارتىپمۇ يەردىن سۇغۇرۇپ ئالالمىدى . نەيزىنى كۈچىنىڭ بارىچە تۆتىنچى قېتىم تارتىۋاتقاندا ، ئاكىللېس ئېتىلىپ بارغان پېتى ئۇنىڭ قورسىقىغا شەمشەر تىقىپ ، ئۈچەي - باغرىنى چۇۋۇۋەتتى . ئۇ ئاغرىق ئازابىدا قىينىلىپ ئۆلدى .

ئاكىللېس ئاستروپەيئوسنىڭ ساۋۇتلىرىنى سالدۇرۇۋالدى - دە ، قىرغىنچىلىق خۇمارى يەنىلا بېسىلماي ، پايئونىيەلىكلەردىن يەتتە

ئادەمنى ئۆلتۈردى . توساتتىن دەريا تەڭرىسى قەھرىمانغا ئايلىنىپ دولقۇن ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقتى ۋە :

— بولدى بەس ، سەن ئالۋاستىغا ئوخشاش ياۋۇزلىشىپ كەتتىڭ ، — دەپ توۋلىدى ، — دەريايىم ئۆلۈكلەرگە تولۇپ كېتىپ ، راۋان ئاقالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى !

— سىز تەڭرىلەردىن بولغاچقا ، مەن سىزگە ئىتائەت قىلىمەن ، — دېدى ئاكىللېس ، — ئەمما ، مەن دۈشمەنلىرىمنى شەھەرگە قوغلاپ كىرگۈزگەن ۋە ھېكتورنىڭ جېنىنى ئالغانغا قەدەر تىروياللىقلارنى قىرىشنى توختاتمايمەن !

ئاكىللېس شۇنداق دېگەن پېتى تىروياللىقلارنى يەنە چاپ - چاپ قىلىپ كەتتى . ئۇلار جانلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى دەرياغا تاشلايتتى .

دەريا تەڭرىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئۇنتۇغان ئاكىللېسمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قالماي دەرياغا سەكرىدى . شۇ ئەسنادا دەريا تېشىپ ، جەسەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرغاققا سۈرۈپ چىقاردى . دەريانىڭ كۆپلۈك ئېقىنى قالقىنىغا ئۇرۇلدى . ئۇ بىر توپ قارىياغاچقا ئېسىلغاندى . ئېقىن ئۇنى ۋە قارىياغاچنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئېقىتىپ كەتتى . ئاكىللېس دالىدا ئۈچقاندەك كېتىۋاتاتتى . دەريا تەڭرىسى ئۆزىنىڭ غەزەپلىك دولقۇنلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى ۋە ئۇنى قوغلاپ يەتتى . ئۇ ھەربىر قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغاندا ، شىددەتلىك دولقۇن ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ئېشىپ چۈشەتتى ۋە ئايىغى ئاستىدىكى يەرنى ئېقىتىپ كېتەتتى . ئاكىللېس ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تەڭرىنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى ، قەدىرسىز ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ داد - پەرياد كۆتۈرۈپ زېۋىسقا دەردىنى تۆكتى . ئۇ :

— مەن قۇدرەتلىك ئادەمنىڭ قولىدا ئۆلۈشنى خالايمەن . ھېكتورنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشىنى تىلەيمەن ، قارىغاندا مېنى مۇشۇ شىددەتلىك ئېقىندىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىرەر تەڭرى چىقمايدىغان ئوخشايدۇ ، — دېدى .

بۇ چاغدا پوسېيدون بىلەن ئافېنا ئادەتتىكى ئادەملەر قىياپىتىگە كىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە كۆڭلىنى ياساپ ئۇنىڭغا :

— خاتىرجەم بول ، باتۇر ئاكىللېس ، سەن دەريادا ئۆلۈپ كەتمەيسەن ! — دېدى .

ئاكىللېس ئۆزىدە بىردىنلا ئاجايىپ بىر كۈچ - قۇۋۋەتنى ھېس قىلدى - دە ، بىر سەكرەپلا قۇرۇقلۇققا چىقتى . لېكىن ، غەزىپى تاشقان دەريا تەڭرىسى بولدى قىلماي ، تېخىمۇ ئېگىز دولقۇن كۆتۈردى . ئۇ ئاكىللېسنى دەريانىڭ تېگىگە كۆمۈپ تاشلىماقچى بولغانىدى . ھېرا ئوت تەڭرىسى ھېفېستوسنى زېمىنغا چۈشۈرۈپ دەريا ئېقىمىنى كۆيدۈرۈۋەتتى . بۇ ئوتتا دەريا تەڭرىسىمۇ كۆيۈپ كەتكىلى قىل قالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەريا قىنىغا قايتتى .

باشقا تەڭرىلەرمۇ قاتتىق جېدەل - ماجىرا ئىچىدە قالدى . ئاسماننىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ ، يەر - زېمىن لەرزىگە كەلدى . زېۋس ئولىمپىس تېغىدا تەڭرىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشقانلىرىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كېتەتتى . ئالدى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ مەيدانغا چىققان ئۇرۇش تەڭرىسى ئارېس ئالدىنقى قېتىملىق ئاداۋەتنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن نەيزىسىنى ئوينىتىپ ئافېناغا قاراپ تاشلاندى . ئافېنا ئارېسنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى قاچۇردى - دە ، يەردىن يوغان بىر تاشنى ئېلىپ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى ، ئارېس دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى جاراڭلىتىپ يەرگە يىقىلدى .

— سەن مەن بىلەن كۈچ سىنىششقا پېتىندىڭمۇ ؟ — دېدى ئافېنا كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ئۆزۈڭنىڭ مېنىڭ تەڭدىشىم ئەمەسلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ؟

تەلىيىگە ئافرودىت ئۇنى يۆلەپ جەڭگاھتىن ئېلىپ كەتتى . زەھەرخەندە ھېرانىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن ئافېنا ئافرودىتنىڭ كۆكسىگە قاتتىق بىرنى سالدى ، ئاجىز مۇھەببەت تەڭرىچىسى يىقىلىپ چۈشتى . ئۇ ئارېسنىمۇ تارتىپ يەرگە يىقىتتى .

— تىرويالىقلارغا كىم ياردەم بېرىدىكەن ، شۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق يىقىلىدۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى ئافېنا .

ھېرانىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم يۈگۈردى .
بۇ چاغدا پوسېيدون ئاپوللوغا :
— ئىككىمىزمۇ كۈچ سىنىشىپ باقمايلىمۇ ؟ سەن ياشراق بول-غاندىكىن ، ئالدى بىلەن سەن قول سال . ئەينى چاغدا پادىشاھ لائومې-دون لەۋزىدە تۇرمىغانىدى ، سەن بۇنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كەتتىڭ . بولمىسا ماڭا ئوخشاش بۇ ھىيلىگەر پادىشاھنىڭ ئەۋلادلىرىغا ياردەم بەرمىگەن بولاتتىڭ ! — دېدى .
ئاپوللو ئاتىسىنىڭ ئىنىسىغا قول سېلىشنى خالىماي ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى .
ئاپوللونىڭ سىڭلىسى ئارتېمىس ئۇنى زاڭلىق قىلىپ مۇنداق دېدى :
— ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەنلا چېكىنىپ ، ماختانچاق پوسېيدون-نى ئاسانلا غەلىبىگە ئېرىشتۈرمەكچىمۇ سەن ؟ سېنىڭ ئوقيارىڭ بالد-لارنىڭ ئويۇنچۇقىمۇ ؟
ھېرا ئارتېمىسنىڭ بۇنداق مەسخىرە قىلىشلىرىنى ئاڭلاپ بەك خاپا بولدى . ھېرا ئۇنى بىر ياقتىن ئەيىبلەپ ، يەنە بىر ياقتىن دۈمبىسىدىكى ئوقدانىنى ئېلىۋېلىپ :
— ھەددىڭدىن ئۆتۈپلىك ئېشىپ كەتمە ، سەن تەڭرىگە ئەدەپ-سىزلىك قىلدىڭ . سېنى ئازراق ئۇچۇقداپ قوياي ، — دېدى - دە ، ئارتېمىسنى بىر تەستەك سالدى . ئارتېمىس ئۆزىنى ئۇيان - بۇيان قاچۇردى . ئۇ قارچىغىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان كەپتەر باچكىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى . ئارتېمىسنىڭ ئانىسى ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولۇپ كەلمەكچىدى ، لېكىن ھېرمېس يېقىن ئەتراپتا يوشۇرۇنۇپ تۇرغاچقا ، يېنىكلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . ئاخىر يەردە چېچىلىپ ياتقان ئوقلارنى يىغىشتۇرۇپ قىزىنى ئېلىپ ئولىمپىس تېغىغا قايتتى .
ئارتېمىس ئولىمپىس تېغىدا ئاتىسىنىڭ تىزىدا ئولتۇرۇپ ، ھې-رانىڭ ئۆزىنى بوزەك قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئاتىسىغا دادلاپ بەردى . ئۇ :
— قەدىرلىك ئاتا ، ھېرا مېنى خەقلەرنىڭ ئالدىدا ھاقارەتلەپلا

قالماي ، بىشەملىك بىلەن ئۆردى . تەڭرىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش قوزغىغۇەتتى...... — دېدى .

زېۋس كۈلۈپلا قويدى ، ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمىدى . تەڭرىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى قايتىپ كەلدى . ئۇلار ئاتىسىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىشتى ، بەزىلىرى كۆرەڭلەپ كەتكەن ، بەزىلىرى غەزەپلەنگەنىدى . ئاپوللولا يۇنانلىقلارنىڭ تەقدىر تەڭرىچىسىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ شۇ كۈنىلا تىرويا شەھىرىگە بېسىپ كىرمىگىيدى دەپ ئەنسىرىگەنلىكتىن تىرويا شەھىرىگە كىرىۋالغانىدى .

پىرىئام شاھى تىرويا شەھىرىنىڭ ئېگىز قاراۋۇل مۇنارىسىغا چىقىپ ، ئاكىللېسنىڭ ۋەھشىيلەرچە قىر - چاپ قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇراتتى . ئۇنى توسۇيالىغۇدەك بىرەر ئادەم چىقمىغانىدى . شاھ ھەسرەت چېكىپ قول ئاستىدىكىلەرگە قېچىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ شەھەرگە كىرىۋېلىشىنى تاپىلىدى . ئۇستىبېشى چاڭ - توزانغا كۆمۈلگەن تىرويالىقلار قېچىپ كېلىۋاتاتتى . ئاكىللېس ئۇلارغا ساراڭلارچە قوغلاپ زەربە بېرەتتى . ئاپوللو قوۋۇقتىن چىقىپ ئانتېنورنىڭ ئوغلى ئاگېنورنىڭ غەيرىتىگە ھەسسىلەپ مەدەت بەردى . ئاگېنور باشتا تۇرۇۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ قاچقانلىقىدىن ئۇيالدى ۋە تەمكىنلىك بىلەن ئاكىللېسنى كۈتۈپ تۇردى . ئۇ كۆڭلىدە : «ئۇ قورقۇپ كەتكۈدەك قانداق ئادەم؟ ئۇنىڭ بولجۇڭ گۆشلىرىنىمۇ نەيزە بىلەن زەخىملەندۈرگىلى بولىدىغۇ؟» دەپ ئويلىدى .

ئارگېنور ئاكىللېسقا نەيزە ئاتتى . لېكىن ، ئاتقان نەيزىسى قاڭقىپ كەتتى . ئاكىللېس غەزەپلەنگەن ھالدا ئۆز دۈشمىنىگە ئېتىلدى . ئاپوللو قويۇق تۇماننىڭ دالدىسىدا ئاگېنورنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كەتتى ، ئاندىن ئاگېنورنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ ، ئاكىللېسنى ئازدۇرۇپ ئاگېنورنى داۋاملىق قوغلاشقا سالدى .

ئاگېنور يۈگۈرۈپ سكاماندىروس دەرياسى بويىغا كەلدى - دە ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى دەپ سالدى . ئاكىللېس بۇنىڭ بىر ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ كەتتى . لېكىن ، تىرويالىقلار مۇشۇ پۇرسەتتە ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ شەھەر-

گە كىرىۋاتاتتى . ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ھايات - ماماتى بىلەن كارى يوق ئىدى . ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقىدىن خۇش ئىدى . پەقەت ھېكتورلا قوۋۇقنىڭ سىرتىدا قالغانىدى . بۇ دەل تەقدىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى . پادىشاھ پىرىئام ئوغلىنىڭ تېخىچە شەھەرگە كىرمىگىنىنى كۆرۈپ قاراۋۇل مۇنارىسىدا تۇرۇپ ۋارقىراپ مەيدىسىنى مۇشتلايتتى ۋە :

— ھېكتور ، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاكىللېسنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئاشۇرماقچىمۇ ؟ شەھەردىكى ئاياللار ۋە باللار ساڭا موھتاج ! ماڭا ئوغۇللىرىمنىڭ بىر - بىرلەپ ئۆلۈپ كېتىشىنى كۆرۈشۈم لازىممىدى ؟ مېنىڭدەك بىر قېرى ئاتاڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن ! — دەپ نالە قىلاتتى .

ھېكابا يىغلاپ تۇرۇپ ئوغلىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تىلەيتتى . بىراق ، ھېكتور قارارىنى بېكىتىپ بولغانىدى . ئۇ شەھەرگە قاراپمۇ قويماي تۇراتتى . ئۇ ئۆز - ئۆزىگە : «پولىداماس چېكىنىش توغرۇلۇق مەسلىھەت بەرسە ، ئاڭلىماي قويۇپتىمەن . شۇنچىۋالا ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى . يەنىلا ئاكىللېس بىلەن ھايات - ماماتلىق جەڭ قىلغىنىم تۈزۈك . مەن قورال تاشلاپ ئۇنىڭغا ئەل بولمايمەن ! » دەيتتى .

ئاكىللېس بارغانچە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ خۇددى ئارېسنىڭ ئۆزىدەك سالاپەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى . ئاق تېرەك ياغىچىدا ساپلانغان نەيزىسىنى ئوڭ مۈرىسىگە قويغانىدى . ئۇنىڭ جۇلالىق تۇچ قورالى ، ساۋۇتى تاڭ قۇياشىدەك نۇر چېچىپ تۇراتتى ۋە كۆزنى قاماشتۇراتتى . ھېكتور ئاكىللېسنىڭ سۈرلۈك ھەم دەھشەتلىك قىياپىتىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز تىترەشكە باشلىدى . ئۇ بۇرۇلۇپلا شەھەر قوۋۇقىغا قاراپ يۈگۈردى . ئاكىللېس ئۇنى ئاسانلىقچە قويۇۋەتسۇنمۇ ؟ ئۇ كەپتەرگە ئېتىلغان لاچىندەك ھېكتورغا تاشلاندى . ئاكىللېسنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە شەھەرگە باشلاپ كىرىشتىن ئەنسىرەپ ، شەھەرگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان ھېكتور تىروىيا شەھىرىنى يۈگۈرگەن پېتى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقتى .

ئۇلار شەھەر ئەتراپىدا تۆتىنچى قېتىم ئايلانغان چاغدا ، زېۋس

ئولىمپىس تېغىدا قولىغا ئالتۇن تارازىنى ئېلىپ، ھېكتور بىلەن ئاكىللېسنىڭ ئۆلۈش ياكى ھايات قېلىش تەقدىرىنى تارازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇپ ئۆلچىدى. ھېكتور تۇرغان تەرەپ جەھەننەمگە قاراپ قىيسايدى، ئۇ ئافىنانىڭ زېمىنىغا چۈشۈپ ئاكىللېسقا ياردەم بېرىشكە يول قويدى. ئاپوللو ئامالسىز شەھەردىن ئايرىلدى. چۈنكى، ئۇ ھېكتورنىڭ ھالاك بولىدىغان كۈنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەنىدى.

ئافىنا دېيفوبوسنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ ھېكتور بىلەن ئاكىللېسنى يۈزمۇيۈز ئېلىشىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئۇ:

— قەدىرلىك ئاكا، مەن سېنىڭ پېلىئوسنىڭ ئوغلىنى مەغلۇپ قىلىشىڭغا ياردەم قىلىمەن! — دېدى ھېكتورغا.

ھېكتور ئالدىدا تۇرغان ئىنىسىنىڭ ئۆز قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن ئافىنا ئىكەنلىكىنى بىلمەي شۇئان خۇشال بولدى ۋە:

— ئاكىللېس، ئەمدى ئۆزۈمنى سەندىن قاچۇرمايمەن، مەن سەن بىلەن ھايات-ماماتلىق ئېلىشىمەن. بىراق، شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، ناۋادا، زېۋس مېنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرسە، ئۆلگىنىڭدىن كېيىن سېنى ھاقارەتلىمەيمەن. ساۋۇت-دۇبۇلغىلىرىڭنى سالدۇرۇۋېلىپ جەسىتىڭنى خەلقىڭگە بېرىمەن، — دېدى.

ھېكتور رەقىبى بىلەن مەغلۇپ بولغان تەرەپنىڭ جەسىتى جەزمەن ئۆز خەلقىگە بېرىلىشى توغرىسىدا ئەھدىلەشمەكچى بولغانىدى. ئەمما، غالىب كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى بولغانلىقتىن ئاكىللېس بۇ تەلەپنى رەت قىلدى.

ئاكىللېس باشتا نەيزە ئاتتى. بىراق، ھېكتور ئولتۇرۇۋالغانلىقتىن، نەيزە بېشى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ يەرگە چۈشتى. ئافىنا نەيزىنى سېپى بىلەن تارتىپ چىقىرىپ، ھېكتورغا كۆرسەتمەستىن ئاكىللېسنىڭ قولىغا بەردى. ھېكتور نەيزىسىنى ئاتتى، نەيزە ئاكىللېسنىڭ قالقىنىغا تېگىپ قاڭقىپ كەتتى. قولىدا قورال يوق ھېكتور ئىنىسى دېيفوبوسنىڭ قورالىنى ئالماقچى بولۇپ كەينىگە قارىدى. ئۇ شۇندىلا ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بايقىدى. ھېكتور:

— ئەسلىدە ئافىنا دېيىفوبوس قىياپىتىگە كىرىۋالغانىدىكەن - دە ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى .

ھېكتور ئۈمىدسىزلەنگەن بولسىمۇ ، مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ ئالغا ئىنتىلدى . ئاكىللېسمۇ نەيزىسىنى تاشلاپ ھېكتورغا تاشلاندى . ئىككىسى تۇتۇشۇپ كەتتى .

ھېكتورنىڭ ساۋۇتى پاتروكلوستىن ئولجا ئالغان ئاكىللېسنىڭ بۇرۇنقى ساۋۇتى ئىدى . بۇ ساۋۇتنى تەڭرى سوۋغا قىلغان بولۇپ ، ھېكتورنى قوغداپ تۇراتتى . ساۋۇتنىڭ مۇرە بىلەن باش ئارىلىقىدىكى ئوقىرەك سۆڭەككە توغرا كەلگەن يېرىدىلا ئازراق يوچۇق بار ئىدى . بۇنى ساۋۇتنىڭ بۇرۇنقى ئىگىسى ئاكىللېسلا بىلەتتى . ئېلىشىش داۋامىدا ئاكىللېس پۇرسەتنى تېپىپ تۇرۇپ ، ھېكتورنىڭ گېلىغا توغرىلاپ شۇنداق قاتتىق نەيزە سانجىدىكى ، نەيزە ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تېشىپ چىقتى . ھېكتور يىقىلدى . ئۇ زەئىپ ئاۋازدا :

— ئاكىللېس ، سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي ، جەسىتىمنى تىروياشەھىرىگە ئەۋەتكىن ، شەھەردىكىلەر مېنى مۇۋاپىق مۇراسىم بىلەن كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلسۇن ! — دېدى . ئاكىللېس غەزەپ بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ :

— سەن مېنىڭ قانچىلىغان دوستلىرىمنى ئۆلتۈردۈڭ ؟ سېنىڭ ئېلىڭ ماڭا بويۇڭ بىلەن تەڭ مىقداردا ئالتۇن بەرسىمۇ ، جەسىتىڭنى ئەۋەتىپ بەرمەيمەن . سەن جەڭگاھتىكى لالما ئىتلارغا يەم بولۇپ كېتىسەن ! — دېدى .

— باغرى تاش ئادەم ئىكەنلىكىڭ ماڭا مەلۇم ، — دېدى ھېكتور ئىڭراپ تۇرۇپ ، — ئارىمىزدىكى ئۆچ - ئاداۋەتنى كېلىشتۈرۈپ بولمايدۇ . ئاپوللونىڭ مۇقەددەس ئوقى تېگىپ ماڭا ئوخشاش ئۆلۈپ ياتقىنىڭدا مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئەسلەپ قالارسەن……

ھېكتورنىڭ سۆزى تۈگىشىگە ، ئۇنىڭ جېنى ۋۇجۇدىدىن جۇدا بولدى .

ئاكىللېس ھېكتورنىڭ جەسىتىدىن نەيزىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ، ئاندىن قىپقىزىل قانغا بويالغان دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى سالدۇرۇۋې-

لىشقا كىرىشتى . بىرمۇنچىلىغان يۇنانلىق لەشكەرلەر يۈگۈرۈپ كې-
لىپ ، ئۇلارنىڭ يۇرىكىنى مۇجىغان ھېكتورنىڭ جەسىتىنى تاماشا
قىلىشتى . بەزىلەر :

— ئۇ كېمىلىرىمىزگە ئوت قويغان چاغدا شۇنداق دەھشەتلىك ھەم شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدى . ئەمدى ئۇ نەقەدەر مۇلايىم ۋە نەقەدەر كېلىشكەن - ھە ! — دېيىشتى .

ئاكىللېس ئۆز دوستىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بۇ رەقىبىگە ئاجايىپ ئۆچ بولغاچقا ، ئۇشۇقىدىن ئىككى تۆشۈك تەشتى ۋە بۇ تۆشۈكلەردىن تاسما ئۆتكۈزۈپ ، جەسەتنى جەڭ ھارۋىسىغا باغلىدى - دە ، ھارۋىغا سۆرىتىپ قارارگاھقا ئەكەلدى .

ئۆلگۈچىنىڭ ھېلىراقتا چىرايلىق بولغان بېشى ئەمدىلىكتە بولسا يەردە سۆرىلىپ ئېرىق سىلىپ كەلگەنلىكتىن ، پاتقاق ۋە قان داغلىرى بىلەن بۇلغانغانىدى . تىرويا شەھەر سېپىلى ئۈستىدە تۇرغان پادىشاھ ، خانىش ۋە پۇتكۇل خەلق ، ئىتتىپاقداش قوشۇنلار ھەسرەت بىلەن ياش تۆكۈشتى . ھېكتورنىڭ خوتۇنى ئاندروماكې ھوشىدىن كەتتى . ئۇ كېيىن ھوشىغا كېلىپ يىغلىغان پېتى :

— ھېكتور ، ھەر ئىككىمىزلا شوم پېشانىكەنمىز ، ئەمدى بالىلىرىمىز بويۇن قىسىپ چوڭ بولىدىغان بولدى ! — دېدى .

ئاكىللېس ھېكتورنىڭ جەسىتىنى بارگاھقا سۆرەپ كىرىپ ، پاتروكلوسنىڭ جەسىتى يېنىغا پىرقىرىتىپ تاشلىدى . يۇنانلىقلار دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى يېشىۋېتىپ ، غەلىبىنى تارتۇقلاشقا ئولتۇرۇشتى . ئۇلار مال سويۇپ كاتتا زىياپەتنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشتى . ئۇلار يوغان قازان ئېسىپ سۇ ئىسسىتتى ، قەھرىمانىنى جەڭ ۋاقتىدا پۇت - قوللىرىدىن ئاققان قان - تەر داغلىرىنى يۇيۇۋېتىشكە دەۋەت قىلدى . ئاكىللېس دوستىنى دەپنە قىلماي ئۆزىنىڭ يۇيۇنمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلدى . ئۇ :

— مەن پاتروكلوسنى ئوتقا دەپنە قىلمىغۇچە ، سۇ بىلەن يۇيۇنمايمەن ! — دېدى .

ئاكىللېس قۇملۇق سايدا يېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن دوستى ئۈچۈن

ھەسرەت چەكتى . كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى . چۈشىدە ئۇ پاتروكلوسنىڭ ئەرۋاھى بىلەن كۆرۈشتى . پاتروكلوس ئۇنىڭغا قەبرىسى بولمىغاچقا ، ئۇنى جەھەننەمنىڭ قوبۇل قىلمىغانلىقىنى ، ھەتتا ئارام ئالىدىغان يېرىنىڭمۇ يوقلۇقىنى ، ئاكىللېسنىڭمۇ مۇشۇ يەردە ئۆلىدىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىش ئۈمىدىدە ئىكەنلىكىنى دېدى . ئاكىللېس ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ ، ئەرۋاھنى قۇچاقلىماقچى بولۇۋىدى ، ئەرۋاھ كۆزدىن غايىب بولدى .

ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەن ئاگامېمنون زور بىر تۈركۈم ئادەملەرنى باشلاپ ئېدى تېغىغا ماڭدى . دەل ـ دەرەخلەر كېسىلىپ ، دېڭىز ساھىلىغا قاتار تىزىپ قويۇلدى . دەپنە مۇراسىمى باشلاندى . پاتروكلوسنىڭ جەسىتى كۆتۈرۈپ كېلىنىپ ، ئالدىن تەييار قىلىنغان جايغا قويۇلدى . جەسەت كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ چاچلىرى قىرقىلىپ جەسەت ئۈستىگە قويۇلدى . شاھزادىلەر كېسىپ كېلىنگەن ياغاچلاردىن ئوتقا دەپنە قىلىش دۆۋىسى تەييارلىدى ۋە قايغۇلۇق ھېسسىياتتا جەسەتنى ئېھتىيات بىلەن ياغاچ دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە قويدى . ئوتقا دەپنە قىلىش دۆۋىسىنىڭ ئەتراپىغا قوي ۋە كالا گۆشلىرى قويۇلدى ، تۆت ئات يېتىلەپ كېلىندى ، ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا ئۆزى باققان ئىككى ئىتمۇ كەلتۈرۈلدى . ئارقىدىن ئون ئىككى تىرويالىق ئېسىلزادە يىگىت ئۆلتۈرۈلۈپ ، قىساس ئېلىشنىڭ قۇربانلىق بۇيۇمى قىلىندى . ئوت يېقىلىشتىن ئاۋۋال ، ئاكىللېس دوستىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ ، ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى ئېيتتى . ۋە :

— ھەي پاتروكلوس ، سېنىڭ جەھەننەمدە بەختلىك بولۇشۇڭنى تىلەيمەن . ھېكتورنىڭ جەسىتى كۆمۈكسىز جەڭگاھتا تۇرۇۋاتىدۇ ، ئۇنىڭ جەسىتىنى لالما ئىتلار تالاپ يېيىشىدۇ ! — دېدى .

ئاكىللېس ھېكتورغا شۇنچىلىك ئۆچلۈك قىلسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ جەسىتىنى تەڭرىلەر قوغداپ كېلىۋاتاتتى . ئافرودىت جەسەتكە مەلھەم سۈركەپ ، ئۇنىڭ سۆرىلىپ زېدىلەنگەن جاراھەتلىرىنى يوقاتتى . لالما ئىتلارنى ھېكتورنىڭ جەسىتىگە يېقىن كەلتۈرمىدى . ئاپوللو جەسەت قويۇلغان يەرنى ئالتۇن قالقىنى بىلەن توسۇپ ، جەسەت

نى ئاپتاپقا قاقلاتمىدى . دەپنە قىلىش دۆۋىسىگە ئوت يېقىلغان بولسىـ
مۇ ، ئوت تېخىچە تۇتىشىپ كېتەلمەيۋاتاتتى . ئاكىللېس ئىككى شامال
تەڭرىسىنى ياردەمگە چاقىردى . ئۇلار دېڭىزدىن ئۆتۇپ يېتىپ كېلىشـ
تى ۋە ياغاچلارنى ئارىلاپ گۇركىرەپ يۇرۇشتى . كېچىچە لاۋۇلداپ
يانغان ئوتتا ياغاچلار كۆيۇپ كۇلگە ئايلاندى . چوغ ـ قوقاسلار ئۇزۇم
هارىقى چېچىلىپ ئۆچۇرۇلدى . شاهزادىلەر سۆڭەكلەرنى يىغىپ ،
ئالتۇن خۇمرىغا قاچىلاپ ئاكىللېسنىڭ بارگاهىغا كىرگۇزۇپ بەردى .

هەممە ئىش تۇگىگەندىن كېيىن دەپنە مۇراسىمىنىڭ بەيگىسى
باشلاندى . مۇكاپات بۇيۇمىنى ئاكىللېس چىقاردى . ئاۋۋال جەڭ هارـ
ۋىلىرىنىڭ بەيگىسى باشلاندى . بەيگىگە بەش ئادەم قاتناشتى . جەڭ
هارۋىلىرى توپا ـ چاڭ ئىچىدە ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتاتتى . ئەسـ
لىدە ئومېلوس هەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۇپ كەتكەندى . ئۇنىڭ كەينىدە
دىئومېدېسنىڭ ئېتى كەينىدىن قالماي يۇگۇرۇپ يېتىشىۋالاي دەپ
قالغانىدى . شۇ ئارىدا ئاپوللو دىئومېدېسنىڭ قولىدىن قامچىنى تارتىـ
ۋالغانلىقتىن ، ئۇنىڭ ئېتى شۇئان بوشىشىپ قالدى . ئافېنا بۇنى
سېزىپ قېلىپ قامچىنى دىئومېدېسقا قايتۇرۇپ بەردى ۋە ئومېلوسـ
نىڭ هارۋىسىدىكى ئاتنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى سۇندۇرۇۋەتتى . ئات ئۇرـ
كۇپ كېتىپ سەكرىۋىدى ، هارۋىكەش هارۋىدىن تىك موللاق چۇشۇپ ،
ئاغرىق ئازابىدا تۇگۇلۇپ يېتىپ قالدى . دىئومېدېس ، مېنېلائوس ،
ئانتىلوكوس قاتارلىقلار ئومېلوسنىڭ ئالدىغا ئۆتۇپ كەتتى . دىئومېـ
دېس ناهايىتى ئاسانلا بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى . ئۇ هەمـ
مىنىڭ كەينىدە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ هارۋىكەشـ
لىك ماهارىتى هەممىسىنىڭكىدىن ئۇستۇن بولغاچقا ، ئاكىللېس ئۇـ
نىڭغا بىر يۇرۇش نۇرانە دۇبۇلغا ـ ساۋۇت تەقدىم قىلدى ۋە ئۇنى
ئىككىنچى بولدى دەپ جاكارلىدى . قالغانلار هەرقايسىسى ئۆزلىرىگە
تېگىشلىك مۇكاپات بۇيۇملىرىنى ئېلىشتى .

ئارقىدىنلا مۇشتلىشىش بەيگىسى باشلاندى . بەڭگۇچى بىر
قېچىرغا ، يېڭىلگۇچى بولسا ئىككى قۇلاقلىق ئالتۇن قەدەهكە ئىگە
بولىدىغان بولدى . ئالدى بىلەن ئېگىز بويلۇق ئېپېئوس مەيدانغا

چۈشتى . ئۇ بىرىنچىلىكنى ئالىدىغان ئادەمگە تېگىشلىك بولغان قې-
چىرنى يېتىلەپ ، قېچىرىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەپ ، ئۆزى
بىلەن بەيگىگە چۈشۈشكە جۈرئەت قىلغان ئادەمنى ئۆز جېنىغا ھېزى
بولۇشقا ئاگاھلاندۇردى . ئۇ دەرۋەقە پو ئاتمىغانىدى ، مىفاستوسنىڭ
ئوغلى ئېۋرىيالوس بەلبېغىنى چىڭ چىگىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشقا
چۈشۈپ ، يۈز-كۆزىگە تاياق يەپ بوشىشىپ يەرگە يىقىلدى . مىلىق-
مىلىق بولۇپ كەتكەن ئېۋرىيالوسنى باشقىلار يۆلەپ ئېلىپ كەتتى .
ئۇ يول بويى قان تۈكۈرۈپ ماڭدى .

ئارقىدىن چېلىشىش بەيگىسىنىڭ چېمپىيونلۇقىنى تالىشىپ مەي-
دانغا ئودىسسوس بىلەن ئەيئاس چۈشتى . ئۇلارنىڭ بىلەكلىرى گىرە-
لىشىپ ، ئۇگە - ئۇگىلىرى قاراسلاپ كەتتى . يەلكىلىرىدىكى ۋە
قوۋۇرغىلىرى تۇۋىدە ئۇيۇغان قان ئىزلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇرات-
تى . ياندا تۇرغانلار ئۇلارغا مەدەت بېرەتتى . ئەيئاس ئودىسسوسنى
يەردىن يۆلۈپ ئالدى . ئودىسسوس ئۇنى بىر تىزلىغانىدى ، ئىككىسى
تەڭلا توپىغا يىقىلدى .

— ھەر ئىككىڭلار يەڭدىڭلار ! — دېدى ئاكىللېس .

ئۇنىڭدىن كېيىن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى باشلاندى . ئەلاچى بول-
غان كىشىگە كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن ناھايىتى چوڭ شاراب ئاپقۇرى
بېرىش بەلگىلەندى . ئاكىللېس بۇيرۇق بەردى . ئەيئاس يۈگۈرۈپ
ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى . ئودىسسوس ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي
يۈگۈرەيتتى . نىشانغا يېتىپ كېلىشكە ئاز قالغاندا ، ئودىسسوس ئافې-
ناغا ئىخلاسمەنلىك بىلەن دۇئا قىلدى . ئافېنا شۇ ھامان ئۇنىڭ پۇت-
قوللىرىنى يېنىكلەشتۈرۈۋەتتى . ئەيئاسنى قوي - كالىلارنىڭ ژىنىغا
دەسسەتتى - دە ، ئەيئاس يىقىلدى . ئەيئاس يۈز - كۆزىدىكى مەينەتچى-
لىكنى سۈرتكەچ ، ئاخىرقى نىشانغا يېتىپ كەلدى . ئۇنى كۆرۈپ
ئارگوسلۇقلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى . بۇ چاغدا نىشانغا ئالدىدا
يەتكەن ئودىسسوس كۈمۈش ئاپقۇرنى قولىغا ئېلىۋالغانىدى .

ئاكىللېس پاتروكلوسنىڭ جەڭ غەنىيمىتى : سارپېدوننىڭ دۇ-
بۇلغا - ساۋۇتىنى ئەڭ باتۇر لەشكەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات بۇيۇمى

سوپىتىدە يەرگە قويدى . بۇنىڭدىن باشقا ، مۇكاپات بۇيۇمى ئارىسىدا كۈمۈش ساپلىق بىر شەمشەرمۇ بار ئىدى . ئەيئاس بىلەن دىئومېدېس تولۇق قوراللانغان ھالدا بىر - بىرى بىلەن ئېلىشتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى . ئاخىر كۆپچىلىك ئۇلارنى ئايرىۋەتتى . دىئومېدېس كۈمۈش ساپلىق شەمشەرگە ئىگە بولدى .

ئاندىن كېيىن قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى باشلاندى . بۇنىڭدا كېمىنىڭ موما ياغىچىغا يىپ بىلەن باغلانغان كەپتەر نىشان قىلىندى . ئوقنى كەپتەرگە تەگكۈزگۈچىگە ئىككى يۈزلۈك ئون پالتا ، ئوقنى يىپقا تەگكۈزگۈچىگە بىر يۈزلۈك ئون پالتا بېرىلىدىغان بولدى . توكروس ئاۋۋال ئوق ئاتتى ، لېكىن ئۇنى ئاپوللو ھىمايە قىلمىغانلىقـ تىن ، ئاتقان ئوقى يىپقا تېگىپ ، يىپ ئۈزۈلۈپ ، كەپتەر ئۇچۇپ كەتتى . توكروس بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئازابلاندى . ھېرىئونېس ئۇنىڭ قولىدىن ئوقيانى تارتىۋېلىپ ئوق بەتلەپ ئېتىۋىدى ، ئوق ئۇچۇپ كېتىۋاتقان كەپتەرگە تەگدى . ئۇ ئاپوللوغا ۋەدە بەرگەنىدى . يارىلانـ غان كەپتەرنىڭ بوينى ۋە قاناتلىرى پەسكە سېلىنىپ تۇراتتى . كەپتەر ئۈزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ قالدى . يۇنانلىقلار تەنتەنە قىلىشتى . مېرىئوـ نېس ئىككى يۈزلۈك ئون پالتىنى ئالدى .

دىسكا ئېتىش مۇسابىقىسىدە چېمپىيونلۇقنى لىپوئېتىس ئالدى . ئۇ بىر تال نەيزە بىلەن پىلەكلىك ئۈسۈملۈك ۋە گۈل - غۇنچە چېكىلگەن قازانغا ئېرىشتى . نەيزە ئېتىش بەيگىسى ئۆتكۈزۈلمىدى . بىرىنچى بولغان كىشىگە بېرىلىدىغان مۇكاپات بۇيۇمىنى كۆپچىلىك ئەمرلەشكەر ئاگامېمنونـغا قوش قوللاپ سۇندى . چۈنكى ، ئۇنىڭ نەيزە ئېتىش ماھارىتىنى ھەممە ئادەم جەڭگاھتا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى . ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىم بەسلىشەلمەيتتى . شۇنىڭ بىلەن بەيگە ئاياغلاشتى

بەيگىگە قاتناشقانلار تارقالغاندىن كېيىن ئاكىللېس ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ زادى ئۇخلىيالمىدى . ئۇ دوستىنى ئويلىغانسېرى ھېكتورغا شۇنچە ئۆچلۈكى كېلەتتى . ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ دېڭىز ياقىسىدـ نى بويلاپ ئۇيان - بۇيان ماڭدى . تاڭ ئاتقاندا ، ئاتلىرىنى جەڭ

ھارۋىسىغا قېتىپ ، ھېكتورنىڭ جەسىتىنى ھارۋىغا باغلاپ تېڭىپ سۆرەتكەن پېتى چاپتۇرۇپ ، پاتروكلوسىنىڭ قەبرىسىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقتى . ئاپوللو بۇ جەسەتنى ئالتۇن قالقىنى بىلەن توسۇپ ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىدى . تەڭرىلەرنىڭ ھېرادىن باشقىلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ چىدىيالماي قېلىشتى . غەزەپلەنگەن زېۋس ئاكىللېسنىڭ ئانىسىنى تۆۋەندىكىدەك بۇيرۇق بىلەن يەر يۈزىگە چۈشۈردى : ھېكتورنىڭ جەسىتىدىن ھەق تەلەپ قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇشقا بولمايدۇ . تېتىس ئوغلىنىڭ ئۆيىگە كەلدى - دە ، ئۇنىڭغا پەرىشانلىقلارنى ئۇنتۇپ كېتىش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىپ ، زېۋسنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى .

— قەدىرلىك ئوغلۇم ،— دېدى ئانىسى ،— سەن تەڭرىلەرنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلما . ئارتۇقچە قايغۇ - ھەسرەتلەرگە بېرىلىپ كەتمە !

ئاكىللېس شۇندىلا جەسەتنى تۆلەم پۇل بېرىپ ئېلىپ كېتىشكە ماقۇل بولدى . تەڭرى ئىرىسنى تىرويا شەھىرىگە ئەۋەتتى .

ئوردىدا پىرىئامنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغاندى . ئۇلارنىڭ تون - چاپانلىرى كۆز ياشلىرى بىلەن ھۆللەنگەنىدى . بوۋاي ئۇستىباشلىرى چاڭ - توزانغا كۆمۈلگەن ، يېپيېڭىچا يېپىنغان ھالدا ياغاچتەك قېتىپ ئولتۇراتتى . كېلىنلىرى ۋە قىزلىرى ئۆلتۈرۈلگەن قەھرىمان ئۈچۈن ھازا ئېچىپ ئۇن سېلىپ يىغلىماقتا ئىدى . ئىرىس يېنىك قەدەم تاشلاپ پادىشاھنىڭ يېنىغا كەلدى - دە ، قۇلىقىغا شىۋىرلاپ تۇرۇپ :

— ھەسرەت چەكمەڭ ! مەن سىزگە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم . سىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە سوۋغا - سالام بېسىلغان ھارۋىنى ياشانغان بىر كىشىگە ھەيدىتىپ ، ئاكىللېس بىلەن كۆرۈشۈڭ . ئۇنىڭ زېۋسنىڭ بۇيرۇقىدىن خەۋىرى بار . ئۆزىڭىز يالغۇز بېرىپ تۆلەم پۇل تۆلەپ ئوغلىڭىزنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ كېلىڭ . ھېرمېس سىزنى قوغدايدۇ . سىز زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمايسىز ، — دېدى .

پىرىئام تەڭرىنىڭ سۆزىگە ئىشەندى ، ئۇ ئوغۇللىرىغا قېچىرلار-

نى ھارۋىغا قېتىشقا بۇيرۇدى . ئۇ جاۋاھىراتلار ساقلىنىدىغان قازناق ئۆيگە كىرىپ كەتتى . خانىش ھېكابا بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ بېرىشىغا قوشۇلمىدى . ئۇ ياراشقىلى بولمايدىغان ياۋۇز ئاكىللېس ئۇنىڭغا رەھىم قىلمايدۇ دەپ ئويلىغانىدى . لېكىن ، پىرىئام قەتئىي قارارغا كېلىپ بولغانىدى . ئۇ بېشىغا ئۆلۈم كەلسىمۇ ، ئوغلىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ بىر قەپەس يىغلىۋالسىلا بولاتتى .

— مېنى توسماڭ ، — دېدى ئۇ قەتئىي ھالدا ، — يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا بۇنداق كۆپۈر گەپلەرنى قىلماڭ . ھېلىقى ياۋۇز مېنى ئۆلتۈرسە ئۆلتۈرۈۋەرسۇن . ئوغلۇمنىڭ جەسىتىنى جەزمەن ياندۇرۇپ ئەكېلىمەن !

پىرىئام ئۆزىنى بۇ يولدىن توسقانلارنى ھاسىسى بىلەن قوغلىۋەتتى ، ئوغۇللىرىنى نان قېپلار قاتارىغا چىقىرىۋەتتى . ئۇلارنى كاتتا سوۋغا - سالاملارنى قېچىر قېتىلغان ھارۋىغا بېسىشقا بۇيرۇدى .

يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال ، پادىشاھ يەرگە شاراب چاچتى . زېۋىستىن ئۆزىگە بېشارەت بېرىشىنى ئىلتىجا قىلدى . شۇئان قاناتلىرى قاپقارا كەلگەن شۇڭقار ئوڭ تەرەپتىن ترويا شەھىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى . پادىشاھنىڭ ئىشەنچىسى تېخىمۇ كۈچەيدى . ھارۋىنى ئىدائوس ھەيدەپ ماڭدى . ئىككى بوۋاي شەھەر سىرتىغا يېتىپ كەلدى . بۇ چاغدا ئەتراپقا گۇگۇم چۈشكەن ، ئېتىز - داللار قارىيىپ ياتاتتى . ئىدائوس ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ ئادەم كېلىپ ئۆزىنى ئاكىللېسنىڭ دوستى دەپ تونۇشتۇردى . ھېكتورنىڭ باتۇرلۇقىنى ماختىدى . ئۇلارنى مەنزىلگىچە قوغداپ ئاپىرىپ قويۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن خەۋپسىرەپ تۇرغان بۇ ئىككى بوۋاينىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرى بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان جەسەت توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى . ھېلىقى ئادەم ئۇلارغا جەسەتنى تەڭرىلەرنىڭ قوغداۋاتقانلىقىنى ، جەسەتنىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە زەخىم يوقلۇقىنى ، خۇددى تىرىكتەك ئىكەنلىكىنى دېدى . ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ يۇنانلىقلارنىڭ قارارگا-

ھىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى . ھېلىقى ئادەم قولىنى شىلتىۋىدى ،
قاراۋۇللارنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ قالدى ، ھەتتا بەزىلىرى خورەك
تارتىشقا باشلىدى . بۇ ئادەم ئەسلىدە تەڭرى ئەلچىسى ھېرمېس ئىدى .
پىرىئام ئۇنىڭغا بىر ئالتۇن جامنى تەڭلەپ ، ئۇنىڭغا رەھمىتىنى
ئىزھار قىلدى . ھېرمېس بۇنى رەت قىلدى . ھېرمېسنىڭ قولى
قارارگاھنىڭ دەرۋازىسىغا يەڭگىل تېگىشى بىلەن دەرۋازا ئۆزلۈكىدىن
ئېچىلىپ كەتتى . ئۇلار بىخەتەر ھالدا ئاكىللېسنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا
يېتىپ كېلىشتى . بۇ بارگاھنىڭ كېلەڭسىز ھەم ئېغىر ئىشىكىنى
ئۈچ قاراۋۇل ئەر ئاچالايتتى . پەقەت ئاكىللېسنىڭ ئۆزىلا ئاچالايتتى
ھەم ياپالايتتى . ھېرمېس ھېچقانداق كۈچىمەيلا ئېچىۋەتتى - دە ،
پاشانغان پادىشاھقا ئاكىللېسنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ، ئۇنىڭ ئاتا -
ئانىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى . ئۇ
گېپىنى قىلىپ بولۇپ تەڭرىلىك سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاپ كېتىپ
قالدى . پىرىئام ھارۋىدىن چۈشۈپ ، ئات - قېچىرلارنى ئىدائۇسقا
تاپشۇرۇپ ، ئۇدۇللاپ ئاكىللېسنىڭ ئۆيىگە كىردى .
بارگاھتا ئاكىللېس كەچلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ ئۆزى يالغۇز
ئولتۇراتتى . تاماق شىرەسى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى . پىرىئام-
نىڭ كىرگىنىنى ھېچكىم سەزمىدى . ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاكىللېس-
نىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ، ئۇنىڭ قوللىرىنى سۆيدى . بۇ ئىشتىن
ئاكىللېس ھەيران بولدى . پىرىئام ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى .
— ئەي ئۇلۇغ ئاكىللېس ! — دېدى ئۇ ، — سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ
ماڭا ئوخشاش ئاتاڭنى ئەسلىگىن ! ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ ئامان - ئېسەن
قايتىشىغا تەشنا . مېنىڭ ئەللىك ئوغلۇم بار ئىدى . ئۇلارنىڭ كۆپچە-
لىكى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتتى . شەھىرىمنى قوغدايدىغان بىردىنبىر
ئوغلۇمدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم ! مەن بۇقېتىم باھاسى چەكسىز جاۋا-
ھىراتلارنى تۆلەش بەدىلىگە سەندىن ھېكتورنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ
كەتمەكچىمەن . ياشىنىپ قالغان ئاتاڭنى ئويلاپ بولسىمۇ ماڭا رەھىم
قىلغىن !
پىرىئامنىڭ گەپلىرىدىن ئاكىللېسنىڭ قەلبىدە ئۆزىنىڭ ئاتىسى-

غا بولغان سېغىنىشى قوزغالدى . ئۇ پادىشاھ پىرىئامنى يۆلەپ ئورنى-دىن تۇرغۇزدى ۋە چاچ - ساقاللىرى تامام ئاقىرىپ كەتكەن بۇ بوۋايغا ئىنتايىن ھېسداشلىق قىلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ تىزلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان بوۋاينىڭ قوللىرىنى مۇلايىمغىنە ئېلىۋەتتى ، بوۋايغا تەسەللى بەر-گەچ ، ئۆزىمۇ يىغلاپ تاشلىدى .

— كېلىڭ ، ئولتۇرۇڭ ، — دېدى ئاكىللېس ، — قايغۇ - ھەسرىتىمىزنى باسايلى . قايغۇ - ھەسرەت چەككەن بىلەن ئوغلىڭىز قايتا تىرىلىپ كەلمەيدۇ . سىز بارگاھىمىزغا ئۆزىڭىز يالغۇز ئۇسۇپ كىرىپسىز ، ھەقىقەتەن يۈرەكلىك ئىكەنسىز ! سىزگە چوقۇم تەڭرى ياردەم قىلغان . بولمىسا سىز مېنىڭ ئىشىكىمنى ئاچالمايسىز . مې-نىڭ تەڭرىلەرنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىش خىيالىم يوق . شۇ-ڭا ، ھېكتورنىڭ جەسىتىنى سىزگە قايتۇرۇپ بېرىمەن !

ئاكىللېس گېپىنى تۈگىتىپ ، لەشكەرلىرىنى ھارۋىدىكى سوۋغا-سالاملارنى چۈشۈرۈشكە ، ھېكتورنىڭ جەسىتىنى يېپىش ئۈچۈن بىر ئىچ كىيىم ۋە ئىككى يېپىنچىلا قالدۇرۇشقا بۇيرۇدى .

ئاكىللېس يەنە جەسەتنى يۇيۇش ۋە خۇش پۇراق مايلاپ ھارۋىغا سېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى . مۇشۇ ئىشلار قىلىنىۋاتقان چاغدا ، ئاكىللېس پاتروكلوسنىڭ ئۆزىنى كەچۈرۈشىنى ، تۆلەم ئورنىدا ئې-لىپ كېلىنگەن جاۋاھىراتلاردا ئۇنىڭمۇ تېگىشلىك نېسىۋىسى بارلىقى-نى ئېيتتى . ئاكىللېس ئۆيگە قايتىپ كىرىپ ، بوۋايغا ئەتە ماڭسا بولىدىغانلىقىنى دېدى ، ئاندىن بىر قوينى بوغۇزلاپ ، گۆشىنى يالپاق-لاپ كاۋاپ قىلدى . زىياپەت ئۈستىدە ، پىرىئام ساغلام ۋە ئەقىللىك بۇ ساھىبخانىغا ھەيران قالدى . ئاكىللېسمۇ پىرىئامنىڭ قاۋۇل ھەم دانىشمەنلىكىگە ئەجەبلەندى .

— ئوغلۇم ئۆلگەندىن كېيىن مېنىڭ بىرىنچى قېتىم شاراب ئىچىشىم ھەم گۆش يېيىشىم ! — دېدى پىرىئام قانغۇدەك شاراب ئىچىلىپ ، تويغۇدەك تائام يېيىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئاكىللېس بوۋايغا ئورۇن راسلىتىپ بەردى . ھېكتورنىڭ جەسىتىنى ئۆز ئالدىغا بىرتەرەپ قىلغانلىقىنى ئاگامېمنوننىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ،

بوۋاينى سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ يۈرمەسلىككە ئاگاھلاندۇردى . ئا-كىلليېس :

— بوۋاي ، سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچىمەن . ئوغلىڭىزنى دەپنە قىلىشقا قانچە كۈن كېتەر ؟ بۇ مەزگىلدە لەشكەرلىرىمنى شەھەرىڭىزگە ھۇجۇم قىلدۇرمايمەن ، — دېدى . پىرىئام جاۋابەن :

— ماڭا ئون بىر كۈن ۋاقىت بېرىڭ . دەپنە قىلىش گۇلخانىسىغا كېرەكلىك ياغاچلارنى ناھايىتى يىراق يەردىن كېسىپ كېلىمىز . ئون ئىككىنچى كۈنىگە كەلگەندە ، ئەگەر ساقلىنىش مۇمكىن بولماي قالسا ، يېڭىباشتىن جەڭ قىلىشىمىز مۇمكىن ! — دېدى .

شۇ كۈنى كەچتە ھېرمېس پادىشاھنى ئويغاتتى ۋە ئۇنىڭغا :

— قارىغاندا تۆلەم تۆلەپ ئوغلىڭىزنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىشىڭىزگە يول قويۇپتۇ . چۈنكى ، سىز نۇرغۇن سوۋغا - سالام ئەكەلدىڭىز . ناۋادا ئاگامېمنون بىلىپ قالسا ، ئۇ پۇشايمان قىلماسمۇ ؟ — دېدى .

بوۋاي بېشىنى لىڭشىتتى . دەرھال ئىدائوسنى ئويغاتتى . جەسەتنى ھارۋىغا سېلىپ ، ئۇچەيلەن تىنۋش چىقارماي قارارگاھتىن ئايرىلدى . سىكاماندېروس دەرياسى بويىغا كەلگەندە ، ھېرمېس پادىشاھ بىلەن خوشلاشتى . پىرىئام بىلەن ئىدائوس ئىككىسى قايغۇ - ھەسرەت بىلەن يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، تاڭ ئاتقاندا شەھەر سىرتىغا يېتىپ كېلىشتى . كاساندېرا ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، قاتتىق ئۈن سېلىپ يىغلاپ ئۇخلاۋاتقان شەھەر ئاھالىسىنى ئويغىتىپ ، ھېكتورنىڭ جەسىتىنى قارشى ئېلىشقا چاقىردى .

ئادەملەر ئۆيلىرىدىن يوپۇرۇلۇپ چىقىشىپ ، داد - پەرياد ئۇرۇپ ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە سالدى . ھېكابا بىلەن ئاندىروماكې ئالدى بىلەن شەھەر سىرتىغا چىقىپ جەسەتكە ئۆزلىرىنى ئاتتى . چاچلىرىنى يۇلدى ، ھەسرەت بىلەن يىغلاپ كېتىشتى . ئادەملەر ئۇلارنى چۆرىدەپ تۇرۇشاتتى . پىرىئام جەسەتنى ئوردىغا ئاپىرىش ئۈچۈن يول بېرىش كېرەكلىكىنى دېمىگەن بولسا ، ھارۋا شۇ يەردە بىر كۈن تۇرغان ، كىشىلەرمۇ گۇگۇم چۈشكۈچە شۇ يەردە يىغلاپ تۇرۇشقان بولاتتى .

ھېكتورنىڭ جەسىتى ئوردىغا ئېلىپ بېرىلىپ ، كۆركەم بېزەل-
گەن تاۋۇتقا قويۇلدى . چاقىرىلغان ناخشىچىلار مەرسىيە ئېيتىشتى .
ئاياللار ئۇلارغا ھەمدەم بولۇپ يىغلاشتى . ئاندروماكې ئۆلگۈچىنىڭ
بېشىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ نەچچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپ ، نەچچە
قېتىم ھوشىغا كەلدى .

— ئاھ ، ئېرىم ، — دەيتتى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ، — سەن قۇربان
بولـدۇڭ ، مېنـى ۋە ئاتىسىز قالغان نارەسـدە ئوغـلۇڭـنى تاشلاپ
كەتتىڭ......

ئاندروماكې ئۆزىنىڭ ئېرىنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلى-
قى ، تىرويا شەھىرىنىڭ خاراب بولىدىغانلىقى ، ئۆزىنىڭ ۋە بالىلىرى-
نىڭ قۇل بولۇپ قالىدىغانلىقى ، ئوغلىنىڭ دۈشمەنلىرى قولىدا يەرگە
پىرقىرىتىپ تاشلىنىپ ئۆلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەسرەت چەكتى . ئەس-
لىگۈدەك بىرەر ئېغىز سۆز قالدۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرەك-
باغرى لەختە - لەختە قان ئىدى . ئۇ ئاخىرىدا :

— تىرويا شەھىرىنىڭ خاراب بولىدىغان كۈنى يېقىنلاشتى ! —
دېدى .

ھېكابا بىر ياقتىن يىغلاپ ، بىر ياقتىن تەڭرىلەرنىڭ ئوغلىنىڭ
جەسىتىنى ساقلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى .

— ئوغلۇم ، — دېدى ئۇ ، — ھېلىمۇ ياخشى تەڭرىلەر سېنى
ئاسرىدى . يەرگە سۆرىتىلگەن بولساڭمۇ گويا ئاپوللونىڭ كۈمۈش
ئوقياسىدا ئېتىلـغان ئوقـتا ئۆلـگەن ئادەمدەك خاتىرجەم كېتىپ
قاپسەن !

ئارقىدىن ھېلېن يىغا - زار قىلدى . ئۇ :

— ئېرىمنىڭ ئاكا - ئىنىلىرىدىن سېنى ئەڭ قەدىرلەيتتىم . مەن
سېنىڭدىن بىر ئېغىز يامان گەپ ئاڭلاپ باقمىدىم . باشقىلار مېنى
ئەيىبلىگەندە ، سەن ھەمىشە كېلىپ مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇلارنى تىنچلاندۇ-
راتتىڭ . مەن بۈگۈن دوستۇمدىن ۋە ھىمايىچىمدىن ئايرىلدىم .
ھەممەيلەن مەندىن بىزار بولىدىغان بولدى ! — دەپ نالە قىلدى .

ئاياللارنىڭ ھەممىسى جەسەت ئەتراپىدا قايغۇلۇق ئۆھ تارتىشاتتى .

پىرىئامنىڭ ئاۋازى بارلىق ئاۋازلارنى بېسىپ چۈشتى .

— تىروياللىقلار ، دەرھال تاغقا چىقىپ ياغاچ كېسىپ كېلىڭلار ، بۇ ئىش ناھايىتى مۇھىم ! بىزگە پەقەت ئون بىر كۈن مۆھلەت بېرىلگەن ! پېلىئوسنىڭ ئوغلى مۇشۇ ئون بىر كۈن ئىچىدە بىزگە ھۇجۇم قىلماسلىققا ۋەدە بەرگەن . لېكىن ، بىز يۇنانلىقلارنىڭ تۇيۇق- سىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىشىمىز ، بىخۇدلى- شىپ قالماسلىقىمىز لازىم ، — دېدى ئۇ .

كىشىلەر بۇيرۇققا ئەمەل قىلىپ ، كالا ۋە قېچىرلىرىنى ھارۋىغا قېتىپ ، ھەيۋەتلىك قوشۇن ھاسىل قىلىپ ، تاغقا قاراپ يول ئالدى . ئۇلار تاغدا جاپالىق ئەمگەك قىلىپ توققۇز كۈن ياغاچ كەستى . ئونىنچى كۈنى ، ھېكتورنىڭ جەسىتى يىغا - زار بىلەن يۆتكەپ چىقى- لىپ ، گۈلخان قىلىنىدىغان ياغاچ دۆۋىسىگە قويۇلدى . كىشىلەر ئەتراپتا جەسەت كۆيۈپ چوغ بولغۇچە قاراپ تۇرۇشتى . قىپقىزىل چوغنى شاراب چېچىپ ئۆچۈردى . ئۆلگۈچىنىڭ ئاكا - ئىنىلىرى ۋە مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ بىللە جەڭ قىلغان دوستلىرى ئۇنىڭ ئاپئاق ئۇستىخانلىرىنى تېرىۋېلىپ سۆسۈن رەختكە ياخشىلاپ يۆگىدى ۋە ئالتۇن ياپراق بىلەن قاپلانغان ساندۇققا سالدى ۋە يەرلىككە كۆمدى .

قەبرە ئۈستىگە يوغان تاشلارنى تىزىپ توپا دۆۋىلىدى . كىشىلەر يۇنانلىقلارنىڭ تۇيۇقسىز تېگىش قىلىشى ۋە مۇراسىمنى بۇزۇشىدىن ئەنسىرەپ مۇراسىم داۋامىدا باشتىن - ئاخىر پەخەس بولۇپ تۇردى . دەپنە مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن كىشىلەر ئوردىغا قايتىپ ، پادىشاھنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەنتەنىلىك ھەم سۇرلۇك دەپنە مۇراسى- مى ئۆتكۈزۈلدى .



# تىرويا ھەققىدە ھېكايە (5)

## يۇنانلىق ئىككى قەھرىماننىڭ ئۆلۈمى

ھېكتورنىڭ دەپنە مۇراسىمى تۈگىگەندىن كېيىن تىرويالىقلار ئاكىللېستىن قورقۇپ، ئۇرۇش قىلىشقا پېتىنالماي شەھەرگە بېكىنىپ ياتتى. شەھەر تېخىچە قەھرىماننىڭ ئۆلۈمىگە ھازا تۇتۇپ تۇراتتى. كىشىلەر گويا شەھەرنى بويسۇندۇرغۇچىلار كۆيدۈرۈپ خاراب قىلىۋېتىدىغاندەك، ئىنتايىن غەمكىن ئىدى.

مۇشۇنداق بىر چاغدا تىرويالىقلارغا ئويلىمىغان بىر يەردىن ياردەمچى قوشۇن كېلىپ قالدى. ئامازون ئېلىنىڭ ئايال پادىشاھى پېنتېسىلېيە ئون ئىككى ئايال لەشكىرىنى ئېلىپ تىروياغا كەلدى. ئۇلارنىڭ يىراقتىن دېڭىز ئارقىلىق بۇ يەرگە كېلىشىگە بىرتەرەپتىن ئامازونلۇقلارنىڭ خەۋپ - خەتەرگە ۋە ئۇرۇشقا ئامراقلىق تەبىئىتى سەۋەب بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەڭرىلەرگە ياقمىدىغان بىر قېتىملىق يىراق سەپەر قىلىش ئارقىلىق قىساس تەڭرىچىسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش سەۋەب بولغانىدى. ئەسلىدە ئايال پادىشاھ ئوۋدا يېڭىلىشىپ سۆيۈملۈك ئاچىسى ھىپپولىتنى ئېتىپ قويغانىدى. شۇڭا، ئۇ نەگىلا بارمىسۇن، قىساس تەڭرىچىلىرى ئۇنى قوغلاپ كېلەتتى. ئۇ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئون ئىككى ھەمرىيىنى باشلاپ تىروياغا كەلگەنىدى. بۇ ئون ئىككى ئايال لەشكەر گەرچە كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق بولمىسىمۇ، لېكىن پېنتېسىلېيەنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ھۆسن - جامالى خۇنۈكلىشىپ قالاتتى.

سېپىل ئۈستىدە تۇرغان تىرويالىقلار جۇلالىق دۇبۇلغا - ساۋۇت كىيگەن، قاۋۇل ھەم گۈزەل پېنتېسلېيەنى كۆردى. ئۇ يېقىنلاپ كەلگەنسېرى تىرويالىقلارنىڭ كۆزىگە ئېسىلزادە ۋە جەزبىلىك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بولۇپ، بوستان كىرپىكلىرىدىن نۇر چاقناپ، ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇراتتى. تىرويالىقلار شۇئان دەرد - ئەلەملىرىنى ئۇنتۇپ، چۇقان - سۈرەن سېلىپ خۇشاللىققا چۆمدى. پادىشاھ پىرىئامۇ گۈزەل ھەم قاۋۇل بۇ پەرى سۈپەت ئايال پادىشاھنى كۆرۈپ ئۇزاققىچە قاراڭغۇ زۇلمەتتە قالغان كىشى بىردىنلا قۇياش نۇرىغا ئېرىشكەندەك قالتىس خۇرسەن بولۇپ كەتتى. ئۇ بۇ ئايال پادىشاھنى ئوردىغا باشلىدى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قىزلىرىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدى. نۇرغۇن بىباھا جاۋاھىراتلارنى ئالدىغا قويۇپ، تىرويالىقلارنى قۇتقۇزۇپ قىلىشنى ئۆتۈندى.

پېنتېسلېيە پادىشاھ پىرىئام كۆرسەتكەن ئەڭ ھۆرمەتلىك سورۇندا ئۆرە تۇردى - دە، ھېچقانداق ئادەمزات جۇرئەت قىلالمايدىغان قەسەمنى قىلىپ سالدى: ئۇ پادىشاھقا ۋەدە بېرىپ، تەڭرى مەبۇتلەردەك ئاكىللېسنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى، يۇنانلىقلارنىڭ كېمىلىرىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ھېكتورنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى ئاندروماكې ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە: «ئاكىللېسنىڭ نوچىلىقىنى سەن تېخى كۆرمىدىڭ! ئۇنى بويسۇندۇرالايدىغان كۈچ سەندە نېمە قىلسۇن؟ ئېرىمگە ئوخشاش قەھرىماننىڭ گېلىنى نەيزە بىلەن تېشىۋەتكەن ئۇ!» دەپ ئويلىدى. پېنتېسلېيە ئەجەل تەڭرىسىنىڭ كۆز ئالدىدا ئىكەنلىكىنى بىلمىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىندى. زىياپەتتىن كېيىن ئۆزلىرىگە تەييارلانغان ھۇجرىلارغا جايلاشتى. ئايال پادىشاھ كارىۋاتقا چىقىپ بەخۇدۇك ئۇيقۇغا كەتتى. ئافېنانىڭ دەۋىتى بىلەن ئۇ بىر چۈش كۆردى: چۈشىدە ئاتىسى ئارېس ئۇنى ئاكىللېس بىلەن چاپسانراق جەڭ قىلىشقا ئۈندەۋاتقۇدەكمىش.

پېنتېسلېيە ئەتىسى ئويغىنىپ، بۈگۈن غەلىبە قىلىدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ خۇشاللىقىدىن يۈرىكى دۈكۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

لېكىن ، ئۇ ئافېنانىڭ ئۇنىڭ ھالاكىتىنى تېزلىتىۋېتىدىغانلىقىدىن
خەۋەرسىز ئىدى . پېنتېسلېيە ئاتىسى بەرگەن جۇلالىق ساۋۇتنى كىي-
دى . ئۇ كىيىدىغان ۋە تاقايدىغان نەرسىلىرىنى كىيىپ ھەم تاقاپ
بولۇپ ، قولىغا ئىككى يۈزلۈك پالتا ئالدى - دە ، سېپىل ئۈستىگە
چاقماقتەك ئېتىلىپ چىقىپ ، تىرويالىقلارنىڭ جاسارىتىنى ئۇرغۇت-
تى . ئايال پادىشاھ ئالدى بىلەن ئۇچقۇر يورغا ئاتقا مىنىپ ، تاقەتسىز-
لىك بىلەن جەڭگاھقا تاشلاندى . ئۇنىڭ ئايال لەشكەرلىرىمۇ ئۆز
ئاتلىرىغا مىنىپ ، ئاتلىرىنى چاپتۇرغان پېتى جەڭگاھقا قاراپ يۈرۈپ
كېتىشتى . ئوردىدا قالغان پادىشاھ پىرئام زېۋۇستىن ئايال پادىشاھ-
نىڭ زەپەر قۇچۇپ قايتىشىنى تىلەپ :
— ئەي تەڭرىلەر ئاتىسى ، ئاكيالىقلارنى ئارسېنىڭ قىزى ئال-
دىدا بىتچىت قىلغايسەن ! — دەپ دۇئا قىلدى .
ئۇنىڭ گېپى ئەمدىلا تۈگەپ تۇرۇشىغا بىر قۇش ئۇنىڭ سول
تەرىپىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى . قۇشنىڭ پەنجىلىرىدە تىتىلىپ كەتكەن بىر
كەپتەر قامالالاقلىق ئىدى . بۇ يامانلىق ئالامىتىنى كۆرۈپ بوۋاي غال-
غال تىترەپ ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالدى . يۇنانلىقلار خېلىدىن
بېرى جىمىپ كەتكەن تىرويالىقلارنىڭ شەھەردىن شىردەك ئېتىلىپ
چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى . گىرەلەشمە جەڭ باشلىن-
نىپ كەتتى . قالقان ۋە نەيزىلەرنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ قىلغان ئاۋازلى-
رى جەڭگاھنى بىر ئالدى . ھەممە يەردە قانلار ئېقىشقا باشلىدى .
پېنتېسلېيە ۋە ئۇنىڭ ئايال لەشكەرلىرى يۇنانلىقلارغا ئەسەبىيلەرچە
شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشتى . ئايال پادىشاھ ئۆز قولى بىلەن
سەككىز دۈشمەننى ئۆلتۈردى . بىراق ، ياخشىلىق تەڭرىچىسى يۇنان-
لىقلار تەرەپتە تۇردى . ئايال پادىشاھ باشلاپ كەلگەن ئايال لەشكەرلەر
بىر - بىرلەپ ئوق يەپ يىقىلدى . ئايال پادىشاھقا ھېچقانداق زىيان-
زەخمەت يەتمىگەنىدى . ئۇ بەزىدە ئۆتكۈر پالتىنى ، بەزىدە نەيزىسىنى
ئوينىتىپ جەۋلان قىلاتتى . مىنگەن ئۇچقۇر يورغىسى خۇددى غالجىر-
لاشقان شىردەك ھۆركىرەپ ياۋنىڭ جەسەتلىرىنى دەسسەپ چەيلەيتتى .
ئۇ شىددەت بىلەن چاپ - چاپ قىلغانلىقتىن ، يۇنانلىقلار چېكىنىشكە

مەجبۇر بولدى . ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن !

— دىئومېدېس قېنى ؟ ئەيئاس قېنى ؟ ئاكىللېس قېنى ؟ قېچىپ نەگە بېرىۋالدىڭلار ؟ مېنىڭ بىلەن ئېلىشىشقا پېتىنالماسىلەر ؟ مې- نىڭ قولۇمدا ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقامسىلەر ؟ — دەپ ۋارقىرىدى .

تىرويالىقلار ئۇنىڭ كەينىدىن دۈشمەنلەرنى گويا كۈز شامىلى غازاڭلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىغاندەك سۈپۈرۈپ تاشلاپ كېلىۋاتاتتى . غەلىبە كۆز ئالدىمىزدا دەپ ، ئۆزلىرىگە ئەخمەقلەرچە ئىشىنەتتى .

جەڭگاھتىكى چۇقان - سۈرەن ئەيئاس بىلەن ئاكىللېس تۇرغان جايغا يېتىپ كەلمىگەنىدى . ئۇلار پاتروكلوسىنىڭ دېڭىز بويىدىكى قەبرىسى يېنىدا ئولتۇرۇپ ، بۇ دوستىنى ئەسلىشەتتى . چۈنكى ، تەق- دىر تەڭرىچىسىنىڭ خاھىشى شۇنداق ئىدى . ئۇ پېنتېسلېيەگە شەرەپ بىلەن ئۆلسۇن دەپ قىسقا بىر مەزگىللىك غەلىبە بەرگەنىدى .

بۇ چاغدا سېپىل ئۈستىدە تاماشا كۆرۈپ تۇرغان تىرويا ئاياللىرى- نىڭ ئارىسىدا غەليان كۆتۈرۈلدى . ئەسلىدە ئۇلار پېنتېسلېيەنىڭ ئەلەم ھامارىتىگە زوقلىنىپ قاراپ تۇرۇشقانىدى . ھىپپودامىيەنىڭ توساتتىن جەڭگە كىرگۈسى كېلىپ قالدى - دە :

— بىز نېمىشقا پېنتېسلېيەگە ئوخشاش جەڭگە كىرمەيمىز ؟ — دېدى ئۇ ۋارقىراپ ، — بىزنىڭ ئەرلەردىن نەرىمىز كەم ؟ ئارىمىزدا قايسىبىرىمىز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزدىن ئايرىلمىدۇق ؟ ناۋادا ئەرلى- رىمىز مەغلۇپ بولسا بىز قۇل بولىمىز . ئۇنىڭدىن كۆرە ئەرلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلغىنىمىز ئەلا !

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بارلىق ئاياللارنىڭ جەڭگىۋارلىقى قوزغى- لىپ كەتتى . ئۇلار قوللىرىدىكى توقۇۋاتقان ، كەشتىلەۋاتقان نەرسى- لىرىنى تاشلاپ ، ئۆيلىرىگە بېرىپ قولىغا چىققانلىكى نەرسىلەر بىلەن قوراللىنىپ ، شەھەردىن چىقىپ جەڭ قىلىمىز ، — دەپ غەلىۋە قىلىشتى .

ھېكايانىڭ سىڭلىسى تىئانو ئۇلارنى توستى . ئۇ :

— بۇ نېمىدېگەن ھاماقەتلىك ! — دەپ توۋلىدى ئاياللار شەھەر دەرۋازىسىدىن ئېتىلىپ چىقماقچى بولغاندا ، — سىلەر ئۆزۈڭلەرنى

ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ؟ سىلەر جەڭ قىلىش توغرىسىدا تەلىم-تەربىيە كۆرمىگەن، پىنتېسلېيە ئۇرۇش تەڭرىسىنىڭ قىزى، سىلەر ئۆزۈڭلەرنى قانداقمۇ ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرالايسىلەر؟ يەنىلا ئۆز ئۆيۈڭلەردە توقۇمىچىلىق قىلغىنىڭلار دۇرۇس! ئاياللار جەڭگە چىقىدىغان ۋاقىت تېخى يېتىپ كەلمىدى!

تېئانونىڭ ئاقىلانە سۆزلىرىدىن كۆپچىلىك بارا - بارا ھوشىغا كەلدى. ئۇلار سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ جەڭنى يىراقتىن كۆردى. پېنتېسلېيە ھېلىمۇ قىلچە چارچاپ قالماستىن يۇنانلىقلارنى قوغلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئايىغى تەگكەن يەردە قان تۆكۈلەتتى. ئارگوسلۇقلار دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى تاشلاپ قاچاتتى. ئىگىسىدىن ئايرىلغان ئاتلار جەڭ ھارۋىلىرىنى سۆرەپ يۈرەتتى. يارىلانغانلارنىڭ نالە - زارى ھەممىلا يەردە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تىروياللىقلار بارا - بارا كېمىلەر تۇرغان يەرگە يېقىنلىشىپ قالدى.

تىروياللىقلار كېمىلەرگە ئوت قويۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ئاياكس «ئۇر - چاپ» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. ھەر ئىككىيلەن ساۋۇتلىرىنى چىڭىتىپ باغلاپ كىيدى - دە، ئادەملەر سۈرەن سېلىۋاتقان يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىشتى. ئىككى جەسۇر قەھرىمانلىرىنىڭ يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا، ئارگوسلۇقلارنىڭ بىتچىت بولغان قوشۇنى روھلىنىپ كەتتى. ئاكىللېس ئامازون ئايال پادىشاھىغا قاراپ ئېتىلدى. ئەيئاس تىروياللىق قوشۇنلارنىڭ ۋەتۇەرىكىنى چىقىرىۋەتتى. پېنتېسلېيە غەزەپلەنگەن يىلپىزدەك ئاكىللېسقا تاشلاندى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئاكىللېسقا نەيزە ئاتتى، نەيزە قارشى تەرەپنىڭ قالقىنىغا تېگىپ قاڭقىپ كەتتى.

ئايال پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئىككىنچى نەيزىسىنى ئەيئاسقا توغرىلىدى ۋە:

— مېنىڭ ئاتقان بىرىنچى نەيزەم نىشانغا تەگمىگەن بولسىمۇ، ئىككىنچى نەيزەم سىلەرگە شۇنى بىلدۈرۈپ قويىدۇكى، مەندەك بىر ئايالنىڭ ئۆزلىرىنى ئەڭ باتۇر دەپ ماختىنىپ يۈرگەن سىلەردەك يۇنانلىق ئىككى ئەردىنىمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېلىلا كۆرىسى-

لەر ! — دەپ توۋلىدى .

بۇ گەپ ئۇ ئىككىسىگە قىزىقارلىق بىلىندى . ئەمما ، ئايال پادىشاھنىڭ ئاتقان ئىككىنچى نەيزىسى ئەيئاسنىڭ پاقالچاق ساۋۇتىغا تەگدى . ئايال ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە شۇنچە تەقەززا بولسىمۇ ، نەيزە پاقالچاق ساۋۇتىغا تېگىپ سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن ، ئەيئاس- نىڭ ئېتىنىمۇ سۇرۇۋېتەلمىدى . ئەيئاس ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي ، تىروياللىقلار تەرەپكە ئېتىلدى . پېنتېسلېيە ئىككىنچى نەيزىسىنىڭمۇ نەتىجىسىز بولغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئىختىيارسىز ئۇلۇغ - كىچىك تىنى- دى . ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپ تۇرغان ئاكىللېس :

— سىز ئالجىپ قاپسىز ، — دېدى ئۇنىڭغا ، — شۇڭا سىز مەن بىلەن ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلىۋاتىسىز ! بىز دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك قەھرىمانلار . ھېكتورمۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدا غال - غال تىتىرەپ كەتكەن ھەم يىقىلغان ! سىزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىڭىز يېقىنلىشىپ قاپتۇ !

ئاكىللېس نەيزىسىنى ئاتتى . نەيزە بېرىپ ئايال پادىشاھنىڭ ئوڭ كۆكسىگە تەگدى . ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىۋەرگەچكە ، ئۇ ھال- سىزلىنىپ ئات ئۈستىدە يېتىپ قالدى ۋە قولىدىكى پالتىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى . ئايال پادىشاھ ئېسىنى يىغىشقا تىرىشىپ ، شەمشەر بىلەن ئۆزىنى قوغداشقا ئۇرۇندى . تۆلەم تۆلەش ئارقىلىق ئۆز جېنى- نى قۇتقۇزۇش ئويىدا بولۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ بىر قارارغا كېلىشىگە ئىمكان بەرمىگەن ئاكىللېس نەيزىسىنى سانجىپ ئايال پادىشاھنىڭ كۆكسىدىن كىرگۈزۈپ دۈمبىسىدىن چىقاردى .

تىروياللىقلار ئۆزلىرىنىڭ تەڭداشسىز ئايال ئىتتىپاقچى قوشۇن- لىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ ، كەينى - كەينىدىن شەھەرگە چېكىندى . ئاكىللېس ئۆلگۈچىنىڭ بېشىدىن دۇبۇلغىنى ئېلىپ ، ئۆلگەن بۇ رەقىبىنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قارىدى .ئۇنىڭ يۈزى چاڭ- توزان ۋە قان بىلەن بويالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ يەنىلا كىشىنى تاڭ قالدۇرغۇدەك گۈزەل ئىدى . ئاكىللېس ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىدىن كۆزىنى ئۈزەلمىدى . ئايال پادىشاھ خۇددى ئۇۋدىن كې-

يىن چارچاپ كېتىپ تاغ باغرىدا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن تەڭرىچە ئارتېمىسقىلا ئوخشايتتى . ئاكىللېس قارىغانسېرى ھەسرەت چەكتى . ئۇنىڭ بۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنلىكىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسا ، ئۇنى ئۆلتۈرمەي ، ئەسىر سۈپىتىدە ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ ئۆزىگە خوتۇن قىلىۋالغان بولاتتى . پېنتېسلىيەنىڭ ئاتىسى قىزىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن قاتتىق غەزەپكە كەلدى . تولۇق قوراللانغان ئارېس قەدەملىرىنى چوڭ ئېلىپ ئېدى تېغىنىڭ چوققىلىرى ۋە جىلغىلىرىدىن ئۆتۈپ ، گۈلدۈر-مامىدەك ھۆركىرەپ ، ئاكىللېسنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ماڭدى . لېكىن ، زېۋس چاقتۇرغان دەھشەتلىك چاقماقتىن ئارېس ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا پېتىنالماي توختاپ قالدى .

جەڭگاھتا يۇنانلىقلار ئۆلگۈچىنىڭ قوراللىرىنى يېشىپ ئېلىۋا-تاتتى . ئاكىللېس ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى . بەتبەشىرە تىرتېس يەنە ئاكىللېسنى مازاق قىلىپ :

— سەن نېمىدېگەن ئەخمەق ! بىر ئايال دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ كەينىدىن پۇشايمان قىلىۋاتامسەن؟ سەن زەئىپ ئادەمسەن . سەن پەقەت ھەممە ئايالـلارنـى ئۆزۈڭـنىڭ قىلىۋېلىشـنىلا ئۈمىد قىلىد-سەن ! — دېدى .

ئاكىللېس غەزەپلەنگەنلىكىدىن ئۆزىنى توختىتالماي ، ئۇنى بىر مۇشت قويدى . ئۇ قان قۇسۇپ توگۈلگەن پېتى يىقىلىپ ئۆلدى ! ئەتراپتىكىلەردىن ھېچكىم ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق قىلمىدى . ئاكىللېس كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن :

— سەندەك پەسكەش ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئالىيجاناب ئادەم بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويماقچى بولغانلىقى ئەخمەقلىق ! پېلىبوسنىڭ ئوغ-لىنى ھاقارەتلەشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ قال ! — دېدى .

ئاگامېمنون ئامازونلۇق ئايال پادىشاھقا ئېچىنغانلىقى ئۈچۈن ، پىرئام پادىشاھنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇنىڭ جەسىتىنى ئەۋەتىۋەتتى . تىرويا خەلقى كاتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ، ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى لائومېدون پادىشاھنىڭ قەبرىسىگە دەپنە قىلدى . جەڭدە ئۆلگەن ئون ئىككى ئايال لەشكەرنىڭ جەسەتلىرىمۇ شۇ يەرگە قويۇلدى .

يۇنانلىقلارمۇ ئۆلگەن سەپداشلىرىنى دەپنە قىلىشتى . ئۆلگەنلەر-نىڭ ئەڭ مەرتىۋىلىكى پوداركىس بولۇپ ، ئۇنىڭ قەبرىسى باشقىلار-نىڭكىدىن ئېگىز قاتۇرۇلدى . ئاخىرىدا تىرسىتىس دەپنە قىلىندى . ئاكىللېس پۈتۈن قوشۇننىڭ نىجات يۇلتۇزى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىغانلىقى ئۈچۈن ، ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇشتى .

ئەتىسى تىنك كۆتۈرۈلگەن قۇياش جەبىر - زۇلۇم چەككەن شە-ھەرگە نۇرلىرىنى سېپىپ تۇراتتى . چىرايلىرىنى قايغۇ باسقان كىشى-لەر توپلاشتى . بىر ئاقساقال :

— دوستلار ، ئۆزىمىزنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى تاپالمىدىم . بىز يەنىلا شەھەردىن بالدۇرراق چېكىنىپ چىقىپ ، بىخە-تەر بىر جايغا كۆچۈش توغـرۇلۇق ئويلانـغىنىمىز تۈزۈكتەك قىلى-دۇ ! — دېدى .

پىرئام ئۆزىنىڭ شەھەر بىلەن ھايات - ماماتتا بىللە بولىدىغانلى-قىنى ، ئېپوپېيەدىن مېمنون ياردەمگە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇ :

— سەۋرچانلىق بىلەن يەنە بىر مەزگىل ساقلايلى . باشقا يەرگە بېرىپ بىچارىلەرچە ياشىغاندىن ، شەھەرنى قوغداش يولىدا قۇربان بولغان ئەلا ! — دېدى .

پولىداماس ئىككىسىنى ياراشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى . ئۇ مېم-نوننى كۈتۈشنى خالايتتى . ئەمما ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرالماس-لىقىدىن ئەنسىرەيتتى . شۇڭا ، ئۇ ھېلېننى ۋە ئۇ ئەكەلگەن بايلىقلار-نى قايتۇرۇپ بېرىش تەكلىپىنى يەنە ئوتتۇرىغا قويدى .

— ھېلېن مۇشۇ قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ باش جىنايەتچىسى ، بۇ-نىڭدىن ئېغىر ئەھۋالغا قالماسلىقىمىز ئۈچۈن ، ھېلېننى يۇنانلىقلارغا قايتۇرۇپ بېرەيلى ، — دېدى پولىداماس .

بارلىق تىرويالىقلار بۇ پىكىرنى ماقۇل كۆرگەن ۋە ئالقىشلىغان بولسىمۇ ، پادىشاھنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى ئويلاپ كۆڭۈللىرىدىكىنى ئىزھار قىلالمىدى . پارىس پولىداماسنى قورقۇنچاق ، يۇنانلىقلارنىڭ جارچىسى ھەپ ھاقارەتلىدى .

— مۇشۇنداق تەكلىپ بەرگۈچى ئادەم، — دېدى ئۇ غەزەپلە-نىپ، — جەزمەن ھەممىسىدىن ئاۋۋال جەڭدىن قاچىدۇ. بىز مۇشۇن-داق ئادەمنىڭ گېپىگە ئىشەنسەك بولامدۇ؟

پولىداماس پارسىنىڭ قوشۇننى قوزغىتىشىغا رازى ئىكەنلىكىنى، ھېلېندىن ۋاز كېچىشكە رازى ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ دېگۈدەك گەپ تاپالمىدى. مەجلىستىكىلەرمۇ لام - جىم دېيەلمىدى.

كۆپچىلىك ئېغىر كەيپىياتتا تىرويانىڭ تەقدىرى ۋە كەلگۈسى توغرۇلۇق چوڭقۇر ئويغا پېتىپ ئولتۇراتتى، مەجلىسخانىنى كىشىنى تۇنجۇقتۇرىدىغان جىمجىتلىق باسقانىدى. مۇشۇنداق بىر چاغدا مېمە-نوننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. تىرويالىقلار خۇددى قاتتىق بوران - چاپقۇندا قېلىپ ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئادەملەر يېڭىباشتىن يۇلتۇزلار چاقنىغان تىنىق ئاسماننى كۆرگەندەك روھلىنىپ كېتىشتى. پىرئام ئاجايىپ خۇشال بولۇپ، مېمنونغا نۇرغۇن نەپىس سوۋغا - سالاملارنى ھەدىيە قىلدى. كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. زىياپەتتە مېمنون ئۆزىنىڭ ئېسىلزادە ئاتا - ئانىسىنى، سەپەر ئۈستىدە يۈز بەرگەن خەۋپ - خەتەرلەرنى تىلغا ئالدى. پىرئام بۇ تەپسىلاتلارنى بېرىلىپ ئاڭلاپ، دوستانىلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، مېمنوننىڭ دۈشمەنلەرنى جەزمەن مەغ-لۇپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قولىدىكى شارابنى ئۆزىنىڭ يېقى ئىتتىپاقدىشى ئۈچۈن ئىچىۋەتتى. مېمنون:

— مەن ئالدىنئالا لاپ ئۇرسام بولمايدۇ. ئۆزىگە ئارتۇقچە ئىشە-نىشمۇ ياخشى ئەمەس. مەن ھازىر كۆپ گەپ قىلمايمەن. ئەركەك دېگەن ھەيۋىسىنى جەڭگاھتا كۆرسىتىشى كېرەك. ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپ ئارتۇق ئىچىلگەن شارابنىڭ ئەتىكى جەڭگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ ئارام ئالدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە سۈبھى تەڭرىچىسى ئېئوس ئۆز ئوغلىنىڭ تەقدىرىدىن خەۋەردار بولغاچقا، زورمۇزور ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. مېمنون ناھايىتى ئەتىگەن ئويغاندى. جەڭگە بولغان قىزغىنلىقى ۋەج-دىن كارىۋاتتىن سەكرەپ تۇردى. ئاسماندا يۇلتۇزلار تېخى غايىب

بولمىغانىدى . تىرويا ۋە ئېپوپىيەلىكلەر ساۋۇتلىرىنى كىيىشىپ خۇد-دى بوران سۈرگەن قارا بۇلۇتلاردەك شەھەر دەرۋازىسىدىن ئېتىلىپ چىقتى . توپا - چاڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەنىدى . يۇنانلىقلار ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك ئەلپازىنى كۆرۈپ ، چاپسانلىق بىلەن قوراللىرىنى ئې-لىپ ، كېمىلەردىن ئېتىلىپ چىقتى .

يۇنانلىقلارنىڭ ئېپتىخارى بولغان ئاكىللېس گويا كۆك تەڭرىسى-دەك جەڭ ھارۋىسىدا تىك تۇراتتى . مېمنونمۇ خۇددى ئارېسنىڭ ئۆزىدەكلا مەغرۇر ھەم قورقۇنچلۇق ئىدى . بۇ ئىككى قوشۇن ئىككى دېڭىزدەك بىر - بىرىگە ئۆركەشلەپ سوقۇلۇشتى . ئاكىللېس قارا بوراندەك ئېتىلىۋىدى ، ئۇنىڭ ئاتقان ئوقىدا تىرويانلار كەينى - كەينى-دىن يىقىلىپ ئۆلدى .

مېمنونمۇ يۇنانلىقلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى . ئۇ ئەمدى نېستورغا تاشلاندى . بوۋاينىڭ بىر ئېتىغا پارىسنىڭ ئوقى تەگكەچكە ، جەڭ ھارۋىسى ئاستىلاپ قالغانىدى . مېمنوننىڭ نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن بوۋاي قورقۇپ كەتكىنىدىن ئوغلى ئانتىلو-كوسنى چاقىردى . ئانتىلوكوس ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپلا بەدىنى بىلەن ئاتىسىنى دالدىغا ئالدى - دە ، ئېپوپىيە شاھزا-دىسىگە نەيزە ئاتتى . مېمنون ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋىدى ، نەيزە بېرىپ ئۆزىنىڭ دوستى ئېتوپوسقا تەگدى . مېمنون ئانتىلوكوسقا شىردەك ئېتىلدى ۋە نەيزىنى ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى . ئانتىلو-كوس ئاتىسىنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلدى . نېستور ئازابلىق ۋارقىراپ جەسەتنى قوغداشقا يەنە بىر ئوغلىنى چاقىردى . لېكىن ، مېمنونغا قارىتىپ ئېتىلغان نەيزىلەرنىڭ ھەممىسى بوشقا كەتتى . چۈنكى ، ئانىسى ئېئوس ئوغلى مېمنوننىڭ ساۋۇتىغا ئەپسۇن ئوقۇپ قويغانىدى .

نېستور مېمنوننىڭ ئانتىلوكوسنىڭ ساۋۇتلىرىنى سالدۇرۇۋاتـ-قانلىقىنى كۆرۈپ ، داد - پەرياد كۆتۈرۈپ ، ھارۋىدىن چۈشۈپ ئۆمىدى-نى ئۈزگەن ھالدا ئوغلىنىڭ جەسىتىنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى . مېم-نون چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان بۇ بوۋاينى ھۆرمەتلىدى . ئۇ :

— ئاتا ، مەن سىز بىلەن تۇتۇشۇپ قالسام ياخشى بولمايدۇ . جەڭگاھتىن كېتىڭ . سىزنىڭ ئوغلىڭىز بىلەن بىرگە ئۆلۈپ كېتىدىشىڭىزنى خالىمايمەن ! — دېدى .

ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ تەڭدىشى ئەمەسلىكىنى نېستور بىلەتتى .

— سەن بىلەن ياش ۋاقتىمدا تونۇشۇپ قالماپتىمەن . ھالا بۈگۈن مەن قېرىغان شىرغا ئوخشاپ قالدىم . بىر تايغان ئىتمۇ مېنى كەمسىتىۋاتىدۇ ! — دېدى ئۇ .

بوۋاي گېپىنى دەپ بولۇپ ياردەم سوراپ ئاكىللېسنىڭ يېنىغا كەتتى .

مېمنون ئاكىللېسنىڭ ئۆزىگە قاراپ بورانىدەك كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، يوغان بىر تاشنى ئۇنىڭغا ئاتتى . تاش قاڭقىپ كەتتى . ئاكىللېسنىڭ ئاتقان نەيزىسى مېمنوننىڭ ئوڭ مۈرىسىگە تەگدى . مېمنون ئۆزىنىڭ يارىلانغانلىقىغا قارىماي ، نەيزىسىنى ئاكىللېسنىڭ بىلىكىگە سانجىدى . ئۇنىڭ بىلىكىدىن ئوقتەك قان كەتتى . مېمنون خۇشال بولۇپ :

— ھوي ئالۋاستى ، سەن تەڭدىشى يوق دۈشمەنگە دۈچ كەلدىڭ ! مېنىڭ ئانام ئولېمپىس تېغىدا تۇرىدۇ . ئۇ سېنىڭ بېلىق ، تاشپاقىلار بىلەن بىللە دېڭىزدا تۇرىدىغان ئاناڭدىن بىر پەللە ئۈستۈن ، — دېدى .

— ئەڭ ئاخىرقى نەتىجە ئىككىيلەندىن كىمنىڭ قابىل ئانىدىن تۇغۇلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ ، — دېدى ئاكىللېس كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ، — مەن ئەمدى سەندىن ئانتىلوكوسنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن ! — دېدى .

ئاكىللېس شۇنداق دەپ تۇرۇپ نەيزىسىنى چىڭ تۇتتى . مېمنونمۇ نەيزىسىنى قولىغا ئالدى . ھەر ئىككىسىنىڭ جەڭ ماھارىتى ئۈستۈن ئىدى . ئۇلار ھېرىپ - چارچاپ كەتكىنىگە قارىماي ئېلىشتى . كىمنىڭ يەڭگەن ، كىمنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى . ئۇلار بىر - بىرىگە شۇ قەدەر يېقىنلاشتىكى ، دۇبۇلغىلىرىنىڭ پەي بېزەكلىرى بىر - بىرىگە تېگىپ تۇراتتى . ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرىنىڭ

قىيقاس - چۇقانلىرىدىن جاھان لەرزىگە كەلگەندى .
زېۋىس ئىككى تەقدىر تەڭرىچىسىنى چاقىردى ۋە قاراڭغۇلۇق
تەڭرىچىسىنى مېمنوننىڭ قېشىغا ، يورۇقلۇق تەڭرىچىسىنى ئاكىل-
لېسنىڭ قېشىغا بېرىشقا بۇيرۇدى . جەڭگاھقا تەقدىر تەڭرىچىلىرىنىڭ
كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمىگەن ئىككى باتۇر بىر - بىرىگە شەمشەر ،
نەيزە ۋە تاش بىلەن ھۇجۇم قىلىشاتتى . ئوتتۇرىدا يول قويۇش يوق
ئىدى . ئۇلار تاشتەك قاتتىق قەيسەرلىك بىلەن بەرداشلىق بەرمەكتە ،
قوشۇنلارمۇ قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى . ھەممە يەر جەسەتكە ھەم
قان داغلىرىغا تولغانىدى . ئاكىللېس رەقىبىنىڭ كۆكسىگە نەيزە
ئۇردى ، نەيزە ئۇنىڭ دولىسىدىن چىقىپ كەتتى . مېمنون يېقىلىپ
جان بەردى . تىرويالىقلار كۈچلۈك ئىتتىپاقداش قوشۇن سەركەردى-
سىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ روھى چۈشۈپ ، ئالدى - كەينىگە
قارىماي قاچقان پېتى شەھەرگە چېكىندى . ئاكىللېس ئۆلگەن دۈشمەن-
لەرنىڭ ساۋۇتلىرىنى سالدۇرۇۋېلىشنى دوستلىرىغا تاپشۇردى . ئۆزى
بولسا تىرويالىقلارنى قوغلاپ كەتتى . ئاسماندا ئېئوس ھەسرەت بىلەن
قويۇق بۇلۇت چۈمبىلىنى تارتتى - دە ، زېمىن بىردىنلا قاراڭغۇلۇق
ئىچىگە چۆكتى .

ئېئوس بوران باللىرىنى ئەۋەتىپ ئوغلىنىڭ جەسىتىنى دۈشمەن-
نىڭ قولىدىن تارتىۋالدى ۋە ئۇنى ئاسماندا توشۇپ ماڭدى . يەردە
ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئاققان قاننىڭ دېغىلا قالدى . بۇ قان كېيىنچە
سۆسۈن رەڭلىك دەرياغا ئايلىنىپ ، ھەر يىلى مېمنوننىڭ ئۆلگەنلىكى-
گە يىل توشقان كۈنى چىرىندى ھىدىنى چېچىپ تۈزلەڭلىكتىن ئېقىپ
ئۆتىدىغان بولدى . بۇ چاغدا بورانلار توشۇپ كېتىۋاتقان مېمنوننىڭ
جەسىتى يەردىن ناھايىتى يېقىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغانلىقتىن ، ئۆلگەن
پادىشاھىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ئېپوپىيەلىكلەر جەسەت كۆز-
دىن يىتكۈچە كەينىدىن يۈگۈرۈپ مېڭىشتى . بورانلار جەسەتنى ئېفو-
پوس تېغىغا ئاپىرىپ قويدى . ئېپوس ئوغلىنى كاتتا قەبرىگە دەپنە
قىلدى .

شۇ كۈنى كەچتە تىرويا شەھىرى قاتتىق مۇسىبەتكە چۆمدى ،

ئۇلار ئېپوپېيە پادىشاھىنىڭ ئۆلۈمىگە ھازا تۇتتى . يۇنانلىقلارمۇ ئۆز-لىرىنىڭ غەلىبىسىنى ئېچىلىپ - يېيىلىپ تەبرىكلىيەلمىدى . چۈن-كى ، قەھرىمان ئانتىلوكوسمۇ قازا قىلغانىدى . شۇ سەۋەبتىن شۇ كېچىسى مەيلى يەڭگەنلەر ياكى يېڭىلگەنلەر بولسۇن ، جەڭ مەيدانىدا ئوخشاشلا يىغا - زار قىلىشتى .

ئەتىسى ئەتىگەندە دوستى ئۈچۈن بولغان ھەسرەت - ئەلەم ئاكىل-لېسنى تىرويالىقلارغا ئېتىلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلدى . ئۇ ھېسابسىز تىروياللىقلارنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇلارنى شەھەر دەرۋازىسىغىچە قوغلاپ باردى . شۇ چاغدا تىروياللىقلار شەھەر سىرتىدىكى پىنھان جايلارغا كېتىپ قالغان ، ئاكىللېستىن ئەرۋاھ مەبۇتلەردىن قورقىقاندەك قور-قىدىغان بولسىمۇ ، جەڭ قىلىشقا يەنىلا تەشنالىقى بار ئىدى . ئاكىل-لېس يەنە جەڭگاھقا تاشلاندى . تۈركۈم - تۈركۈم تىروياللىقلارنى قوغلاپ سۈرۈپ قوۋۇق تۈۋىگىچە ئاپىرىۋەتتى . ئۇ شەھەر دەرۋازىسىنى سۇندۇرۇۋېتىشكە ، پۈتكۈل شەھەرنى ئىشغال قىلىشقا تەمشىلىپ تۇر-غان چاغدا ، ئاپوللو پەستىكى تۇزلەڭلىكتە ياتقان جەسەتلەرنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى .

ئاپوللو ئولېمپىستىن ساداق ئوقلىرى تولدۇرۇلغان خالتىسىنى كۆتۈرۈپ خۇپىيانە ھالدا زېمىنغا چۈشتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى . ئۇنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازى ئاكىللېسقا ۋەھىمە سې-لىشقا باشلىدى .

— پېلىبوسنىڭ ئوغلى ! — دېدى ئۇ ، — تىروياللىقلارنى ئۆلتۈ-رۈشنى توختات ! بولمىسا بىر تەڭرى جېنىڭنى ئالىدۇ !

ئاكىللېس تەڭرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي ، تەڭرىگە قارىتىپ ئوق ئۈزدى . ئۇنىڭ بۇنداق تەلۋىلەرچە يولسىزلىقىدىن غە-زەپلەنگەن ئاپوللو بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ساداقنى تارتىپ ئوق-نى بەتلىدى - دە ، ئاسان سەزگىلى بولمايدىغان بۇلۇت ئارىسىدىن ئاكىللېسنىڭ ئوڭاي زەخىملىنىدىغان ئوشۇقىغا قارىتىپ ئوقيادىن ئوق ئۈزدى . پۈتىدىن كىرگەن قاتتىق ئاغرىق يۈرەككە يېتىپ ، قەھرىمان يەرگە تىك موللاق يىقىلدى . ئاكىللېس يەردە يېتىپ غەزەپ

بىلەن تۆت ئەتراپقا قاراپ :

— ماڭا يوشۇرۇن ئوق ئۈزگەن كىم؟ قورقۇنچاقلار هامان يوشۇرۇن قەست قىلىدۇ! هەي، مېنىڭچە ئۇ ئاپوللو بولسا كېرەك. ئانامنىڭ دېگەن گېپى رېئاللىققا ئايلاندى! — دېدى.

ئاكىللېس دەرد - ئەلەم بىلەن ھۆركىرەپ، ساقايماس جاراھىتىدىن ساداق ئوقىنى سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە يەرگە تاشلىۋەتتى. جاراھەت ئورنىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىشقا باشلىدى.

ئاپوللو يەردىن ئوقنى ئېلىپ، ئۆزىنى قويۇق بۇلۇت ئارىسىغا يوشۇرۇپ، ئولىمپىس تېغىغا قايتتى. ھېرا ئۇنى تىللىدى، ئاپوللو گەپ قىلمىدى. تەڭرىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتتى. بەزىلىرى ئۇنىڭ قىلمىشىغا نەپرەتلەندى. لېكىن، پەستىكى زېمىندا، ئاكىللېسنىڭ جاراھەت ئورنىدىن توختىماي قان ئاقاتتى. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدى ئۆرۈش خۇمارلىقىغا تولغان ئاكىللېس ئورنىدىن يەنە بىر قېتىم تۇرۇپ، ئاخىرقى كۈچىنى بىلىكىگە يىغىپ نۇرغۇن تىرويالىقلارنى ئۆلتۈردى. ئۇ توساتتىنلا بىر سوغۇق ھاۋانىڭ پۈت - قوللىرىدىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى - دە، نەيزىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ كەتتى. تىرويالىقلار يەنىلا ئۇنىڭ ئالدىدىن قاچاتتى. ئاكىللېسنىڭ ھۆركىرەشلىرىدىن قورقۇپ كەتكەن تىرويالىقلار ئۇنىڭ ئۆزۈن نەيزىسى مەيدىمىزدىن كىرىپ دۈمبىمىزدىن چىقارمىكىن دەپ ئەنسىرىشەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ پۈت - قوللىرى مۇزلاپ قېتىپ قالغان، ئۇ گويا مۇناردەك ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، زېمىن زىلزىلىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ساۋۇتلىرى جاراڭلاشقا باشلىغانىدى. ئاكىللېسنىڭ يىقىلغانلىقىنى ئەڭ ئاۋۋال پارىس كۆردى. ئۇ خۇشاللىقىدىن بۇ ئىشنى تىرويالىقلارغا توۋلاپ ئۇقتۇرۇشى بىلەنلا، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭ ساۋۇتىنى سالدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن دۈررىدە يېقىنلاپ كېلىشتى. ئەيئاس جەسەتنى قوغدىدى، كىم يېقىنلاپ كەلسە، شۇنىڭ جېنىنى ئالدى، كېيىن ئەيئاس جەسەت قوغداش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ئۆزلۈكىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، گىلاكوسنى ئۆلتۈردى.

لېكىن ئەپئاس يارىلاندى، تىروياللىقلار قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى، ھەتتا پارىسمۇ ئەپئاسقا نەيزە كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلدى. ئەپئاس يوغان تاشنى ئېتىپ، پارىسنىڭ دۇبۇلغىسىنى يانجىپ ئۇنى يەرگە يىقىتتى. پارىسنىڭ ئوقدىنىدىكى ساداق ئوقلىرى تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. پارىسنىڭ تىنىقى بار ئىدى. دوستلىرى ئۇنى دەرھال جەڭ ھارۋىسىغا يۆلەپ چىقاردى - دە، جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈچۈن شەھەرگە ئېلىپ ماڭدى. ئەپئاس دۈشمەنلەرنى شەھەرگىچە قوغلاپ باردى. ئاكىللېسنىڭ جەسىتى قوغداپ قېلىندى. ئەپئاس جەسەت ۋە قورال - ياراغلارنى دەسسىگىنىچە چوڭ - چوڭ قەدەم ئېلىپ كېمىگە قايتىپ كەلدى.

ئاكىللېسنىڭ جەسىتى كېمىگە ئېلىپ كېلىندى. كۆپچىلىك ئۈن سېلىپ يىغا - زار قىلىشتى. ئەپئاسنىڭ يىغىسى ھەممىدىن قايغۇلۇق ئىدى. فونىكسمۇ ئاكىللېسنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ ئاكىللېسنى بېقىپ قاتارغا قوشۇش داۋامىدىكى ئىشلارنى ئەسلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇشۇ شاگىرتى بىلەن بىللە يىراقتىن تىروياغا يۈرۈش قىلىپ كېلىشتىكى ئىشلارنى كۆز ئالدىغا ئەكەلدى. ئاخىر ئۆز ئوغلىنى سېغىنىش بىلەن ئەسلەۋاتقان نېستور ئۇلارنى يىغا - زار قىلىشتىن توختاتتى. ئۇ ئۇلارغا جەسەتنى يۇيۇش، لايىقىدا دەپنە قىلىش لازىملىقىنى ئەسلىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئاكىللېسنىڭ جەسىتى يۇيۇپ بولۇندى، ئانىسى تېتىس بەرگەن ئېسىل تونىنى ئۇنىڭغا كىيدۈرۈشتى. ئافىنانىڭ ئاكىللېسقا ئىچى ئاغرىپ، ئاكىللېسنىڭ بەدىنىگە خۇش پۇراقلىق ماي سەپتى. ئۇنىڭ چىرايى گويا تىرىك چېغىدىكىدەك تۇسكە كىردى. پاتروكلوس ئۆلگەندىن بۇيان چىرايىدا ئەكس ئېتىپ كەلگەن دەرد - ئەلەم ۋە غەزەپلىك ئالامەتلەر بىردىنلا يوقالدى. ئۇ شۇنداق چىرايلىق ھەم شۇنداق خاتىرجەم كۆرۈنەتتى.

يۇنانلىقلارنىڭ يىغا - زارى دېڭىز تېگىگە يەتتى. دېڭىز تېگىدە تېتىس ۋە ئاكىللېسنىڭ ئاچا - سىڭىللىرىمۇ ئۈن سېلىپ يىغلاشتى. كېچىسى ھەممەيلەن دېڭىزدىن چىقتى. تېتىس ئۆز ئوغلىنى قۇچاقلاپ

سۆيدى ۋە كۆز يېشى قىلدى . ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىدىن يەر ھۆل بولۇپ كەتتى . يۇنانلىقلار ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشىپ ، ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن كېتىشتى . ئۇلار كاتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى . ئۆلتۈرۈل-گەن ئادەملەرنىڭ قوراللىرى ، ئۆلتۈرۈلگەن قۇربانلىقلار ، كېسىلگەن چاچلار گۈلخان دۆۋىسگە قويۇلدى . دەپنە مۇراسىمى پاتروكلوسنىڭ دەپنە مۇراسىمىدىن ھەيۋەت ئۆتكۈزۈلدى . بوران تەڭرىسى ئالاھىدە ياردەمدە بولدى . بىرنەچچە سائەتكە قالماي جەسەت كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى .

ئاكىللېس پاتروكلوسنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلىندى . ئۇ-نىڭ قەبرىسى ئېگىز قىلىپ قاتۇرۇلدى . ئاكىللېسنىڭ ئىككى ئېتى ئىگىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى سېزىپ قالغانلىقتىن ، يۈگەن ۋە باشقا جابدۇقلىرىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپ ، ئىنسانلارغا بوي بەرمەس بولۇپ قالغاندى . دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن مەجلىستە دىئو-مېدېس ئاكىللېس ئۆلۈپ دۈشمەن ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتقان مۇشۇ پەيتتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا ئېلىپ تىرويا شەھىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى . بۇ تەكلىپكە ئەيئاس قوشۇلمىدى . چۈنكى ، تېتىس ماڭاىرىدا ئوغلى ئۈچۈن بىر قېتىملىق كاتتا بەيگە ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكىنى ئېيتقاند-دى . بۇ بەيگىگە ئۆزىمۇ كېلىپ قاتناشماقچى بولغانىدى . دىئومېدېس دېڭىز تەڭرىچىسىنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمىدى . شۇڭا ، ئۇ بەيگە ئۆتكۈزۈشنى قۇۋۋەتلىدى .

— سىنىڭ دېگىنىڭدەك بولغاي ، — دېدى ئۇ ، — تېتىس بۈگۈنلا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن . ئۇنىڭ ئارزۇسى ئۇرۇشتىن ئىلگى-رى ئەمەلگە ئېشىشى كېرەك . ئۇنىڭ ئوغلى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ تېگىشلىك ئېتىبارغا سازاۋەر بولمىسا بولمايدۇ .

ئۇلار شۇنداق دەۋاتقاندا ، دېڭىز دولقۇنلىرى ئىككى تەرەپكە بۆ-لۈندى . تېتىس يېڭى تاڭ ئاتقان چاغدىكى ھاۋادەك يېنىكلىك بىلەن دېڭىزدىن كۆتۈرۈلدى . ئۇنىڭ مۇلازىملىرى بولمىش دېڭىز پەرىلىرى-مۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىشتى . ئۇلار شايىلار ئىچىدىن يالتىراپ

چاقناپ تۆرغان نۆرغۆن مۆكاپات بۆيۆملىرىنى چىقاردى ۋە بۆيۆملارنى
كىشىلەرنىڭ ئالدىغا تىزدى . تېتىس بەيگە باشلاشنى تاپىلىدى . نېس-
تور ئالدى بىلەن تەڭرىچىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ، تېتىس بىلەن
پىلئۇسنىڭ كاتتا توي مەرىكىسىنى تەڭرىلەر كېلىپ قانداق قۇتلۇق-
لىغانلىقىنى ، ۋاقىت تەڭرىچىلىرى بىلەن پەرىلەرنىڭ قانداق ئۇس-
سۇلغا چۈشكەنلىكىنى ۋە قانداق ئالقىشلارنى ئېيتقانلىقىنى ئەسلەپ ،
ئوغلىنىڭ ئۇلۇغ خىزمەتلىرىگە تەھسىن ئوقۇدى . ئۇنىڭ سۆزلىرى
غەم - قايغۇلۇق تېتىسنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەردى . ئۇ ئوغلىنىڭ
ئىككى تىلسىم ئېتىنى نېستورغا ھەدىيە قىلدى . كېيىن ئۇ يەنە
بىردىن موزاي ئېمىتىدىغان ئون ئىككى ئېنەكنى پىيادە مېڭىش
بەيگىسىنىڭ مۇكاپات بۇيۇمى قىلدى . بۇ ئاكىللېس ئېدى تېغى باغرى-
دىكى ئۇرۇشتا ئولجا ئالغان نەرسىلەر ئىدى .

روكېلىسلىق بىر باتۇر بار ئىدى ، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ ئەيئاس
ئىدى . يەلتاپان دەپ داڭقى بار ئىدى . لېكىن ، ئۇ تېلامونىنىڭ ئوغلى-
دەك ئېگىز ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، كىشىلەر ئۇنى كىچىك ئەيئاس
دەيتتى . ئۇ تېئوكېروس بىلەن بەيگىگە چۈشتى . يۇنانلىقلار ئىككى
تەرەپتە تۇرۇپ :

— چاپسان مېڭىڭلار ! مۇكاپاتنى قولغا كەلتۈرۈڭلار ! — دەپ
ۋارقىراشتى .

ھەر ئىككىيلەن نىشانغا يېقىنلاپ قالغاندا ، تېئوكېروس بىر تۇپ
دەرەخكە پۇتلىشىپ يىقىلدى . كىچىك ئەيئاس ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەت-
تى . ئاندىن ئېنەكلەر بىلەن موزايلارنى غالىبلارچە يېتىلەپ ئېلىپ
كەتتى . دانائۇسلار خۇشال بولۇپ چۇقان سېلىشتى . ئاقساپ قالغان
تېئوكېروسنى دوستلىرى يۆلەپ ئەكېلىپ پۇتىنى تاڭدۇردى .

چوڭ ئەيئاس بىلەن دىئومېدېس ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن چېلى-
شىش بەيگىسىگە چۈشتى . ئىككى باتۇرنىڭ كۈچى تەڭمۇتەڭ كېلىپ
قالدى . ئەيئاس دىئومېدېسنى چىڭ قۇچاقلاپ ئېتىۋەتكىلى تاس قال-
دى . دىئومېدېس بولسا ئەيئاسنىڭ قۇچىقىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ
ئەيئاسنى يەردىن يۆلەپ ئالدى . قولى بوشىمىغانلىقتىن سول پۇتى

بىلەن چىرماق سېلىپ ئۇنى يىقىتتى . ئەيئاس ناھايىتى تېزلا كۆچىگە كېلىپ ، دىئومېدېسنى مۇرىلىرىدىن قۇچاقلىغان پېتى يەرگە ئۇردى ۋە موللاق ئاتتۇرۇۋەتتى . ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار خۇشال بولۇپ توۋلاشتى . دىئومېدېس دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇچىنچى قېتىم چېلىشىشقا تەمشەلدى . نېستور ئۇلارنى چېلىشىشتىن توسۇپ ، تېڭشلىك نېسۋىلىرىنى بۆلۈپ بەردى .

مۇشتلىشىش بەيگىسىنىڭ مۇكاپات بويۇمى ئىدومېنوسقا مەنسۇپ بولۇپ كەتتى . چۈنكى ، ئۇ مۇشتلىشىشقا ماھىر ئىدى . ياشىنىپ قالغاچقا ، ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىدىغان ئادەم چىقمىدى . شۇنىڭ بىلەن فونىكس بىلەن نېستور ياشلارنى بەيگىنىڭ مۇشۇ تۈرىگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈردى . ئىككى ياش مەيدانغا چۈشۈپ بىر قەپەس ماھارەت كۆرسىتىپ ، مۇكاپات بويۇمى ئېلىشتى .

دىسكا ئېتىش بەيگىسىدە ئەيئاس بىرىنچىلىكنى ئالدى . ئۇ دىسكىنى بىر باغلام قۇرۇق ئوتۇننى ئاتقاندەك ناھايىتى يىراققا ئېتىۋەتتى . ئۇ مېمنومنىڭ ساۋۇتىغا ئېرىشتى ، ساۋۇتنى كىيىۋىدى ، ئۇنىڭغا خۇددى بويىرۇتۇپ ياسالغاندەك دەل كەلدى . باشقا بەيگە تۈرلىرىگە تەييارلانغان مۇكاپات بويۇملىرىمۇ ئۆز ئىگىلىرىنى تاپتى . بايام مېڭىش بەيگىسىگە قاتناشقان تېئوكىروس بىلەن كىچىك ئەيئاس ئوقيا ئېتىش لەۋھەسىنى تالىشىش ئۈچۈن يەنە ئوتتۇرىغا چىقىشتى . نىشان ئات قىلى بىلەن بېزەكلەنگەن دۇبۇلغا ئىدى . كىچىك ئەيئاس ئاتقان ئوق دۇبۇلغىغا تېگىپ ، جاراڭلىغان ئاۋاز چىقتى . تېئوكىروس ئاتقان ئوق دۇبۇلغىغا چىگىلگەن ئات قىلىنى ئۈزۈۋەتتى . مېڭىش بەيگىسىدە پۇتى يارىلانغان بولسىمۇ ، ئوقيانى شۇ قەدەر توغرا چەنەپ ئاتقانلىقى ئۈچۈن ، كۆپچىلىك تېركىروسقا ئاپىرىن ئېيتتى .

ئاخىرىدا جەڭ ھارۋىسى بەيگىسى بولدى . دەسلەپتە ئومېلوس بىرىنچى ، تۇئاس ئىككىنچى ، مېنېلائوس ئۈچىنچى بولغانىدى . لېكىن ، تۇئاسنىڭ ئېتى توساتتىن ھالسىزلىنىپ قالدى ، ئومېلوس ئىتتىك كېتىۋېتىپلا يىقىلدى . ئاتلارنىڭ تىزگىنىنى كۆچەپ تارتىۋىدى ، ئاتلار چاپچىپ كەتتى - دە ، ھارۋا ئۆرۈلدى . مېنېلائوس ناھايە-

تى ئاسانلا بىرىنچىلىككە ئېرىشتى . ئەمما ، ئۇ قىلچە مەغرۇرلانمى-
دى . تېتىس ئۇنىڭغا گۈزەل ئالتۇن قەدەھنى مۇكاپات قىلدى . شۇ-
نىڭ بىلەن بەيگە ئاياغلاشتى . بەيگىگە ئودىسسوسلا قاتناشمىدى . چۈن-
كى ، ئۇ ئاكىللېسنىڭ جەسىتىنى ساقلاۋاتقاندا يارىلانغان . يارىسى
تېخى ساقايمىغانىدى .

بەيگىنىڭ بارلىق تۈرلىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ، تېتىس ئا-
كىللېسنىڭ ساۋۇتىنى ئەكەلدۈردى . بۇنى ھېفىستوس ياسىغانىدى .
تېتىس ساۋۇتنى ئوغلىنىڭ جەسىتىنى قۇتقۇزغان باتۇرغا ھەدىيە قىل-
ماقچىدى .

— بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاكىللېسنىڭ جۇلالىق قورال - ياراغلى-
رى . بۇ نەرسىلەر بولسا تەڭرىنىڭ ھەدىيەسى ، — دېدى ئۇ .

ئىككى قەھرىمان دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ بۇ
قوراللارغا ئېرىشىشكە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى دېيىشتى . ئۇلارنىڭ
بىرى تېلامونىنىڭ ئوغلى ئەيئاس ؛ يەنە بىرى ئودىسسوس ئىدى . ئۇ
ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ جەسەتنى قۇتقۇزۇپ قالغۇچى ئىكەنلىكىگە ئى-
دومېنوس ، نېستور ۋە ئاگامېمنوننى گۇۋاھلىققا تارتىشتى .

بۇ ئۇچەيلەن ئوڭايسىزلىنىپ قېلىشتى . چۈنكى ، ئىككىسىدىن
قايسىسى ئىنكار قىلىنسا شۇ جەڭگاھتىن چىقىپ كېتەتتى . يۇنانلىق-
لارغا ناھايىتى چوڭ يوقىتىش بولاتتى . تەجرىبىلىك نېستور كېسىم-
نى لىللا گەپ قىلىدىغان ترويالىقلارغا چىقارغۇزۇش تەكلىپىنى
ئوتتۇرىغا قويدى . ئەيئاس ئاۋۋال سۆز ئالدى . ئۇ ئودىسسوسنىڭ
ۋاپاسىزلىقلىرىنى بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويدى : جەڭگە قاتنىشىش-
نى خالىمىغانلىقىنى ، پىلوكېتتېسنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى ، پالامېدىس-
نىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانلىقىنى ، ساۋۇت كىيگەن ئا-
كىللېسنى ئورنىدىن مىدىرلىتالمىغانلىقىنى دەپ ، ئودىسسوسنى مەس-
خىرە قىلدى . ئەيئاس سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ كەتتى .

— بۇلارنى دېيىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مېنىڭ ئەقىل - پاراسى-
تىم بولمىسا ، سېنىڭ قوپال گەۋدەڭ بىلەن ھېچقانداق ئىشنى باشقا
ئېچىقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئاكىللېسنىڭ جەسىتىنى

قوغدىغاندا ، مەن باتۇرلۇق بىلەن ياۋغا تاقابىل تۇرغانىدىم . سەن يىراقتا ئۆز بېشىڭنىڭ ئامان قېلىشى بىلەن ھەلەك بولدۇڭ ، — دېدى ئودىسسوس مەنسىتمىگەندەك قىلىپ .

ئۇلار ئاشۇنداق تالاش - تارتىش قىلىشتى . ئاخىر ئەسىرگە چۈشكەن تىرويالىقلار ئودىسسوسنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ ، ئاكىلا-لېسنىڭ جۇلالىق قوراللىرىنى ئۇنىڭغا بېرىشنى قوللىدى . بۇ ھۆ-كۈمنى ئاڭلىغان ئەيئاسنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ تومۇر - تومۇرلىرى قايناپ ، ھەتتا ھەربىر مۇسكۇللىرىمۇ تىترەپ كەتتى . دوستلىرى خېلى تەستە ئۇنى سۆرەشتۈرۈپ قارارگاھقا ئېلىپ ماڭدى . ئۇنىڭ قەدەم تاشلاشلىرىدىن نارازىلىقى چىقىپ تۇراتتى .

ئاي كۆتۈرۈلگەندى ، ئەيئاس يېمەي - ئىچمەي ھەم ئۇخلىماي ئۆز ئۆيىدە ئولتۇراتتى . ئۇ قىساس ئېلىش يولى ئارقىلىق نومۇسنى يۇماقچى بولۇپ ساۋۇتىنى كىيدى ، قولىغا ئۆتكۈر شەمشىرىنى ئال-دى . ئۇ ئودىسسوسنى چاناپ ، قىيما - چىيما قىلىۋېتىش ياكى كېمە-لەرگە ئوت قويۇۋېتىش ۋەياكى يۇنانلىقلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۈستىدە ئارىسالدى بولۇپ قالدى . بۇ چاغدا ئافېنا ئۇنى سەۋدايى قىلىپ قويۇلدى . ئەيئاس ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ قوي پادىسىغا تاشلاندى . ئۇنىڭ ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پادىچىلار دە-رەخلىككە يوشۇرۇندى . ئۇ ئىككى قوينى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈردى - دە :

— يىرگىنىشلىك ئەبلەخلەر ! — دېدى ئۇ ، — سەن ئاگامېم-نون ، سەن نائادىل بولغان ھۆكۈمگە گۇۋاھ بولالمايسەن ! سەن بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ئەبلەخ ، ئاكىللېسنىڭ سا-ۋۇتىنى ئېلىۋالغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى ؟ قورقۇنچاق قەھرىمان بولۇۋالدى !

ئەيئاس شۇنداق دەپ بىر قوچقارنى تۇتۇپ ئۆيىگە قايتتى - دە ، قوچقارنى تۈۋرۈككە باغلاپ ، بۇ بىچارە جانىۋارنى بار كۈچى بىلەن قامچىلىدى . شۇ ئەسنادا ئافېنا بېشىغا يېنىك تۇرتۇپ ، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى . قامچا تۇتقان پېتى بەدەنلىرى تاياق دەستىدىن تىتما -

ئاتاڭ بولۇپ كەتكەن قوچقارغا قاراپ تۇرۇپ قالدى .

ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى ، تەڭرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . ئۇ قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن :

— مەن ئۇرۇشتا مەڭگۇ چېكىنمەيدىغان ئادەم ، سىلەر نېمىشقا مېنى ھاقارەتلەپ ، مەككار ئودىسسوسنى قوغدايسىلەر ؟ بۇگۈنكى كۈنـ ـگە كەلـگەنـدە مـەن باشقىـلار مازاق قىلىـدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم ! — دېدى .

ئەيئاس ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغاندا ، بۇلاپ كېلىنگەن مەلىكە تېكمېسا ئۇنىڭ بالىسى ئېۋرىساكېسنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى . مەلىكە ئۆيىدىكى ئەھۋالنى ۋە غوجايىنىنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ ، ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە ، ئۇنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ، ئەيئاسقا يىراقتىكى ياشانغان ئاتىسىنى ئەسلەتتى ۋە بالىسىنى كۆرسەتـ ـتى ، ئەيئاس بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ :

— سېنىڭ ھەممە ئىشتا ماڭا ئوخشىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن . ئەمما ، مەندەك بەختسىز بولۇپ قالما . ساڭا ئاتا بىر ، ئانا بۆلەك ئىنىم تېركېروس قارايدۇ . ئۇ سېنى بوۋاڭنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويىدۇ ، — دېدى .

ئەيئاس گېپىنى تۈگىتىپ ، بالىنى يېنىدىكى قۇللارغا بەردى . ھېكتوردىن قالغان شەمشەرنى يەرگە قاداپ قويدى ۋە قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى .

— ھەي ، تەڭرىلەرنىڭ ئاتىسى ، مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئىنىم تېئوكېروسنى دەرھال يېتىپ كېلىشكە نېسىپ قىلغايسەن . دۈشمەنـ ـلەرنىڭ جەسىتىمنى ئىتلارغا يەم قىلىپ بېرىشىگە يول قويمىغايسەن . ئەلۋىدا ، چىرايلىق قۇياش نۇرى ! ئەلۋىدا ، مېنىڭ يۇرتۇم ! مەن كۆپ يىللار ياشىغان مۇشۇ تىروىيا شەھىرى ، ئەجەل تەڭرىسى ، ئەمدى يېتىپ كەلگەيسەن !

ئەيئاس گېپىنى دەپ بولۇپ ، شەمشەرگە ئۆزىنى ئۇردى ، گويا چاقماق تەگكەندەك شۇئان يەرگە يىقىلدى . يۇنانلىقلار ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، توپ ـ توپ يۇگۈرۈپ كېلىپ يەردە دۇم يېتىپ

قاتتىق يىغلاشتى .

— تەڭرىگە ئوخشاش قەھرىمان ئەيئاس ، ئۇرۇش تېخى تۈگىمەي تۇرۇپ ، قىساسىمىز تېخى ئېلىنماي تۇرۇپ نېمە دەپ بىزدىن ئايرىلىپ كېتىسەن ؟ — دېيىشتى يۇنانلىقلار .

ئەيئاسنىڭ ئىنىسى تېركېروس شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولدى . چۈنكى ، ئاتىسى تېلامون ئۇنىڭغا ناۋادا ئەيئاس بىلەن بىللە كەلمىسەڭ ، سەنمۇ كەلمە دېگەنىدى . باشقىلار ئۇنىڭ قولىدىن شەمشىرىنى تارتىۋالدى ، ئۇ ئەيئاسنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى ئېتىپ قاتتىق يىغلاشقا باشلىدى .

كېيىن ئۇ قايغۇ - ھەسرىتىنى بېسىۋالدى - دە ، تېكمېساغا تەسەللى بەردى . بالىسىنى ئۆز ئاتىسى ئورنىدا ئۆز تەربىيەسىگە ئالىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى . ئەيئاسنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلىش ھەققىدە باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە توغرا كەلدى . مېنېلائوس بىلەن ئاگامېمنون ئەيئاسنى ئۆز ئادەملىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان دەپ داغدۇغىلىق دەپنە قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى . تېئوكېروس ئەيئاسنىڭ كېمىلەرنى قوغدىغان زور خىزمىتىنى ئۇلارنىڭ ئېسىگە سالدى . لېكىن ، بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ زادىلا ئۈنۈمى بولمىدى .

بىرنەچچەيلەن تالاش - تارتىش قىلىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە پەم - پاراسەتلىك ئودىسسوس كېلىپ قالدى . ئۇ ئاگامېمنونغا :

— ناۋادا ساڭا سادىق دوستۇڭ راست گەپ قىلسا بىرەر پالاكەتكە يولۇقماس - ھە ! — دېدى .

ئودىسسوس ئويلىمىغان يەردىن ئەيئاسنى دەپنە قىلىشنى تەلەپ قىلدى . ئۇ ئاگامېمنونغا :

— ھوقۇق قولىمىزدا دەپ شاپائەت بىلەن ئاداۋەتنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەيلى ، ئەگەر ئۇنى ھاقارەتلىسەڭلار تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولىسىلەر . بارلىق تەڭرىلەرنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ ئۇنى ئوبدان دەپنە قىلىشىڭلارنى ، پەس كۆرمەسلىكىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن ! — دېدى .

— ئۇ سېنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭ ئەمەسمۇ ، — دېدى ئاگامېم-نون بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن .

— ئادەم ئۆلدى ، ئۆچلۈكمۇ تۈگىدى . مەن ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ ئۇنى دەپنە قىلىشتەك مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ياردەملىشىمەن . بۇنداق بىر ئالىيجاناب قەھرىمانىنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇمىزنى بىلدۈرمەسلىككە نېمە ئاساسىمىز بار ! — دېدى ئودىسسوس . تېئوكېروس مىننەتدارلىق بىلەن ئودىسسوسنىڭ قولىنى تۇتۇپ :

— ئودىسسوس ، ئەيئاس ھايات ۋاقتىدا سەن ئۇنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدىڭ . ئەمما ، سەن ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ بىردىنبىر ھامىيسى بولدۇڭ ، — دېدى . ئودىسسوس :

— خاتىرجەم بول ، مەنلا بولىدىكەنمەن ، سەن ۋە سېنىڭ بالاڭنى مەن قوغدايمەن ! — دېدى .

ئودىسسوسنىڭ بۇ ئادىل قارارىغا ھېچكىم قارشى تۇرالمىدى . ئەيئاسنىڭ غايەت زور گەۋدىسىنى بىرنەچچە ئادەم تەڭ كۆچىگەندىلا كۆتۈرگىلى بولاتتى . ئۇلار جەسەتكە يۇقىان لاي ۋە قانلارنى يۇيۇپ تازىلىدى . ئۇنى ئاكىللېسقا ئوخشاش ناھايىتى چوڭ گۆلخان دۆۋىسىگە قويۇپ كۆيدۈردى . ئاكىللېسنىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلى ئارگوسلۇقلار ئۇرنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان ئىككىنچى قەھرىماندىن ئايرىلغانىدى .



# تىروىيا ھەققىدە ھېكايە (6)

## ياغاچ ئات ھېيلىسى

يۇنانلىقلارنىڭ ئەڭ باتۇر ئىككى قەھرىمانى ئىلگىرى - كېيىن ئۆلۈپ كەتتى . مېنېلائوس گەرچە تىروىيالىقلارنى ۋەيران قىلىپ تاشلاشقا شۇنچە تەشنا بولسىمۇ ، لېكىن باشقىلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش ئۈچۈن يىغىن چاقىرىپ ، يىغىندا يالغاندىن ئۆزىنىڭ غەلىبىگە ئۈمىد باغلىمايدىغانلىقىنى ، ھېلىھەممۇ قايتۇرۇۋېلىش ئويىنىڭ يوقلۇقىنى ، كۆپچىلىكنىڭ ئۆز دۆلىتىگە قايتسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى . دىئومېدېس مېنېلائوسنىڭ غەرىزىنى بىلەلمىدى - دە ، دەرغەزەپ بولۇپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى .

— سېنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەلمىدىم ! سېنى قانداق بىر شەرمەندە بۇنداق قورقۇنچاق قىلىپ قويدىكىن ، سەن قورقۇنچاقلارغا خاس گەپ قىلدىڭ ، ئىشقىلىپ ، مەن تىروىيا شەھىرىنى تۇپتۇز قىلىۋەتمىگۈچە ھەرگىز قايتمايمەن ! — دېدى .

كالكاس ئۆزىنىڭ ئاقىلانە تەكلىپى بىلەن بۇ تالاش - تارتىشنى ھەل قىلدى . ئۇ :

— بىز تاشلاپ كېتىپ قالغان ھېلىقى پىلوكېتتېس يادىڭلاردا بارمۇ ؟ بىز ئۇنىڭغا بەك ۋاپاسىزلىق قىلغان . شۇنى قايتۇرۇۋېلىپ كەلسەك تىروىيا شەھىرىنى بويسۇندۇرالايمىز ، — دېدى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — بىز ئەمدى كىشىنى ئەڭ قايىل قىلارلىق جەڭچىمىز ئودىسسوس بىلەن ئەڭ باتۇر قەھرىمانىمىز دىئومېدېسنى مىكوروس

ئارىلغا بوۋىسىنىڭ تەربىيەسىدە تۇرۇۋاتقان ئاكىللېسنىڭ ئوغلىنى تېپىشقا ئەۋەتەيلى . ئۇنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مەرگەن پىلوكتېتېسنى قايىل قىلىپ ئەكەلگىلى بولىدۇ . شۇنىڭدا تىرويا شەھىرىنى ئاخىرى بويسۇندۇرالايمىز .

كالكاسنىڭ گېپىنى ھەممىسى بىر ئېغىزدىن قوللىدى . شۇنىڭ بىلەن ئىككى قەھرىمان يولغا چىقتى . قالغان لەشكەرلەر جەڭ تەييار-لىقىغا چۈشتى . تىرويا تەرەپتە ، ئۇلارغا يەنە بىر تۈركۈم كۆچلۈك ياردەمچى قوشۇن كەلگەنىدى . بۇ قوشۇنغا تېلېفوسنىڭ ئوغلى ئېۋرىپ-ىلوس باش ئىدى .

دانائوسلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كېلىشكەن قەھرىمان نېرئوس ئېۋرىپلوسنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمى بىلەن چاڭ - توزان ئىچىدە يىقىل-دى . ماكائون ھەمرىيىنىڭ جەسىتىنى قوغداش ئۈچۈن قويۇندەك يېتىپ كەلدى . ئۇ ئېۋرىپلوسنىڭ كەڭ يەلكىسىگە نەيزە سانجىۋىدى ، قان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى . ئېۋرىپلوس يارىلانغان قاۋاز-دەك غەزەپ بىلەن ماكائونغا ئېتىلدى . ماكائون ئۇنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن تاش ئېتىۋىدى ، تاش ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىغا تېگىپ قاڭقىپ كەتتى . ئېۋرىپلوس ماكائوننىڭ كۆكسىگە نەيزە سان-جىدى ، نەيزە كۆكسىدىن تېشىپ چىقتى - دە ، ئۇ يىقىلغىنىچە جان بەردى . تېئوكېروس يۇنانلىق ئىككى قەھرىماننىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆ-رۈپ ، جەسەتلەرنى قوغداش ئۈچۈن دوستلىرىنى چاقىردى . ئەمما ، تىرويالىقلار ئاخىر بۇ جەسەتلەرنى ئېلىپ كېتىشتى . كىچىك ئەيئاس ئانېئاسنىڭ ئاتقان تاش ئوقىدا يارىلانغانىدى ، دوستلىرى ئۇنى ھاسى-راپ - ھۆمىدەپ ئېلىپ قېچىشتى .

يۇنانلىقلار كەينى - كەينىدىن توختىماي قېچىشتى . ئەگەر گۆ-گۈم چۈشۈپ قالمىغان بولسا ، كېمىلەرنى ھەقىقەتەن ساقلاپ قالغىلى بولمايتتى . بۇ چاغدا مىسوسلۇق غالىبلار سىموئىس دەرياسى ئاغزىغا تىكىلگەن قارارگاھلىرىغا قايتىشتى ۋە قاراڭغۇ چېدىر قۇرۇشقا كى-رىشتى . شۇ كۈنى ئاخشىمى يارىلىنىپ دېڭىز ساھىلىدا يېتىپ كەت-كەن يۇنانلىق يارىدارلار جاراھەتلىرىنىڭ ئاغرىقىدىن نالە - زار قىلىشاتتى .

ئەتىسى تاڭ ئەمدىلا يورۇشغا قەلبى ئېۋرىپلوستىن ئىنتىقام
ئېلىش ئىشتىياقىغا تولغان يۇنانلىقلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى .ئۇلار
نېرىئوس بىلەن ماكائوننى دەپنە قىلىشتى . بۇ چاغدا يىراقتىن قىر-
غىنچىلىق سادالىرى ئاڭلاندى . يۇنانلىقلار قوللىرىغا قوراللىرىنى
ئېلىپ جەڭگاھقا ئاتلاندى . ماكائوننىڭ ئاكىسى پودالېرىئوس ئىنىسى-
نىڭ قەبرىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ يېمەي - ئىچمەي يېتىۋالغانىدى . ئۇ
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولۇپ بىردەم خەنجىرىنى ، بىردەم قوينىدى-
كى ئوغىنى سىلاپ قوياتتى . چاكىرى ئىلاج قىلالماي يېنىدا تۇراتتى .
بۇ چاغدا نىستور كەلدى . ئۇ ئىنىسىگە ئوخشاش ئەمچىلىكتىن خەۋى-
رى بار پودالېرىئوسقا قايغۇنى ئۇنتۇش ، ئازاب چەككەن بىلەن ئۆلگۈ-
چىنى تىرىلدۈرۈۋالغىلى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى
ۋە ئۆزىنى مىسال قىلىپ تەسەللى بەردى . ئوغلى ئانتىلوكوسنىڭ
ئۆزىنى دەپ قۇربان بولغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ يەنىلا يەپ - ئىچىپ
يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى . لېكىن ، پودالېرىئوس بىللە دېگۈدەك چوڭ
بولغان ئىنىسىدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدىغانلىقىنى دېدى . بوۋاي ئۇ-
نىڭغا كۆيۈنۈپ تۇرۇپ ، تۇرمۇشتا ياخشى كۈنلەرنىڭمۇ ھەم يامان
كۈنلەرنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى ، ئىنىسىنىڭ جەزمەن تەڭرى بولۇپ
كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ
قەبرىدىن ئېلىپ ماڭدى . ئۇ كېتىۋېتىپ كەينىگە قاراپ - قاراپ
قوياتتى . بۇ چاغدا ئېۋرىپلوس جەڭگاھتا يۇنانلىقلارنى قىر - چاپ
قىلىۋاتاتتى . يۇنانلىقلار قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق قىلغان بولسى-
مۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ، ئاخىر ئامال يوق
قورۇق تامنىڭ كەينىگە چېكىنىدى ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ ياۋغا توسۇپ
زەربە بەردى . دەھشەتلىك ئېۋرىپلوس ئۇلارنىڭ سېپىگە بۆسۈپ كى-
رەلمىدى .

تىرويادا كەسكىن جەڭ بولۇۋاتقاندا ، يۇنانلىقلارنىڭ ئەلچىلىرى
ئودىسسوس بىلەن دىئومېدېس ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ،
سكوروس ئارىلىغا ئامان - ئېسەن يېتىپ باردى . ئاكىللېسنىڭ
ئوغلى مۇشۇ يەردە بوۋىسى لىكومېدېس بىلەن بىللە تۇراتتى . ئوردا

سىرتىدا بىر ياش يىگىت ئوقيا ئېتىش ، نەيزە ئېتىش ۋە ئات قوشۇل-
غان هارۋىنى تېز چاپتۇرۇشنى ئۆگىنىۋاتاتتى . ئۇنىڭ چىرايى هەس-
رەتلىك ئىدى . چىرايى ۋە تەن تۇزۇلۇشى ئاكىللېسقا قويۇپ قويغان-
دەك ئوخشايتتى . ئەلچىلەر سورۇشتۇرۇۋىدى ، ئۇ دەل ئاكىللېسنىڭ
ئوغلى پىرروس بولۇپ چىقتى . ئودىسسوس كېلىش مەقسىتىنى ئېيى-
تىپ ، ئۇنى جەڭگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى ۋە ئاتىسىنىڭ ساۋۇتى-
نى ئۇنىڭغا بېرىشكە ۋەدە قىلدى . ئۇ :

— بىز سېنى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپ كەلدۇق .
چۈنكى ، كالكاس بىزگە يۇنانلىقلارنىڭ تىرويالىقلارنىڭ ئۈستىدىن
نۇسرەت قازىنىشىنى ئاخىرقى هېسابتا سېنىڭ بەلگىلەيدىغانلىقىڭنى
دېگەن ، — دېدى .

پىرروس خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى ، ئاندىن ئۇلارنى ئوردىغا
كىرىپ تاماقلىنىشقا تەكلىپ قىلدى . ئانىسى ئىدامىيا ئېرى ئۆچۈن
كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇراتتى . پىرروس ئانىسىغا ئىككى مېهماننى
تونۇشتۇردى . ئەمما ، ئۇلارنىڭ كېلىش مەقسىتىنى دېمىدى . ئۇنىڭ
ئانىسىنىڭ هەسرىتىنى كۆچەيتىۋېتىش خىيالى يوق ئىدى . ئىككى
باتۇر تويغۇچە يەپ - ئىچىپ بولۇپ ، ئاندىن ئۇخلاپ قالدى . ئەمما
ئىدامىيا كېچىچە كۆز يۇممىدى ، چۈنكى ئۇ دەل ئۆيىدىكى ئىككىيلەن-
نىڭ ئىلگىرى ئېرىنى ئۇرۇشقا دەۋەت قىلغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى
تونۇپ قالغانىدى . ئۆزىنىڭ تۇل بولۇپ قېلىشىغا شۇلار سەۋەبچى
ئىدى .

ئىدامىيا ئۇلارنىڭ ئوغلىنىمۇ ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىپ
قالدى . تاڭ يورۇشى بىلەنلا ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئوغلىنىڭ هۇج-
رىسىغا كىرىپ بېشىنى ئوغلىنىڭ كۆكسىگە قويۇپ يىغلاشقا باشلى-
دى . ئۇ ئوغلىنىڭمۇ ئېرىنىڭ كونا يولىدا مېڭىپ قېلىشىدىن ئەنسى-
رەيتتى .

— مەن سېنىڭ خىيالىڭنى بىلىپ بولدۇم ، — دېدى ئۇ يىغلاپ
تۇرۇپ ، — مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلا ، ئۇرۇشقا بارما !

بىراق ، ياش يىگىت بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى . ئۇ يۇنانلىق-

لار ئۇچۇن ئۆلۈشكە رازى ئىدى . ئۇ :
— ئانا ، تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشقا ھەسرەتلەنمە . كىشىلەرنىڭ ھايات - ماماتىنى تەقدىر تەگرىچىسى بەلگىلىگەن . مەن ئەجدادلارنىڭ شانۇشەۋكىتىنىڭ ھاقارەتلەنمەيدىغان نەتىجىگە ئېرىشىشىنى ئىستەي-مەن ، — دېدى .
پىرروسنىڭ ئانا تەرەپ بوۋىسى لىكومېدېسنىڭمۇ نەۋرىسىنى يول-غا سېلىپ قويغۇسى يوق ئىدى . لېكىن ، ئۇنى قارارىنى ئۆزگەرتىشكە زورلىمىدى . پىرروس خۇشال بولۇپ ھەم تېتىك قەدەم تاشلاپ كېمى-گە چىقتى . ئۇ كۈچلۈك مەيدىسىنى تىك تۇتۇپ ماڭاتتى . كەينىدە سادىق يىگىرمە خىزمەتچىسى كېلىۋاتاتتى . پوسېيدون ئۇلارنى ئوڭ شامال بىلەن يولغا سالدى . تاڭ غۇۋا يورۇغاندا ، تىرويا دېڭىز قىر-غاقلىرى كۆرۈندى . ئېدى تېغىنىڭ ئېگىز چوققىلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . تاغ باغرىدا ئاكىللېسنىڭ ئېگىز قەبرىسى بار ئىدى . ئودىس-سوس بۇ قەبرىنىڭ كىمنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى پىرروسقا ئېيتمى-دى . بۇ چاغدا قورۇق تامنى تالىشىش جېڭى كەسكىن داۋام قىلماقتا ئىدى .
ئۇلار ئودىسسوسنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ، ئۆزلىرىنى قو-راللاندۇردى . پىرروس ئاتىسى ئاكىللېسنىڭ ئاجايىپ چوڭ ساۋۇتىنى كىيدى . دۇبۇلغا - ساۋۇتلار ئۇنىڭغا دەل كەلدى . ھېچكىم جايىدىن قوزغىتالمايدىغان ئېغىر ھەم ئۇزۇن نەيزىنى قولىغا ئالدى . يېنىغا شەمشەر ئېسىپ ، قالقان تۇتقان پېتى چەبدەسلىك بىلەن جەڭگاھقا ئاتلاندى . بۇ بىر توپ سەرخىل قوشۇننىڭ جەڭگە كىرىشى بىلەن تىرويالىقلار قورۇق تامنىڭ ئەتراپىدىن كەينىگە چېكىنىشتى . پىر-روسنىڭ ئاتقان نەيزىسى پەقەت زايە كەتمىدى ، ھەر قېتىمدا بىر تىرويالىق ئۆلدى . تىرويالىقلار ئاكىللېس گۆرىدىن تىرىلىپ كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدى . پىرروس سۇر - ھەيۋىسىنى كۆر-سەتتى . ئاكىللېسنىڭ روھى ۋە ئاكىللېسنى بۇرۇن قوغدىغان ئافىنا ئەمدىلىكتە پىرروسنى قوغداۋاتاتتى . شۇڭا ، دۈشمەننىڭ ئوقلىرى ئۇنىڭغا قىلچە زەخىم يەتكۈزەلمىدى . ئۇ ئاتىسى ئۇچۇن قىساس ئې-

لىپ نۇرغۇن تىرويالىقلارنى ئۆلتۈردى .

ئاكىللېسنىڭ ئوغلى گۆگۈم چۈشكۈچە دۈشمەننى پۈتۈنلەي تىر-پىرەن قىلىۋەتتى . ئېۋرىپلوس بۇيرۇق بېرىپ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى . پىرروس جەڭدىن قايتىپ كەلدى . فونىكس بۇ ياش باتۇرنى يوقلاپ كەلدى . ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ پىرروسنى ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ، يۇنانلىقلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ سېلىۋاتقان ئېۋرىپلوسنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاشقا ئىلھاملاندۇردى . ئەتىسى ئۇرۇش يەنە باشلاندى . ئوقيا ئوقياغا ، شەمشەر شەمشەرگە تېگىپ ، كىم يەڭگەن ۋە كىم يېڭىلگەنلىكىنى ئۇزاققىچە پەرق ئەتكىلى بولمىدى . ئېۋرىپلوس ئوتتۇنچى ئورماننى كېسىپ يەرگە يىقىتقاندەك قىر - چاپ قىلدىكى ، ئۇنىڭ قولىدا ئۆلگەن يۇنانلىق لەشكەرلەرنىڭ جەسەتلىرى بىلەن جىرا - جىلغىلار تولۇپ كەتتى .

ئۇ ئاخىر پىرروسقا قاراپ ئېتىلدى . پىرروستىن ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى . پىرروس جاۋابەن :

— مەن ئىلگىرى سېنىڭ ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەن ئاكىللېسنىڭ ئوغلى بولىمەن . ھارۋامنى دۇلدۇللار سۆرەۋاتىدۇ . قولۇمدىكى نەيزە ئاتامنىڭ نەيزىسى . ئەمدى بۇ نەيزىنىڭ كۈچىنى بىلىپ قال ! — دېدى .

ئېۋرىپلوس ئۇنىڭ قالقىنىغا نەيزە ئېتىپ ، قالقىنىغا زەخىم يەتكۈزەلمىدى . ھەر ئىككىيلەن بىر - بىرىگە خۇددى دەھشەتلىك مەخلۇقلاردەك ئېتىلىپ كېلىشتى . ئۇلارنىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىۋاتاتتى . جەڭگاھنى ئىس - تۈتەك ۋە توپا - توزان قاپلىغانىدى . ئاتلار كىشنىشەتتى . ھەر ئىككىسى تەڭرىلەرنىڭ ئەۋلادى بولغانلىقتىن ، ئۇرۇشقانسېرى باتۇر بولۇپ كېتىشتى . ئاخىر پىرروس ئۆز دۈشمىنىنىڭ بوغۇزىغا نەيزە تىقتى . ئاتىسىنىڭ تەڭداشسىز باتۇرلۇقى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا نامايان بولدى . تىرويالىقلار ئۇنىڭ ئالدىدىن شىرغا يولۇققان قوي پادىسىدەك قېچىپ تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى .

بۇ چاغدا ئۇرۇش تەڭرىسى يوشۇرۇنچە ئولىمپىس تېغىدىن ئايرى-

لىپ ، ئاغزىدىن ئوت ياندىغان ئاتلار قوشۇلغان جەڭ هارۋىسىنى ھەيدىگىنىچە تىرويالىقلارغا ياردەمگە كەلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ قورقۇنچ-لۇق ئۆزۈن نەيزىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، تىرويالىقلارنى يۇنانلىقلارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا چاقىردى . ئارېس قويۇق بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن ، كىشىلەر گۇلدۇرمامىدەك گۈركى-رىگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ ئاجايىپ ھەيران بولۇشتى . بېشارەتچى ھېلې-نوس ھەممىدىن ئاۋۋال بۇ گۈركىرىگەن ئاۋازنىڭ تەڭرىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى - دە ، ۋارقىراپ تۇرۇپ تىرويالىقلارغا مەدەت بەردى ، ئۆزلىرىنى تەڭرىنىڭ يۆلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ ئى-شەنچىسى ئاشتى . ئۇلار قوراللىرىنى جەۋلان قىلىپ ، نەيزىلىرىنى توغرىلاپ ھېچنېمىگە قارىماي يۇنانلىقلارنىڭ سېپىگە تاشلاندى .

يۇنانلىقلارنىڭ سېپى تەۋرىنىشكە باشلىدى . شۇ چاغدا ئافېنا كۆكتىن يەر يۈزىگە چۈشتى . بۇ تەڭرىچىنىڭ پۇتلىرى يەرگە تېگىپ تۇرغان بولسىمۇ ، ئەمما دۇبۇلغىسى ئاسمانغا تېگىپ تۇراتتى . تەڭرى-لەر ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىشنى خالىمىغان زېۋس چاقماق چاقتۇ-رۇپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋالدى . كۈچلۈك ئارقا تىرىكىدىن ئايرىلغان تىرويالىقلار يەنە شەھەرگە قاراپ چېكىنىدى . زېۋس شەھەرنى قويۇق تۇمان بىلەن قاپلىۋەتمىگەن بولسا ، تىرويا شەھىرى قولدىن چىقىپ كەتكەن بولاتتى . ئەتىسى يۇنانلىقلار تىرويا شەھەر ئاسمىنىنىڭ سۈزۈ-لۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى . ئۇلار شۇندىلا تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى قويۇق تۇمان تەڭرىلەر ئاتىسى زېۋس پەيدا قىلغان مۆجىزە ئىكەنلىكىنى بىلىشتى . شۇ كۈنى ئىككىلا تەرەپ ئۇرۇش توختاتتى . تىرويالىقلار ئېۋرىپلوسنى بىمالال دەپنە قىلىشتى . پىر-روس ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئاتىسىنىڭ روھىنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم بەردى . ئۇ قەبرە ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاش تۈۋرۈكنى سۆيۈپ تۇرۇپ :

— ئاتا ، سېنىڭ روھىڭ مېنىڭ ھاياتىمدا يەنىلا ھايات . مېنىڭ چوڭ نەيزەمگە ھەمراھ . يۇنان خەلقىمۇ ماڭا شادلىق نەزەرى بىلەن قاراپ ، چىراي ۋە ھەرىكەتتە مېنىڭ سېنى تارتقانلىقىمنى ئېيتماقتا .

مەن سېنى نائۈمىد قويمايمەن ! — دېدى .
ئەتىسى ئىككى قوشۇن يەنە تۇتۇشتى . پىرروس دېيفوبوسقا ئې-
تىلدى . تىرويا شاھزادىسى پىرروسنىڭ تەڭدىشى ئەمەس ئىدى . ئۇ
قېچىشقا تەمشەلدى ، ئاپوللو بۇلۇت ئارقىلىق يەر يۈزىگە چۈشۈپ
دېيفوبوسنى شەھەرگە ئېلىپ كەتتى . قالغان تىرويالىقلار ئۇنىڭ كەي-
نىدىن قېچىپ كېتىشتى . پىرروس نەيزىسىنىڭ بىكار كەتكەنلىكىنى
كۆرۈپ ، تەڭرىنىڭ ئۆزى بىلەن قارشىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدى . بۇ
ئىشتىن خەۋەر تاپقان بېشارەتچى كالكاس يۇنانلىقلارنى كېمىگە قايتىپ
ئارام ئېلىشقا ئۈندىدى . ئۇ شاھزادىلەرگە :
— بىز جەزمەن لىمنوس ئارىلىغا بېرىپ ، پىلوكتېتېسنى ئۇنىڭ
ئاتسا ئوقى زايە كەتمەيدىغان ئوقياسى بىلەن بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىشى-
مىز كېرەك ، — دېدى .
كېڭەش ئارقىلىق ، بۇ ۋەزىپە ئودىسسوس بىلەن پىرروسقا تاپشۇ-
رۇلدى . ئىككىسى دەرھال يولغا چىقتى . ئۇلار كۆپ ئۆتمەي لىمنوس
ئارىلىنىڭ ئادەم ياشىمايدىغان قىرغىقىدىن قۇرۇقلۇققا چىقتى . بۇ-
نىڭدىن توققۇز يىل بۇرۇن ، سەپەر ئۈستىدە ساقايماس كېسەلگە
گىرىپتار بولۇپ قالغان پىلوكتېتېسنى ئودىسسوس مۇشۇ يەرگە تاش-
لاپ قويۇپ كەتكەنىدى . ئودىسسوس ئۇنى قىشتا ئىسسىق ، يازدا
سالقىن بولىدىغان غارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى .
ئودىسسوس پىلوكتېتېس تاشلاپ قويۇلغان غارنى تاپتى . غاردا
كارىۋات ۋە قاچا بار ئىدى . يارا داغلىرى بار لاتىلار ئاپتاپقا سېلىنغان-
دى . ئېنىقكى ، بۇ يەردە ئادەم تۇراتتى . ئودىسسوس بىر خادىمنى
پىلوكتېتېسنى ئىزدەشكە ئەۋەتتى . چۈنكى ، ئۇ ئۆزىگە جەزمەن ئۆچ-
مەنلىك بىلەن قارايدىغان بۇ ئادەم بىلەن ئەڭ ئاۋۋال كۆرۈشۈشنى
خالىمىدى . ئودىسسوس پىرروسقا :
— سەن ئاززاق يالغان گەپ قىلىپ ، ئودىسسوس مېنى جەڭگە
ھەمدەمدە بولۇشقا تەكلىپ قىلدى . لېكىن ، ئاتامنىڭ قوراللىرىنى
ماڭا بەرمىدى . مەن يۇرتۇمغا كېتىمەن دېگىن . بۇنىڭ ساڭا زىيىنى
يوق . ئەمما ، سەن ئۇنىڭ ئوقياسىنى قولۇڭغا كىرگۈز ! — دېدى .

ئاق كۆڭۈل ھەمساددا بۇ ياش يىگىتنىڭ كاززاپلىق قىلغۇسى كەلمىدى .

— ئاتام بىلەن مەن ئەزەلدىن ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان ئادەملەرمىز . ئۇ يالغۇز ھەم سىڭار پۇتلۇق ئادەم . ئۇنى قورال كۈچى ـ ئارقىلىق ئەيـۋەشـكە كەلـتۈرسەم تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ ؟ — دېدى ئۇ .

— ياش يىگىت ، مەن سېنى كاززاپلىق قىل دېمىدىم ، ساڭا ئەقىل - پاراسىتىڭنى تولۇق ئىشلەت دەۋاتىمەن . ئۆزۈڭ ئويلاپ باق ، تىرويا شەھىرىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ھېراكلىپسنىڭ ئوقياسى بول- مىسا پۈتۈن ئىشىمىز سۇغا چىلىشىدۇ . ئەگەر قورال كۈچى ئىشلى- تىشتىن باشقا ياخشى ئۇسۇل بولسا ، بىز نېمىشقا شۇ ئۇسۇلنى قوللانمايمىز ، — دېدى ئودىسسوس .

پىرروس ياشتا ئۆزىدىن چوڭراق بولغان ئودىسسوسنىڭ گېپىنى قوبۇل قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئودىسسوس كېتىپ قالدى . ئۇزاق ئۆتمەي ، ئىڭراش ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، پىلوكېتتېسنىڭ قايتىپ كەل- گەنلىكىدىن دېرەك بېرىلدى . پىلوكېتتېس قىرغاقتا كېمە تۇرغانلى- قىنى كۆرۈپ ، ئاقساقلىغان ھالدا پىرروسنىڭ يېنىغا كەلدى .

— سىلەر كىم ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ، — بۇ قاقاس ئارالدا نېمە ئىشىڭلار بار ؟ مەن بولسام بىر بەختسىز ئادەم ، مەن دوستلىرىم تاشلاپ كەتكەن ھەم ئاغرىق ئازابىنى تارتىپ يۈرۈۋاتقان ئادەممەن . بۇ يەرگە يامان نىيەت بىلەن كەلمىگەن بولساڭـلار ، راست گـەپ قىلىڭلار !

پىرروس ئودىسسوسنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە جاۋاب بېرىۋىدى ، پىلوكېتتېس خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە :

— يۇرتۇمنىڭ سۆزى نېمىدېگەن چىرايلىق ، ئۇزاقتىن بۇيان ئاڭلىمىغانىدىم . ئودىسسوس سېنىمۇ ئالدىدىمۇ ؟ ئەينى چاغدا مېنى مۇشۇ قاقاس ئارالغا شۇ تاشلاپ قويۇپ ئۆزى كېتىپ قالغان . ئوزۇق- تۈلۈك ۋە كىيىم - كېچەك ، ھەتتا تېۋىپمۇ يوق . مۇشۇ ئوقيايىمغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلدىم . ئون يىلدىن بېرى ناھايىتى ئاز ئادەم-

لەر بۇ يەردە قۇرۇقلۇققا چىقتى . لېكىن ، مېنى يۇرتۇمغا ئەكېتىدىـ
غان بىرەر كىشى چىقمىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئودىسسوس بىلەن
ئاگامېمنوننىڭ جىنايەتلىرى ! — دېدى .
پىرروس ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بەك تەسىرلەندى . ئەمما ، ئودىسـ
سوسنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئويلاپ ، ھېسسىياتىنى زورمۇزور بېسىـ
ۋالدى . پىلوكېتتېس پىرروسنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ يىغلامسىراپ
تۇرۇپ پىرروسنىڭ ئۆزىنى بىللە ئېلىپ كېتىشىنى ئۆتۈندى . قور-
قۇنچلۇق يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلۇپ قالسا ، ئۇنىڭغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ
بەرمەيدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدىمۇ بەردى . پىرروس كۆڭلى پەرىشان
بولغان ھالدا بوۋايغا ماقۇل بولدى . پىلوكېتتېس ئاقساق پۇتىنى
سۆرىگىنىچە خۇشاللىقىدا سەكرەپ كەتتى . بۇ چاغدا ئودىسسوسنىڭ
بىر خادىمى ماتروس قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى - دە ، يالغاندىن
ئويدۇرۇلغان بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى . ئۇ بۇ بوۋاينى تۇتۇش ئۈچۈن
ئودىسسوس بىلەن دىئومېدېسنىڭ يولدا كېلىۋاتقانلىقىنى دېدى . پىلو-
كېتتېس ئۆزىنى پۈتۈنلەي پىرروسقا تاپشۇردى . ئۆزىنىڭ تىلسىم
ئوقياسىنى بۇ ياش يىگىتكە ئامانەت قىلدى . ئىككىسى دېڭىز بويىغا
قاراپ يول ئالدى . ياش يىگىت ۋىجدان ئازابىغا چىدىماي ، ھەقىقىي
ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دېۋەتتى .
— ئەمدى سىزنى ئالدىيالمايمەن ، — دېدى ئۇ ، — سىز مەن
بىلەن بىللە تىروياغا بارىسىز !
بوۋاي تىترەيتتى ، قارغايتتى ۋە ئىبادەت قىلاتتى .
بۇ چاغدا ئودىسسوس ئۆزى يوشۇرۇنۇپ ياتقان جايدىن چىقتى -
دە ، قېرى قەھرىماننى تۇتۇۋالدى . بىلوكېتتېس ئوقياسىنى ئۆزىگە
قايتۇرۇپ بېرىش توغرۇلۇق پىرروسقا يېلىنىپ يالۋۇردى . لېكىن ،
ئودىسسوس ياش يىگىتنى نېرى ئېلىپ كەتتى .
مەرگەن بوۋاي ئۆزىنىڭ شۇم پېشانە ئىكەنلىكىدىن ھەسرەت
چەكتى . ئودىسسوس بىلەن پىرروس يەنە قايتىپ كەلدى .
— بۇ بىچارە بوۋاينى ئالداپ ئېلىپ مېڭىش خاتا ! — دېدى ياش
يىگىت ، — سەن يەنىلا ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرۈۋەت !

ئۇلار جېدەللىشىپ تۇرۇشاتتى ، بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ ، ھېراك-لېس بۇلۇت ئۇستىدە كۆرۈندى . ھېراكلېس ئۆزىنىڭ دوستىغا ئەستا-يىدىللىق بىلەن :

— سەن يۇرتۇڭغا كېتەلمەيسەن ! تەقدىر تەڭرىچىسى سېنىڭمۇ شان - شۆھرەت قازانغۇچە جەزمەن رىيازەت چېكىشىڭنى بەلگىلىگەن . تىروياغا بارساڭ جاراھىتىڭ ساقىيىپ كېتىدۇ . زىممەڭگە ئېغىر ۋەزىپە يۈكلىنىدۇ . نەتىجىسى ياخشى بولىدۇ ! — دېدى .

پىلوكېتتېس قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئاسماندا بارا - بارا غايىب بولۇپ كېتىۋاتقان ھېراكلېسنى ئۇزىتىپ قويدى .

— ماقۇل ، مەن سىلەر بىلەن بىللە باراي ، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋام قىلىپ ، — ئودىسسوس ، سېنىڭ تەلىپىڭ تەڭرىلەرنىڭ ئارزۇ-سىغا ئۇيغۇن ئىكەن ، مەن سېنى كەچۈردۈم .

يۇنانلىقلار ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنلۇك ئالقىش ياڭ-راتتى . پىلوكېتتېس ئورۇق قوللىرىنى سوزۇپ تۇراتتى ، ئۇنى ھەمـ-راھلىرى يۆلەپ كېمىدىن چۈشتى . ئۇنىڭ ئاقساقلاپ ماڭغان چاغدىكى ئازابلىق قىياپىتىنى كۆرۈپ يۇنانلىقلار بەك ئىچ ئاغرىتىشتى . بۇ چاغدا بىر ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئۇنىڭ جاراھىتىنى ساقايتالايدىغان-لىقى توغرىسىدا مەيدىسىگە ئۇردى . بۇ كىشى تېۋىپ پودالىرىئوس ئىدى . تەڭرى ئۇنىڭ داۋالىشىغا مەدەت بەرگەنلىكتىن جاراھەت راستـ-تىنلا پۈتۈپ ، مەرگەن بوۋاينىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى . ئاگا-مېمنون قارشى ئېلىش زىياپىتىدە كەم ئەقىللىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلەپ بوۋايدىن كەچۈرۈم سورىدى . بوۋاي ئاردىكى ئۆچ-ئاداۋەتنىڭ يۇيۇلۇپ بولغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ :

— دوستۇم ، — دېدى ئۇ ، — ئالىيجاناب ئادەمنىڭ كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ بولۇشى كېرەك . مەن ئەنە شۇنداق ئادەم !

ئەتىسى قانغۇچە ئۇخلىغان ۋە تويغۇچە تاماقلانغان يۇنانلىقلار تەكشى سەپ تارتىپ جەڭگاھقا ئاتلاندى . تىروياللىقلار شەھەر سىرتىدا ئۆلگۈچىلەرنى دەپنە قىلىۋاتاتتى . پولىداماس تىروياللىقلاردىن شەھەر ئىچىگە چېكىنىشكە ۋە تەڭرىلەر ياساپ بەرگەن قەلئەلەرگە ۋە پۇتكۇل

شەھەر خەلقىگە بىرنەچچە يىل يەتكۈدەك ئاشلىقنى تاپىلىپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى . ئەمما ، تىرويالىقلار ئانىئاسنىڭ قۇت-رىتىشى سەۋەبلىك ، شەھەر سىرتىدا يۇنانلىقلار بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتى . ئۇرۇش دەرھال ئەۋج ئېلىپ كەتتى . يۇنانلىقلارغا يېڭى قوشۇلغان ئىككى باتۇر پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سالدى . پىلوكېتتېسنىڭ ئاتقان ئوقلىرى زادىلا بىكارغا كەتمىدى . ئۇ كۆزنگە چېلىققان ياۋنىڭ جېنىنى ئالاتتى . پارس خەتەرگە تەۋەك-كۇل قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى .

— ھەي ، تىرويالىق پىندەك ئوغرى ! سەن بولساڭ بېشىمىزغا كەلگەن بالايىئاپەتنىڭ يىلتىزى ، مەن بىلەن ئېلىشىشقا پېتىنىۋاتام-سەن ! سەن ئۆلگەن ھامان قوشۇنۇڭ ھەم شەھىرىڭ يوقىلىدۇ ، — دەپ ۋارقىرىدى .

پىلوكېتتېس گېپىنى تۈگىتىپلا ، ئوقياسىنى بەتلەپ ئوق ئۈز-دى . ئەپسۇسكى ، ئوق پارسنىڭ ئالىقىنىغا تېگىپ تېرىسىنى جاراھەت-لەندۈردى . ئۇ ئىككىنچى ئوقنى ئۈزۈپ پارسنىڭ كىندىكىگە تەگكۈز-دى . پارس يارىسىنى تۇتقىنىچە قېچىپ كەتتى . تېۋىپلار پارسنىڭ يارىسىنى تەكشۈردى . جەڭ قاراڭغۇ چۈشكىچە داۋاملاشتى . تىرويا-لىقلار شەھەرگە قايتتى . يۇنانلىقلارمۇ كېمىلىرى تۇرغان جايغا ياندى . پارس كېچىچە نالە - زار قىلىپ ئۇخلىيالمىدى . ئوق ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىغا چوڭقۇر پاتقان ۋە ھېراكلېسنىڭ نەيزىسىدىكى زە-ھەرلىك دورا جاراھەتنى چىرىتىۋەتكەنلىكتىن تېۋىپلارمۇ ئامالسىز قالدى . قاتتىق ئاغرىق ئازابىنى تارتىۋاتقان پارس ئۆزى تاشلىۋەتكەن خوتۇنى ئونونېنى ئەسلىدى . بىر ئەۋلىيا ئۇنىڭغا خوتۇنى ئونونېلا ئۇنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالالايدىغانلىقى توغرۇلۇق بېشارەت بەرگەنىدى .

پارس ئىلگىرى ئىدى تېغىنىڭ باغرىدا پادا بېقىپ يۈرگەن چاغلى-رىدا ئونونې بىلەن بىر مەزگىل تىنچ ھەم بەختلىك تۇرمۇش كەچۈر-گەنىدى ، كېيىن پارس يۇنانغا سەپەر قىلماقچى بولغاندا ، ئونونې ھېلىقى ئەۋلىيانىڭ سۆزىنى ئۆز ئاغزى بىلەن پارسقا ئېيتقانىدى . خىزمەتكارلىرى پارسنى كۆتۈرۈپ ئىدى تېغىغا ئېلىپ مېڭىشتى .

ئۇلار كىتىۋاتقاندا شۇمقۇشلار غاق - غاق قىلىپ توۋلاپ كىتىشتى . قۇشلارنىڭ تاۋۇشى ئۇنىڭغا ۋەھىمە سالغان بولسىمۇ ، لىكىن ياشاشقا بولغان ئىنتىزارلىق بۇ ۋەھىمىنى ھىسابقا ئىلىش ئىمكانىيىتىنى پارسقا بەرمىدى . ئۇنوني ئالدىدا پارس تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭدىن ئۆتكەنكى كۈنلەرنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۇچۇن بولسىمۇ ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋىلىشنى ئۆتۈندى . ئۇ :

— مەن شۇ تاپتا قاتتىق ئازابلىنىۋاتىمەن . مەندىن نەپرەتلەنمىگىن . مەن تەقدىر تەڭرىچىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە سەندىن ئايرىلدىم . تەڭرىلەرنىڭ ھەققىدە سەندىن شۇنى تىلەيمەنكى ، جاراھىتىمگە مەلھەم چاپلاپ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قال ! — دەپ يالۋۇردى .

بىراق ، ئۇنوني شەپقەتسىزلىك بىلەن ئۇنى مەسخىرە قىلىپ :

— قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئالدىمغا كەلدىڭ . مەن يەتكۈچە ئازاب ۋە جەبىر - جاپا تارتتىم . ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قال دەپ بىرىپ ھىلىنغا يىلىن ، — دىدى - دە ، پارسنى قوغلىۋەتتى .

پارس تاغدىن چۈشمەي تۇرۇپلا ئۆلدى . بىر خىزمەتكار پارسنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئانىسى ھىكاباغا يەتكۈزدى . ھىكابا شۇ ھامان ھوشىدىن كىتىپ يىقىلدى . پىرئام بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ھىكتورنىڭ قەبرىسى يىنىدا قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمۈپ ئولتۇراتتى . دۇنيادا بولۇۋاتقان ئىشلار ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى . ھىلىن پارسنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ يۇم - يۇم يىغلايتتى . ئۇنى ئىرى ئۇچۇن قايغۇرۇپ ياش تۆكۈۋاتىدۇ دىگەندىن كۆرە ، ئۆزى ئۇستىدە قايغۇرۇپ يىغلاۋاتىدۇ دىگەن تۈزۈك ئىدى . ئۇ ئۆزاقتىن بۇيان ئۆز قەلبىنى ئىزىپ كىلىۋاتقان خىجالەتچىلىكتىن تەشۋىشلىنەتتى . ئۇنوني ئۆيىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ كىلىشكەن ، ياش پارسنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يىڭى نىكاھلانغان چاغدىكى خۇشاللىقلىرىنى ئەسلىدى ۋە ئىختىيارسىز كۆز يىشى قىلدى . ئۇنىڭ قەلبىدىكى نەپرەتلىنىش ھىسسىياتلىرى قايغۇ - ھەسرەت تەسىرىدە ئىرىپ تۈگەپ كەتتى . ئۇنوني كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ بوراندەك ئىتىلغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . ئۇ قاراڭغۇ كىچىدە يوللارنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىگە قارىماي ،ھاڭ- جىلغىلاردىن ، ئىر-

قىنلاردىن سەكرەپ ئۆتۈپ ، تەلۋىلەرچە ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى . ئاي تەڭرىسى سېلىنىي قارامتۇل كۆك ئاسماندا خەيرخاھلىق قىلىپ ئۇنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بەردى . ئۇ ئاخىر ئېرى دەپنە قىلىنغان گۆلخانغا كەلدى . ئېرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، چىرايىنى چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن توسۇپ ، يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئۆزىنى تاشلىدى - دە ، ئېرى بىلەن بىللە كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى .

ئۇنوني ئېرى بىلەن كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان چاغدا ، تىرويا شەھىرىنىڭ سىرتىدا جەڭ يېڭىباشتىن باشلانغانىدى . ئاپوللو ئاكىلىسنىڭ ئوغلى ئانېئاس بىلەن ئاتىتورنىڭ ئوغلى ئېۋدىماكوسقا ئىلھام بەردى ھەم تىرويالىقلارغا ھەمدەمدە بولۇپ دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى . بۇ كۈچلۈك ھۇجۇمنى ھەتتا ئاكىللېسنىڭ ئوغلىمۇ توسۇپ قالالمىدى . ئاخىر بولماي ئافىنا شەخسەن ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقتى ، ئاندىن جەڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ ، مەغلۇبىيەت غەلىبىگە ئايلاندى . ئافرودىت ئوغلىنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ ، ئوغلىنى بۇلۇت ئارىسىغا يوشۇرۇپ جەڭگاھتىن شەھەرگە ئېلىپ كەتتى . ئاز ساندىكى تىرويالىقـلار ماغـدۇرى ئۈزۈلـگەن ھالـدا شەھەرگە قېچىپ كىرىۋېلىشتى .

كېچىچە دەم ئېلىش ۋە تەرتىپكە سېلىشتىن كېيىن ، يۇنانلىقلار ئەتىسى غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بەرگەچ ، تىرويا شەھىرىگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى . شەھەرنىڭ ھەربىر قوۋۇقى تەھلىكە ئاستىدا قالغانىدى . لېكىن ، تىرويالىقلار ئوقيا ، نەيزە ۋە تاش ئېتىپ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى . يۇنانلىقلارنىڭ دۈبۈلغا - ساۋۇتلىرىغا تەگكەن تاشلاردىن تارس - تۇرس قىلغان ئاۋازلار چىقاتتى . كېيىن ئودىسسوسنىڭ كاللىسىغا بىردىنلا ئەپچىل بىر چارە كەلدى . ئۇ لەشكەرلىرىنى قالقانلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆگزە ھاسىل قىلىشقا ، شۇ پېتىچە ئالغا ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇدى . سېپىلدىن يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان تاشلار ، ئوقلار ۋە نەيزىلەر لەشكەرلەرنىڭ قالقانلىرىغا توختىماي تېگەتتى ، لېكىن بىرەر لەشكەرمۇ يارىلانمىدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار بىر پارچە تۈرمەل بولۇپتەك سېپىلغا ئۇدۇل

باستۇرۇپ كەلدى . شەھەرنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشقا كۆپ ۋاقىت قالمىغانىدى . ئەمما ، تىرويا شەھىرىنى قانات ئاستىغا ئالغۇچى تەڭرى-لەر ئاسپاسقا غايەت زور كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى ، ئۇ قالقانلاردىن ھاسىل بولغان ئۆگزىگە يوغان بىر تاشنى ئاتتى ، بۇ تاش توپ - توپ لەشكەرلەرنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى . ئاسپاس خىسلەتلىك تاش ئاتقۇچىغا ئايلاندى . ئۇ سېپىلنىڭ باشقا بىر يېرىدىن يۇنانلىقلارنىڭ سېپىلغا يامىشىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، يوغان بىر تاشنى ئېتىد-ۋىدى ، تاش شۇلارنىڭ بىرسىنىڭ بېشىغا تەگدى . پىلوكېتتېس ئۇنى سېپىلدىن چۈشۈپ ئۆزى بىلەن جەڭ قىلىشقا چاقىردى . ئاسپاس ئالدام خالتىغا چۈشمەي ، مۇداپىئەدە تۇرۇۋەردى . يۇنانلىقلارنىڭ شە-ھەر ئېلىش جېڭى ئۇزاق داۋام قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى . شۇ-نىڭ بىلەن بېشارەتچى كالكاس قەھرىمانلارنى يىغىپ ، ئۇلارغا يىغىن ئاچتى .

— بۇنداق جاپالىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق تىرويا شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش تەس . بۇنىڭدىنمۇ ئۇنۇملۇك ، بۇنىڭدىنمۇ ئەپ-چىل بىر ئامال تاپايلى ، — دېدى ئۇ .

ئاخىرىدا ، ئودىسسوس بىر ھىيلە ئويلاپ تاپتى .

— بىز يوغان بىر ياغاچ ئات ياسايلى ، — دېدى ئۇ ، — ئاتنىڭ ئىچىگە ئەڭ جەسۇر لەشكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرايلى . قالغانلىرىمىز ھەممە نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ ، يالغاندىن تىندوس ئارىلىغا چېكىنگەن بولايلى......

ئودىسسوسنىڭ پىلانىنى ھەممەيلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى . ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ :

— ئاندىن بىر لەشكەرنى بىزنىڭ خورلاشلىرىمىزغا چىدىماي تىرويالىقلارغا تەسلىم بولغان قىلىپ ئەۋەتەيلى ، بۇ لەشكەر تىرويالىق-لارنى ھېلىقى ياغاچ ئاتنى شەھەرگە سۆرەپ ئەكىرىشكە كۈندۈرسۇن ، شۇنداق بولسا...... — دېدى .

— بەك ياخشى بولغۇدەك !

— ھەقىقەتەن ئەپچىل چارىكەن !

يىغىن مەيداندا ئالقىش كۆتۈرۈلدى . بۇ پىلان كالكاسقىمۇ ياردى . ئۇ :

— مەن تۈنۈگۈن شۇنداق بىر ئالامەتنى كۆرگەنىدىم . قارىغاندا زەپەر قۇچىدىغان كۈنلىرىمىز يىراق ئەمەس ئىكەن ، — دېدى .

لېكىن ، ئاكىللېسنىڭ ئوغلى پىرروس باشقىچە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېدى :

— كالكاس ، مېنىڭچە باتۇر لەشكەر دۈشمەن بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا جەڭ قىلىشى ، ھىيلە - مىكىر ئىشلەتمەسلىكى كېرەك . مۇشۇنداق قىلساقلا ئۆزىمىزنىڭ ئېسىل ۋە دۈرۈس لەشكەر ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتەلەيمىز .

مەرگەن پىلوكېتتېسمۇ پىرروسنىڭ پىكرىنى قوللىدى . چۈنكى ، ئۇ ئىككىسى جەڭ قىلىشقا تولىمۇ تەشنا ئىدى .

— بىز ئۆزىمىزنىڭ لەشكىرى كۈچىمىز ۋە لەشكەرلىرىمىزنىڭ جاسارىتى ئارقىلىق تىرويا شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئالالايمىز . بىز دۈشمەنلىرىمىزنى ئۆزىمىزگە چىن كۆڭلىدىن قايىل قىلدۇرۇپ تەسلىم قىلالايمىز ! — دېدى ئۇ .

ئۇنىڭ سۆزلىرىمۇ ئالقىشلاندى .

بۇ چاغدا ئاسماندا تۇيۇقسىز چاقماق چېقىلىپ ، يۇنانلىقلارنىڭ قارارگاھىنى گۈلدۈرماما زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى . كالكاس :

— قۇلاق سېلىڭلار ، زېۋسمۇ مېنى قوللاۋاتىدۇ ، ئودىسسوسنىڭ پىلانىنى قۇۋۋەتلەۋاتىدۇ . مەن قارار قىلدىم . دەرھال ھەرىكەتكە كېلەيلى ! — دېدى .

مەجلىس تالاش - تارتىش بىلەن ئاياغلاشتى . شۇ كۈنى ئاخشىمى ئافېنا قولى گۈل ھۈنەرۋەن ئېپېئوسقا چۈش كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭ تېزدىن ياغاچ ئات ياسىشىغا ئۆزىنىڭ ياردەم قىلىش خاھىشىنى بىلدۈردى . ئېپېئوس تەڭرىنىڭ بەرگەن ۋەدىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئاجايىپ غەيرەت بىلەن ئىشلەپ ۋەزىپىنى ئۈچ كۈندە ئورۇنلاپ بولدى . بۇ غايەت زور سەنئەت بۇيۇمى ھالىتىدىكى ياغاچ ئات خۇددى تىرىكتەك ، ھە دېگەندىلا كىشنەپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى .

تىروياللىقلار شەھەر ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ خاتىرجەم يۈرۈشەتتى ، تەتۈر قىسمەتنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى . ئاسماندىكى تەڭرىلەر زېۋسنىڭ باشقا يەرگە كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ كېتىشتى . بۇ غەلىيانغا دېڭىز تەڭرىسىمۇ قاتناشتى . شۇئان ھاۋانىڭ ئەلپازى ئۆزگەردى . ھېلىمۇ ياخشى ، زېۋس قايتىپ كېلىپ ، چاقماق چاقتۇرۇپ تەڭرىلەرنى توسۇپ قالدى . تەڭرىلەرنىڭ گىرەلەشمە جېڭىگە خاتىمە بېرىلدى .

ياغاچ ئات ياسىلىپ بولۇندى ، تىروياللىقلارنى قىلتاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ياغاچ ئاتنىڭ سىرتىدا جەسۇر بىر ئادەمنى قالدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى . بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدىغان بىرەر ئادەم چىقمىدى . ئەڭ ئاخىرى سىنون غاچچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ :

— بۇ ۋەزىپىنى مەن ئۈستۈمگە ئېلىشنى خالايمەن . تىروياللىقلار مېنى خورلىسىمۇ مەيلى ! — دېدى .

سىنون ئەسلىدە كەم سۆز لەشكەر ئىدى ، نۇرغۇن ئادەملەر ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيتتى . ئۇنىڭ سۆزىنى كۆپچىلىك ئالقىشلىدى . بىر تالاي كونا لەشكەرلەر خەتەرلىك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بۇ باتۇرغا كۆڭۈللىرىدە ئاپىرىن ئېيتىشتى .

ئەمدى ئاتنىڭ قورسىقىغا يوشۇرۇنىدىغان باتۇرلارنى تاللاش باشلاندى . نېستور ئالدى بىلەن ياغاچ ئاتنىڭ ئىچىگە كىرىشكە تەمشىلدى ، كۆپچىلىك نەسىھەت قىلىپ ئۇنى ناھايىتى تەستە سىرتتا قالدۇردى . بوۋاي :

— تەڭرى بىزگە ئون يىللىق ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئۆگەتتى . بىز پات ئارىدا غەلىبە كۈنىنى كۆرىدىغان بولدۇق ! — دېدى .

ئاكىللېسنىڭ ئوغلى تولۇق قوراللىنىپ بىرىنچى بولۇپ ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىغا كىردى . ئارقىدىن يۇنانلىق ئەڭ باتۇر قەھرىمانلار بىر - بىرلەپ ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىدىن ئورۇن ئېلىشتى . ئەڭ ئاخىرىدا ياغاچ ئاتنى ياسىغان ئېپېئوس ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىغا

جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن شوتا تارتىلدى ، ئىشىكىگە ئىچىدىن تاقاق سېلىندى . باتۇرلار ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىغا ئۇن - تىنسىز سىغدىلىشىپ جايلاشتى . ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان تەقدىرنىڭ ھالاكەت ياكى غەلىبە ئىكەنلىكى ئۇلارغا نامەلۇم ئىدى . قالغان يۇنانلىقلار ئېلىپ كەتكىلى بولمايدىغان بارلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ ، ئاگامېمنون بىلەن نېستورنىڭ باشچىلىقىدا كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ تىندوس ئارىلىغا چېكىندى .

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي تىرويالىقلار دېڭىز بويىدا كۈتۈرۈلگەن زور يالقۇننى كۆرۈپ ، يۇنانلىقلارنىڭ كېمىلىرىنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى كۆردى . ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن خۇشال بولۇشۇپ شەھەردىن چىقىشتى . ئۇلار ئاجايىپ يوغان بىر ياغاچ ئاتنى بايقاشتى . ئۇلار بۇ ياغاچ ئاتنى شەھەرگە سۆرەپ ئەكىرىپ ، غەلىبىنىڭ خاتىرە بۇيۇمى قىلىش ياكى ۋەيران قىلىپ تاشلاش توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىشتى . ئاتنىڭ قورسىقىغا يوشۇرۇنغان باتۇرلار ھەربىر يېڭى تەكلىپنى ئاڭلاپ تۇراتتى ، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى دۈكۈلدەپ ئەنسىز سوقۇپ كېتەتتى .

بۇ چاغدا ئاپوللونىڭ كاھىنى لائوكون كەلدى ، ئۇ ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىغا يوشۇرۇنغان خەۋپنى سېزىپ قالدى - دە ، يېنىدا تۇرغان بىر لەشكەرنىڭ قولىدىكى نەيزىنى ئېلىپ ئاتنىڭ قورسىقىغا سانجىپ قوچۇدى . ئاتنىڭ قورسىقىدىن كاۋاك بوشلۇقتىن چىققاندەك ئەكس سادا ئاڭلاندى . غەلىبە شادلىقىدا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغان تىرويالىقلارنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى . دەل مۇشۇ چاغدا ياغاچ ئاتقا يېقىن كېلىپ ئەجەبلىنىپ قاراپ يۈرگەن بىرنەچچە پادىچى ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقى ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان سىنوننى كۆرۈپ قالدى . ئۇ قورقۇپ كېتىپ ئېسىنى يوقاتقان قىياپەتتە يىغلاپ تۇرۇپ :

— مەن ئەمدى قانداق قىلارمەن ؟ مېنى يۇنانلىقلار ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان ، ئەمدى تىرويالىقلارنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم ! — دېدى .

كىشىلەر ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق قىلىشتى . ئۇنىڭدىن ئىشنىڭ

سەۋەبىنى سورىدى .

شۇنىڭ بىلەن سىنون ئالدىنئالا تەييارلىۋالغان يالغان گەپلەرنى بايان قىلىشقا باشلىدى .

— سىلەر پالامېدېسنى بىلەمسىلەر ؟ ئۇ سىلەر بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشقا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنى باشقىلار تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى . مەن ئۇنىڭ مېنى ئۆز پاناھىغا ئالغان بىر بىچارە تۇغقىنى ئىدىم . ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مەن ھىمايىچىسىز قالدىم . مەن ئېچىنىشلىق سۈيىقەستنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن ئاشۇ تۇغقىنىمنىڭ قىساسىنى ئېلىشنى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلدىم ! — ئۇ توختىماي يىغلايتتى ھەم تىنماي سۆزلەيتتى ، — مەن يۇرتۇمغا قېچىپ كېتىشنىڭ ئالدىدا ، يۇنانلىقلار ئاپوللونىڭ كۆرسەتمە بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى . ئۇنىڭدىن جەزمەن بىر ئادەمنى نەزىر قىلسا ، ئاندىن دېڭىزنى تىنچىتىپ يۇرتقا ئامان - ئېسەن يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەھيي كەلدى . ئەشەددىي كالكاس مېنى قۇربانلىق بۇيۇمى قىلىپ بەلگىلىدى . ئەمما ، مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن قېچىپ كېتىپ مۇشۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋالدىم . مانا ئەمدى قولۇڭلارغا چۈشتۈم ، مېنىڭ ھايات قېلىش ياكى ئۆلۈپ كېتىشىمنى سىلەر بەلگىلەيسىلەر !

ئۇنىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىدىن ئەتراپتا تۇرغانلار تەسىرلەندى . پادىشاھ پىرئام ئۇنىڭ قىسمەتلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭغا ئەشەددىي يۇنانلىقلارنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ئېيتتى ، «تىلسىم ياغاچ ئات» نىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بېرىشنىلا تەلەپ قىلدى .

سىنون باغلاقتىن بوشىتىلدى . ئۇ قوللىرىنى ئاسمانغا ئېگىز كۆتۈرۈپ ساختىپەزلىك بىلەن دۇئا - تىلاۋەت قىلدى ، ئاندىن بايانىنى باشلىدى :

— پۈتكۈل ئۇرۇش مەزگىلىدە ئافېنالىقلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئۈمىدىنى ئافېنانىڭ ياردىمىگە بېغىشلىغانىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ بۇتى سىلەرنىڭ ئىبادەتخاناڭلاردىن ئوغرىلانغاندىن كېيىن ، ئافېنانىڭ يۇنانلىقلاردىن رايى قايتىپ كەتتى ، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋام

قىلىپ ، — كالكاس ۋەتەنگە قايتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى . شۇ ئارقىلىق ئافىنانىڭ نىيىتىنى بىلىپ باقماقچى بولدى . شۇڭا ، ئۇلار ۋەتەنگە قايتىشتىن ئاۋۋال ئافىناغا تەقدىم قىلىنىدىغان سوۋغا سۈپىتىدە بۇ يوغان ياغاچ ئاتنى ياساپ قالدۇردى . ئۇلار تىرويالىقلار بۇ ياغاچ ئاتنى شەھەرگە ئەكىرىۋالمىسۇن دەپ مۇشۇنداق ئېگىز قىلىپ ياسىدى . ئەگەر سىلەر ئەكىرىۋالساڭلار ، ئافىنانىڭ ھىمايە- سىگە سىلەر ئېرىشكەن بولاتتىڭلار .

سىنون يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى شۇنچە ئۇستىلىق بىلەن توقۇدىكى ، تىرويالىقلار چىنپۇتۇپلا قالدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىغا يوشۇرۇنغان باتۇرلار لائوكوننىڭ توۋلاپ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەشۋىشكە چۈشۈپ كېتىشكەنىدى . بىراق ، تاسادىپىي يۈز بەرگەن مۆجىزىدىن ئۇلار شۇ قېتىملىق خەۋپ- تىن قۇتۇلۇپ قېلىشتى . پوسېيدوننىڭ كاھىنى قازا قىلغاچقا ، ئۇ- نىڭ ۋەزىپىسىنى لائوكون ۋاقىتىنچە ئۆتەۋاتاتتى . ئۇ بۇ چاغدا دېڭىز بويىدا بىر بۇقىنى نەزىر قىلىشقا تەمشىلىپ تۇراتتى .

شۇ چاغدا يوغان ئىككى يىلان سۇنى ئىككى تەرەپكە ئايرىپ ، دولقۇنلار ئارا قىرغاققا قاراپ كېلىشكە باشلىدى . بۇ يىلانلار سۈسۈن تاجلىق بېشىنى دېڭىزغا سوزۇپ ، گەۋدىسى بىلەن ئەگرى - بۈگرى تولغىنىپ ئىلگىرىلەيتتى ۋە سۇ چاچرىتاتتى . بۇ يىلانلار كۆشۈلداپ ، تىللىرىنى چىقىرىپ قىرغاققا چىقىپ ، لائوكونغا ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى نەزىر تەييارلاۋاتقان مېھرابقا ئېتىلدى . يىلانلار ئاۋۋال بۇ ئىككى بالىغا يۆگىشىپ ، زەھەرلىك چىشلىرى بىلەن بالىلارنىڭ يۇم- ران ئېتىنى چىشلىدى . بالىلار ئاغرىق ئازابىدىن قاتتىق ۋارقىرىدى ، ئۇلارنىڭ ئاتىسى قولىغا شەمشەر ئېلىپ يۈگۈرۈپ كەلدى . يىلانلار ئۇنىڭ بەدىنىگىمۇ يۆگەشتى . ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ يىلانلارنىڭ ئىس- كەنجىسىدىن قۇتۇلالمىدى ، يىلانلار ئاخىر ئۇنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپ ، ئۆملىگەن پېتى ئافىنانىڭ ئىبادەتخانىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى .

تىرويالىقلار لائوكون «تىلسىم ئات»قا گۇمانلانغانلىقى ئۈچۈن

جازالاندى دەپ قاراشتى . شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بىردەك ھەربىكەتكە كېلىپ ، سېپىلدىن ياغاچ ئاتنى ئۆتكۈزگۈدەك تۆشۈك ئاچتى ، ياغاچ ئاتنىڭ پۇتىغا چاق ئورناتتى . ئىتتىرىپ ھەم تارتىپ دېگۈدەك ياغاچ ئاتنى شەھەرگە ئەكىردى . باللار ئۇلارغا ئەگىشىپ خۇشاللىقىدا مەدھىيە ناخشىسى ئېيتتى . ئاتنىڭ قورسىقىدىن مېتاللار بىر - بىر- گە سوقۇلغاندەك ئاۋاز تۆت قېتىم كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، چۇقان - سۈرەن بىلەن بولۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇنىڭغا دىق- قەت قىلمىدى . پەقەت پادىشاھ پىرىئامنىڭ قىزى كاساندىرانىڭ كۆڭ- لى بىر شۇملۇقنى تۇيۇپ تۇراتتى . شۇڭا ، ئۇ چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا ئوردىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ :

— ئۆزۈڭلەرنىڭ يوقىلىش گىردابىغا كېتىۋاتقىنىڭلارنى بىلمەي- ۋاتامسىلەر ؟ مەن پۈتكۈل شەھەرنىڭ يالقۇن ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى ۋە قان ھىدىغا تولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن ! — دەپ ۋارقىر- دى ، لېكىن ئۇنىڭ گېپىگە ھېچكىم ئىشەنمىدى .

شۇ كۈنى كەچتە تىروييا شەھىرى شادلىققا تولغانىدى . كۆپچىلىك چوڭ جاملىرىغا كەينى - كەينىدىن شاراب قۇيۇپ ، بىر يولىلا ئىچىۋې- تەتتى . نەتىجىدە ھەممىسى غەرق ئۇيقۇغا كېتىشتى .

سىنون يالغاندىن چارچىغان بولۇۋالدى . كىشىلەر ئۇيقۇغا كەت- كەندىن كېيىن ئوغرىلىقچە شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپلا مەشئەل ياندۇرۇپ ، تىندوس ئارىلىدىكى يۇنان قوشۇنىغا بەلگە بەردى ، ئاندىن يەنە ياغاچ ئاتنىڭ ئاستىغا ئۆمىلەپ كېلىپ ، ئاتنىڭ قورسىقىغا بوش چەكتى . قەھرىمانلار ئودىسسوسنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇن - تىنسىز سىرتقا چىقىپ ، ھەرقايسى تەرەپلەرگە تارقالدى . ئۇلار نەيزىلىرىنى ۋە ئۆتكۈر شەمشەرلىرىنى ئوينىتىپ ، تىروييالىقلارنى قىر - چاپ قىلىشقا باشلىدى . مەشئەللەرنى تىروييالىقلارنىڭ ئۆيلىرىگە تاشلىدى . گۈرۈلدەپ يالقۇن كۆتۈرۈلدى ، قىلىچ ۋە نەيزىلەر ئوت يالقۇنىدا ۋالىلدايتتى . تىندوس ئارىلىدىكى يۇنانلىقلارنىڭ كېمىلىرى شامالدا ناھايىتى ئوڭۇشلۇق تېز يېتىپ كەلدى ، لەشكەرلەر تىروييالىقلار ياغاچ ئاتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئاچقان سېپىل يوچۇقىدىن شەھەرگە يوپۇرۇ-

لۇپ كىرىشتى. شۇئان ئىچىنىشلىق ئاۋاز ۋە يىغا - زارلار پۈتكۈل
شەھەرنى قاپلىدى.

يۇنانلىقلارمۇ ئېغىر تالاپەت تارتتى. تىرويالىقلار دۈشمەنلىرىگە
كۆيۈۋاتقان شاخلار، قەدەھلەر ۋە پالتىلار ۋە قولىغا چىققانلىكى نەر-
سىلەر بىلەن زەربە بەردى. تولۇق قوراللانغان زور بىر تۈركۈم
مۇھاپىزەتچى لەشكەرلەر پادىشاھ پىرئامنىڭ ئوردىسىدىن ئېتىلىپ
چىقتى. يېرىم كېچە بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقان
ئوت يالقۇنىدا شەھەر كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى. يۇنانلىقلار ئال-
دىغا مەيلى قېرىلار ياكى باللار ئۇچرىسۇن، ھەممىسىنى ئۆلتۈرەت-
تى. ئاكىللېسنىڭ ئوغلى پادىشاھ پىرئامنىڭ ئوغلىنى نىشانلاپ
تۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئاخىر پادىشاھ پىرئامنىڭ ئۆزىگە يېقىن
كەلدى. بۇ بوۋاي زېۋس مېھرابى ئالدىدا ئىبادەت قىلىۋاتاتتى.
پىرئامنىڭ چىرايىدا قورقۇش ئالامەتلىرى يوق ئىدى.

— مېنى ئۆلتۈر! — دېدى بوۋاي، — يەتكۈچە كۈلپەت تارت-
تىم. بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتسەم بولاتتى.

پىرروس شەمشىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بوۋاينىڭ بېشىنى تېنىدىن
جۇدا قىلدى. ئادەتتىكى يۇنان لەشكەرلىرىمۇ دەھشەتلىك قىساس
ئالدى. ئۇلار ئوردىدا ھېكتورنىڭ سەبىي ئوغلى ئاستىناكسىنى كۆ-
رۈپ قالدى. ھېكتورغا بولغان ئۆچمەنلىك تۈپەيلى لەشكەرلەر بۇ
بالىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، سېپىلدىن پەسكە ئې-
تىپ ئۆلتۈردى. ئۇلار بالىنى ئانىسىدىن تارتىۋالغاندا، ئانا يىغلاپ
تۇرۇپ:

— مېنىمۇ سېپىلدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈڭلار ياكى مېنى ئوتقا
تاشلاڭلار! ئېرىمنى ئاكىللېس ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، مۇشۇ سە-
بىي بالىنى دەپ ياشاپ كېلىۋاتاتتىم. ئوغلۇمدىن ئايرىلغان دەرد -
ئەلەملىك ھاياتىمنى ئاياغلاشتۇرۇڭلار، — دەپ نالە قىلدى.

بۇ چاغدا ئەجەل تەڭرىسى ھەممە ئۆيلەرگە كىرىپ - چىقىپ
يۈرەتتى. ئەجەل تەڭرىسى پەقەت ئانتىنور بوۋاينىڭ ئائىلىسىنى ساق-
لاپ قالدى. چۈنكى، بۇ بوۋاي ئىلگىرى ئودىسسوس بىلەن مېنېلائوس

ئەلچى بولۇپ كەلگەندە ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغاندى . شۇڭا ،
يۇنانلىقلار ئۇنى ئۆلتۈرمىدى ۋە بارلىق مال - مۈلكىنى ساقلاپ
قېلىشقا يول قويدى . ترويا شەھىرى ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقاندا ، ئانې-
ئاس ھارماي - تالماي دۈشمەنلەرنى قىر - چاپ قىلىۋاتاتتى . ئۇ
شەھەرنىڭ ئوت ئىچىدە قالغانلىقىنى ، ھەرقانداق قارشىلىق قىلىش-
نىڭ ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئاتىسى ئانكىسنى ھاپاش قى-
لىپ ، ئوغلى ئاسكانىئوسنى يېتىلىگەن پېتى ئالدىراش - تېنەش
قاچتى . بالىسى ئاتىسىغا ئەگىشىپ جەسەتلەرنى ئاتلاپ كېتىۋاتاتتى .
ئافرودىتمۇ ئوغلىنىڭ كەينىدىن قالماي ، ئۇلارنى قوغداپ كېلىۋاتات-
تى . ئۇلارغا قارىتىپ ئېتىلغان ئوقلارمۇ ئۇلارنى زەخملەندۈرەل-
مىدى . ئانېئاس بېسىپ ئۆتكەنلا يەردىكى ئوتلار ئۇچۇپ ، ئىس -
تۈتەكلەر تارقىلىپ كېتىۋاتاتتى .

مېنېلائوس ناپاك ھېلېنىنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلگەندە ، ئىپو-
بوس غەرق مەست ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالدى . پارس ئۆلگەن-
دىن كېيىن ، ھېلېننى ئىپوبوس خوتۇن قىلىۋالغاندى . مېنېلائوس
ئۇنى شەمشىرى بىلەن ئۆلتۈرۈپ ھۆركىرىگەن پېتى :

— بەتبەخ ، خوتۇنۇمنىڭ ئىشكى ئالدىدا ئۆل ! — دېگىنىچە
جەسىتىنى بىر تېپىپلا نېرى سۈرۈۋەتتى .

مېنېلائوس ھېلېننى ئىزدەپ تېپىش نىيىتىدە قەسىرنى ئاختۇ-
رۇشقا باشلىدى . ھېلېن ئېرىنىڭ قەھر - غەزىپىدىن تەشۋىشلىنىپ
ھەم خىجالەت بولۇپ ، ھۇجرىسىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر بۇلۇڭ-
غا يوشۇرۇنۇۋالغاندى . مېنېلائوس ھېلېننى كۆرۈپ قالغاندا بولسا ،
ئۇنىڭ قەلبىدىكى غەزەپ ئوتىنىڭ ئورنىنى يالقۇنلۇق مۇھەببەت ئوتى
ئىگىلىدى . چۈنكى ، ئافرودىت ئۇنى بۇرۇنقىدىنمۇ گۈزەللەشتۈرۈ-
ۋەتكەنىدى . ئۇنىڭ قولىدا شەمشەرنى ئېگىز كۆتۈرگۈدەك ماجال قال-
مىغانىدى . لېكىن ، ئۇ سىرتتا جەڭ قىلىۋاتقان يۇنانلىقلارنىڭ ھەي-
ۋەتلىك سۈرەن - چۇقانلىرىنى ئاڭلىغىنىدا ، ئۆزىگە ۋاپاسىزلىق قىل-
غان خوتۇنىنىڭ ئالدىدا قىساسچى ئەمەس ، بەلكى قورقۇنچاقتا ئوخشاپ
قالغانلىقىدىن خىجىل بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېسسىياتىنى بې-

سىپ ، شەمشىرنى قولىغا ئالدى .

مېنېلائوس شەمشىرنى يەنە بىر قېتىم ھېلېنغا تەڭلىگەن چاغ-دا ، ئاگامېمنون تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىپ ئۇنىڭ دولىسىنى قېقىپ تۇرۇپ :

— قانۇنلۇق خوتۇنۇڭنى ئۆلتۈرمە . بىز ئۇنى دەپ شۇنچىۋالا ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتتۇق ! — دېدى .

مېنېلائوس ئاگامېمنوننىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالدى .

زېمىندا قىرغىنچىلىق بولۇۋاتقاندا ، ھېرا بىلەن ئېتىستىن باشقا تەڭرىلەرنىڭ ھەممىسى چىداپ تۇرالمىدى . ئەزەلدىن يۇنانلىقلارغا ياردەم بېرىپ كەلگەن ئافېنامۇ غەزەپلەندى . چۈنكى ، كىچىك ئەيئاس ئافېنانىڭ ئىبادەتخانىسىغا كىرىپ كاھىنەسى كاساندېرانى چېچىدىن تارتىپ سۆرەپ يۈرەتتى . ئافېنا بۇنداق قوپال يولسىزلىقى ئۈچۈن ئۇنى جازالاشقا بەل باغلىدى . ئەتىسى تىرويا شەھىرىنىڭ ئاھالىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ئەسىرگە ئېلىنىپ بولۇنغانىدى . يۇنانلىقلار شەھەردە ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ۋە ئالتۇن - كۈمۈش ، جاۋاھىرات ، ھەرخىل ئېسىل جاھازلارنى بۇلاپ - تالاش بىلەن مەشغۇل ئىدى . ئۇلار بۇلاپ - تالىغان بايلىقلارنى ۋە قورااللارنى كېمىلەرگە توشۇشتى . قۇل قىلىنغانلارنىڭ ئارىسىدا ھېكابا بىلەن ئاندروماكېمۇ بار ئىدى . كاساندېرانى ئاگامېمنون قۇتۇلدۇرۇ-ۋالغانىدى .

مېنېلائوس ھېلېننى كېمىگە باشلاپ كەلگەندە ، ئۇنىڭ چەكسىز گۈزەللىكى بارلىق لەشكەرلەرنى ئۆزىگە ئەل قىلىۋالدى . ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىش توغرىسىدا ھېچكىممۇ بىرنېمە دېيەلمىدى . ئۇ-لارغا مېنېلائوسقا ئەگىشىپ دېڭىز ئارقىلىق يىراققا سەپەر قىلغانلىق-لىرى ، ئون يىللىق جەڭنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرى ئەرزىيدىغان ئىشتەك تۇيۇلدى . تەبرىكلەش زىياپىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ھې-لېن مېنېلائوسنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ پارىسنىڭ ئۇنى مەج-بۇرىي بۇلاپ كەتكەنلىكىنى ، ئۆزىنىڭ نەچچە قېتىم ئۆلۈۋالماقچى بولغانلىقىنى ، قىزىنى دەپ مۇشۇ كۈنگىچە ياشاپ كەلگەنلىكىنى دەپ

ئۆزىنى ئاقلىدى . مېنېلائوس ئۇنى كەچۈردى ، ئۇ ئىككىسى ئەپلىشىپ بۇرۇنقىدەكلا بولۇپ كېتىشتى .

پىرروس شۇ ئاخشىمى چۈش كۆردى . چۈشىدە ئاتىسى ئۇنى سۆيۈپ تۇرۇپ :

— مەن ھازىر تەڭرىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدىم . ئىلگىرىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئىغىر يۈك بولۇپ يۈرىكىڭنى قىسىشىغا يول قويما . شان - شەرەپ قازانغىن . ئارتۇقچە قايغۇرما . ئاگامېمنونغا ئېيتقىنكى ، ئەڭ ئېسىل جەڭ غەنىيمەتلىرىدىن نەزىر قىلىپ ، غەلىبە خۇشاللىقىدىن مېنىمۇ بەھرىمەن قىلسۇن ! — دەۋاتقۇدەك .

ئەتىسى كۆپچىلىك يولغا چىقىش ئۈچۈن ئالدىراش يۈرگەندە ، پىرروس ئاتىسىنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇلارنىڭ قەھرىمان ئاكىللېسنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش قارارىغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە پوسېيدون دېڭىزدا ئاسمان - پەلەك دولقۇن قوزغىۋەتتى - دە ، يۇنانلىقلارنى كېتىمىز دېسىمۇ كېتەلمەيدىغان قىلىپ قويدى . ئۇلار ئۆزئارا پىچىرلاشقىلى تۇردى .

— شۇنداق ئىكەن ، ئاكىللېس ھەقىقەتەن زېۋسنىڭ ئوغلى ئىكەن . ئۇنىڭ تەلىپىنى قوللاش كېرەك !

بۇ چاغدا بىر مەسىلە يۈز بەردى : ئەڭ ئالىي ئۇرۇش غەنىيمىتى زادى نېمە ؟ ھەربىر يۇنانلىق ئۆزلىرى قولغا چۈشۈرگەن جاۋاھىراتلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى . بىراق ، تاللا - تاللا ئاخىر كۆپچىلىكنىڭ كۆزى پادىشاھنىڭ قىزى پولىكسېناغا تىكىلدى . ئۇنىڭ ئالدىدا بارلىق جاۋاھىراتلار خىرەلىشىپ قالغانىدى . بۇ قىز ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ قۇربانلىق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى سەزدى . شۇنداقتىمۇ بۇ قىز تەمكىن ، بىمالال تۇرۇۋەردى . چۈنكى ، ئۇ بۇرۇن سېپىلدا تۇرۇپ ئاكىللېسنى كۆرگەن ھەم ئۇنىڭ كېلىشكەن تۇرقىغا ۋە قاۋۇل بەستىگە ئاشىق بولۇپ قالغانىدى ، ھەتتا شۇنداق بىر رىۋايەتمۇ بار ئىدىكى ، بىر كۈنى ئۇرۇش تىروىيا شەھىرىگە يېقىنلىشىپ قالغاندا ، ئاكىللېس سېپىل ئۈستىدە تۇرغان ئالېكسېنانى كۆرۈپ قالغان ، ئاكىللېس شۇ ھامان

بۇ قىزغا كۆيۈپ قالغان ۋە تولۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن :
— ھەي ، پەرىئامنىڭ قىزى ، ئەگەر مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالساڭ ، مەن بۇ ئۇرۇشقا خاتىمە بەرگەن بولاتتىم !
نەزىرنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى تۈگىگەنىدى . ھەممە ئادەم پەقەت پولىكسېنالا يۇنانلىق ئەڭ ئۇلۇغ قەھرىماننىڭ شەرىپىگە نەزىر قىلىنىشقا مۇۋاپىق دەپ ھېسابلاۋاتقان شۇ پەيتتە ، تۇيۇقسىز ساھىبجامال بۇ مەلىكە توپتىن ئېتىلىپ چىقىپ ، بىرسىنىڭ شەمشىرىنى تارتىۋالدى ـ دە ، يۈرىكىگە تىقتى . ئۇ مېھرابنىڭ ئالدىدا بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي جان ئۈزدى . كىشىلەر ھەيران بولۇپ ۋارقىرىشىپ كەتتى . ياشانغان خانىش ھېكابا ئۆزىنى قىزىنىڭ جەسىتى ئۈستىگە ئېتىپ ئۆكسۈپ يىغلىدى . ئۇنىڭ دېدەكلىرىمۇ تەڭلا نالە ـ زار قىلىشتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنى پولىكسېنانىڭ يۈرىكىدىن قىپقىزىل قان ئېتىلىپ چىققان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە دېڭىز تىنچلىنىپ قالدى . پىرروس چەكسىز ھېسداشلىق قىلغان ھالدا مېھراب ئالدىغا باردى ۋە مەرھۇمەنى مەلىكىلەرگە خاس قائىدە ـ يورۇن بويىچە دەپنە قىلىشنى تاپىلىدى .
— ھازىر دېڭىز تەڭرىسى بوران ۋە دولقۇنلارنى تىنچىتتى ، — دېدى نىستور كۈپچىلىككە ، — چۈنكى ، ئۇ پولىكسېنانىڭ نەزىرىنى قوبۇل قىلدى . كېمىلەرنى سۆرەپ دېڭىزغا چۈشۈرەيلى ، يەلكەنلەرنى ئېچىپ يولغا چىقايلى !
يۇنانلىقلار زور تۈركۈمدىكى ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى بىلەن ئۆكسۈپ يىغلاپ ماڭغان ئاياللارنى كېمىلەرگە جايلاشتۇرۇپ يولغا چىقتى . پەقەت بېشارەتچى كالكاس بىلەن ئامفىلوكوسلا قىرغاقتا قېپقالدى . چۈنكى ، قايتىش سەپىرىدە يوشۇرۇن خەۋپ بارلىقىنى ئۇلارنىڭ كۆڭلى تۇيغانىدى . كېيىن ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كىچىك ئاسىيانىڭ كاركىيە ۋە پامفىلىيە شەھەرلىرىگە جايلىشىپ قالدى .
كېمىلەر دېڭىزدا كېتىۋاتاتتى ، كۈچلۈك شامال يەلكەنلەرنى كېرىۋەتكەنىدى ، ئۇرۇشتا ئولجا ئېلىنغان قوراق ـ ياراغلار كېمىنىڭ باش تەرىپىگە دۆۋىلەنگەنىدى . كېمىدىكىلەر خۇشال ھەم مەغرۇر ئىدى

ۋە دېڭىزغا شاراب چېچىپ، تەڭرىلەردىن يۇرت - ماكانىغا ئامان - ئېسەن بېرىشىۋېلىشنى تىلەيتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ تائەت - ئىبادەت ساداسى كۈچلۈك بوران بېسىپ كەتكەچكە، تەڭرىلەرگە يەتمىدى. قەھرىمانلار خۇشاللىقىدا يىراقتىكى يۇرت - ماكانىنى سېغىنىۋاتقاندا، ئەسىرگە ئېلىنغان ئاياللارمۇ ھېلىمۇ ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلۈۋاتقان تىرويا شەھىرىگە پات - پات قارىشاتتى. ئۇلار قەلبىدىكى قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇياتتى. كاساندىرا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەممىدىن ئېگىز ھەم مەغرۇر تۇراتتى. ئۇ يىغلىمايتتى. ئەينى چاغدا كاساندىرانى مۇشۇلار مەسخىرە قىلغان ۋە ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغانىدى. بىراق، ئۇ شۇتاپتا تىرويانىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرى ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن ھەسرەتلىنەتتى.

تىرويا شەھىرى خارابىلىكىدە ساپلا ياشانغانلار بىلەن مەجرۇھلار قالغانىدى. ئۇلار ئانتېنورنىڭ باشچىلىقىدا كۆزلىرىنى ياشلاپ ئۆلگۈچىلەرنى دەپنە قىلىشتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى زور كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىدى. چۈنكى، ئۆلگۈچىلەر شۇنچىلىك كۆپ، ھايات قالغانلار شۇنچىلىك ئاز ئىدى. ئۇلار كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىدىغان چوڭ بىر دۆۋە تەييارلىدى - دە، ئۆلگۈچىلەرنى شۇ دۆۋىنىڭ ئۈستىگە تىزىپ كۆيدۈرۈشتى.

يۇنانلىقلارنىڭ كېمىلىرى ئاكىللېسنىڭ قەبرىسىدىن ۋە تىرويا دېڭىز ياقىسىدىن يىراقلاپ كېتىپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرى خۇشاللىقىنى بېسىپ كەتتى. ئۇلار تالاي ھەمراھلىرىنىڭ ئۇرۇشتا ئۆلگەنلىكىنى، تالاي دوستلىرىنىڭ يات يۇرت زېمىنىدا قېپقالغانلىقىنى ئەسلەشتى. ئافېنا كىچىك ئەيئاسنىڭ ئىبادەتخانىدا قىلغان ھۆرمەتسىزلىكى ئۈچۈن، ئۇپپېيە ئارىلىدا ئۇنىڭدىن قىساس ئالماقچى بولغانىدى. زېۋس ئافېناغا چاقماقنى ئارىيەتكە بەردى. ئافېنا شامال تەڭرىسىنى تەكلىپ قىلدى. قاپقارا شىددەتلىك بوران شۇئان ئۇپپېيە ئارىلىنىڭ ئايىغىدا ياتقان دېڭىزنى دولقۇنلىتىۋەتتى. دېڭىز قارا بوران تەسىرىدە ھۆركىرەپ، تاغدەك - تاغدەك چوڭ دولقۇن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. يۇنانلىقلار قورقىنىدىن ئەس -

هوشىنى يوقىتىپ ، كېمىنىڭ چوڭ پالاقلىرىنى قوزغىتىشقا ماغدۇرى يەتمىدى . بوران - چاپقۇن كېمىلەرنىڭ يەلكەنلىرىنى يىرتىپ پارە - پارە قىلىۋەتتى . پوسېيدونمۇ ئاكىسىنىڭ قىزىغا ياردەم بېرىشكە كەلدى . ئۇ توختىماي چاقماق چاقتۇردى . ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلگەن دولقۇنلار زەربىسىدە كېمىلەر سۇنۇپ ، جېنىنى قۇتقۇزۇش كويىدا قالغانلارمۇ سۇغا غەرق بولۇشتى .

ئافېنانىڭ ئەڭ كۈچلۈك گۈلدۈرماما ۋە چاقماقلىرى كىچىك ئەيئاسنىڭ كېمىسىگە ئۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭ كېمىسىنى پاچاق - پاچاق قىلىۋەتتى . لېكىن ، ئۇ يەنىلا تىرىك قالغانىدى . ئۇ بىردەم بىر پارچە تاختايغا يېپىشىۋالاتتى ، بىردەم ئۈزەتتى . ئۇ ئاخىر بىر قورام تاشنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى . ئۇ ھەممە تەڭرىلەر بىرلىشىپ مېنى يوقاتماقچى بولسىمۇ ، مەن بەربىر ئۆزۈمنى قۇتقۇزۇپ قالالايمەن دەپ لاپ ئۇردى . كىچىك ئەيئاسنىڭ بۇ گېپىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن پوسېيدون ئۇ قۇچاقلاپ تۇرغان قورام تاشنى تېگىدىن قوزغىتىپ ئۆرۈۋەتتى . كىچىك ئەيئاس قايىنامغا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتتى . ئۇ دېڭىز تېگىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندا ، پوسېيدون بىرپارچە تاشنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى . بۇرۇكلىسلىق پادىشاھ ئاخىر ئۆلدى .

يۇنانلىقلارنىڭ باشقا كېمىلىرى دېڭىزدا لەيلەپ يۈرەتتى . كېمىلەرنىڭ بەزىلىرى پاچاقلىنىپ كەتكەن ، بەزىلىرى دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەنىدى ، بوران يەنىلا چىقىۋاتاتتى . يۇنانلىقلار ئىلگىرى پالامېدېسنى تاش بىلەن ئۆلتۈرگەنىدى . ئەمدىلىكتە ئۆزلىرىمۇ جازاغا تارتىلىۋاتاتتى . چۈنكى ، بۇ قەھرىماننىڭ ئاتىسى پادىشاھ نوپولىئوس ھېلىمۇ ئوپىيە ئارىلىدا ياشاۋاتاتتى . پۇرسەت يېتىپ كەلگەنىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ خادىملىرىنى قىرغاقتا ئېسىلىپ تۇرغان خەتەرلىك تاش ئاستىدا ، كاپار يېرىم ئارىلىنىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپ مەشئەل پولاڭلىتىشقا بۇيرۇدى . يۇنانلىقلارمۇ شۇ ئارالدىكى كىشىلەر بىزگە بىخەتەر دېڭىز قىرغاقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇ دەپ چۈشەندى . ئۇلار كېمىلىرىنى ھەيدەپ قورام تاش تۈۋىگە كېلىشتى . نەتىجىدە بىرمۇنچە ئادەم قورام تاشقا ئۇرۇلۇپ ئۆلدى .

يۇنانلىقلار سەپەر ئۈستىدە پاجىئەگە ئۇچرىغان پەيتتە ، پوسېي-
دون دېڭىز دولقۇنلىرىغا شەھەر سىرتىدىكى قورۇلۇشلارنى بۇزۇۋې-
تىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى . مۇشۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا تىرويا
شەھىرىنىڭ خارابىسىدىن ، هايات قالغان ئازغىنە يۇنانلىقلاردىن باشقا
ھېچنېمە قالمىدى ، ئۇرۇشتىن كىشىلەرگە پەقەت ھەسرەت - ئەلەم
ۋە بالايىئاپەت قالدى .



本书根据上海人民美术出版社 2010 年 2 月第 4 版，2010 年 2 月第 4 次印刷版本翻译出版。

图书在版编目(CIP)数据

希腊神话:维吾尔文/(德)施瓦布著;牙森.色依提译. —2版. —喀什:喀什维吾尔文出版社,2012.2
(世界文学名著宝库)
ISBN 978—7—5373—2631—5

Ⅰ.①希… Ⅱ.①施…②牙… Ⅲ.①神话—作品集—古希腊—缩写—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I545.73

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第018218号

责任编辑:穆罕默德·阿布里孜伯日亚尔
责任校对:姑丽巴哈尔·麦麦提依明

世界文学名著宝库

# 希腊神话

(青少年版)

原著:(德)施瓦布
改写:张永健
翻译:牙森.色依提

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230毫米 1/32开本 11.5印张 4插页
2012年2月第2版 2012年2月第1次印刷
印数:1—3000 定价:30.00元

如有质量问题,请与我社联系调换 电话:0998—2653927

مۇقاۋىنى ئىشلىگۈچى: **غەيرەت خالىق**



ISBN 978-7-5373-2631-5

9 787537 326315 >

（民文）定价：30.00 元